# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

(23)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خالىق ساقى
ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (23)


جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى


*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 16.125، قىستۇرما ۋارىقى: 2
1987 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىلى 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 —— 9000
ISBN 7-228-00353-5/K·30
باھاسى: 1.80 يۈەن

**(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)**







## قىستۇرما رەسىمنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

① رەسىم: مەرھۇم گېنېرال ئىسھاقبەگ

② رەسىم: كېڭەش ئەزالىرى.

بىرىنچى رەت ئوڭدىن: ئولتۇرغان بىرىنچى كىشى ئەسەت ياقۇپ. ئىككىنچى كىشى مەھەممەت ھەسەن (قىرغىز). ئۈچىنچى كىشى ئابلىز نىياز. تۆتىنچى كىشى ئابدىراخمانقارى ھاجى.

ئىككىنچى رەت: ئوڭدىن ئولتۇرغان بىرىنچى كىشى ئابدىكېرىم ھاشىم. ئىككىنچى كىشى خەلپەت سۈزۈك ھاجى. ئۈچىنچى كىشى مۇھەممەت تۇرسۇن (قىرغىز). تۆتىنچى كىشى ئىبراھىم ئىسمائىل. بەشىنچى كىشى مۇختەر. ئالتىنچى كىشى ئابلىز مۇھەممىدى. يەتتىنچى كىشى سىدىق مۇسايۇۋ.

ئۈچىنچى رەت: ئوڭدىن ئۆرە تۇرغان بىرىنچى كىشى × × ×. ئىككىنچى كىشى مامۇت مەھمۇد. ئۈچىنچى كىشى × × ×. تۆتىنچى كىشى قۇربان دۆلەت. بەشىنچى كىشى ئىسمائىل ئىبراھىم. ئالتىنچى كىشى ھەسەن مەسۇم.

ئىزاھات: ئابلىز مۇھەممىدى بىلەن مۇختەردىن باشقىلار كېڭەش ئەزاسى بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى ئىلىغا قايتقاندا ئىلىغا بارغانلار. رەسىم 1949 - يىلى ئىلىدا تارتىلغان.

③ رەسىم: قىرغىز زىيالىيسى تاھىربەك

④ رەسىم: ئوڭدىكى كىشى دەلىلقان، سولدىكى كىشى ئىسھاقبەگ



## مۇندەرىجە


1. تاشقورغان ئىنقىلابى توغرىسىدا ................
... (تاشقورغان ناھىيىلىك كومىتېتى ئىشخانىسى) 1

2. تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمە ........................ ھاكىم شېرىپ 49

3. 1932 - يىلى پارتىلىغان قەشقەر قىرغىزلىرىنىڭ قوزغىلىڭى توغرىسىدا ......... تۇرغان قۇجامباي 112

4. قاقشال قىرغىزلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى ......
........................... خالىل قىدىر 126

5. بىر پېشقەدەمنىڭ ئەسلىمىسى ...... ئىبراي ئەيسا 205

6. قەشقەر ۋىلايەتلىك قازاق - قىرغىز ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇ - ئوقۇش - ئاقارتىش ئەھۋالى ...... مۇھەممەد ھەسەن تۆرەقۇل 254

7. گېنېرال ئىسھاقبەگ توغرىسىدا ئەسلىمە ........
.......................... ئابدۇقادىر توختاروۋ 259

8. ئوسمان ئىپاي توغرىسىدا ئەسلىمە ..............
............................. مۇھەممەد تۇرسۇن 281

9. قىزىلسۇ قىرغىز مائارىپىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى توغرىسىدا ........ ئابدۇقادىر توختاروۋ 306

10. نۇرھاجىم ۋە ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە بولۇپ ئۆتكەن قوراللىق توقۇنۇشلار ...... ئەمەتجان ھۈسەيىن 318

11. «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ تەشكىللىنىشى توغرىسىدا... ........ شېرىپ خۇشتار 336

12. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قىسقىچە ئەسلىمە ........ مۇھەممەد روزى 350

13. تارباغاتاي مائارىپىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئەسلىمە ........ ئابلىمىت ھاجىيوپ 378

14. ئالتاي مائارىپىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە ...... مۇھەممەتقۇربان ئەزىز يارى 403

15. مەرىپەتپەرۋەر ھېزىم ئاخۇن توغرىسىدا ........ يۈسۈپجان ئەيسا 432

16. پىچان ناھىيىسىدە مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە ........ تېيىپ پولات 444

17. شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخىغا دائىر بىر پارچە ماتېرىيال ........ 454

18. جىن شۇرېن دېلوسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى........ ........ پۇ چىڭچۈەن 495

19. سۇڭ مېيلىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشى ... خۇ يەنيۈەن 506




# تاشقورغان ئىنقىلابىي توغرىسىدا

## (تاشقورغان ناھىيىلىك كومىتېتى ئىشخانىسى)

1944 - يىلى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىپ، ۋۇجۇڭشىننى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى سىنىپى زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم جەھەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەت ئۆتكۈرلەشكەنىدى. 1944 - يىلى 9 - ئايدا ئىلى خەلقى «ئات تەقدىم قىلىش» قا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇنجى ئوقنى ئاتتى. 11 - ئايدا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. 1945 - يىلى 3 - ئايدا رەسمىي مۇنتىزىم قوراللىق قوشۇن - مىللىي ئارمىيە قۇرۇلدى. مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن قوراللىق كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئىشغال قىلدى. شۇ يىلى قىشتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاشقۇرغاندا تاجىك، قىرغىز ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقى تاشقورغان ئىنقىلابىنى قوزغاپ،

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەردى. — تاشقورغان ئىنقىلابى 1945 - يىلى 8 - ئايدا باشلىنىپ، 1946 - يىلى 6 - ئايدا 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، تاكى 1946 - يىلى 8 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنىڭ ئاق چىلغىدا داغدۇغىلىق مۇكاپاتلاش يىغىنىنى چاقىرغانغا قەدەر بىر يىلدىن ئارتۇقراق داۋام قىلدى. ئىنقىلابىي قوشۇن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاشقورغان، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىنى ۋە قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار ناھىيىلىرى ئەتراپىدىكى نۇرغۇن جايلارنى ئازاد قىلدى. تاشقورغان ئىنقىلابى - تاشقورغان رايونىدىكى تاجىك، قىرغىز خەلقلىرىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىغان بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئوخشاشلا «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى» بولۇپ، تاشقورغان رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى شانلىق سەھىپىسىدىن ئىبارەت. تۆۋەندە بىز تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## تاشقورغان ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ۋەزىيەت ۋە ئىنقىلابنىڭ تەييارلىقى

1943 - يىلى شىڭ شىسەي شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدا ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جاڭ جيېشى سىستېمىسىدىكى نۇرغۇن گومىنداڭچىلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ



ھەرقايسى تارماقلىرىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىمۇ تەشكىل قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭدا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. 1944 - يىلى 8 - ئايدا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەينى يۆتكەپ، ۋۇ جۇڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدىلا، مىللىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي زىددىيەت ناھايىتى ئۆتكۈرلەشكەنىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كەلگەندىن كېيىن، مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، زوراۋانلىق، ئۆكتەملىك، خىيانەتچىلىك قىلىپ تېخىمۇ چىرىكلەشكەنلىكى ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھايات كەچۈرۈشى قىيىن بولۇپ قالدى. بۇ ھال ئاخىرى ئىنقىلابنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلابنىڭ پۈتكۈل شىنجاڭغا يامراپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قالغان ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ بىلەن ھەدەپ ئۇرۇش قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا جايلاردا تېخىمۇ يۇقىرى بېسىملىق سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنى تاشقورغاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ، تاجىك ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى. ئەكسىيەتچى ساقچى ئىدارىسى ھەرقايسى جايلارغا ئۆزىنىڭ ئىشپىيون،

جاسۇسلىرىنى ئەۋەتىپ، سەللا نارازىلىق ئىپادىسىدە بولغان
كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. 1944 - يىلى
قىشتىن 1945 - يىلى كۈزگىچە تاجىك خەلقى ئارىسىدىن
95 نەپەر كىشىنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. 63 نەپەر
بىگۇنا پۇقراغا زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈردى. قورچاق چېگرا
مۇداپىئە قوشۇنلىرى جۇڭگو سوۋېت چېگرىسىغا يېقىن ياي-
لاقلارنىڭ ھەممىسىنى كونترول قىلىپ، بۇ يەردىكى چارۋى-
چىلارنى ئىچكىرى جايلارغا كۆچۈردى. نەتىجىدە يايلاق يې-
تىشمەسلىك تۈپەيلىدىن چارۋا - ماللار تۈركۈم - تۈر-
كۈملەپ ئۆلۈپ كېتىپ، خەلقلەر تېخىمۇ گادايلاشتى، نۇرغۇن
كىشىلەر خانىۋەيران بولۇپ، يۇرتنى تاشلاپ كېتىشكە مەج-
بۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكسىيەتچى قوشۇن خەلقنىڭ
مال - مۈلكىنى خالىغانچە بۇلاپ تالىدى. بىر يىلغا يەت-
مىگەن ۋاقىت ئىچىدە خەلقنىڭ ئىككى مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق
چارۋا - ماللىرىنى بۇلاپ كەتتى. كەڭ كۆلەملىك چۆپچا-
نىلارنى تارتىۋالدى. يۈز نەچچە كىشىنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ
تاشلاپ ئاكوپ قازدى. ئۆيىنىڭ ياغاچلىرىنى ئوتۇن قىلىپ
قالدى. خەلقنىڭ سايمانلىرىنى تارتىۋېلىپ ئاتلىرىغا
تاقا سوقتۇردى. نۇرغۇن ئاشلىق، رەخت، ئوتۇن ۋە ئۆي جا-
ھازلىرىنى بۇلاپ كەتتى. مەسىلەن: 4 - رايون 1 - يې-
زىدىكى سۇلايماننىڭ بىر قېتىمدىلا 300 تۇياق قويى بىلەن
تۆت تۆگىسىنى بۇلاپ كەتتى. 4 - رايون 4 - يېزىدىكى بې-
تەي ئاچىننىڭ 100 تۇياق قويىنى بۇلاپ كەتتى. شۇ ۋاقىت-
لاردا ناھىيە بويىچە ئارانلار 2000 تۆگە بولسىمۇ، قورچاق
ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي ئورگانلار خەلقنى يىلىغا ئىككى مىل-
يون نەچچە يۈز مىڭ جىڭ كېلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى



ھەقسىز توشۇشقا مەجبۇر قىلدى. كىشىلەرنىڭ ئات - ئۇلاق-
لىرى مۇنداق كۆپ ماددىي ئەشيالارنى توشۇش جەريانىدا،
ھەرقايسى ئورۇنلاردا تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.
ئۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر ئائىلىگە ھەرقايسى جايلاردىكى قا-
راۋۇلخانىلار ئۈچۈن ئوت - چۆپ، ئوتۇن سېيىسى چۈشۈرۈپ،
ئۇنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمگەك كۈچى
بولمىغان ياكى قول ئىلكىدە بولمىغان كەمبەغەل - نامرات
كىشىلەر ئىلاجسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى
سېتىپ، چۈشكەن سېيىسىنى تۆلىتىشكە مەجبۇر بولدى. نۇر-
غۇنلىغان چارۋىچىلار مۇشۇنداق ئات - ئۇلاغ، ئۆت - سامان،
ئوتۇن - ياغاچ سېيىسىنى تۆلىتىش ئۈچۈن يىل بويى
ئۆيىدىن ئايرىلىپ، تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ، ئىشلەشكە مەج-
بۇر قىلىنغانچقا، ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچ-
راپ، مەھسۇلات زور دەرىجىدە كەمىيىپ كەتتى. ئەكسىيەتچى
ئارمىيە يەنە خالىغانچە كىشىلەرنى ئۇرۇپ، باغلاپ، بەزى-
لىرىنى مېيىپ قىلىۋەتتى. ئاياللارنى ئاياغ - ئاستى قىلدى.
ھەتتاكى بەزى ئاياللار ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. نۇر-
غۇن كىشىلەر مۇشۇ ماددىي ئەشيالارنى توشۇش بىلەن قارلىق
تاغلاردا توڭلاپ ئۆلدى ۋە مېيىپ بولدى. گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرىنىڭ بۇ خىل زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ۋە دەھ-
شەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ چەكسىز غەزىپىنى قوزغىدى. «قەيەردە زۇلۇم بو-
لىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ». تاشقورغان رايو-
نىدىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا قارشىلىق قىلىش ھەرىكەت-
لىرىنى ئارقا - ئارقىدىن پەيدا قىلىشقا باشلىدى. خەلقنىڭ

زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى كۆپەيگەنسېرى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى شۇنچە كۈچەيتتى. 1943 - يىلدىن باشلاپ تاشقورغاندىكى دېموكراتىك روھقا ۋە كۈرەش ئىرادىسىگە ئىگە نۇرغۇن كىشىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزئارا ئالاقە باغلاپ، ئىنقىلاب تەييارلىقىنى ئىشلەشكە كىرىشتى. بۇرۇن تاشقورغاندا مۇئاۋىن ھاكىم بولغان كارۋانشا (تاجىك بولۇپ، ئۇ 1938 — 1940 - يىللىرى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن يولداش خۇجيەن ۋە شولياڭ قاتارلىقلار تاشقورغاندا پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا، كارۋانشا مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇ «بومبۇر ساقال مۇئاۋىن ھاكىم» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن) خەلق ئۈستىدىكى ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن تاشقورغان ئىنقىلابىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بۇ مىللىي ئىنقىلابنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، تاجىك، قىرغىز خەلقى ئىچىدىن ھەربىي ۋە مەمۇرىي رەھبىرى خادىملارنى تەربىيىلەپ بەردى. (كارۋانشا، ئاق يولبەگ قاتارلىقلارنى بىر مەزگىل تەربىيىلەپ بەرگەنىدى) ھەمدە تاجىك، قىرغىز خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇنىنى تەشكىللەشكە ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، نۇرغۇنلىغان سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار خادىملىرىنى تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇردى. سوۋېت تەرەپمۇ قورال - ياراق، ئوق - دورا جەھەتتە كۈچلۈك ياردەم بەردى. 1945 - يىلى 6 - ئايدا



كارۋانشا، ئوبۇلقاسىم (قىرغىز)، مەمەت ئىسا (قىرغىز)، ئەمەت (قىرغىز)، تاشتۆمۈر (قىرغىز) قاتارلىق بەش نەپەر كىشى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ ئۇلاردىن ياردەم سورىدى. سوۋېت تەرەپمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى قوللايدىغانلىقىنى ۋە ھەر تەرەپتىن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدا پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللىدى. بۇ پارتىزان ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئاساسەن تاشقورغاندىن قېچىپ چىققان تاجىك، قىرغىز چارۋىچىلىرى بولۇپ، ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار بىر تەرەپتىن ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاشقورغانغا قوراللىق رازۋېتچىكلەرنى ئەۋەتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى، قورال-ياراق، تەمىناتى ۋە باشقا ئىشلارنى رازۋېتكە قىلدى ھەمدە تاشقورغاندا قالغان بىر قەدەر ئىلغار زاتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، خەلق ئارىسىدا ئىنقىلابىي تەشۋىقات ئېلىپ باردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىدىن بىزار بولغان خەلق ئاممىسى، بۇ قوراللىق رازۋېتكىچىلەرنى بارلىق كۈچى بىلەن قوللىدى. ئۇلارنى ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي ئۆيلىرىگە يوشۇرۇپ ياردەملەشتى ۋە تۈرلۈك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ كۆپ قېتىملىق رازۋېتكا قىلىشى ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن كىشىلەرنىڭ پارتىزانلار ئەترىتىگە بولغان ئۇنۇشى تېخىمۇ ئۆستى، زۇلمەتلىك قا-

راڭغۇلۇقتا تېڭىرقاپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ تەشۋىقاتى ئارقىلىق، ئازادلىققا ئېرىشىشنىڭ نۇرلۇق يولىنى كۆردى. شۇڭا تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلۇپ، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. پارتىزانلار ئەترىتى ئۆزىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ خەلق ئاممىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. شۇنىڭدەك دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىگە زەربە بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ غەم ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، بىر قانچە قېتىم تاغارما، سۇ بېشى قاتارلىق جايلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئادەمنى پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇۋالدى. ھەمدە دۈشمەننى ئۇۋىسىدىن چىقالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. پارتىزانلارنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچرىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرى، ساراسىمگە چۈشۈپ قېلىپ جۇڭگو سوۋېت چېگرىسىغا يېقىن جايلارغا بېرىپ كۆزەتچىلىك قىلالمايدىغان ھەم كېچىلىرى پوست، قاراۋۇللارنى كۆپەيتىپ، گازارمىسىدىن چىقىپ ھەرىكەت قىلالمايدىغان بولدى. بۇ ھال پارتىزانلارنىڭ كېچىلىك ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىش، خەلق ئارىسىدا ئىنقىلابىي تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا تېخىمۇ ئاسانلىق تۇغدۇردى. 1944 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە پارتىزانلار ئەترىتى جەمئىي 12 قېتىم قوراللىق رازۋېتكا ئەترىتىنى ئەۋەتىپ، دۈشمەننىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلدى. 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى توختامىشتا سىياسىي، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىۋاتقان مىللىي قوشۇن ئىچىدىن غەربىشا



(تاجىك) باشلىق بەش كىشىنى داپتەرغا، ئىنائەتللا (تاجىك) باشلىق تۆت كىشىنى تاغارمىغا، ئەمەت ئەيسا (قىرغىز) باشلىق تۆت كىشىنى سۇ بېشىغا ئەۋەتىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى ۋە قورال - ياراق ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. 1945 - يىلى كۈزگە كەلگەندە تاشقورغان ئەتراپىدىكى پارتىزانلارنىڭ ئادەم سانى 295 كىشىگە يېتىپ، مەلۇم ساندىكى قورال - ياراققا ئىگە بولدى. پارتىزانلار ئەترىتى خېلى ئۇزاق مۇددەت ھەربىي مەشق ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش سەۋىيىسىمۇ خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تاشقورغاندا ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاب قوزغاشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلدى. پارتىزانلار ئەترىتى تاشقورغاندىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ، تاشقورغانغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ھازىرقى ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تاشقورغاندىكى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 400 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان:

1) تاشقورغاندا ئەسكەر ۋە ساقچىلار جەمئىي 120 نەپەر.

2) تاغارمىدا: 33 نەپەر قوراللىق ئەسكەر.

3) بەلتاشتا (تاغارما يېزىسىغا قاراشلىق سوۋېتكە چىقىدىغان تاغ جىلغىسى) سەككىز نەپەر قوراللىق ئەسكەر.

4) سۇ بېشىدا: (ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسى بۇلۇڭكۆل گۇڭشېنىڭ بىر يېزىسى) 50 نەپەر ئەسكەر، 15 نەپەر ساقچى.

5) بۆلۇڭكۆلدا: 42 نەپەر قورallıق ئەسكەر.

6) پەيكتە: 40 نەپەر قورالliq ئەسكەر.

7) داپتەردە: 16 نەپەر قوراللىق ئەسكەر.

8) قوش بەلدە: 16 نەپەر قوراللىق ئەسكەر.

9) خۇنجىراپتا. 20 نەپەر قوراللىق ئەسكەر ــ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

پارتىزانلار ئەترىتى دۈشمەن قوراللىق كۈچىنىڭ مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى پارتىزانلار يىغىن چاقىرىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تاشقورغانغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ماقۇللىدى. پىلانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى مۇنداق بولغان: تاشقورغاننىڭ يېرى كەڭرى، ئاھالىسى شالاڭ، چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن بولۇپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي سانىنى پارتىزانلاردىن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇزاق لىنىيىدە پارچە ـ پارچە ئورۇنلاشقان. بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئۇزۇن، تېز مۇددەت ئىچىدە بىر ـ بىرىگە ياردەمگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەننىڭ ھەرقايسى ئاساسىي بازىلىرىغا بىرلا ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە ياردەم بەرگۈزمەيلا بىر ـ بىرلەپ يوقاتقىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن پارتىزانلار ئەترىتى ئۆز كۈچلىرىنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇردى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئىنقىلابىي قوشۇننى تەشكىللەپ، تۆت ئەترەت بويىچە تۆت يۆنىلىشكە بۆلىنىپ، تاشقورغانغا ھۇجۇم قىلىش بەلگىلەندى.

بىرىنچى ئەترەت، لەشكەر، مادايىپلار باشچىلىقىدىكى 60 كىشى تاشقورغانغا ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى.



ئىككىنچى ئەترەت، ئابدۇمالىك باشچىلىقىدىكى 30 كىشى سۇ بېشىغا ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى.

ئۈچىنچى ئەترەت، تاشتۆمۈر، تاھىر، ئوسمان رەھبەرلىكىدىكى 60 كىشى بۆلۇڭكۆلگە ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى.

تۆتىنچى ئەترەت، كارۋانشا، غەرپشا، ئىنايەتلەر باشچىلىقىدىكى 40 كىشى تاغارماغا ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى.

بەشىنچى ئەترەت، ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلار رەھبەرلىكىدىكى 20 كىشى چېچەكلىك داۋانغا ئۆتۈپ، گومىنداڭنىڭ يېڭىسار تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇنلىرىنى توسۇشقا مەسئۇل بولدى. تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى، تەشكىلىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىكى تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن، تاشقورغاندىكى تاجىك، قىرغىز خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى بۇ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ئاخىرى پارتلىدى.

## ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە قوراللىق قوشۇن قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇرۇلۇشى

تاشقورغان ئىنقىلابىي ئىككى يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئىنقىلابىي قوشۇننى قوراللاندۇرۇش، تەشكىللەش ۋە تولۇق تەييارلىق كۆرۈش نەتىجىسىدە، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت تۆتتە گومىنداڭنىڭ تاشقورغان، تاغارما، سۇ بېشى، بۆلۇڭكۆلدىكى بازىلىرىغا

بىردەك ھۇجۇم قوزغاش بىلەن، ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. شۇ كۈنى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئەسلىدىكى بىر تۇتاش پىلانى بويىچە كېچىلەپ بېرىپ دۈشمەن قورغانلىرىغا ئورۇنلىشىۋېلىپ، بىر پاي بەلگە ئوقى بىلەن تەڭ دۈشمەنگە دەھشەتلىك ھۇجۇم قوزغاش ئىدى. شۇ كۈنلەردە تاشقورغاندىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرى، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئوفىتسېر جەڭچىلىرى بىلەن بىر جايغا جەم بولۇپ، تاماشا قىلىۋاتقان بولغاچقا، پارتىزانلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىشىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى. دۈشمەن پوزىتسىيىسىگە ھۇجۇم قىلغان پارتىزانلار تاشقورغاندىكى گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسى بىلەن ھەربىي گازارمىسىغا تەڭلا ئوت ئاچتى. بۇ ۋاقىتتا دۈشمەن قوشۇنلىرى تېخى شېرىن ئۇيقىغا غەرق بولغان ۋاقىت بولۇپ، پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى بىلەن پۈتۈنلەي ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. دۈشمەن چېگرا مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ دۈيجاڭى ئالدىراپ - تېنەپ ئەسكەرلىرىنى ئويغىتىپ، پىلىموت بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى ئۆزىگە ئوق تېگىپ يارىدار بولدى. ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر ساراسىم ئىچىدە ھەتتا كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمىدى. ئۇلارنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بىلەن تەرجىمانىغا ئوق تېگىپ ئۆلدى. گەرچە دۈشمەن قوشۇنلىرى سان ۋە قوراللىنىش جەھەتتىن پارتىزانلار ئەترىتىدىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا قىلچە تەييارلىق بولمىغاچقا تۇيۇقسىز كەلگەن مۇنداق زەربىدىن پۈتۈنلەي تېرە - پېرەك بولۇپ كەتتى.



ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈيجاڭى قاتتىق يارىلانغانلىقى ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشكۈنلىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن روتا كوماندىرى گازارمىنى تاشلاپ قېچىشقا بۇيرۇق بەردى. دۈشمەن قوشۇنلىرى ئالاقزادىلىك بىلەن بەلدىر، قوغۇشلۇق ئارقىلىق تويلى بۇلۇڭغا قاچتى. داپتەردىكى دۈشمەن قوشۇنلىرى پاكىستان تەرەپكە قېچىپ كەتتى. تاڭ سەھەردىن كۈن چىققىچە بولغان شىددەتلىك جەڭ نەتىجىسىدە، پارتىزانلار تاشقورغان ناھىيە بازىرىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى.

تاشقورغاننىڭ ناھىيە بازىرى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، شىرىنبەگ (تاجىك) باشچىلىقىدىكى 27 نەپەر پارتىزانلار داپتەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلىنغانىدى. ئۇلار لوپگازغا بارغاندا قېچىپ كېتىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ يول بويلىرىدىكى دېھقانلاردىن بۇلاپ ئېلىپ ماڭغان 300 قوي — 19 تۆگە ۋە 25 تۆگىگە ئارتىلغان مال - مۈلۈكلەرنى تارتىۋېلىپ، تاشقورغانغا ئېلىپ كەلدى.

تاغارما تەرەپتىكى دۈشمەنلەرنىڭ بىر قىسمى شۇ كۈنى يوقىتىلدى، ئاز بىر قىسمى قېچىپ كەتتى. سۇ بېشى تەرەپتىكى پارتىزانلار ئەمدىلا ھۇجۇم قوزغاشقا تەمشىلىۋاتقاندا، دۈشمەن قاراۋۇللار بۇلارنى كۆرۈپ قالغان. شۇڭلاشقا دۈشمەنلەر تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا پەرق چوڭ بولغاچقا، دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۇدا تۆت كۈنگىچە داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇردى. تۆتىنچى كۈنى بەرداشلىق بېرەلمەي، سۇ بېشىنى تاشلاپ چەشتاغ تەرەپكە

قاچتى. 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگىچە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى
شەرقى شىمال تەرەپتە چىلىگۈمبەزگىچە، شىمالدا چەشتاغقى-
چە، غەربىي شىمالدا بوستان تېرەككىچە قېچىپ يوردى.
تاشقورغاننىڭ شەرقىي تەرەپلىرىدە گومىنداڭ ئەسكىرىي
كۈچى بولمىغاچقا، ئۇ تەرەپلەردە ئانچە جىددىي ئۇرۇشلار
بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل تاشقورغان ناھىيىسى (ئۇ
ۋاقىتتا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بۆلۈڭكۆل، چارلۇڭ يېزىلىرىمۇ
تاشقورغان ناھىيىسىگە قارايتتى.) تولۇق ئازاد قىلىندى. ئىن-
قىلابنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە كۈنى ئىچىدىلا، پارتىزانلار
دۈشمەننىڭ بىر نەچچە ئون قوراللىق كۈچىنى يوقاتتى
ۋە ياريدار قىلدى. 227 تال مىلتىق، بىر ئېغىر پىلىموت،
ئۈچ يېنىك پىلىموت، 120 يەشىك ئوق - دورا ۋە باشقا
نەرسىلەرنى غەنىيمەت ئالدى. پارتىزانلاردىن ئۈچ كىشى
قۇربان بولدى.

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاشقورغاندا
ئىنقىلابنىڭ تۇنجى غەلىبىسىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى
ئۆتكۈزۈلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىنى يەت-
كىچە تارتقان، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپالمىغان
تاجىك، قىرغىز خەلقى تاشقورغاننىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ پۇش-
قاقلىرىدىن يىغىلىپ، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى تەبرىكلەش
يىغىنىغا قاتناشتى. ھەممە ئۆزىنىڭ ئىجادلىق يولىغا ئىگە
بولغانلىقى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشتى. بۇ يىغىن ئەمەلىيەتتە
ئىنقىلاب ئوتىنى يەنىمۇ ئۇلغايتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى-
نىڭ تەسىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئىلغار زاتلىرىنى بىردەك
ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلى-
قىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىنقىلاب مېۋىسىنى يەنىمۇ مۇستەھ-



كەملەش قەسەمىيات يىغىنى بولدى. يىغىندا ئىنقىلابنىڭ
تۇنجى غەلىبىسىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرلىكتە، تاشقورغان
ئىنقىلابىي پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ قوراللىق كۈچىنى يەنىمۇ
زورايتىپ، ئۇنى تەشكىل ۋە قوماندانلىقى بىرلىككە كەل-
گەن، مۇنتىزىم مىللىي ئىنقىلابى قوشۇن قىلىپ قۇرۇپ چى-
قىش مەسىلىسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئازاد
بولغان خەلق ئاممىسى ئۆز پەرزەنتلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن
ئىنقىلابى قوشۇنغا قاتناشتۇردى. ھەتتا ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ
ئات - ئۇلاغلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي خەلق ئاممىسى ئۆزلىرى
تەييارلاپ بېرىشتىن سىرت، بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا 300
نەپەردىن ئارتۇق ياش ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتناشتى. شۇ
ۋاقىتلاردا تاشقورغاندا ئاھالە ئاز بولغاچقا ئومۇمەن 18 ياش-
تىن يۇقىرى، 45 ياشتىن تۆۋەن بولغان ۋە قورال كۆتۈرۈپ
ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىكى ئەرلەرنىڭ
ھەممىسى دېگۈدەكلا ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتناشتى. چارۋى-
چىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈنلەي قېرىلار
ۋە ئاياللار ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بىر مۇنچە كىشىلەر پەر-
زەنتلىرىنى ئۆزى ئېلىپ كېلىپ ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتناش-
تۇردى. تاشقورغاندا 60 ياشتىن ئاشقان ئومان دېگەن بىر
پېشقەدەم چارۋىچى ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇز پەر-
زەنتىنى باشلاپ كېلىپ ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتناشتۇرماقچى
بولغانىدى. ئەمما ئىنقىلابىي قوشۇن رەھبەرلىكى، ئۇنىڭ
يالغۇز پەرزەنتىنى قوبۇل قىلسا ئومانىنىڭ تۇرمۇشتا قىينىلىپ
قالىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوغلىنى قوبۇل قىلمايدىغان-
لىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن ئومان مەردانىلىق بىلەن
ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىزانلار تەشكىلىي رەھبەرلىكى-

گە: «مەن قېرىدىم، مىلتىق كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا قاتنىشالماي-
مەن. لېكىن يەنە ھاسىسا ئېلىپ پادا باقالايمەن. ئەگەر
گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى يەنە داۋاملىشى-
ۋەرسە، ئوغلۇم يېنىمدا بولغىنى بىلەنمۇ ماڭا ياخشى كۈن
يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە ئوغلۇم مىلتىق ئېلىپ ئالۋاستىلارنى
قىرسا، مەن ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايدۇ»، دەپ ئۆز رازى-
مەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. بۇنىڭدىن تاشقورغاندىكى ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ گومينداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمەتلىك
ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنىڭ نەقەدەر چوڭ-
قۇر بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كېيىن بۇ پىشقەدەم
چارۋىچىنىڭ ئوغلى ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتنىشىپ، ئالدىنقى
سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، ئۇ يەنە ئوغلىغا خەت يېزىپ:
«بالام ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، دۈشمەننى يوقات؛ ھەر-
گىز قاچقۇنلۇق، خائىنلىق قىلما. ھەتتا دۈشمەن بىلەن
يەكمۇ - يەك تۇتۇشقاندا دۈشمەننى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىل،
دۈشمەن بىلەن تەڭ ئۆلسەڭمۇ مەيلىكى، ھەرگىز قاچما.
ئۇنداق قىلساڭ ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزىمىز
...»دەپ كەسكىن نەسىھەت قىلغانىدى.

كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بارلىق كۈچى بىلەن مەدەت
بېرىشى ئارقىلىق، ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ كۈچى تېزلىكتە زو-
رايدى. دۈشمەندىن غەنىمەت ئېلىنغان قورال - ياراقلار
بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ، مەلۇم ۋاقىت قوشۇنغا يېڭى-
دىن قوبۇل قىلىنغانلارنى تەربىيىلىگەندىن كېيىن، جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىش
ئۈچۈن زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلىدى. 1945 - يىلى 8 - ئاي-
نىڭ 27 - كۈنى تاشقورغاندا ۋاقىتلىق مىللىي ئىنقىلابىي



ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئاقىۋول (تاجىك) ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا،
غوجامكەلدى (قىرغىز) مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.
شەمسىدىن سەخى (تاجىك) باش كاتىپلىققا تەيىنلەندى.
تاشقورغان ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئام-
مىنى ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئىن-
قىلابىي قوشۇننى كېڭەيتتى. ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت بىر تە-
رەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم ئالسا، يەنە بىر تەرەپ-
تىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلاشتى.
شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمى-
تى بىر قىسىم قوراللىق قىسىمنى ياردەمگە ئەۋەتتى. ھەمدە
ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى گېنېرال ئىساقبېكنى تاشقور-
غان ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەيىنلىدى. تاشقورغان
ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى: «ھەرقايسى مىللەتلەردىكى ئېزىلىۋات-
قان خەلقلەر ئىتتىپاقلىشىپ گومىنداڭنى يوقىتىپ، ئەركىن-
لىك ۋە مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم» دېگەن
ئىنقىلابىي شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. كەڭ دېھقان - چارۋى-
چىلار ئاكتىپلىق بىلەن ئىنقىلابىي ئارمىيىگە قاتنىشىش ئۈ-
چۈن ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى. تاشقورغان دائىرىسىدە 90%
ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتنىشىپ، ئىن-
قىلابىي قوشۇن تېز سۈرەتتە كېڭەيدى. پۈتكۈل مىللىي ئىن-
قىلابىي قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈ-
چۈن باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. ئىچكى ئامانلىق-
نى ساقلاش ئۈچۈن. يەنە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى-
مۇ قۇرۇلدى.

تاشقورغان ئىنقىلابىي قوشۇنغا ئىلگىرى - ئاخىر بو-

لۇپ 4000 دىن ئارتۇق كىشى (چېگىرا مۇداپىئە قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتناشقاندىن سىرت، يەنە مەمۇرى خادىم ۋە زاپاس قوشۇن بىلەن قوشۇلۇپ، جەمئىي 6000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

ئىنقىلابنىڭ مەمۇرى تەشكىلىي ۋە ھەربىي تەشكىلىي ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

1 - مەمۇرىي ئىشلار تەشكىلىي:

مەمۇرىي جەھەتتە تاشقورغاندا. تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. ئۇ تاشقورغان، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، قەشقەرنىڭ ئويتاغ، تاشمىلىق، ئاقتۇنىڭ 3 - 4 - 5 - رايونلىرى، يېڭىسارنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

ۋالىي - ئاقىپول بەگ (تاجىك بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تاشقورغاننى قايتىدىن ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، قىرغىنچىلىق سىياستىنى يۈرگۈزگەندە، پانا جاي ئىزلەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىپ كېيىن قايتىپ كېلەلمىگەن).

مۇئاۋىن ۋالىي — غوجامكەلدى (قىرغىز، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا).

باش كاتىپ - شەمسىدىن سەخى (تاجىك، تاشقورغاندا پېنسىيىگە چىققان).

خەلق ئىشلار باشلىقى — بۇلبۇل (تاجىك، تاشقورغاندا پېنسىيىگە چىققان).

مالىيە - سودا باشلىقى؛ گۇلجۇن (تاجىك، گومىنداڭ تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلگەن).

باج ئىدارىسى باشلىقى — داۋۇت ساتار (ئۇيغۇر، قەشقەر تاشمىلىقتىن).



ساقچى ئىدارىسى باشلىقى — ئەلىفشا (تاجىك، ئۆلۈپ كەتكەن).

2 - ھەربىي ئىشلار تەشكىلىي:

باش قوماندانلىق شتابى ئورنى - تاغارما يېزىسىدا تەسىس قىلىنغان.

باش قوماندانلىق شتاب قوماندانى - كارۋانشا (تاجىك)، مۇئاۋىن قوماندان — مەمەت ئەيسا (قىرغىز، قىزىلسۇدىن).

باش كاتىپ — قاۋىل مۇرزەك (قىرغىز، قىزىلسۇدا پېنسىيىگە چىققان).

گارنىزۇت پولك باشلىقى — شىرىنبەك (تاجىك، ھازىر تاشقورغاندا خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىۋاتىدۇ).

بىرىنچى بىرگادا - ئورنى قوشراپتا بولۇپ، ئادىمى 3000 دىن كۆپ. يەكەن تەرەپتىكى قىرغىز، ئۇيغۇر، تاجىك ئۈچ پولك ۋە يېڭىساردىكى بىر قىرغىز پولكى بۇ بىرگادىغا قارايدۇ. بىرگادا باشلىقى مادايۇپ، مۇئاۋىن باشلىقى ھاكىم شىرىپ. باش مەسلىھەتچى — شەمسىدىن سەخى

سىياسىي كومىسسار مادايۇپ (قوشۇمچە ئۆتىگەن).

قىرغىز پولكى: (غالىبىيەت پولكى)

پولك باشلىقى — قادىر قۇل (قىرغىز ئاقتۇ ناھىيىسىدىن، ئۆلگەن)

مۇئاۋىن پولك باشلىقى — ئابدۇراخمان (قىرغىز، ئاقتۇ ناھىيىسىدىن)

تاجىك پولكى؛

پولك باشلىقى — لەشكەر (تاشقورغانلىق تاجىك بو-

لۇپ، كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ قايتىپ كېلەلمىگەن). مۇئاۋىن پولك باشلىقى — ياقۇپ (تاجىك، تاشقورغاندا پېنسىيىگە چىققان)

قاغىلىق ئۇيغۇر پولكى؛

پولك باشلىقى — ھاشىم ئاخۇن (ئۇيغۇر بولۇپ، قاغىلىقتىن ئىدى. كېيىن گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن).

مۇئاۋىن پولك باشلىقى - تۇردى قارىبەگ (ئۇيغۇر، قاغىلىقتىن. گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن).

يېڭىسار ئېگىز ياردىكى قىرغىز پولكى:

پولك باشلىقى — ئوسمان باتۇر (سوبېشىلىق قىرغىز بولۇپ، كېيىن سوۋېتكە كەتكەن).

مۇئاۋىن پولك باشلىقى — ئوسمان ئېرگەش (ئاقتولۇق قىرغىز بولۇپ، كېيىن سوۋېتكە كەتكەن).

بۇلارنىڭ قارمىقىدا بىر تاجىك روتا (لىيەن) بولغان. روتا كوماندىرى — ئەبىبۇللا (تاجىك، گومىنداڭ تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلگەن).

ئىككىنچى بىرگادا: ئورنى، ئويتاغدا. قارمىقىدا ئىككى پولك بولغان.

بىرگادا باشلىقى — تاھىر (قىرغىز، تاشقورغاندىن. بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قىرغىنچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ قايتىپ كېلەلمىگەن).

سىياسىي كومىسسارى — نۇرغالى (قازاق، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن).

باش كاتىپ — قەمبەر (ئاقتولۇق قىرغىز)



ئويتاغ قىرغىز پولكى.

پولك باشلىقى — سېيىتبېك (قىرغىز، ئۇلۇغچاتتىن).

مۇئاۋىن پولك باشلىقى — ساتىبېك (قىرغىز، ئۇلۇغچاتتىن)

مەسلىھەتچى — سۇۋان قۇلى (قىرغىز، ئۇلۇغچاتتىن).

قەشقەر ئۇيغۇر پولكى:

پولك باشلىقى — ھەسەن ھاجى (ئۇيغۇر، يېڭىساردىن).

مۇئاۋىن پولك باشلىقى — تۇرسۇن (ئۇيغۇر، يېڭىساردىن بولۇپ، كېيىن گومىنداڭ تەرەپتىن تىرىك كۆمۈلگەن).

قاغىلىق ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ مىللىي ئازادلىق فرونتى قۇرۇلۇپ، ئۇلار 11 كىشىدىن تەركىب تاپقانىدى. فرونت مۇدىرى ساۋۇت قارى (ئۇيغۇر، قاغىلىقتىن) بولغان بولۇپ، ھەيئەتلىرى — ئىسھاقبېك، كارۋانشا، سېيىتبېك، سىدىق، خان غوجا (ئاقتولۇق ئۇيغۇر)، مەھەممەت ئەيسا، ئابدۇللا داموللا قاتارلىقلار بولغانىدى.

تاشقورغاندا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكى تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش جەھەتتە باشقا تەدبىرلەر قوللىنىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تاشقورغاندا ئىشلەپچىقىرىش قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ نامراتلىشىپ كەتكەنىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەنە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ

قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەسىرىنىڭ باشقا جايلارغا يامراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن، چېگرانى قاتتىق قامال قىلىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا جايلاردىن كېلىپ - كېتىدىغانلارنىمۇ قاتتىق تەقىپ قىلغانىدى. شۇڭا تاشقورغاندا مال ئالماشتۇرۇش ئىشىمۇ توسالغۇغا ئۇچراپ، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا لازىملىق تاۋارلارنىڭ باھاسى ئىنتايىن قىممەتلىشىپ كەتكەن. تاشقورغاننىڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق تاۋارلارغا ئالماشتۇرالمايتتى. شۇڭا ۋاقىتلىق مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى راۋاجلاندۇرغانلىقى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش جەھەتتە، ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى زور رول ئوينىغان. تاشقورغان خەلقى ئۆزىنىڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىنى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتنىڭ ئەرزان باھالىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغان. ئىنقىلابىي قوشۇن تەرتىپكە سېلىنىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، باش قوماندانلىق شتابى ئالدىنقى سەپتىن چىلگۇمبەزگە يۆتكەلدى.

ئىنقىلابى قوشۇن بىر ئايلىق ھەربىي تەلىم - تەربىيىدىن كېيىن، ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلىنىپ، قەشقەر ۋە يەكەننى ئازاد قىلىش مەقسىدى بىلەن ھەربىي يۈرۈشنى باشلىدى.

ھەربىي يۈرۈشنىڭ نىشانى مۇنداق بولدى:

ئۇنىڭ بىر يۆنىلىشى — ئوپال، تاشمىلىق تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ، غەربىي - جەنۇب تەرەپتىن قەشقەرنى



قىسىش.

يەنە بىر يۆنىلىش — ئاقتالا ئارقىلىق مېڭىپ يېڭىسارنى ئازاد قىلىش ۋە بۇ ئىككى قوشۇن ئىككى تەرەپتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قەشقەرنى ئازاد قىلىش؛ ئاندىن كېيىن قەشقەر بىلەن يەكەننىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش. تاجىك پولكى داتۇڭ، كوسراپ ئارقىلىق يۈرۈش قىلىپ، قاغىلىق، پوسكامنى ئازاد قىلىپ، خوتەن بىلەن يەكەننىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەكەننى ئازاد قىلىش.

ئىنقىلابىي قوشۇن يۇقىرىقى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، ئىنقىلابى ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنى، يەنى قەشقەر، يەكەن ئەتراپلىرىدا جاپالىق قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىش باسقۇچىنى باشلىدى. ئەگەر بىرىنچى باسقۇچتا — يەنى تاشقورغاننى ئازاد قىلىش، ۋاقىتلىق مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە بىرلىككە كەلگەن ئىنقىلابىي قوشۇن قۇرۇش باسقۇچى بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق بولدى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى ناھايىتى مۇشەققەتلىك ۋە جاپالىق بولدى. بۇ باسقۇچتا، زور غەلىبىلەرمۇ قولغا كەلتۈرۈلدى ۋە ئېچىنىشلىق ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ بولدى. بۇ ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتلەرنىڭ بەزىسى دۈشمەن بىلەن ئۆز كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا چوڭ پەرق بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلىمىگەنلىكى، ئىدىيىۋى تونۇشنىڭ تۆۋەنلىكى ھەمدە ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى قا-

تارلىقلاردىن بولدى. تۆۋەندە ئاساسەن ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ مۇشۇ ئەگرى - توقاي، مۇشەققەتلىك باسقۇچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## مۇشەققەتلىك قوراللىق كۈرەشلەر

ئىنقىلابىي قوشۇن قەشقەر، يەكەن تەرەپلەردە قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ بارلىق تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھەر قايسى يۆنىلىشتىكى قىسىملار ئوڭۇشلۇق ھالدا يۈرۈش باشلىدى. بۇ ۋاقىتلاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئەتراپىدىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوشۇنلىرى قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ھەرقايسى جايلاردا خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، بىر - بىرىگە ياردەم بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقورغاندىكى ئىنقىلابىي قوشۇن بىراقلا غەلىبە قىلىپ، دۈشمەننى پاراكەندە قىلىۋەتكەن بولغاچقا، دۈشمەن تېخى ھوشىنى يىغىپ بولالمىغان ھەمدە باشقا جايلاردىكى قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ، مۇستەھكەم مۇداپىئە كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدى. شۇڭا بۇ باسقۇچنىڭ دەسلەپىدە، مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن ھەرقايسى سەپلەردە چاقماق تېزلىكىدە يۈرۈش قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن بىر قاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

تاشقورغاندىن قېچىپ چىققان دۈشمەنلەر چېچەكلىكتە ئوبۇلقاسىم رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلارنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، چىلگۈمبەزگە قاراپ قاچتى ھەمدە



يول بويى خەلق ئاممىسىنىڭ چارۋىلىرىنى ۋە مال - مۈلكىنى بۇلاپ خەلقنى ناھايىتى قاقشاتتى. شۇڭا مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن دۈشمەننى ئىز بېسىپ قوغلاپ ماڭغاندا، يول بويى خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە ياردىمىگە ئىگە بولدى. بىر مۇنچە كىشىلەر يول ئۈستىدە ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتناشتى. چىلگۈمبەزگە بارغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى يوقاتتى. شۇ يەردە قوشۇنغا يېڭىدىن كىرگەنلەرنى ھەرقايسى قىسىملارغا بۆلۈپ تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، ئاقتالاغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىمۇ كۆپىيىپ 223 كىشىگە يەتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان ئىنقىلابىي قوشۇننى توساپ، ئۆزىنىڭ تېرە - پېرەڭ بولۇپ كەتكەن قوشۇنلىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئۈچىنچى پولكتىن بىر روتا ئەسكەرنى ياردەمگە ئەۋەتتى. دۈشمەننىڭ ئۈچىنچى پولكى شۇ ۋاقىتلاردىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكى جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى بولغان بىر پولك ھېسابلىناتتى. ياردەمگە ئەۋەتىلگەن فرونتمۇ خىللانغان بولۇپ، دۈشمەن ئۆزىچە بۇ كۈچ بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى پۈتۈنلەي توسىۋالغىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلىغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەنلەر چوتنى خاتا سوققانىدى. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىنقىلابىي قوشۇن ئاقتالاغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، دۈشمەننىڭ بۇ قىسىمىنى پۈتۈنلەي مۇھاسىرە قىلدى ۋە 15 - 16 - كۈنلىرى قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننى ئېگىز يار ۋە يېڭىسارغا قېچىشقا مەجبۇر قىلدى.

مۇشۇ بىر قېتىملىق جەڭدىلا 160 دۈشمەننى يوقاتتى. 20 كىشىنى يارىدار قىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە بىر روتا كوماندىرىمۇ بار). 120 تال مىلتىق، 18 تال ئېغىر - يېنىك پىلىموت ۋە نۇرغۇن ئوق دورا غەنىمەت ئالدى.

شۇ قېتىملىق جەڭ غەلىبىسىنىڭ ئىلھامى بىلەن دۈشمەننى ئېگىز يارغىچە قوغلاپ باردى. دۈشمەن ئېگىز يارنىمۇ تاشلاپ، يېڭىسارغا قاراپ قاچتى. يول بويى يەرلىك ئاممىدىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ، مەجبۇرى ھالدا ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالدى. زىيان بولغان سانىنى تولدۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئېگىز يارغا يەنە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، بۇ جاينى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. ئەمما ئىنقىلابىي قوشۇن قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن دۈشمەننىڭ يولىنى توساپ زەربە بەردى، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭغۇچى 57 نەپەر ئادەمنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىپ تۇتىۋالدى. قالغان دۈشمەنلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پۈتۈنلەي يېڭىسارغا قاراپ قاچتى. بۇ ۋاقىتتا يەكەن تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن 200 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئالدى - ئارقىدىن ئوققا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ 47 ئادىمىنى يوقاتتى. بىر قانچە قېتىملىق جەڭدە پارتىزانلاردىن فاراڭگى (تاجىك) شۇيىن (تاجىك)، ماتىخۇشال (تاجىك) قاتارلىق 10 نەچچە كىشى ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق بىلەن دۈشمەننى يوقىتىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىنقىلابىي قوشۇن قوماندانلىق شتابى تەرەپتىن مۇكاپاتلاندى. پارتىزانلار ئاقتالا ۋە ئېگىز ياردىكى جەڭدە قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننىڭ 300 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى ۋە ئەسىر ئالدى. 280 تال مىلتىق، 18 تال ئېغىر - يېنىك پىلىموت



غەنىمەت ئالدى. دۈشمەندىن ئەسىرگە چۈشكەن ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەپ، ئۆز سېپىگە قوشتى. شۇڭا يېڭىسار يۆنىلىشىدىكى ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ كۈچى تېزلىكتە ئۇلغىيىپ، 400 كىشىدىن ئاشتى ھەمدە يېڭىسارغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگىچە ئىلگىرىلەپ باردى.

قەشقەر يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭغان قوشۇنلار، دۈشمەننى سۇ بېشى، بولۇڭكۆل قاتارلىق جايلاردىن قوغلاپ، بوستان تېرەك قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىدى ۋە بۇ ئەتراپتىكى دۈشمەننى قوغلاپ، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئوپالنى ئىشغال قىلدى. گومىنداڭ قوشۇنى تاشمىلىق، چەشتاغ، توقۇزاق قاتارلىق جايلارغا قېچىپ بېرىۋالدى. ئوپال ۋە ئېگىز ياردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئىنقىلابىي قوشۇننى قىزغىن قارشى ئېلىپ، پارتىزانلارنى ئاشلىق، ئوت - چۆپ بىلەن تەمىنلىدى. ئوپال خەلقى ئىنقىلابىي قوشۇنغا 60 ئات ياردەم قىلدى. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەشقەر يۆنىلىشىدىكى پارتىزانلار تاشمىلىققا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاشمىلىقنى ئالالمىدى. ئەمما غەربىي - جەنۇب تەرەپتىن قەشقەرگە جىددىي تەھدىت سالغانلىقى ئۈچۈن، دۈشمەن ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ئاساسىي كۈچىنى ئوپال، تاشمىلىق تەرەپكە قارىتىشقا مەجبۇر بولدى.

يەكەن يۆنىلىشىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن تاجىك ئاتلىق پولكىدىن قاسىمبېگ رەھبەرلىك قىلغان قىسىم كوسۇراپقا كېلىپ، ئايرىتاشتا دۈشمەنگە قاتتىق تەھدىت سالدى. 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەينىدىن رەھبەرلىك قىلغان 160 نەپەر كىشىمۇ چىلگۈمبەز ئارقىلىق كوسۇراپقا كېلىپ، قاسىمبەگلەرنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەكەن

دەرياسىنىڭ يەكەن بىلەن پوسكام ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يەكەن بىلەن پوسكام ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى، 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى لەشكەر باشچىلىقىدىكى ئاساسىي كۈچ يېتىپ كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى. ئادەم سانى كۆپەيگەندىن كېيىن ئۇلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، كاچۇڭ ۋە تومشۇق سارايدىكى دۈشمەن بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە بۇ ئىككى سەپتىكى قوشۇن بىر قانچە كۈنلۈك چاپالىق جەڭ ئارقىلىق دۈشمەن قوشۇنىنى ئۇ يەرلەردىن قوغلاپ چىقاردى. دۈشمەن پوسكامغا قېچىپ كىرىۋالدى. بۇ جەڭدە دۈشمەندىن 33 ئادەم يوقىتىلدى. بىرمۇنچە ئوق - دورا ۋە كاچۇڭدىكى بىر ئاشلىق ئىسكىلاتىنى غەنىيمەت ئالدى.

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى لەشكەر باشچىلىقىدىكى تاجىك پولكى 400 كىشىلىك قوشۇن بىلەن پوسكامغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنىڭ مەخپىيەتلىكى دۈشمەن تەرىپىدىن سېزىۋېلىنغاچقا، ھۇجۇم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. پەقەت بىر قانچە ئاتنىلا غەنىيمەت ئالالىدى. پوسكامغا قىلىنغان بۇ ھۇجۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنقىلابىي قوشۇن پوسكامنى مۇھاسىرە قىلىشنى قويۇپ، ياقىرىققا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياقىرىققا ھۇجۇم قىلىپ، ياقىرىقنى مۇھاسىرە قىلدى. 19 - كۈنى ياقىرىقنى ئازاد قىلىپ، ئۇلارنىڭ 38 ئادىمىنى يوقاتتى. 24 مىلتىق، بىر پىلىموتنى غەنىيمەت ئالدى. ياقىرىقنىڭ ئازاد قىلىنىشى، پوسكامدىكى دۈشمەن قوشۇنلىرىنى قاتتىق چۆچۈتتى. شۇنىڭ بىلەن پوسكامدىكى دۈشمەن قوشۇنلىرى بۇ جاينى تاشلاپ قاچتى. لېكىن ئىنقىلابىي



قوشۇن دۈشمەننىڭ پوسكامنى تاشلاپ قاچقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا دۈشمەن پوسكامدىن قاچقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پوسكامنى ئىشغال قىلمىدى. پوسكامدىن قاچقان دۈشمەن قوشۇنلىرى يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن پوسكامغا قايتىپ كېلىپ، ئورۇنلىشىۋالدى. ئىنقىلابىي قوشۇن دۈشمەن كۈچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى رازۋېتكا قىلغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ ئاساسەن يەكەن، پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق ئاساسىي بازىلىرىغا قامىلىپ قالغانلىقىنى، بۇ ئاساسىي بازىلاردىن تاشقىرى جايلاردىكى دۈشمەنلەرنىڭ تايانچىسىز پارچىلانغان ھالدا قالغانلىقىنى ئىگىلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئاساسەن ئىنقىلابىي قوشۇن، تايانچىسىز پارچە ھالەتتىكى دۈشمەن قوشۇنلىرىنى بىر - بىرلەپ يوقىتىپ، ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتتى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ ئاساسىي بازىلىرىدىكى قوشۇنلىرىنى يوقىتىشقا ئوبدان تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۆز كۈچلىرىنى 30 - 40 دىن بۆلۈپ يەكەن، يېڭىسار ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەرنى بىر - بىرلەپ يوقاتتى، نەتىجىدە قىزىل، ياقىرىق، قىزىلتاغ قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلدى. شۇ ئاساستا يېڭىسار، ئېگىز يار، پوسكام ئوتتۇرىسىدىكى يولنى تۇتاشتۇردى.

1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يېڭىساردىكى جاڭ دۇيجاڭ، دۇسۇجاڭلار ئىرز قارمىقىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، پوسكام ۋە قاغىلىققا كېلىپ ئورۇنلاشماقچى بولدى. كېيىن ئۇلار پوسكامنىمۇ تاشلاپ، ھەممە كۈچىنى قاغىلىققا يۆتكەپ، قاغىلىقنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ ياتتى. ئۇلار قاغىلىققا كەلگەندىن كېيىن، خەلقنىڭ

مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ، ئاياللارنى خالىغانچە ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. بۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زۇلمىدىن زار ـ زار قاقشىغان خەلق ئاممىسى، مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ تېزلىكتە كېلىپ ئەكسىيەتچىلەرنى يوقىتىپ، ئۆزلىرىنى زۇلۇم دەستىدىن ئازاد قىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. بەزىلەر دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردىن قېچىپ چىقىپ، ئىنقىلابىي قوشۇنغا دۈشمەن ئەھۋالىنى يەتكۈزدى. بەزىلەر دۈشمەن قوشۇنلىرىنى ئۆز بازىسىدىن ئالداپ ئېلىپ چىقىپ، ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ مۆكتۈرمىسىگە ئېلىپ كەلدى.

ئىنقىلابىي قوشۇن بۇ ۋاقىتتا ئۆز قىسىملىرىنى 30 ـ 40 تىن بىر ئەترەت قىلىپ ئايرىپ، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن ئەتراپىدىكى جايلاردا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى. ھەمدە شۇ ئەتراپتىكى تارقاق ئورۇنلاشقان دۈشمەنلەرنى بىر ـ بىرلەپ يوقاتتى. خەلق ئاممىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، بۇ ئەتراپتىكى تارقاق بازىلاردىكى دۈشمەن قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. يېڭىسارىدىن ئېگىز يار ئارقىلىق پوسكامغا كېلىدىغان يولنى پۈتۈنلەي تۇتاشتۇرۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن قاغىلىققا قامىلىپ قالغان دۈشمەن قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ، تايانچىسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قاغىلىقنى ئازاد قىلىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلدى.

1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ 600 نەپەردىن ئارتۇق ئادىمى قاغىلىق ناھىيە بازىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. قىرغىز پولكىدىن بىر



روتا ئادەم خوتەندىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ ياردەمچى قىسىملىرىنى توساش ئۈچۈن خوتەن تەرەپتىن كېلىدىغان يولغا يوشۇرۇندى. يەنە بىر قىسىم قوشۇن پوسكامغا ھۇجۇم قىلدى. پوسكام تەرەپتىكى دۈشمەن قوشۇنلىرى مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا ھېچ قانداق قارشىلىق كۆرسەتمەي پوسكامنى تاشلاپ يەكەنگە قېچىپ كەتتى. قاغىلىق ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى دۈشمەن قوشۇنلىرىنى قورشىۋېلىپ، قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. نەتىجىدە بازار ئىچىگە قورشىلىپ قالغان دۈشمەن قوشۇنلىرى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقالمايدىغان ھالەتكە چۈشتى، بەش ـ ئالتە سائەتلىك قاتتىق جەڭدىن كېيىن، دۈشمەن قوشۇنلىرى ھەققەتەن بەرداشلىق بېرەلمەي، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ھەر تەرەپتىن مۇھاسىرىنى بۇزۇپ قېچىپ چىقىشقا ھەرىكەت قىلدى. لېكىن مۇھاسىرە ناھايىتى قاتتىق بولغاچقا، پەقەت تۆت نەپەر ئەسكەرلا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتەلىدى. قالغانلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. قەشقەردىكى 12 ـ دىۋىزىيە قاغىلىقنىڭ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن ئالاقزادە بولدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن قاغىلىقتىكى قوشۇنلىرىنىڭ قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈپ، بازارنى ساقلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن 3000 كىشىلىك قوشۇننى قاغىلىققا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

دۈشمەننىڭ بۇ ياردەمچى قوشۇنلىرى تۈمشۇق سارايغا كەلگەندە، شۇ يەردە يول توسۇپ تۇرغان قىرغىز پولكىنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچرىدى. بۇ يەردە ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچراشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن دۈشمەن قوشۇنلىرى، ئالاقزادىلىكتە بىرەر پاي

ئوق ئېتىشقىمۇ ئۇلگۇرەلمەي 300 دەك ئۆلۈكنى تاشلاپ
بەدەر تىكىۋەتتى. ئىنقىلابىي قوشۇن ھەر يەردە يول توسۇپ
ئۇلارغا زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ بۇ يارىدەمچى قوشۇنىنى
ناھايىتى زور پالاكەتكە ئۇچراتتى. ئاخىرى بۇ قوشۇننىڭ
ئارقىدىن توشۇپ كېلىنگەن ئوزۇق - تۈلۈك، تەمىناتىنى
پۈتۈنلەي ئولجا ئېلىپ، ئۇلارنى تەمىناتسىز قالدۇردى. 5 -
6 - كۈنلىرى دۈشمەن قوشۇنلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئۇرۇش
قىلىش نەتىجىسىدە دۈشمەننى ئېغىر ھالسىراتتى، دۈشمەن-
نىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ۋە باشقا تەمىناتى پۈتۈنلەي ئولجا
ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئاچلىق دەردى-
دىن بەكمۇ روھسىزلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن
قوشۇنىدىكى نۇرغۇن مىللىي ئەسكەرلەر ئىنقىلابىي قوشۇنغا
تەسلىم بولماقچى بولدى. بىراق ئۇلارنىڭ تەسلىم بولۇش
غەرىزى دۈشمەن تەرەپتىن سېزىۋېلىنغانلىقى ئۈچۈن 60
تىن ئارتۇق ئەسكەر ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. دۈشمەن
قوشۇنلىرىنى ئەنە شۇنداق سۇرتوقاي قىلىپ يوقىتىش
نەتىجىسىدە، ئاخىرى قاغىلىقتا ياردەم بېرىش غەرىزىدىن
يېنىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. چېكىنىش جەريانىدا يەنە
ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئاخىرى ئۆزى-
نىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ چېكىنىپ
كەتتى. شۇنداق قىلىپ، قاغىلىق ناھىيىسى پۈتۈنلەي ئازاد
قىلىندى. قاغىلىق ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمى-
يە ئۇيغۇر پولكىنى يېڭىباشتىن تۈزۈپ چىقتى. بەش كۈن
ئىچىدە 1500 دىن ئارتۇق كىشى مىللىي ئارمىيىگە قاتناش-
تى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى 5000 دىن
ئاشتى. (لېكىن بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە تېخى قورال -



ياراق يوق ئىدى). دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىدىن قېچىپ
چىققان قوشۇنلىرى گۇما تەرەپكە قېچىپ بېرىۋالدى. ئۇلار
گۇمىدىكى نۇرغۇن ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ، ئۆيلىرىنى بۇزۇپ
تاشلاپ، 1500 مېتىردىن ئۇزۇنراق ئاكوپ قازغاندىن كېيىن،
مىللىي ئارمىيىدىن قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ ياتتى. قاغىلىقنىڭ
ئازاد قىلىنىشى قاغىلىق، يەكەن، پوسكام ئەتراپىدىكى
دۈشمەنلەرنىڭ پۈتۈنلەي تازىلىنىشى ۋە گومىنداڭنىڭ شۇ
ئەتراپتىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بولدى.
ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ جاسارىتى ۋە شۆھرىتىنى زور دەرىجىدە
نامايەن قىلدى. شۇندىن كېيىنلا قاغىلىقنىڭ ئازاد قىلىنىشى بىلەن
گومىنداڭنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇنغا بولغان كۆز قارىشىدىمۇ
چوڭ ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل-
لىرى ئەمدى بۇ ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچكە ئەستايىدىل تا-
قابىل تۇرمىسا، ئۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەكسىيەت-
چىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ پۈتۈنلەي گۇمران بولىدىغانلىقىنى
تونۇپ يەتتى. بۇ ۋاقىتلاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئار-
مىيىسىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بار-
غان قوشۇنلىرى چېكىنگەنلىكى ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ جەنۇ-
بىي شىنجاڭدىكى بارلىق قوراللىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ،
تاشقورغان ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچىگە تاقابىل تۇرۇشىغىمۇ
ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. شۇڭا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئاق-
سۇ ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدىن نۇرغۇن قوراللىق كۈچ ئاج-
رىتىپ، تاشقورغان ئىنقىلابىي قوشۇنغا قارشى قويدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ناھايىتى
چوڭ پەرق پەيدا بولدى. ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئادەم سانى 5000
دىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن قورال - ياراقلىرى كەمچىل،

ھەربىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىمۇ يېتەرلىك ئەمەس ئى-
دى، ھەربىي ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە باشقا جەھەتلەردىمۇ ئىنقىلابىي
قوشۇندا تېخى ئۇرۇش تېخنىكىسى بار خادىملار كەمچىل
ئىدى. بۇ جەھەتلەردە يەنىلا گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم قوشۇن-
لىرىغا يەتمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلابىي قوشۇن
قاغىلىقنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جاسارىتى ۋە
شۆھرىتىنى تازا ئاشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر جىددىي
خاتالىققا يول قويدى. بۇ خاتالىق سەۋەبىدىن كېيىنكى قو-
راللىق كۈرەش داۋامىدا ھەقىقەتەن ناھايىتى زور بەدەل
بەردى ۋە چىقىم تارتتى.

بۇ جىددىي خاتالىق شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، ئال-
دى بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا تە-
كەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش يې-
ڭىباشتىن باش كۆتۈردى. ئۇلار قاغىلىقنى ئازاد قىلغاندىن
كېيىن، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلىدى. جەنۇبىي
شىنجاڭدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ مەيلى ئادەم سانى جە-
ھەتتە بولسۇن، مەيلى قورال - ياراق، ھەربىي تېخنىكا،
تاكتىكا جەھەتتىن بولسۇن، ئۆزىدىن كۆپ يۇقىرى تۇرىدى-
غانلىقىنى كۆرمىدى. گومىنداڭنىڭ يەكەن ۋە قەشقەردىكى
كۈچلىرىنى بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ، دەپ قارىدى. قاغىلىق-
تىكى غەلىبە ئۇلارنى مەغرۇرلاندۇرۇپ قويدى. قاغىلىقنى ئازاد
قىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تەييارلىقنى
تولۇق پۈتكۈزمەيلا يېنىكلىك بىلەن يەكەنگە ھۇجۇم قى-
لىشنى پىلانلىدى. دۈشمەن ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ بۇ ئاجىز-
لىقىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن يەكەن، يېڭىسار
تەرەپتىكى مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، بىر تەرەپتىن كىشىلەر-



نىڭ بەس - بەس بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتنىشىۋاتقان
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىشپىيون، جاسۇسلىرىنىمۇ
ئىنقىلابىي قوشۇنغا سۇقۇندۇرۇپ كىرگۈزدى. بۇ ئىشپىيون،
جاسۇسلار تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇن
رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالدى. ھەم-
دە ئۆزلىرىنى قوشۇنغا يولباشچى، ۋاھاكازا دەپ ئاتاپ،
ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىدىن دۈشمەنگە ئاخ-
بارات يەتكۈزۈپ بەردى.

ئىنقىلابىي قوشۇندىكى مەغرۇرلۇق، كۆرەڭلىك ئىدىيى-
سىنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن ئىنتىزامىمۇ بوشاپ قالدى. قاغى-
لىق ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئەسكەر
ۋە ئوفىتسېرلىرى ئارىسىدا ئولجا تالىشىش، تۆھپە تالىشىش
ئەھۋاللىرى يۈز بەردى.

ئىنقىلابىي قوشۇن رەھبەرلىكى يېتەكچى ئىدىيە جەھەت-
تىن يۇقىرىقى خاتالىققا يول قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇش
پىلانىدىمۇ بەزى مەغلۇبىيەتلەر سادىر بولدى. 1946 - يىلى
1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يەكەن ۋە يېڭىسارغا بىرلىكتە ھۇ-
جۇم قوزغاپ، بۇ ئىككى جاينى بىراقلا ئازاد قىلىشنى
پىلانلىدى. بۇ تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دولقۇنى
بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ 2 - باسقۇچى،
يەنى ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ھۇجۇم قوزغىشى بىلەن گومىن-
داڭنىڭ مۇداپىئە كۆرۈش باسقۇچى ئاخىرلىشىشىدىن دېرەك
بېرەتتى. 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۇيغۇر، قىر-
غىز، تاجىك پولكىدىن 300 دىن ئارتۇق ياش، قاۋۇل جەڭ-
چىلەر ئاجرىتىلىپ، يەكەن شەھىرى مۇھاسىرىگە ئېلىندى.
شۇنىڭدەك روتا كوماندىرى بايەك (تاجىك) باشچىلىقىدىكى

120 نەپەر كىشى يەكەن يېڭى شەھەرگە ئىچكىرىلەپ كىردى. بايەك شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆز بېشىمچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، يەكەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى پۈتۈنلەي ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ئەسلىدە قاغىلىق ئازاد قىلىنغاندا بايەك باشچىلىقىدىكى بۇ قوشۇن ئۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشمىغانىدى. بۇ قېتىمقى يەكەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا يەكەننى ئازاد قىلىش تۆھپىسىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ئۈچۈن، قوماندانلىق شتابىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىغا بويسۇنمىدى. ئەكسىچە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، باشقا قوشۇنلارنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋە دۈشمەن ئەھۋالىنىڭ ئېنىقلىنىشىغا قارىماي، يەكەن شەھىرىگە كېچىلەپ ئىچكىرىلەپ كىردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «يول باشلىغۇچى» بولغان ئادەم گومىنداڭ ئىشپىيونى بولغاچقا، ئۇلارنى پۈتۈنلەي دۈشمەننىڭ ھىمايىچىلىرى ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئۇلار دۈشمەننىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۇلارغا ئالدى - ئارقىسىدىن شىددەتلىك ئوت ئاچتى، پەقەت شۇچاغدىلا بايەك ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنىپ دۈشمەن مۇھاسىرىسى ئىچىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگەن. شۇندىن كېيىن ئۇ جەڭچىلەرگە ئىلاجىنىڭ بېرىچە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلغان. بىر كېچىلىك جىددىي قانلىق ئۇرۇش نەتىجىسىدە بۇ بىر قىسىم ئىنقىلابىي جەڭچىلەردىن پەقەت 28 كىشىلا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتەلىگەن. 31 كىشى قۇربان بولغان. بايەك دۈشمەننىڭ قاتتىق مۇھاسىرىسى ئىچىدە قېلىپ، دۈشمەننىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى - ئۆزى ئېتىپ ئۆلۈۋالغان. دۈشمەن ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ خوتەندە سازايى قىلغان. گومىنداڭ ئەكسىيەت-



چىلىرى ئۆز ئىشپىيونلىرى ئارقىلىق ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىدىن خەۋەر تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئەتىسى ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى. ئىككى تەرەپتىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا پەرق چوڭ بولغاچقا، بۇ قېتىمقى جەڭدە ئىنقىلابىي قوشۇندىن 150 دىن ئارتۇق ئادەم چىقىم بولدى.

يېڭىسار ۋە چەشتاغ تەرەپكە ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلارمۇ ئوخشاشلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ چىقىم تارتتى. گومىنداڭ ئۆزىنىڭ 34 - پولكى بىلەن 17 - پولكىدىن 1500 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ، يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىنقىلابىي قوشۇننى مۇھاسىرە قىلىپ، توسۇشقا ئەۋەتتى. گومىنداڭنىڭ بۇ بىرتۈركۈم ئەسكىرىي كۈچى، ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ دىققىتىنى قوزغىماسلىق ئۈچۈن، ئاز - ئازدىن بىر قانچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، بىر قانچە يول بىلەن، يېڭىسارغا كەلگەن. ئاندىن ئەگۈس دېگەن يەردە پارتىزانلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىپ، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىغان. دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنقىلابىي قوشۇن ئۆزىنىڭ بۇ يەردە تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمەي، قىلچە تەييارلىقسىز ھالەتتە تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن، تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق پىلانى بولمىغان ھالدىكى قاچقۇنچىلىق نەتىجىسىدە ئىنقىلابىي قوشۇندىن 100 دىن ئارتۇق ئادەم دۈشمەن قوشۇنى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى. يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىكار بولدى. چەشتاغقا ھۇجۇم قىلىپ بارغان ئەنجانباي باشچىلىقىدىكى 320 نەپەر ئىنقىلابىي قوشۇنمۇ،

باشتا گومىنداڭنىڭ چەشتاغدىكى بىر روتا ئەسكىرى كۆچىگە ھۇجۇم قىلغانىدى. لېكىن دۈشمەننىڭ قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن ياردەمچى كۈچلىرى تېزلىكتە يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ، بەلگۈتاغ تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنجانباينىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن، قوشۇن بىلەن تەڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتەلمىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزى يالغۇزلا دۈشمەننىڭ قوغلاپ كەلگەن قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ، ئۇرۇش قىلىپ، بىر قانچە ئون ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئۆزىمۇ شۇ جايدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. قانخور گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ يەكەنگە ئېلىپ كېتىپ، كېيىن ئۇ يەردىن يەنە ئۇيپالغا ئېلىپ كەلدى ۋە كوچىدا ئېسىپ قويۇپ سازايى قىلدى. شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇيپالدىكى خەلق ئاممىسىنى يىغىپ: «ئەگەر كىمدۇ - كىم ھۆكۈمەت بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ تەھدىت سالدى. كىشىلەرنى ئىنقىلابىي قوشۇن بىلەن قىلچە ئالاقىدە بولماسلىقى كېرەك، دەپ مەجبۇرلىدى. ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ بۇ قېتىمقى يەكەن، يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان ھەربىي پائالىيىتى يۇقىرىقىدەك مەغرۇرلۇق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئاچچىق بىر ئوڭۇشسىزلىق بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسى بۇنىڭ بىلەن بوششىپ كەتمىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بايەك، ئەنجانبايغا ئوخشاش ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، ھەممە يەردە سازايى قىلغىنى بىلەن ئاممىنى زادىلا قورقۇتالمىدى. مەسىلەن: ئەنجانباينىڭ كاللىسىنى كېسىپ، ئۇيپال‑



دا ئاممىنى يىغىپ سازايى قىلغاندا، ئايىتىللا دېگەن بىر ئايال مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بارلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان مۇنداق ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ خەلق ئۈستىدىكى دەھشەتلىك زۇلمىنى چەكسىز غەزەپ بىلەن ئەيىپلىدى. خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئەنجانبايدەك ئىنقىلابىي قۇربانلارغا چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە ھۆرمەت بىلدۈردى. شۇ مەيداندىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىرغالچىسى قەپەزگە سېلىنغان كاللىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا تەھدىت سالغان ھالدا ھەيۋە قىلىپ: «قارا بۇ سېنىڭ ئىنىڭنىڭ كاللىسى، ئېنىڭ ناھايىتى باتۇر بولغاچقا ئۇنىڭ كاللىسى مانا بۇ قەپەزگە كىردى. مانا بۇ ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغانلارنىڭ ئاقىۋىتى. كىمدۇ - كىم ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى دەل مانا شۇنداق بولىدۇ. كىمدۇ - كىم بولمىسۇن ئۆزىنى - ئۆزى سورىشى كېرەك» دەپ داۋراڭ سالغان. ئايىتىللا مەردانىلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ: «بىز بۈگۈن ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىنىڭ بېشىنى كۆرمەكتىمىز. ئۇ بىزنى ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. بەلكى سەنلەردەك غالجىر ئىتلارنىڭمۇ قېنىنى تۆكۈپ، ئاندىن قۇربان بولدى. بىز ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. گەرچە ئۇ، ئۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىز ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنىڭ بەدىلىگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قۇربان بولدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئەڭ شە‑

رەپلىك. ئەركىنلىكنى سۆيگۈچى خەلق ئۇنى ئۆمۈرۋايەت ئەسلەيدۇ. ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ!» دەپ كۈچلۈك رەددىيە قايتۇرغانىدى. ھەمدە ئۇ شۇ مەيداندىلا گومىنداڭ غالچىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئۆزۈڭگە قاراپ باق، ئەي غالچا ئىت! سېنىڭ ھاياتىڭنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنداق ھاياتتا قىلچىلىك قىممەت بار دەپ ھېس قىلالامسەن؟ ئەركىنلىكنى سۆيگۈچى خەلقنىڭ بۇنداق ئۆلۈمى ئەڭ شەرەپلىك. لېكىن سېنىڭ غالچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن ھاياتىڭ ئەڭ پەسكەش ھايات ئەمەسمۇ؟!» دەپ قاتتىق سۆككەنىدى. دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىدىن قورقمايدىغان بۇ مەردانە ئايالنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرەپتىن قانداق قىيىن - قىستاققا ئېلىنغانلىقى بىزگە نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شۇنداق مەردانە سۆزلىرى، ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ھەرقانداق زورلۇق - زومبۇلۇققا تىز پۈكمەيدىغان قەيسەر ئىرادىسىنى تولۇق نامايەن قىلدى.

ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ يەكەن ۋە يېڭىسارغا قىلغان ھۇجۇمى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارلىق ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، تاشقورغان ئىنقىلابىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئازاد رايونلارغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. 1946 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گومىنداڭ، 4000 دىن ئارتۇق ھەربىي كۈچ بىلەن قاغىلىققا ھۇجۇم قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەكەن، قەشقەر، گۇما تەرەپلەردىكى بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ قېتىمقى ھۇجۇمغا ماسلاشتۇردى. قاغىلىقتىكى ئىنقىلابىي قوشۇن گومىنداڭنىڭ بۇ قېتىمقى قورشاپ يوقىتىشىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرغان



بولسىمۇ، لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا پەرق ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، ئاخىرى قاغىلىقنى تاشلاپ، كاچۇڭ تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. كاچۇڭدىمۇ يەنە دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئاندىن قوشراپقا چېكىنىپ كەتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق ئازاد رايونلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شۇ يەرلەردىكى خەلق ئاممىسىغا دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. قاغىلىقتىكى دەريا - ئېقىنلار بىگۇناھ خەلقنىڭ جەسەتلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى. نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ ئىشپىيونى دەپ بەتنام چاپلاپ، خالىغانچە چېپىپ تاشلىدى. ھەتتا كىچىك بالىلارنىمۇ ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈردى. مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئاكوپ كولاش ۋە باشقا ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ياساشقا مەجبۇر قىلدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى بۇزۇپ، دەل - دەرەخلىرىنى كېسىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاكوپ قېزىپ، ھەربىي گازارمىلارنى سالدى. كىشىلەر ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ھەر يەر - ھەر يەرلەردە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئىنقىلابىي قوشۇن قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق ئازاد رايونلاردىن چېكىنىپ قوشراپقا كەلگەندىن كېيىن، قىسىملارنى دەم ئالدۇرۇپ، بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سالدى. شۇ قاتاردا ھەربىي تەلىم تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۆز كۈچىنى يېڭىباشتىن تەشكىللەش بىلەن بىللە، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلاندى. شۇ جەرياندا گومىنداڭنىڭ بىر قانچە قېتىملىق ھۇجۇمىغا ئۈنۈملۈك زەربە بېرىپ، نۇرغۇن ئوق - دورا

ۋە ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى غەنىمەت ئېلىپ، ئۆزىنى قوراللاندۇردى. ئىنقىلابىي قوشۇن قوشراپتا ھەربىي قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش، ھەربىي تەلىم تەربىيە ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ۋە تەمىناتى جەھەتتىن ئىنتايىن زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. شۇڭا يەنە بىر قىسىم قوشۇننى چىقىرىپ، يېقىن ئەتراپتىكى دۈشمەن بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئوزۇق - تۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. دۈشمەن ئىنقىلابىي قوشۇنغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدىلا دەككىسىنى يەپ قايتتى. لېكىن مۇداپىئەدە تۇرغان شارائىتتىمۇ دائىم دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، بىرقانچە ئاي ئىچىدىلا 2300 تال مىلتىق، 400 تال يېنىك پىلىموت، 100 تال ئېغىر پىلىموت، 4000 دىن ئارتۇق گىرانات، 100 تال ئاپتومات قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى غەنىمەت ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قورال - ياراقلىرىنى تولۇقلىدى. دۈشمەننىڭ نۇرغۇن جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىپ، ئۇلارنى ئېغىر ھالاكەتكە ئۇچراتتى. ئىنقىلابىي قوشۇن بىرقانچە ئايغىچە ئۆزىنىڭ ھەربىي قىسىملىرىنى تەرتىپكە سېلىش، تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش، قورال - ياراقلارنى تولۇقلاپ، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشتەك بىر قاتار تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەندىن كېيىن، 1946 - يىلى 6 - ئايدا يەكەن، قەشقەر، خوتەن تەرەپلەرگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا مىللىي ئىنقىلابنىڭ يەنە بىر قېتىملىق يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشنى پىلانلىدى. ئەمما بۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئەمەلگە ئاشمىدى.



ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبەگ ئۆزى قوشراپقا كېلىپ، 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمىنى ئىمزالىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن تاشقورغان ئىنقىلابىي قوشۇنى تەشكىللىك ھالدا تاشقورغانغا چېكىنىشكە باشلىدى. ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئىشىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن تاشقورغان ئىنقىلابىي تەرەپتىن سىدىقخان غوجام (غۇلجىدا ئۆلگەن)، قۇربان دۆلەت قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ ئاۋۋال ئۈرۈمچىگە، كېيىن غۇلجىغا ئەۋەتتى. ئىنقىلابىي قوشۇن بىرقانچە ئاي جاپا - مۇشەققەتلىك شارائىتتا كۆرەش قىلغانلىقى ۋە ھەر تەرەپتىكى شارائىت ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن، ياز پەسلىدە پۈتۈن قوشۇندا كىزىك كېسەلى تارقىلىپ كەتتى. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ شۇنداق قىيىن شارائىتتا قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇ خىل نومۇسسىزلىقى ئىنقىلابىي قوشۇندىكى بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ چەكسىز غەزەپ نەپرىتىنى قوزغىدى.

تاشقورغانغا قاراپ چېكىنىۋاتقان ئىنقىلابىي قوشۇندىكى بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەر بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان قىسمىغا قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئۇلارنى چېكىندۈردى. بۇ جەڭدە ئىنقىلابىي قوشۇندىن پولك كوماندىرى قادىر قول قۇربان بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇنداق يۈزسىزلىكىدىن غەزەپلەنگەن كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەر، چېكىنىشنى توختىتىپ، ئەسلىدىكى پىلان بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى، 1946 -

يىلى 8 - ئايدا تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن
مادايوپ. شىرىنبەگ، ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلار داغدۇغىلىق
مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتناشقان ۋاقتىتىمۇ گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلىرىنىڭ نومۇسسىزلىقىغا غەزەپلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت
رەھبەرلىرىگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بولغان ئۇ-
رۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى قايتا تەلەپ قىلدى. لېكىن
ئىنقىلابىي قوشۇن قوماندانلىق شتابى پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ
تېنچلىق ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، يەنىلا
تېنچلىق كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە قەتئىي
ئەمەل قىلىپ چېكىنىشنى، پەقەت تۇيۇقسىز
ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن شۇ بىر قىسىم دۈشمەننىلا يوقىتىش
بىلەن چەكلىنىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي
قوشۇن ئۆز بازىلىرىدىن چېكىنىپ، تاشقورغانغا قايتىپ
كەتتى.

تاشقورغان ئىنقىلابى — گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل
ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان مىل-
لىي دېموكراتىك ئىنقىلاب بولۇپ، ئۇ جۇڭگو دېموكراتىك
ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىنىڭ بىر تارماق تەركىبىي قىسمى. ئىنقىلاب باشلىنىپ
تاكى 11 ماددىلىق تېنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، ئىنقىلابىي
قوشۇن تاشقورغانغا قايتقانغا قەدەر، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بې-
رىپ، ئۇلارنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇردى. ئىنقىلاب جەر-
يانىدا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەر-
كىنلىكى ئۈچۈن مىڭلارچە ياش - ئۆسمۈرلەرنى ھەرىكەت-
لەندۈرۈپ، ئۇلارنى جاپا - مۇشەققەتلىك كۈرەش يالقۇنلى-



رىدا چېنىقتۇرۇپ تاۋلىدى ۋە يېتىشتۈردى. نەتىجىدە كۈچ
سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى تۇرىدىغان
دۈشمەن قوشۇنلىرىنى ھالسىرىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايەن
قىلدى. 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن
كېيىن، گەرچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى نومۇسسىزلىق
بىلەن كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنقى-
لابىي قوشۇن يەنىلا چوڭ ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، كېلى-
شىمنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، تاشقورغان ئىنقىلابىي
قوشۇنىنى تارقىتىۋەتتى. تاشقورغان ئىنقىلابىي مەزگىلىدە
كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئىنقىلابقا قىزغىنلىق بىلەن
قاتنىشىپ، بارلىق كۈچى بىلەن مەدەت بەردى. لېكىن بىر
قىسىم ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن مىللىي مۇناپىقلار ئۆزىنىڭ تار
سىنىپىي مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى
كۈچلىرى بىلەن بىرلىكتە قەشقەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى.
ئىنقىلاب جەريانىدا ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن
تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئىشپىيون-
لۇق، جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىنقىلابقا
نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈردى. تېنچلىق كېلىشىمى ئىمزالان-
غاندىن كېيىن، بۇ بىر توپ مىللىي مۇناپىق خائىنلار گو-
مىنداڭغا ئەگىشىپ كېلىشكە باشلىدى. گومىنداڭ تېنچلىق
كېلىشىمدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش شەرتنامىسىگە
خىلاپلىق قىلىپ، مۇشۇ خائىن مۇناپىقلارنى ھەر دەرىجىلىك
ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا كىرگۈزدى. نامىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت
قۇرغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھوقۇق گومىنداڭچىلارنىڭ قو-
لىغا تۇتقۇزۇپ قويۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرەپ

ۋەكىلى سۈپىتىدە غوجام كەلدى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە كىرـ
گۈزۈلۈپ مۇئاۋىن ھاكىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن
ئۆتمەيلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى غوجام كەلدى ۋە شىنـ
رىنبەگ قاتارلىق بىر قىسىم مىللىي ئىنقىلابچىلارنى تۇتقۇن
قىلىپ، تۈرمىگە تاشلىدى.

1947 ـ يىلغا كەلگەندە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇرۇن تاشقورغان ئىنقىلابىغا
قاتناشقان ئاساسلىق تايانچىلارنى ۋە بىر قەدەر مەرتىۋىلىك
زاتلارنى تۇتۇپ تۈرمىگە قاماشقا باشلىدى. شۇ قاتاردا
يەنە بىر قىسىم ئىلغار ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ھېچقانداق سوراق
قىلمايلا يوشۇرۇن ھالدا ئۆلتۈردى. 1947 ـ يىلدىن تارتىپ
1949 ـ يىلى ئازاد بولغانغا قەدەر تاشقورغان ناھىيە دائىـ
رىسىدىكى ئىنقىلابىي جەڭچىلەردىن ۋە باشقا بىگۇناھ خەلقـ
تىن 400 دىن ئارتۇق كىشى قاماققا ئېلىندى ۋە زىيانـ
كەشلىككە ئۇچرىدى. شۇ ۋاقىتتا تاشقورغاندا يەنە گومىنـ
داڭنىڭ ئىشپىيون، جاسۇسلىرى كۆپىيىپ، ھەربىي ھالەت
يۈرگۈزۈلدى. نەتىجىدە كىشىلەر كوندۈزىمۇ يۈرەكلىك يول
ماڭالمايدىغان قورقۇنچلۇق ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇ ۋاقىتـ
تا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ،
ئاپئاق ـ چاپئاق بولۇۋاتقان بىر ئوچۇم يۇقىرى قاتلام
ئۇنسۇرلارمۇ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنى
ئېزىشكە ۋە ئۇلارغا زۇلۇم سېلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇلار
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە جاسۇسلۇق قىلىپ بېرىش بەـ
دىلىگە ئەمەلدار بولۇپ، جاي ـ جايلاردا خەلقنى قاقتى ـ
سوقتى قىلدى، پارىخورلۇق ـ ھايانكەشلىك ۋە خىيانەتچىـ
لىك قىلىپ، ئۆزىنىلا بېيىتىشنىڭ كويىدا بولدى. ئۆز، قېـ



رىنداشلىرىنىڭ قانداق ھالەتتە قالغانلىقى بىلەن ھېچقانـ
داق كارى بولمىدى. ئاقىۋەتتە گومىنداڭ سىياسىي جەھەتتە
خەلققە دەھشەتلىك زۇلۇم سېلىش بىلەنلا قالماي، ئىقتىـ
سادىي جەھەتتىمۇ خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە
قىلىشقا باشلىدى. باج، سېلىقلار 20 نەچچە خىلدىن ئاشتى.
ھەر يىلى تاشقورغان خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ تۇياق چارۋىـ
سىنى باج تاپشۇرۇشقا قىستىدى. ئەكسىيەتچىل ھەربىي قوـ
شۇنىنى بېقىش ئۈچۈن نەچچە مىليون جىڭ ئاشلىق ۋە
ئوتۇن ـ ياغاچ، ئوت ـ سامانلارنى ئالۋاڭ ئالدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە خەلقنىڭ ئات ـ ئۇلاقلىرىنى خالىغانچە ھەقسىز
ئىشلەتتى. گومىنداڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارـ
لىرى بۇ ئالۋاڭ ـ سېلىقلارنى يىغىش جەريانىدا،
ئۆزى خالىغانچە كۆپەيتىپ يىغىۋېلىپ، بۇنىڭ بىر قىسمىنى
ئۆز يانچۇقىغا سالاتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇنـ
داق دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر
ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خەلق تۇرمۇشى كۈنسايىن
يامانلاشتى. 1947 ـ يىلدىن باشلاپ جۇڭگو ـ سوۋېت چېگـ
راسىغا يېقىن يايلاقلاردا چارۋا بېقىشنى توسقانلىقى ئۈچۈن،
چارۋىلار كۆپىيەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ
1949 ـ يىلدىكى ئومۇمىي چارۋا سانى، 1942 ـ يىلىغا قاـ
رىغاندا يېرىمى دېگۈدەك كېمىيىپ كەتتى. سېتىلىدىغان
قوي، قوتازلارمۇ 40% پىرسەنت ئەتراپىدا كېمەيدى. ئازادـ
لىق ھارپىسىدا 50% ئائىلىدە باققان چارۋا 20 تۇياققا
يەتمەيدىغان ھالەتكە چۈشتى. 20% ئائىلىنىڭ ئاساسەن
چارۋىسى يوق، دېھقانچىلىقتا بولسا قورال ـ سايمانلار بىلەن
تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن مەھسۇلات

يىلمۇ - يىل كېمىيىپ كېتىپ، كىشىلەر ئاچ - يالىڭاچ قالىدىغان خەتەرلىك ئەھۋال پەيدا بولۇشقا باشلىدى. شۇ ۋەجىدىن بەزى كىشىلەر يۇرتىنى تاشلاپ سەرگەردان بولۇپ، ھەر جايدا تىلەمچىلىك قىلىپ جان باقتى. مەكتەپلەرنى ھەربىي قىسىملار ئىگىلىۋالغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشسىز قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللەر ھەر يەردە يامراپ كېتىپ، بەزى ئائىلىلەر پۈتۈن ئائىلە بويىچە ھېچقانداق داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماي ئۆلۈپ كەتتى. نوپۇس كېمەيدى. بەزى نامرات كىشىلەر ئۆلگەندە، ھەتتا كېپەنلىك ئۈچۈن بىرەر خاممۇ تاپالمايدىغان بولۇپ كەتتى. سودا - سېتىق يولى توسۇلغانلىقتىن، كىشىلەر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋالالمايدىغان ھالەتكە چۈشتى. قىسقىسى تاشقورغان خەلقى بۇ جەرياندا ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. لېكىن بۇ زۇلمەت قاراڭغۇسى تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇ ئىدى. ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئىنقىلابىي، ھەر قەدەمدە غەلىبە قىلىۋاتقان بولۇپ، ئازادلىق تېڭى ئېتىش ئالدىدا تۇراتتى.

مەدەلىخان، رەمانقۇللار رەتلەپ يازغان.



# تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي توغرىسىدا ئەسلىمە

ھاكىم شېرىپ

تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي بولۇپ ئۆتكەنگە 40 يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا كۆپ نەرسىلەر ئۇنتۇلۇپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرىلەرنىڭ يوقلۇقى (بۇ ۋاقىتتىكى قوليازمىلار ۋە خەت - ئالاقىلارنى 1946 - يىل ئالىي قوماندانلىق شتاب ئارخىپ قىلىپ تاشكەنتكە ئېلىپ كەتكەن)، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىنقىلابقا قاتناشقان پېشقەدەملەرنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئۆلۈپ تۈگەپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ ئىنقىلابنىڭ ئەھۋالى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇش ئالدىدا تۇرماقتا. شۇنداق بولغاچقا مەن ئېسىمدە قالغانلىرىغا ۋە باشقا پېشقەدەملەردىن سوراپ تولۇقلىغان خاتىرەمگە ئاساسەن، تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى

1943 - يىلى شېڭ شىسەي كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرىنى قاماققا ئېلىپ، كومپارتىيىگە ۋە

خەلققە قارشى تېرورلۇق ھەرىكەت يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىلغار زاتلىرىنى تۇتقۇن قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق شەرتنامىسىنى بىكار قىلىپ، باستۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. مۇشۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن ئىلغار ئادەملەر ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ قاتاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكەنلەرنىڭ بىرسى ئىسھاقبەگ بولۇپ، ئۇ غۇلجا تەرەپتىن ئاۋۋال قازاقىستانغا، كېيىن قىرغىزىستانغا بارغان. ئۇ قىرغىزىستاندىكى كونا تونۇش ۋە مۇناسىۋەتداشلىرىدىن موللاتوۋ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، تاشقورغان ئەھۋالى ئۈستىدە ھەمسۆھبەتتە بولغان. نەتىجىدە شۇ جايدىكى قىرغىز ئاقساقاللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سوۋېت قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىگە قورال - ياراق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە، بىر قىسىم قىرغىزلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تاشقورغانغا كېلىپ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكى خېلى كۈچلۈك بولغاچقا ئىسھاقبېكنىڭ تەلىپى ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ھەم ئۇنى قوللاپ مەلۇم ساندىكى قورال - ياراقلار بىلەن تەمىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىسھاقبەگ مۇناسىۋەتلىك قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ، قىرغىزىستاننىڭ ئۇچ ئوبلاستى دائىرىسى ئىچىدە (قەشقەر بىلەن چېگرىداش جايدا) قوراللىق ئىككى ئەترەت تەشكىللىگەن. ئۇنىڭ بىرسى جەنۇبىي شىنجاڭدىن قىرغىزىستانغا قېچىپ ئۆتۈپ كەتكەن قىرغىزلار بىلەن شېڭ شىسەي



سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا قىرغىزىستاندىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان سوۋېت گىراژدانلىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى مۇھىم شەخسلەرمۇ بولغان. بۇلار شېڭ شىسەي ۋاقتىدا خوتەن 6 - بېيەنچا دۈيىنىڭ (چېگرا قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ) دادۈيجاڭى بولغان مەۋلانوۋ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دادۈيجاڭى مۇلاي (جۇڭگولۇق)، قاشاڭ قاتارلىق 50 تىن كۆپرەك چوڭ - كىچىك ھەربىي ئەمەلدارلاردىن تەشكىل تاپقان. يەنە بىرسى شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئاق ئورۇسلار بىلەن ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئەترەتكە ئاق ئورۇس پالنوۋ ئەترەت باشلىقى بولغان. بۇ ئىككى قوراللىق ئەترەت ئىسھاقبەگنىڭ پىلانى بويىچە چېگرىغا يېقىن بولغان قەشقەردىن ھەرىكەت باشلىماقچى بولغان. سوۋېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىمۇ بۇ پىلانغا قوشۇلغان. ئۇلارنىڭ تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن ئىسھاقبەگ مەۋلانوۋ ئەترىتى بىلەن ئۇلۇغچاتقا چېگرىداش بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەركەشتام زاستاۋسى (چېگرا ساقلاش پونكىتى) يېنىدىكى تاغ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان. پالنوۋ ئەترىتى تاشقورغان ناھىيىسىگە چېگرىداش بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ توختۇمۇش زاستاۋسى يېنىدىكى ئاق جىلغا دېگەن تاغ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ياتقان. ئۇلار پىلان بويىچە ھەر ئىككى ئەترەتتىن تاشقورغان ۋە قەشقەر تەرەپكە مەخپىي ئادەم كىرگۈزۈپ، ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن مەۋلانوۋ ئەترىتى ئۇلۇغچاتنى، پالنوۋ ئەترىتى تاشقورغاننى ئىشغال قىلماقچى بولغان. مەۋلانوۋ ئەترىتىدىكىلەر ئاساسەن 90% قىرغىزلار بو-

لۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى جۇڭگولۇق، يەنە بىر قىسمى سوۋېتلىكلەر ئىدى. جۇڭگولۇقلار ئىچىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېتتىن قېچىپ كېلىپ جۇڭگو زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە 1943 - يىلى ئىسهاقبەگنىڭ تۇتقانلىرى ئۇلۇغچاتتىن سوۋېتكە قاچقاندا بىللە چىقىپ كەتكەنلەرمۇ بۇ ئەترەتكە قاتناشقان. مانا مۇشۇلار ئىچىدە تاغاي دېگەن بىرسى خائىنلىق قىلىپ، پارتىزانلارغىمۇ ئۇقتۇرماستىن قېچىپ ئۆتۈپ گومىنداڭغا تەسلىم بولغان. ئۇ قېچىش ۋاقتىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئىسهاقبەگ ئەترىتىنى تەربىيىلەۋاتقان كوماندىرنىڭ چوڭ ئارغىماق ئېتىنى مىنىپ، بىر دانە مىلتىق بىلەن ئۆزىنى قوغداپ قېچىپ كەتكەن. ھەمدە ئىسهاقبەگنىڭ قىرغىزىستاندىكى پائالىيىتىنى، يېقىندا تاشقورغان ۋە قەشقەر تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئاشكارىلاپ قويغان. يەنە ئۇ گومىنداڭغا: «ئىسهاقبەك، موللاتوۋ قاتارلىقلار بىز ئۇلۇغچاتقا بارغاندىن كېيىن 35 - تۈەندە تەربىيىلەنگەن كونا ئەسكەرلەرنى يىغىۋالساقلا قەشقەرنى ئېلىشىمىز ھېچگەپ ئەمەس دەيدۇ» دېگەن مەلۇماتنى يەتكۈزگەن. (35 - تۈەن — 1943 - يىلى گومىنداڭ قورالسىزلاندۇرۇپ تارقىتىۋەتكەن، بەزىلىرى قاماققا ئېلىنغان ئىدى) شۇنىڭ بىلەن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە ھەربىي ۋە ساقچىلارنى توپلاش بىلەن بىللە، گۇمانلىق ئادەملەرنى تۇتۇپ قولغا ئالغان. شۇ قاتاردا ئىسهاقبەگكە ئەسكەر بولغان 300 دىن كۆپ ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلىپ، قارا شەھەرگە پالاپ، رىجىم ئاستىدا مەجبۇرى ئەمگەككە سالغان. (بۇلار 1946 - يىلى 11 بىتىم ۋاقتىدا قويۇپ بېرىلگەن) شۇنىڭ بىلەن تا-



غاينىڭ ساتقىنلىقى سەۋەبىدىن ئىسهاقبەكنىڭ ئۇلۇغچاتتا قوزغىماقچى بولغان ھەرىكىتى ۋاقىتلىق توختىغان. 1944 - يىلى غۇلجا ۋە ئىلىقلاردا ئىنقىلاب پارتلىغان بولۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ ئىنقىلابنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن ئىسهاقبەگنىڭ ئىككى ئەترىتىنى قىرغىزىستاندىن قازاقىستانغا يۆتكەپ كېلىپ غۇلجا چېگرىسىدىن كىرگۈزگەن. بۇ ئەترەتلەر ئۆزىگە يەرلىك خەلقلەرنى قوبۇل قىلىش بىلەن كۆپىيىپ، غۇلجا شەھىرىنى ئىشغال قىلغان ھەمدە ھەيرانباغ سوقۇشىدا مۇلۇي قاتارلىق كىشىلەر قۇربان بولغاندىن كېيىن غەلىبە قىلغان.

غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا خەلقى پۈتۈنلەي قوزغىلىپ، مىللىي قوشۇنغا قاتناشقان ۋە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن پارتىزانلار قوشۇنغا ئىسهاقبەك ئەترىتىدىكى كونا كوماندىرلار باشلىق بولۇپ تەربىيىلەنگەن.

مەسىلەن: ئىسهاقبەگ ئەترىتىدىن مەۋلانوپ، توغايبايوپ، موللاسابىروپ، مىڭجىلقايوپلار پولك كوماندىرى بولغان. بۇلاردىن باشقا بىر قانچىسى مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، ئىسكادىرون كوماندىرى، ئىزۋوت كوماندىرى بولغانىنىڭ سىرتىدا، سىياسىي قانۇن خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. بۇلار ئەلى ئەپەندى، كامىل ئەپەندى، زاكىر ئەپەندى، قۇربان ئېلىيوپ قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ ساقچى ئورگانلىرىنى قۇرۇپ چىققان ۋە قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىپ خادىملارنى تەربىيىلىگەن. 1944 - يىلى گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنى بېسىقتۇرۇۋېتىش

ئۇچۇن غۇلجىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئىسھاقبەگ ئەترىتىدىن مەۋلانوپ، توفايىبايوپىلار ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇكاپاتلانغانىدى. بۇ چاغدا ئىسھاقبەگنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتلىرى بىلەن غۇلجىدىكى خىزمەتلىرى قوشۇلۇپ ئالاھىدە مۇكاپاتلىنىش بىلەن بىللە، غۇلجىدىكى ۋاقىتلىق ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان چاغدا ئۇ مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى بولغان. شۇ قاتاردا ئۇنىڭغا «گېنېرال لېيتنانت» دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن.

## تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، جەنۇبىي شىنجاڭدىن باشلىنىدىغان ھەرىكەت شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرىكەت بىر يىل كېچىككەن.

1945 - يىلى 8 - ئايدا غۇلامخان تۆرە پامىردىكى تاجىكىستانغا قاراشلىق تۇرغاپ رايونىغا تەۋە توقتۇمۇش زاستاۋىدىن ئىككى يۈز ئاتلىق ئادەم بىلەن تاشقورغانغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭنىڭ ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق ئەسكىرىي سانىغا ئاساسەن ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ، بۇلۇڭكۆلدىكى پەيچۇسوغا نارتايىپ باشچىلىقىدىكى بىر كىچىك ئەترەتنى ئەۋەتكەن. سۇباشتىكى پەيچۇسوغا ئەبەيدۇللا مەخسۇم باشچىلىقىدىكى بىر كىچىك ئەترەتنى ئەۋەتكەن. تاغارمادىكى ھەربىي پوستا قۇربانبەگ باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك ئەترىتىنى ئەۋەتكەن. غۇلامخان تۆرە ئۆزى ئاساسىي كۈچ بىلەن سوۋېتنىڭ ئاقچىلغا دېگەن يېرىدىن بەرداش داۋان ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتۈپ، تاشقورغان ناھ-



يىسىگە ھۇجۇم قىلغان. بۇ سوقۇش يېرىم كېچىدە باشلىنىپ، بىر نەچچە سائەت داۋام قىلغان. نەتىجىدە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن. ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى خوتۇن، بالىلىرىنى ئېلىپ يەكەن ۋىلايىتى تەۋەسىگە قېچىپ كەتكەن. غۇلامخان تۆرە ئۇلارنى قوغلىمىغان، تاشقورغاننىڭ يۇقىرىسىدا ئافغانىستان، پاكىستان چېگرىسىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تاشقورغاننىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پاكىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن. تاغارمادىكى ھەربىي پوستلار ئۆزلىرى تۇرغان قورغاننى مۇداپىئە قىلىپ سوقۇشۇپ، تاڭ سەھەرگە يېقىن تامنى تېشىپ چىقىپ، ئاتلىرىنى تاشلاپ پىيادە قاچقان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇتۇلغان، بەزىلىرى قېچىپ يول تاپالماي قايتىپ كېلىپ تەسلىم بولغان. بۇلار كېيىن مىللىي ئىنقىلابقا قوشۇلۇپ ئەسكەر بولغان. سۇبېشى، بۇلۇڭكۆلدىكى ئىككى جايدىمۇ گومىنداڭ گازارمىلىرى بولۇپ، بۇلارمۇ ئاتلارنى توقۇپ، ئېھتىيات بىلەن قېچىشقا راسلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن سوقۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپلا يېڭىسارغا تىكىۋەتكەن. تاشقورغاندىكى بىرىنچى قېتىملىق سوقۇشۇش ئەھۋالى يۇقىرىقىدەك بولغان. شۇ ۋاقىتتا غۇلامخان تۆرە تاشقورغاندىن ئىبارەت بەش - ئالتە مىڭ نوپۇسى بار كىچىككىنە تارقاق ناھىيىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئەتراپقا ئاتلىق ئادەم ئەۋەتىپ، خەلقلەرنى يىغقان ۋە ئۇلارغا يىغىن ئېچىپ، نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇ خەلقلەرگە ئۆزىنىڭ غۇلجىدىكى ئېلىخان تۆرىنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ھەمدە ئىسلام ئاچىدىغانلىقىنى، «ئازاد شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى»نى قۇرىدىغانلىقىنى؛ بۇ جۇمھۇرى-

يەتنىڭ يولى ياكى ئاساسىي قانۇنى — قۇرئان بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان، شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مال دۇنياسى ۋە ئىسسىق جېنىنى ئىسلام ئۈچۈن پىدا قىلىش تەشۋىق قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا تاشقورغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللىگەن. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت باشلىقى ۋالىي دەپ ئاتالغان. چۈنكى ۋالىي دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى، 1933 - يىلدىن 1937 - يىلغىچىلىك قەشقەردە ناھىيە باشلىقىنى ۋالىي دەپ ئاتىغانىدى. 1933 - يىلى خوتەنلىك ئەمىر پادىشاھلارمۇ، قەشقەردە ھەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى قۇرغان ساۋۇت داموللامۇ ئوخشاشلا ناھىيە باشلىقىنى ۋالى دەپ ئاتىغان.

تاشقورغان ناھىيىنىڭ ۋالىيسى — كارۋانشانىڭ ئىنىسى (تاجىك) ئاقيولبەگ، مۇئاۋىن ۋالىيسى (قىرغىز) غوجام كەلدى، كاتىب (تاجىك) ھەمشىددىن، مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى (تاجىك) گۈلجانبەگ، مۇئاۋىنى (قىرغىز) ئىمىنبەگ، ساقچى ئىدارىسى باشلىقى (قىرغىز) تاھىربەگ، مۇئاۋىن (تاجىك) ئېلىپشا بولغان. بۇنىڭدىن باشقا ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ ئاپپاراتلىرى تۇرغۇزۇلۇپ، باشلىقلىرى تاجىك، قىرغىزلاردىن بولغان. يەنە تاشقورغان چېگرا ساقلاش ھەربىي ئەترىتى تەشكىل قىلىنىپ، «تاشقورغان گارنىزونى» دەپ ئاتالغان. باشلىقى شىرىنبەگ بولغان. يەنە ناھىيىلىك مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتىدىن ئىبارەت بىر سىياسىي قانۇن تەشكىلاتى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئەسلىدىكى قانۇن - تۈزۈم، باج قاتارلىق تۈزۈملەرنى بىكار قىلىپ، قۇرئانغا ئاساسەن ئۆشرە - زاكات ئېلىشنى بەلگىلىگەن.

غۇلامخان تۆرە بارلىق پارتىزانلارنى يىغىپ، تەرتىپكە



سالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەربىي ياردەمچىسى ئەبەيدۇللا مەخسۇم (مىرزا ياروۋ ئەبەيدۇللا) باشچىلىقىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشكە ماڭدۇرغان. شۇ ۋاقىتتا تاشقورغان ناھىيىسىگە قاراشلىق تويلو بۇلۇڭ دېگەن جايدا (ھازىرقى ئاقسۇ ناھىيىسىگە قارايدۇ) گومىنداڭنىڭ بىر لىيەن ئەسكىرى كۈچى بولۇپ، تاشتۆمۈربەگ باشچىلىقىدىكى بىر يېڭىدىن قوراللانغان ئەترەت ئۇلارنى قوغلاپ سوقۇشقان بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتكەن. كېيىن ئەبەيدۇللا مەخسۇم ئۆزى مەسئۇل بولۇپ قوشۇنلارنى باشلاپ تويلوبۇلۇڭدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغان. نەتىجىدە گومىنداڭنىڭ بىر نەپەر ئەسكىرى ئۆلگەن. قالغانلىرى قېچىپ كەتكەن. ئارقىدىن ئەبەيدۇللا مەخسۇم تاشقورغانغا قاراشلىق چىلگۈمبەز دېگەن جايغا (ھازىر ئاقتۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق) ئورۇنلاشقان. شۇنىڭ بىلەن تاشقورغاندىن ۋە تويلو بۇلۇڭدىن قاچقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ ئىلگىرى - ئاخىر يېڭىسارغا ئۆتۈپ كەتكەن. تاغدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قالمىغان. سەرىقول، قىزىلتاغ قاتارلىق بارلىق يېزا - كەنتلەر مىللىي ئىنقىلابچىلارغا قالغان. ئەبەيدۇللا مەخسۇم چىلگۈمبەزگە كەلگەندىن كېيىن، شۇ يەردە غۇلامخان تۆرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ توختىغان. شۇ جەرياندا ئۇ ئەترەتتىكى پۇقرالارنى يىغىپ ئۆزىگە جەلپ قىلغان ھەمدە تەشۋىقى - تەربىيە ئېلىپ بارغان. بۇ ۋاقىت 1945 - يىلى 8 - ئايلار ئىدى. قەشقەر ۋە يېڭىسارغا قېچىپ كەلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىر جايغا توپلاشقاندىن كېيىن، «ئۇنداق سوقۇش بولدى، مۇنداق سوقۇش بولدى، تاغ ئوغرىلىرى ناھايىتى كۆپ،

قوراللىرى خىل. بىز ئۇلار بىلەن كۈن - تۈن سوقۇشتۇق. تاغ ئوغرىلىرىنىڭ مۇنچە ئادىمىنى يوقاتتۇق» دەپ يالغان دوكلات قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆلگەن، يارىدار بولغان پارتىزانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. كېيىن بۇ دوكلاتنىڭ يالغان ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى قېچىپ كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تىللاپ، ئارقىسىغا قايتۇرۇپ، تاغقا بېرىپ سوقۇشۇشقا بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يېڭىساردىن تاشقورغانغا بارىدىغان چوڭ يولنى بويلاپ تاغ ئېغىزىدىكى ئېگىز يار دېگەن كەنتكە ئالدىنقى سەپ فرونتىنى قۇرغان، ئالدىنقى سەپ فرونتى ئېگىز ياردىن بىر كۈنلۈك يىراق كېلىدىغان ئاقتالا دېگەن ئىككى جىلغىنىڭ ئارىسىغا قۇرغان. بۇ جاينىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغلار بۇلۇتلاردىن ئېشىپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغلار بولۇپ، بۇ جايدىكى چىغىر يول بەكمۇ تار بولغانلىقتىن بىر ئاتلىق ئادەم ئارانلا ماڭالايتتى.

مانا مۇشۇ ۋاقىتتا يۇرتىمىز قىزىلتاغ سوقۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپ قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى. بۇ ئىككى قوشۇننىڭ ئارىلىقى ئاتلىق ئىككى كۈنلۈك يول ئىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ تەرەپتىن كىگىز، قوي، قوتاز ۋە ئوتۇن توشۇش ئۈچۈن تۆكە دەپ ئالۋاڭ كەلدى. شۇ قاتاردا يۇرت ئاقساقاللىرى، مەھەللە ئاقساقاللىرى ۋە بوجاڭ، جەجاڭلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋېلىپ، خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - ياساقلارنى يىغىۋېلىشقا مەجبۇرلىدى. ئەسكەر چىقىرىپ خەلقلەرنى ئۇرۇپ - تىللاپ خارلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مىللىي ئىنقىلابچىلار تەرىپىدىن بىز ئىسلام ئاچىمىز، خەلقنى



ئازاد قىلىمىز، ئۇرۇپ - تىللىمايمىز، مۇسۇلمانلار بىزگە كېلىپ قوشۇلۇڭلار، دەپ تەشۋىق قىلدى ۋە خۇپىيانە ئادەم ئەۋەتىپ بىزنى چاقىرتتى. شۇڭا مەن (ھاكىم شېرىپ) ئۇسمان قىرباش دېگەن تۇغقىنىم بىلەن بىللە مىللىي ئىنقىلابچىلار تۇرغان چىلگۇمبەزگە بېرىپ، ئەبەيدۇللا مەخسۇم بىلەن كۆرۈشتۇم. بۇ ۋاقىتتا تېخى يەرلىك خەلقلەر مىللىي ئىنقىلابچىلارنى ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ جايغا كېلەلمىگەنىدى. كېيىن شۇ يەرگە كېلىپ توپلانغان بىر قانچە ئادەمنى جەم قىلىپ، بىزگە تەشۋىق قىلدى ھەمدە قۇرئان بىلەن قەسەم قىلدى. ئۇ يەردە بار ئادەملەر ۋە مىللىي ئىنقىلابچىلارغا ئەسكەر بولۇپ قورال تۇتقانلار مېنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ماڭا ئىشىنىپ خىزمەتكە قويدى. مەن يىراق - يېقىندىكى يۇرت ئاقساقاللىرىغا بۇ جايدىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ چاقىرتتىم. شۇنىڭ بىلەن ھەر جايلاردىن ئادەم كېلىپ مىللىي ئىنقىلابچىلار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە مىللىي ئىنقىلابچىلارنى كىگىز ئۆي، قوي، سۈت قېتىقلار بىلەن تەمىنلىدى. مەن ئەبەيدۇللا مەخسۇمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئەسكەر يىغدىم. شۇ ۋاقىتتا غۇلامخان تۆرە ئالدىراشلىق بىلەن تاشقورغاندىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، چىگرادىن ئۆتكىنىگە 15 كۈن بولغاندا، بىز تۇرغان جاي چىلگۇمبەزگە يېتىپ كەلدى. 1945 - يىلى چىلگۇمبەز تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ قوماندانلىق شتاب مەركىزى بولۇپ قالدى. ئادەملەر كۆپىيىپ، كۆپلىگەن كىگىز ئۆيلەر تىكىلدى. غۇلامخان تۆرە باشچىلىقىدىكى مىللىي ئىنقىلابچىلار قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق شتابىدىكى ئاساسلىق ئادەملەر-

نىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق ئىدى؛ ئومۇمىي ئىشلارنى غۇلامخان تۆرە مەسئۇل بولۇپ، ھەربىي ئىشلار بويىچە ياردەمچىسى ئەبەيدۇللا مەخسۇم. بۇنىڭ ياردەمچىسى نىكولاي ۋىلازىنوف. مالىيە ئىشلار ياردەمچىسى ۋە باش مەسلىھەتچىسى قاراخوجايوف، پەيزۇللاخان. ئاچالنىڭ شتاپ ئىسرائىلىيوف. رازۋېتكا ياردەمچىسى سالىموف تاشاخۇن، مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئابدۇل مىجىت. تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى تۇرغانوۋ مۇپتىئاخۇن ئىدى. بۇلارنىڭ قول ئاستىدا كاتىب ۋە باشقا خادىملار بولۇپ، تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىنى يۇقىرىقىلار باشقۇرغانىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە سىياسىي قانۇن، مەدەنىي مائارىپ، مالىيە، سودا قاتارلىق ساھەلەردە ئىشلەيدىغان ئادەملەرمۇ بولۇپ، ئۇلار قەشقەر ئىشغال قىلىنسا ھۆكۈمەت تەشكىللەيدىغانلار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا غۇلامخان تۆرە كارۋانشاھنى بىزلەرگە تونۇشتۇرۇپ: « بۇ ئادەم تاجىكلار ئىچىدە ئابرويلۇق. شىڭ شىسەي ۋاقتىدا تاشقورغانغا مۇئاۋىن ھاكىم بولغان. ئۇ غۇلجىدىكى ئەلىخان تۆرە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت رىياسەتى ئەزاسى ھەم جەنۇبتىكى ۋەكىلى » دەپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ يۇقىرى مەمۇرىي رەھبەرلىكى بارلىققا كەلدى. ئەمەلىيەتتە بارلىق خىزمەتلەرنى غۇلامخان تۆرە ئۆزى ئىشلىدى.

شۇ ۋاقىتتا مەن توپلىغان 50 نەپەر ئەسكەرگە قورال-ياراق بەرمەي، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى باشقا ئەترەتلەرگە تارقىتىۋەتتى. قالغانلارنى بىر ئەترەت قىلىپ تەشكىللەپ ئۇلارغا ئالتە نەپەر ئۆزبەكلەرنى قوشۇپ، بۇنىڭغا ئەرگەشخوجايوپ دېگەن ئۆزبەكنى باشلىق قىلدى. مەن



سىرىققولدىن كەلگەن قىرغىزلار ئەترىتىگە باشلىق بولدۇم. بىز ئۇرۇش تەييارلىقىمىزنى پۈتتۈرۈپ، سوقۇشماقچى بولدۇق. شۇ ۋاقىتتا غۇلامخان تۆرە گومىنداڭلارغا قارىتا بىر پارچە خەت يازدى. ھازىر ئېسىمدە قېلىشىچە بۇ خەتتە: «قەشقەردىكى گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرىيلىرىگە: بىز سىلەرگە قارشى ئىنقىلاب قوزغىدۇق. سىلەر قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولساڭلار ئامان قالىسىلەر. تەسلىم بولمىساڭلار ھەممىڭلارنى يوقىتىمىز» دېيىلگەن. بۇ خەتنىڭ ئاخىرىدا يەنە، ئۇلتۇماتۇم تاپشۇرغان تەرەپ تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ئازاد شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبتا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئەسكەر قوماندانى گېنېرال، مايور غۇلامخان تۆرە؛ ئازاد شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت رەئىسى ئەلىخان تۆرەنىڭ ۋەكىلى كارۋانشاھبەگ .....» دېگەن ئىسىملارمۇ يېزىلغان. خەتنىڭ ئاخىرىغا قوماندانلىق شتابىنىڭ ئاي، يۇلتۇز بەلگىلىك تامغىسى بېسىلغان. بەزىلەر مۆھۈر باسقان، بەزىلەر قول قويغان. بۇ خەتنى گومىنداڭغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ماڭا تاپشۇرغانىدى. مەن بۇنى بىر ئادەم ئارقىلىق گومىنداڭغا يەتكۈزۈپ بەردىم. (بۇ خەتنىڭ تولۇق مەزمۇنى ھازىر ئېسىمدە يوق. بۇ خەت قەشقەر ھەربىي رايونىنىڭ گومىنداڭدىن تاپشۇرۇپ ئالغان تارىخىي ھۆججەتلەرنى ساقلاش ئارخىپىدا ھازىرمۇ بولۇشى مۇمكىن).

شۇ ۋاقىتتا ئەبەيدۇللا مەخسۇم باشچىلىقىدا ئىككى ئىسكادرون ئەسكەر سوقۇشقا ماڭدۇق. يەنە شتاب خىزمەتچىلىرى، تەشۋىقاتچىلار، مالىيە، ترانسپورت، رازۋېتچىكلار،

مەسلىھەتچى، يەرلىك ئاقساقاللار بولۇپ، ئۇلارمۇ بىز بى-
لەن بىللە بولدى. بىز يولغا چىقىش ئالدىدا غۇلامخان
تۆرە نۇتۇق سۆزلەپ: «ئىسلام ئەسكەرلىرى شۇقۇشتا ھەر-
گىز ئارقاڭلارغا قاچماڭلار، خۇدا يولىدا غازات قىلىڭلار.
ئوق ئالدىڭلاردىن تەگسۇن، ئارقاڭلاردىن تەگمىسۇن، قېچىپ
ئارقىسىدىن ئوق تېگىپ ئۆلگەننى قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر
شاپائەت قىلمايدۇ. دەۋزەققا كىرىدىلەر. ھەرگىز قاچماڭلار.
مۇسۇلمان ئادەمدىن ئۈچۈن غازات قىلغاندا ئۆلۈمدىن
قورقمايدۇ. شېھىت بولساڭلار ئۇ دۇنيادا بېھىشتتە
بولىسىلەر. ئۆلمەي قالغانلار غازى بولىسىلەر......» دېدى.
ئارقىدىنلا بىزنى يېڭىسارنى ئىشغال قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپ
ماڭغۇزدى. ئۆزى مېنى يېڭىساردا قارشى ئېلىڭلار دېدى.
بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھازىرقى ئاقتۇ نا-
ھىيە قىزىلتاغ رايونىنىڭ ئاقتالا دېگەن جايىدا ئالدىنقى
ئىستىھكامنى قۇرۇپ، كەڭغول، چۇمبۇس ئىچىدىكى ئىككى تار
جايغا ئاكوپ قېزىپ، تاشلارنى تىزىپ مۇداپىئەلەنگەنىدى.
ئاقتالادىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۈچ ئورۇندا بو-
لۇپ، گومىنداڭ تۆۋەنجاڭى ئالدىنقى سەپتىن ئىككى كىلو-
مېتىر كېيىنرەك ئىدى. بۇ جاي مېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن
يۇرتۇم بولغاچقا، يەر شارائىتى ماڭا بەش قولدەك تونۇش
ئىدى. شۇڭا مەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇرۇۋاتقان جايغا
مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقىلاشتىم ھەمدە ئۇلارنىڭ ئادەم
سانى، قورال - ياراق تۈرلىرى، ئورۇنلىشىش جەھەتتىن
ئەھۋال ئىگىلەپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن
بىز چىلگۇمبەزدىن بىر سوتكا مېڭىپ يېرىم كېچىدە
ئاقتالاغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ چاغدا ئەبەيدۇللا مەخسۇم بار-



لىق كوماندىرلارنى يىغىپ، ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنى
ئۆگىتۇردى. مېنىڭ ۋەزىپەم بىر ئىنژۋوتنى باشلاپ
مېڭىپ دۈشمەن ئىستىھكامىغا تۇيدۇرماستىن ئۇلارنىڭ ئارقى-
سىغا ئۆتۈپ، ئۈچ بۆلەك دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلۇ-
شۇپ، ئۈچ تەرەپنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈش ئىدى. مېنىڭ ۋە-
زىپەم ئېغىر بولغاچقا، ئەبەيدۇللا مەخسۇمغا ھېچقايسىمىز-
نىڭ سوقۇش كۆرمىگەنلىكىنى، تەجرىبىمىزنىڭ كەملىكىنى،
شۇڭا بىرەر ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئادەم قوشۇپ بېرىشىنى
ئىلتىماس قىلدىم. ئەبەيدۇللا مەخسۇم بىزگە ساپا يوف دې-
گەن بىر كىشىنى باشلىق قىلىپ بەردى. شۇ ۋاقىتتا مەن
ئۇ ئادەم بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشكەن بولساممۇ ئەمما
قاراڭغۇ تۈن كېچە بولغاچقا ئۇنىڭ رەڭگى - روھى، تەقى
تۇرقىنى كۆرەلمىدىم. شۇنداق قىلىپ بىز يىگىرمە نەچچە
ئادەم كېچىدە يولغا چىقتۇق. باشقىلار بۇ يەرلىك
بولمىغاچقا يەر شارائىتىنى بىلمەيتتى. شۇڭا مەن يول باش-
لاپ ماڭدىم. مېڭىش ئۇسۇلىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ
ئارقىسىدىن يېقىن مېڭىش، ئالدىدىكى ئادەم ماڭسا ھەم-
مىسى مېڭىش، توختىغاندا ھەممىسى توختاش. ياتسا ھەممى-
سى يېتىش، گەپ - سۆز بولسا ئالدىن ئاخىرغىچە قۇلاققا
پىچىرلاش بولدى. جىلغا ئىچىدە مېڭىشقا بولمىغاچقا، ئېقىن
سۇنى بويلاپ، قورام تاشلار ئارىسىدا ماڭدۇق. شۇ كۈنى
كېچە بەكمۇ قاراڭغۇ بولغاچقا ئاسماندىكى ئاي ۋە يۇلتۇزلار-
نى كۆرگىلى بولمايتتى. مەن يول باشلاپ كېتىپ بېرىپ
تۇيۇقسىزلا ياردىن چۈشۈپ كەتتىم. تاشلاردىن شاراقلاپ
ئاۋاز چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دۈشمەنلەر بۇ جايغا بىر
پاي ئوق ئاتتى. بىز مىدىرلىماي جىم يېتىۋالدۇق. دۈشمەن-

لەر بۇ جايغا تەكشۈرۈپ كەلمىگەندىن كېيىن، بىز يەنە ئالغا
ئىلگىرىلەپ، دۈشمەن پوست تۇرغان ئاكوپ بار جايغا كەلـ
دۇق. ئەمدى ئالدىغا مېڭىش ناھايىتى خەتەرلىك ھەم جىدـ
دىي پەيت بولۇپ، سەل - پەل شەپە ئاڭلىنىپ قالسىلا
دۈشمەن سېزىپ قالاتتى. ئاخىرى سۇنىڭ ئېقىنى بىلەن
يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ، سۇ كېچىپ مېڭىشتىن باشقا
ئامال قالمىدى. شۇڭا بىزمۇ كىيىم - كېچەكلىرىمىز بىلەن
سۇغا كىرىپ ئېقىن بىلەن ماڭدۇق. ئېقىن ئىچى قورام
تاشلىق، ئېگىز - پەس بولغاچقا قاراڭغۇدا پات - پاتلا
يىقىلىپمۇ تۇردۇق. تاغ سۈيى تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ،
شارقىراپ شاۋقۇنلۇق ئاققانلىقى ئۈچۈن ئادەم ماڭغاننىڭ
ۋە يىقىلغاننىڭ شەپىسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا
دۈشمەنمۇ بىزنىڭ ماڭغانلىقىمىزنى پەرق ئېتەلمىدى. ئېقىـ
ۋاتقان سۇنىڭ چوڭقۇر جايلىرى بېلىمىزگىچە چىقاتتى. شۇنـ
داق قىلىپ ئاخىرى دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتۇق.
دۈشمەن شتابىغا كىرىپ تۇەنجاڭنى بوغۇزلىماقچى بولغان
بەش نەپەر ئۆزبەكنى باشلاپ دۈشمەن قورغانىغا يېقىن
بارساق تاڭ يورۇپ قېلىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا مۇمكىن
بولماي قالدى. مۇھىمى ئۈچ تەرەپتىكى دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىـ
سىغا كىرەلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جايدا يىقىلغان تاغنىڭ
قورام تاشلىرى ئارىسىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇپ، دۈشمەننىڭ ھەرىـ
كىتىنى كۆزەتتۇق. لېكىن دۈشمەن بىزنى سېزىپ قېلىپ،
ھەر تەرەپتىن ئوق چىقاردى. دەل شۇ ۋاقىتتا بىز تەرەپـ
تىن كېلىدىغان ئىككى، ئۈچ بۆلەك قوشۇنلىرىمىزنىڭ ۋە
بىزنىڭ ھۇجۇم باشلايدىغان ۋاقتىمىزمۇ توشقانلىقى ئۈچۈن
بىزمۇ ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئوـ



مۇمىي ھۇجۇم رەسمىي باشلاندى. دۈشمەننىڭ ئارقا سەپ
قىسىملىرى ئاقتالا ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن
جىددىي ھەرىكەت قىلدى. لېكىن بىز يول بەرمىدۇق. قايـ
تا - قايتا ھەرىكەت قىلىپمۇ ئۆتەلمىدى. بۇ ۋاقىتتا ئاقـ
تالادىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ قورشاۋغا چۈشـ
ۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئاخىرى جان تالىشىش
ۋاقتىدا ئاتلىق قېچىپ ئۆتمەكچى بولدى.
ئالدىدا قاچقان بىر قىسىملىرى ئۆتتۇيمۇ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا
ئوق تېگىپ ئۆلگەن ئادەم ۋە ئاتلار، بولۇپمۇ ئوق ئازابىغا
چىدىماي سەكرىشىپ، كىشنىشىۋاتقان ئاتلارنى كۆرگەندىن
كېيىن، ئارقىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئاتلىرى ئۈركۈپ زادىلا
ئۆتەلمەي توختاپ قالدى. بىز بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
ئاتلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدۇق. سوقۇش قىسقا
ۋاقىت ئىچىدە تاماملاندى. ئەڭ ئالدىنقى ئىستېھكامنى
بىز رەسمىي ئىگىلىدۇق. ئارقىدىنلا دۈشمەننىڭ تۇەنجاڭى
ئورۇنلاشقان ئاقتېرەك كەنتىگە بىزمۇ دەرھاللا ھۇجۇم باشـ
لىدۇق. سوقۇش ناھايىتى جىددىي، كەسكىن ۋە شىددەتلىك
بولدى. چۈشتىن كېيىنرەك دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى بارغانـ
چە كۈچىيىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا دۈشمەننىڭ ئىككىنچى سەپـ
تىكى كۈچلىرىمۇ ياردەمگە كەلگەن ئىكەن. بۇنداق شارائىتـ
تا بىز بىر قەدەم ئىلگىرىلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتاكى
ياتقان جايىمىزدىن بېشىمىزنى كۆتۈرەلمىدۇق. بىز تەرەپتىن
120 مىللىمېترلىق مىناميوت بىلەن دۈشمەننى ئوققا تۇتتى.
ناماز شامدىن كېيىن دۈشمەنلەر قېچىپ كەتتى. شۇ كېچىسى
ھەممىمىز ئاكوپتا ياتقان جايىمىزدا ئۇخلاپ، تاڭ ئاتقاندا
جەم بولدۇق. ئۆلگەن دۈشمەندىن يىغىۋېلىنغان مىلتىق

يۈز ئالدىن ئارتۇق بولۇپ، يەنە ئىككى پىلىموت. بىر نەچچە ئاپاپچا ۋە باشقا نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. ئاپاپچا تۇتقان دۈشمەنلەرنى بىز باشلىقكەن دەپ ھېسابلىدۇق. بىز تەرەپتىن ئون ئالتە ئادەم ئۆلدى. يىگىرمىدەك ئادەم يارىدار بولدى. شۇ كۈنى كەچتە ئەبەيدۇللا مەخسۇم گومىنداڭنىڭ تۈەنجاڭى ياتقان ئۆيگە بىزنى يىغىپ يىغىن ئاچتى ھەم ئاقتالا سوقۇشى ئەھۋالىدىن خۇلاسە چىقاردى. مېنىڭ ئىزۋۇتوم بىرىنچى بولۇپ تەقدىرلەندى. كوماندىر ساپايوۋ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن مەن ئىزۋوت كوماندىرى بولدۇم. سولتانبەك مۇئاۋىن كوماندىر بولدى. مېنى بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ماختاشتى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن بىز يېڭىسارغا قاراپ ماڭدۇق. تاڭ ئاتقاندا ئېگىز يار كەنتىنىڭ بېشىدىكى كەڭ سايلىققا كەلگىنىمىزدە، بىزگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان دۈشمەن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. شۇ كۈنى قەشقەر سىلىڭبۇسى بارلىق كۈچى بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلدى. كەچكىچە سوقۇشتۇق. نامازشامدىن كېيىن بىز ئېگىز يار كەنتىگە بېسىپ كىردۇق. دۈشمەن قوشۇنلىرى يېڭىسارغا قېچىپ كەتتى. بىز ئەتىسى بىر كۈن ئېگىز ياردا تۇردۇق. گومىنداڭ قوماندانلىق شتابى قىلغان شاكۇچوگنىڭ ھويلىسىدا ئەبەيدۇللا مەخسۇم خەلققە يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئاۋۋال ئەبەيدۇللا مەخسۇم، ئاندىن ئىسكادىرون كوماندىرى قۇربانبەك سۆزلىدى. يەرلىكتىن مەن سۆزلىدىم. ھەممىمىزنىڭ سۆزى ئاساسەن بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى خەلققە چۈشەندۈرۈش ۋە بارلىق ئەركىشلەر ئەسكەرلىككە قوشۇلۇشنى چاقىرىق قىلىش مەزمۇنىدا بولدى. شۇ يىغىندىلا بىر نەچچە ياشلار پىدائىي بولۇپ بىزگە قوشۇل-



دى. يۇرت كاتتىلىرىدىن شائىرچوك پىدائىي بولۇپ قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن، يارىدار بولغانلارنىڭ سانى تولۇقلىنىپ، يەنىلا ئىككى ئىسكادىرون بولۇپ تەشكىللەندۇق. بىرىنچى ئىسكادىرون ئاساسەن ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن كەلگەنلەر ئىدى. يەنە بىر قىسمى تاشقورغاندىكى يەرلىك ئاھالە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تىجارەتچىلەر - ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا تەبىقىدىكىلەرمۇ بولغان. بۇ ئىسكادىروننىڭ باشلىقى تاشكەنتلىك ئىبراھىموۋ ئاتاخان، مۇئاۋىنى ئالمۇتالىق ئارزىيوۋ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كوماندىر ئىزۋوتلىرى سوۋېتلىك ئۇيغۇرلار ئىدى. ئىككىنچى ئىسكادىرون ئاساسەن سوۋېت ئۆزبېكلىرى بولۇپ، ئىسكادىرون كوماندىرى كەلپىبايوۋ قۇربانبەك، مۇئاۋىنى تاشقورغانلىق قىرغىز ئوبولقاسىمبەك، ئىزۋوت كوماندىرى سىراژ قادابايىي، ھاكىمبەك ۋە سۇلتانبەكلەر ئىدى. بۇلاردىن باشقا شتابىنىڭ قارمىقىدا ھەركەتچىكە مەسئۇل خادىملارمۇ بار ئىدى. بىز قوشۇنلارنى رەتكە سالغاندىن كېيىن يېڭىسارغا قاراپ يولغا چىقماقچى بولدۇق، يېڭىسارغا مېڭىشتا ئالدى بىلەن جازالانغان ئابدىيەلىك ① ئەترىتى يولغا چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەن (ھاكىم شېرىپ) يولغا چىقماقچى بولدۇم. ئابدىيەلىك يولغا چىقىش ئالدىدا مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «مەن بۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئۇقمايمەن.

① ئېگىز يار سوقۇشىدا ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان ھەم بىر سوتكا كېچىكىپ كەلگەن ئىزۋوت كوماندىرى ئابدىيەلىك ئوسمانوۋ، ئەبەيدۇللا مەخسۇم تەرىپىدىن جازالانغان ئىدى. بۇ جازا يېڭىسار ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تۈگەيدىغان بولغان - تەھرىردىن

ئارقامدىنلا سىز ماڭا يېتىشىپ بېرىڭ بىللە ماڭايلى، مەن ئاستاراق مېڭىپ تۇراي...» دەپ، يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغ ئەل ياتقۇدىن ئاشقان ۋاقىت بولۇپ، ھاۋا تۇتۇق ھەم قاراڭغۇ ئىدى. لېكىن مەن ئېنتىزام بويىچە ئەسكەرلىرىم بىلەن تەييارلىنىپ، يېڭىسارغا ماڭىدىغان يولدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردۇم. تۈن تەڭ بولغىچە يولغا چىقىشقا بۇيرۇق كەلمىدى. تاڭ سەھەرگە يېقىن ئابدىمەلىك كەتكەن تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوق ئاۋازى بارغانچە يېقىنلىشىپ، ئاستا - ئاستا تاڭ يورىدى. بۇ ۋاقىتتا ئابدىمەلىك ئەسكەرلىرى بىر - بىرلەپ قېچىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلاردىن 11 نەپەر ئادەم بىز تۇرىۋاتقان جايغا كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا بىرسىنىڭ ئېتى ھېرىپ قېلىپ بۇلارغا يېتىشەلمەپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىلىچ كۆتۈرۈۋالغان ئۈچ، تۆت ئاتلىق ئادەم قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ. بىز ئۇلارنى دەرھال تونۇيالىدۇق. ئۇلار ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى. قارىساق ئالدىدىكى ئېتى ھېرىپ قالغان بىر نەپەر ئەسكەر بىزنىڭ ئادىمىمىز ئىكەن. قىلىچ كۆتۈرۈۋېلىپ ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىكەن. بۇلار قاچقان ئەسكىرىمىزنى مىلتىق بىلەن ئاتماستىن قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قوغلاپ ماڭغانىكەن. بۇلارغا بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ئوق ئېتىۋىدى ئىككىسى يېقىلدى. قايتىپ كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ مەلۇماتىچە، ئابدىمەلىك ئىزۋوتىنىڭ مەغلۇب بولۇش ئەھۋالى مۇنداق بولغانىكەن. ئابدىمەلىك ئىزۋوتى ئېگىز ياردىن مېڭىپ، سۆگەت كەنتىگە بېرىپ مېنىڭ (ھاكىم شېرىپنىڭ) يېتىپ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مەن بارمىغاچقا كېچىدە ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن بە-



زى ئۆيلەرگە كىرىپ سۆھبەتلىشىپتۇ. ھەم ئۇلارغا ئات بوغۇزى ئۈچۈن بىدە تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر نەپەر مۇئەللىم بولۇپ، ئۇ ئەسلى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونى ئىكەن. ئۇ «مەن سىلەرگە بىدە ئەكىلىپ بېرەي» دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ مېڭىپ، ھازىرقى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ خانكۆۋرۈك دېگەن جايىدىكى گومىنداڭ ئىستىھكامىغا خەۋەر قىلىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ جايىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ بىز بىلەن سوقۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن. ئۇلار بۇ ئىشپىيوننىڭ ياردىمى بىلەن تۇيدۇرماستىن ئابدىمەلىك ئىزۋوتىنى قورشىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىپتۇ. ئاتلىرىنى باغلاپ قويۇپ ئۇخلاپ ياتقان ئابدىمەلىك ئويغىنىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ بىر قانچە مىڭ كىشىلىك ئەسكەرگە تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن بولماپتۇ. ئاخىرىدا ئابدىمەلىك ۋە يىگىرمە نەچچە نەپەر ئەسكەرلەرمۇ ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا بىز تۇرغان جايغا يېتىپ كەلگەن ئون بىر نەپەر ئادەملا ئۆز ھاياتىنى قوغداپ قاپتۇ.

شۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىشىمىزچە، قەشقەر سىلىڭبۇسى ياڭزىخۇيىنى ئالدىنقى سەپ سوقۇش قوماندانى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىكەن. ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن قەشقەردىكى ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا بېرىلگەن زىياپەتتە سۆزگە چىقىپ: «مەن تاغدىكى باسمىچىلارنى يوقىتىپ، تاشقورغاننى ئىگىلەيمەن. باسمىچىلارنى، چوقۇم پۈتۈنلەي يوقىتىمەن!» دەپ قەسەم ئىچىپ يولغا چىققان ئىكەن. ئۇ يېڭىسارغا يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ سوقۇشقا چىققان. شۇ كۈندىكى سوقۇش تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي باشلانغاندىن تارتىپ بولۇنۇپ كېلىۋاتقان بار-

لىق سوققۇشتىن ئېغىر بولۇپ ئۆتتى. چۈنكى مىللىي ئىنقىلابچىلار قەشقەردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاساسلىق كۈچى بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشتى. سوقۇش باشلىنىپ بىر - ئىككى سائەت قالمايلا ئۇلار بىزنىڭ سوققۇشۇۋاتقان ئىككى ئىسكادرونىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىپ، ئالاقىمىزنى ئۈزۈۋەتتى. شۇ كۈنى مەن ئېگىز يار كەنتىنىڭ ئايىغىدىكى ژۇروكباشمازار تېغىدا ئىدىم. بىز شۇ تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، يېگىسار تەرەپتىن چىققان دۈشمەننى پەقەتلا ئالدىغا ماڭغۇزمىدۇق. دۈشمەنلەر بۇ ئىستراتېگىيىسى مۇھىم بولغان تاغنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمنى چېكىندۈردۇق. ئوقلىرىمىز ئازلا قالدى. شۇڭا مەن ئىزۋوتتۇمدىكى ئالتە نەپەر مەرگەندىن باشقىلارغا ئوق ئاتقۇزمىدىم. بۇلار داڭلىق مەرگەنلەردىن بولۇپ، ئاتقان ئوقلىرى پەقەتلا زايا كەتمەيتتى. كۈن پېشىن ۋاقتى بولغاندا دۈشمەنلەر بىزدىن تاغنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن جىددىي ھەرىكەت قىلىپ، شىددەتلىك جەڭ باشلىدى ۋە بىزنى يېرىم قورشاۋغا ئېلىۋالدى. شتاب بىزنىڭ ئىزۋوتنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تاغنى تاشلاپ بېرىپ، چېكىنىشىمىزگە بۇيرۇق بەردى. بىز چېكىنىپ بولماي تۇرۇپلا دۈشمەنلەر تاغ ئۈستىگە بايرىقىنى قاداپ بولدى. بىز شتابقا كەلسەك ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوڭ تەرىپىمىزدە سوققۇشۇۋاتقان بىرىنچى ئىسكادرونىمىز بىلەن ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. قارىساق بىرىنچى ئىسكادرونىمىز تۇرغان تەرەپتە گومىنداڭنىڭ قىزىل بايرىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىككىن-



چى ئىسكادروننىڭ بىرىنچى ئىزۋوتىنى تاغ تەرەپتىن ئايلاقە يولنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىكەن. گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۇلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ قوغلاپتۇ ھەم يەكەن تەرەپتىكى سايلىققا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قانداق بولغانلىقى بىزگە نامەلۇم.

چوڭ مىنامۇتلار ئىسكادروندا بولۇپ، بىزدە بىر نەچچە پىلىموتلا قالغانىدى. ھەتتاكى شتاب كادىرلىرىنىڭ ئاتلىرىمۇ بىرىنچى ئىسكادرون بىلەن بىر جايدا بولغاچقا، شتاب كادىرلىرى پىيادە قالغانىكەن. بۇ ۋاقىتتىكى دۈشمەننىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇلار ژۇروكباشمازار تاغنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بىر سائەتكە قالمايلا ئاسمانغا قىزىل - كۆك راكېتا ئېتىپ، ھۇجۇم قىلىش بەلگىسىنى كۆرسىتىپ، ئوڭ - سول تەرەپتىن بىراقلا بىزگە ھۇجۇم قىلدى. بىز چېكىنىپ ساي تەرەپتىكى قاتار تۈگمەن بار ئۈستەڭ بويىدىكى تېرەكلىككە مۇداپىئەلەندۇق. سول تەرەپتىكى قاراباشتاغ مازارىدىن دۈشمەنلەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىشتى. بىز بارلىق قورااللارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارغا قارىتا ئوق ياغدۇردۇق. بىر نەچچە ئاتقا ئوق تېگىپ، ئەسكەرلەر يېقىلدى. (ئەمما ئاتتىن يىقىلغانلارنىڭ ئۆلگەن - ئۆلمىگەنلىكى بىزگە نامەلۇم) ئاتلار ئۈركۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلغانچە قېچىپ كېتىشتى. تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىغان دۈشمەنلەر ئارقىسىغا چېكىنىپ، بىزگە قارشى ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. ناماز ئەسىر ۋاقتىدا ئىككى سائەتچە جىمجىتلىق بولدى. ئېھتىمال بۇ ۋاقىتتا دۈشمەنلەر ئالاقىلاشقان بولۇشى مۇمكىن. كېيىن يەنە ھەر تەرەپتىن بىزگە ئوق چىقاردى، يېگىسار چوكيولى تەرىپىدىن كارناي ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ، ھەممە تەرەپتىن كارناي

ئاۋازى چىقىپ، پىيادە ئەسكەرلەر ھۇجۇم قىلدى. سايىنىڭ
ھەممە يېرى ئادەملا بولۇپ كەتتى. ئارقىسىدىن ئاتلارمۇ كۆرۈن-
دى. بۇ ۋاقىتتا ھايات ـ ماماتلىق مىنۇتلار يېتىپ كەلدى.
بىزنىڭ باشلىقلار قۇچاقلاشما جەڭ بولدى، نەيزە قىلىچلارنى تەي-
يارلاڭلار دېدى. چوڭ يولدىن ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنلەر ھېچ-
قانداق يوشۇرۇنماي ئاشكارا ھالدا يېقىنلىشىپ كەلدى.
ئەبەيدۇللا مەخسۇم دۈشمەن قايسى تەرەپتىن يېقىنلاشسا
شۇ تەرەپكە پىلىموتنى ئېلىپ باردى. بىز دۈشمەن خېلىلا
يېقىن كەلگىچە جىم تۇرۇپ، ئارلىقىمىز يىگىرمە، ئوتتۇز مېتىر
قالغاندا بىر، ئىككى، ئۈچ دېگەن كوماندا بىلەن تەڭلا ئوق
ياغدۇردۇق. دۈشمەنلەر ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ
بىز ياتقان دەرەخلىقتا بۆسۈپ كىرەلمىدى. ئالدىمىزدىن ھۇ-
جۇم قىلغان دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچى ھۇجۇمدىن توختاپ،
يېتىۋېلىپ ئوق ئېتىشقا ئۆتتى. بىزنىڭ مۇداپىئەيمىزگە
يەنىلا بۆسۈپ كىرەلمىدى. (كېيىن بىزگە مەلۇم بولۇشىچە،
دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتىكى چېكىنىشىنىڭ سەۋە-
بى ــ ئارمىيە قوماندانى ياڭزېڭشىنغا ئوق تېگىپ ئۆلگەن ئىكەن)
قاراڭغۇ چۈشكەندە دۈشمەن قوشۇنلىرى ئاق، سېرىق، يېشىل،
قىزغۇچ راكېتالارنى ھەر تەرەپتىن ئېتىشىپ چېكىنىپ
كەتتى.

ئەبەيدۇللا مەخسۇم بىزگە: «بۇ دۈشمەننىڭ يالغان ھىيلىسى.
ئۇلار قۇۋلۇق، شۇملۇق قىلىۋاتىدۇ، راكېتانى بىردىن ئادەم
ئېتىپ ماڭغان. ئۇلار چېكىنمىدى. بىزنى بىخوتلاشتۇرۇپ،
كېچىدە ھەممىمىزنى بىراقلا يوقاتماقچى. شۇڭا بىز ھوشيار
بولۇپ، كېچىلىك سوقۇشقا تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم»،
دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز قىلىچ نەيزىسى بارلار قىلىچ، نەيزى-



مىزنى تەييارلىدۇق، قىلىچ نەيزىسى يوقلار يەرلىك خەلقلەر
ئۆيىدىن پالتا، كەكە ئېلىپ چىقىپ دەرەخ ياغاچلىرىدىن
بىردىن دومبا تەييارلىدى. قولىمىزدا مىلتىق، قولتۇغىمىزدا
بومبا كالتەك يېسىقلىق ھالدا تاڭ ئاتقىچە دۈشمەننىڭ
كېلىشىنى كۈتۈپ ياتتۇق. تاڭ ئاتقاندا ھەر تەرەپنى تەكشۈر-
سەك دۈشمەنلەر راستىنلا چېكىنىپ كەتكەن ئىكەن. بىز-
مۇ ئارقىمىزغا چېكىنىپ، ھازىرقى قىزىلتاغ رايونىنىڭ ئاقباش-
مازار دېگەن يېرىگە كېلىپ ئىستېھكام قۇردۇق. بىزنىڭ
ئارقىمىزدىن ياردەمگە كېلىۋاتقان ئابدۇرۇسۇلوۋ باشچىلىقىدى-
كى قىرىق كىشىلىك بىر ئەترەت بىر نەچچە قوتاز، تۆگىلەرگە
قورال ـ ياراق، ئوق دورىلارنى ئارتىپ كېلىۋاتقاندا، تۇيۇق-
سىزلا دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان. ئەسلى ئۇلار يول
ئۈستىدە كېلىۋاتقاندا ئالدىدىكى دەرەخلىكتە گۇمانلىق
ئادەملەر كۆرۈنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرۇسۇلوۋ قالغان
ئادەملىرىنى شۇ جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭلار دەپ قويۇپ، ئۆ-
زى ئىككى نەپەر ئۆزبەك بىلەن بىللە دەرەخلىكتىكى ئادەم-
لەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىمەكچى بولغان. شۇ
ئارىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە يول باشلاپ ماڭغان تەرجى-
مان مەمەتھەسەن (قىرغىز) دۈشمەنلەرنى يوشۇرۇپ قويۇپ،
ئۆزى يولغا چىقىپ ئابدۇرۇسۇلوۋ قاتارلىقلارغا: «بىز ئۆز
ئادەملەر، قورقماڭلار، كېلىۋېرىڭلار!» دەپ قول پۇلاڭلىتىپ،
ئۇلارنى چاقىرغان. نەتىجىدە ئابدۇرۇسۇلوۋ قاتارلىق ئۈچ نەپەر
ئادەم دەرەخلىكقە كېلىپلا دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان. دۈش-
مەنلەر بۇلارنى ۋەھشىلىك بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرگەن. ھەتتا-
كى ئابدۇرۇسۇلوۋنىڭ جان يېرىنى كېسىپ، ئادەم قېلىپىدىن
چىققان سەت قىلىقلارنى قىلغان. بۇچاغدا ئابدۇرۇسۇلوۋنىڭ

ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان 37 نەپەر ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يەرلىك قىرغىزلار بولۇپ، ئۇلار دەرەخلىقتىن خېلى يىراقلىقتا قالغان ئىكەن. بۇلار ئات-ئۇلاقلارنى باغلاپ قويۇپ، خاتىرجەملىك بىلەن نان يېيىشىپ ئولتۇرغاندا دۈشمەنلەر پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، سۇ ئاققان يارلىق بىلەن كېلىپ ئۇلارنى تۇيدۇرمايلا تۇتۇۋالغان. 28 نەپەر ئادەمنى شۇ جايدىلا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. قالغانلارنى ئەسىر قىلىپ يۈك — تاقلىرى بىلەن قوشۇپ يېڭىسارغا ئېلىپ كەتكەن. ئۇلار يېڭىسارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئەسىرلەرنى ھەم ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاقلىرىدىكى قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنى ناھىيە بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توختىتىپ، كۆرگەزمە ھەم سازايى قىلىپ باسمىچىلارنى يوقاتتۇق دەپ تەشۋىق قىلغان. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى سۆزگە چىقىپ مىللىي ئىنقىلابچىلارنى ھاقارەتلەشتىن سىرت، مەلۇم بىر ئادەممۇ سۆزگە چىقىپ مىللىي ئىنقىلابچىلارنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھاقارەتلەپ، بىمەنە سۆزلەرنى قىلغان. ھەتتا سۆزلەۋېتىپ قېنى قىزىپ قالغاندا، ئۆزىنى باسالماستىن پىچىقىنى چىقىرىپ بىرنەچچە ئەسىرنىڭ قۇلىقىنى كەسكەن. ئۇ بىر تەرەپتىن ئەسىرلەرنىڭ قۇلىقىنى كېسىپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنى ئۇرۇپ - تىللاپ، ھاقارەتلەۋاتقاندا گومىنداڭنىڭ بىر كوماندىرى كېلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ: «سېنىڭ مەن تۇتۇپ كەلگەن ئەسىرلەرنىڭ قۇلىقىنى كېسىشكە نېمە ھەددىڭ بار، نوچى بولساڭ تاغدىكى باسمىچىلارنىڭ قۇلىقىنى كېسىپ كەل. بۇ ئەسىرلەرنى نېمە قىلسام ئۆزۈم قىلىمەن» دېگەن. بۇ خەۋەر كېيىن بىزگە تارقىلىپ، «بىر مۇسۇلمان ئەسىرلەرنىڭ قۇلىقىنى كەسكەندە، بىر خەنزۇ



ئاجرىتىۋاپتۇ...» دېگەن گەپلەر ئاڭلانغاندىن كېيىن، بىزنىڭ باشلىقلار بۇ خەنزۇ كوممۇنىست بولۇشى مۇمكىن، بۇنى ئىنقىلاب مۇناسىۋەت باغلاپ باقايلى دېگەن قارارغا كېلىپ، بۇ ئىشنى ئېنىقلاشنى ماڭا تاپشۇرغانىدى. مەن يەرلىك دېھقانلاردىن بىرنەچچە ئادەمنى ئەۋەتىپ، سۈرۈشتە قىلساممۇ قۇلاق كەسكۈچىنىڭ ۋە ئۇنى توسقۇچى خەنزۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىيالمىدىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قۇلاق كەسكۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى شۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى قىرغىزلار، ئۇيغۇرلار ئىسپاتلاپ «×× قۇلاق كېسەر» دەپ لەقەم قويغان.

بىز ئاقباشمازاردا ئابدۇرۇسۇلوۋ قاتارلىقلارنى دەپنە قىلدۇق، ئىستىھكام قۇرۇپ، مازار خانىقاسىغا ئورۇنلاشتۇق. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ چوڭ يولى ئۈستىدىكى قاراباش سۇئامبىرىنىڭ يېنىدىكى تاغقا ئورۇنلاشتى. مەن ئۆز ئىزۋو تومنى باشلاپ ئابدىمەلىك ئوسمانوۋلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سۆكەت كەنتىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆردۈم. قارىسام تولىمۇ ئېچىنىشلىق جان ئۈزۈپتۇ. تونۇش ئادەم تېپىپ ئۇلارنى دەپنە قىلدۇردۇم.

1945 - يىلى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئىستىھكامى يەنىلا قاراباش سۇئامبىرىدا بولدى. بىزنىڭ ئىككى ئىستىھكىمىمىز ئاقباشمازاردا بولدى. بەزىدە ھازىرقى توپلۇق، سۆكەت، ئۇچار يېزىلىرى ئارىلىقىدا بولدى. بۇ ۋاقىتتا بىز ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توختاپ مۇداپىئەدە تۇرۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى ۋە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقا سېپىدىكى جايلاردا تەشۋىقاتىمىزنى كۈچەيتتۇق. ئاقباشمازارغا

چىققاندىن كېيىن ئەبەيدۇللا مەخسۇم بىرقانچە قېتىملىق سوقۇشتىن خۇلاسە چىقىرىپ، بەزىلەرنى تەقدىرلىدى. ئازىرقىسىملارنى جازالىدى. ئىسكادىرون كوماندىرى ئىبراھىموۋ ئاتاخان قاچقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. ئىبراھىموۋ ئاتاخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاقباشمازارغا كېلەلمىدى. ئاخىرى كېيىنكى ۋاقىتتا غۇلامخان تۆرە ئۆزى ئېلىپ كېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. بىز ئاقباشمازاردا تۇرغان چاغدا يېڭىسارناھىيىسىدىكى قاراشلىق ئۇيغۇر دېھقانلار كېلىپ ئىنقىلابقا قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەسەن ھاجى، ساۋۇت قاتارلىق يولداشلار ئاكتىپ رول ئويناپ، مىللىي ئىنقىلاب ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. ھەسەن ھاجىنىڭ دادىسى بەختىيارخان دېگەن كىشىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدىكى كۆپ قېتىملىق مىللىي ئىنقىلابلاردا ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، باتۇرغازى دېگەن نام بېرىلگەن. ھەتتاكېيىنكى كۈنلەردە باتۇرغازىنىڭ نام - شۆھرىتى خەلق قوشاقچىلىرى تەرىپىدىن قوشاققا قېتىلىپ، راۋاپ بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ تەشۋىقاتچى خادىملىرىمىز ھەسەن ھاجىنىڭ ياردىمى بىلەن يۇرت - يۇرتلاردا تەشۋىق خىزمىتىنى ئىشلەپ، مىللىي ئىنقىلابنىڭ مەقسىتىنى خەلققە چۈشەندۈردى. بارلىق مۇسۇلمانلار ئىسلام ئەسكىرى بولۇشنى تەشۋىق قىلغاندا، كۆپلىگەن پىدائىيلار كېلىپ بىزگە قوشۇلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەنلىرىدىن ساۋۇت قارى. مەھەممەت ئىشان، تۇرسۇنبەك، ئابلا خانلار بولۇپ، ساۋۇت قارى تەشۋىقات خىزمىتىدە چوڭ رول ئوي-



نىدى. تۇرسۇنبەك كونا ئەسكەر بولغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى قوشۇلغان ئۇيغۇرلار ئىسكادىرونىغا كوماندىر بولدى. ئابلاخان قاتارلىقلارنىڭمۇ كېيىنكى كۈنلىرىدىكى تۆھپىسى زور بولغانىدى. دېمەك بۇ ۋاقىتلاردا يۇقىرىقى ئىسمى ئاتالغانلارغا ئوخشاش كۆپلىگەن ياش ئەزىمەتلەرنىڭ پىدائىي بولۇپ قوشۇلۇشى بىلەن ئادەم سانىمىز كۆپەيدى. پارتىزان ئەترەتلىرىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇپ دەسلەپكى پارتىزانلار پولكى تەشكىل قىلىندى. پولك كوماندىرى ئەبەيدۇللا مەخسۇم، مۇئاۋىن كوماندىر نىكولاي ۋىلازىنوپ، ناچالنىك شىتاب ئاشىروۋ قاتارلىقلار بولدى. مەن پولك مەسلىھەتچىسى بولدۇم. غۇلامخان تۆرە چىلگومبەزگە قايتىپ كەتتى. بىز يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندۇق. شۇ جەرياندا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم پارچە - پۇرات سوقۇشمۇ قىلدۇق. بىر قېتىم گومىنداڭ بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدىكى سۆگەت يېزىسىنى تالىشىپ سوقۇشقان ئىدۇق. ئۇنىڭ داۋامى چوڭ سوقۇشقا ئايلىنىپ كېتىپ، ئېگىز يار ئەتراپىدىكى كەك سايدا، كەينى ئىچىدە بىر كۈن شىددەتلىك سوقۇشتۇق. ئىككى تەرەپ تەڭ كېلىپ بىر - بىرىمىزنى يېڭەلمەي، ئاخىرى قاراڭغۇ چۈشكەندە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئىستىھكامىمىزغا چېكىنىپ كەتتۇق. شۇ كۈنلەردە بىز تاغدىكى قىرغىز ۋە ئۇيغۇرلاردىن خېلى كۆپ ئاتلىق ئەسكەرلەرنى يىغدۇق. ئەسكىرىي كۈچىمىز بىر قەدەر تولۇقلاندى. يېڭى قوشۇلغان پارتىزانلار ئىچىدە كۆپ قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشقان، كونا سوقۇش ماھىرلىرىمۇ باردى. بولۇپمۇ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىدە ئۇزۇن يىللار ئەسكەر بولغان قادىر قول، يولۋاسلارغا ئوخ-

شاش تەجرىبىلىكلەرىمۇ ئۆز ماھارىتىنى تازا ئىشقا سالدى. سوقۇش جىددىي كېتىۋاتقان كۈنلەردە ئوبۇلقاسىمبېك ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىپ ئائىلىسىگە قايتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەبەيدۇللا مەخسۇم ئاچچىقلاپ، ئۇنى تەنقىت قىلدى ۋە ئامالسىز ئائىلىسىگە قايتۇردى. ئوبۇلقاسىمبېك شۇ يىلى قايتىپ كەلمىدى.

## قەشقەر تەرەپتىكى تارماق پارتىزانلار ھەرىكىتى

1945 - يىلى 8 - ئايدا تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي باشلانغاندا، بىر كىچىك ئەترەتنى قەشقەر تەرەپتىكى بۇلۇڭكۆل، ئويتاغ قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىقى نارتايۇۋ ئىدى. بۇنىڭ قول ئاستىدا ئۆۋكىرىمجان (قىرغىز)، شاكىر بەلوۋ، يۇسۇپجان سادىقوۋ (1934 - 1935 يىللىرىدا ئۇلۇغچاتقا كەلگەن 4 - ئەترەتنىڭ باشلىقى)، نۇرھاجى، ھەمزىبايوۋ (1940 - يىللاردا قەشقەر ۋىلايەتلىك گۇڭئەنجۇيىدە ئىشلىگەن ئۇيغۇر) قاتارلىقلار بارىدى. بۇلار سەرىقول تاغلىرىدا تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ كۆپلىگەن قىرغىزلارنى پارتىزانلىققا ئالغان. شۇ قاتاردا قەشقەر كونا شەھىرىگە قاراشلىق تاشمىلىق، ئوپال قاتارلىق جايلاردىمۇ تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئۇيغۇر ياشلىرىدىنمۇ پارتىزانلىققا قوبۇل قىلغانىدى. بۇ ۋاقىتتا مىللىي ئىنقىلابچىلارغا بىرىنچى بولۇپ پىدائىي بولغان ئادەم قاسىم تاش (1933 - يىلدىكى ئىنقىلابتا قەشقەردە ئەسكەر باشلىقى بولغان. ئۇ ئىلغار پىكىرلىك، يېڭىلىق تەرەپتارى بولغانلىقى ئۈچۈن 1940 - يىلى ئاتۇشقا ھاكىم بولغان، كېيىن شېڭشىسەي



تۈرمىسىگە قامالغان) پارتىزانلارغا قوشۇلغاندىن كېيىن، ناھايىتى ئاكتىپ خىزمەت ئىشلىگەن. پارتىزانلار سوقۇشلىرىغا مەسلىھەت بېرىپ غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولۇپ ھۆرمەتلەنگەن. شۇ مەزگىللەردە قەشقەردە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى چىقىپ مىللىي ئىنقىلابچىلار بىلەن قاتتىق سوقۇشقان. نەتىجىدە مىللىي ئىنقىلابچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەم سانى ئاز، كۈچى ئاجىز ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، تاغقا چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. بۇ ۋاقىتتا قاسىم تاشنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن خېلى كۆپ ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ تاغقا چىقىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ھازىرقى بۇلۇڭكۆل، موجى، ئويتاغ رايونلىرى ۋە ئۇلۇغچاتنىڭ بوستانتېرەك، بۆرىتوقاي رايونلىرىدا ئىشلىنىپ، بوقارى جايلاردىكى قىرغىزلاردىن ئاتلىق پارتىزان توپلىغان. نەتىجىدە مىللىي ئىنقىلابچىلار بىر قەدەر قاۋۇل، يارامىلىق ئادەملەر بىلەن تولۇقلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۆرىتوقايلىق سايىتبەك، موللا تۇمۇر، سىرۋانكۆلبەك، ئۇلۇغچاتتىن قېچىپ كەلگەن سەتىبەك ھەم ئۇنىڭ ئوغلى ئىمىن سەتىبەك قاتارلىقلار بولغان. تۆۋەندە مەن ئېسىمدە قالغانلىرى بويىچە بۇلارنىڭ مىللىي ئىنقىلابىمىزدىكى جەريانلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

(1) - سايىتبەك — ئۇلۇغچات ناھىيە بويىچە قىرغىزلارنىڭ ئەڭ ئابرويلۇق ئاقساقىلى ئىدى. ئۇ 1933 - يىلدىكى قەشقەردىكى ئىنقىلابتا لەنجاڭ بولغان. 1934 - يىلى ئىسماقبەك مەيدانغا چىققاندا ئىسماقبەككە قوشۇلغان ھەم ئۇنىڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ قالغان. ئىسماقبەكنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى بىرلىكتە قاتناشقان. 1938 - يىلى ئۇلۇغچات رەسمى

ناھىيە بولغان چاغدا ئىسماقبەگنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھاكىم بولغان. كېيىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنى قاماققا ئالماقچى بولغاندا، ئىسماقبەك قوغداپ قالغان. 1939 - يىلى ھاكىملىقتىن بوشىغاندىن كېيىن ئائىلىسىدە بولغان. سايىتبەك ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ كاتتا ئاقساقىلى ئىدى.

(2) موللا تۆمۈر - ئۆز زامانىدا قەشقەر قىرغىزلىرىنىڭ ئىچىدە ئىلغار پىكىرلىك ئادەم بولۇپ، بالا ۋاقتىدا قەشقەر سوخۇدا ماتىنەي ئاچقان خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان. خەنزۇچە تىل - يېزىقنى بىلەتتى. بۇلارنىڭ ئائىلىسى كەمبەغەل بولغاچقا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. موللا تۆمۈر مەكتەپتە ئوقۇپ خەت ساۋادى چىققان ۋە رۇسچە تىل، يېزىقنى ئۆگەنگەن. كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ئاكىسى سىدىقبەك بىلەن بىللە 1934 - يىلى ئىسماقبەك تەشكىلاتىغا قوشۇلغان، مىللىي ئىنقىلاب جەريانىدا ناچالنىك شتاب، مالىيە باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان. 1937 - يىلى خوتەندىكى قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن 6 - دەنجا دۆيىگە مالىيە باشلىقى بولغان. ئاكىسى سىدىقبەك قەشقەردىكى 35 تۈەنگە مۇئاۋىن تۈەنجاڭ بولۇپ، 1938 - يىلى شېڭ شىسەي ئۇنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە ئالتۇنغا سېتىلغان ئىشپىيون دېگەن بەتنام بىلەن قاماققا ئالغان. ئۇ تۈرمىدىكى قىيىن - قىستاققا چىدىيالماي ئۆلۈۋالغان، موللا تۆمۈرنى ئاكىسىنىڭ جىنايىتى بىلەن چېتىشلىقى بار دەپ قاماققا ئېلىپ، تۈرلۈك ئۇسۇللاردا قىينىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زادىلا ئىخرا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرى تۈرمىدىن چىقىرىۋەتكەن.

(3) سوۋانقۇلبەك. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇزۇن يىللىق



ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن زامانلىرىدا چېگرا ساقلاش ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى بولغان. سوۋانقۇلبەك ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا ئاتىسىغا ئوخشاش ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرگەن ئادەم بولۇپ، 1937 - يىلى ئىسماقبەگكە ئەسكەر بولۇپ، كېيىن لەنجاڭ بولغان.

(4) سەتىپەك، ئۇلۇغچاتتىن بولۇپ، يۇرت ئاقساقىلى ئىدى. 1933 - يىلدىكى ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ئەسكەر باشلىقى بولغان. كېيىن ئىسماقبەگكە ئەسكەر بولغاندىن كېيىن، ئۇلۇغچات ناھىيىلىك قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان.

يۇقىرىدا قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلگەن مىللىي ئىنقىلابچىلار بۇلۇڭكۆلدىكى تارماق ئەترىتىمىزگە قاتناشقاندىن كېيىن، بۇ جايلاردىكى مىللىي ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىپ، تارماق ئەترىتىمىزنىڭ ھەرىكىتىنى خېلى جانلاندۇرغان. ئۇلار يەرلىك ئادەملەر بولغاچقا ئاساسىي ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگەن ۋە يېڭىدىن ئالغان پارتىزانلارنى تەربىيىلەپ قوراللاندۇرغان. مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىنمۇ بىر قانچە ئۇيغۇر دېھقانلار كېلىپ مىللىي ئىنقىلابقا قاتناشقان ۋە ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن. لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە شۇۋاقىتتىكى ئاتالمىش يۇرت ئاقساقاللىرى دېگەنلەردىن ئەمەتبەگ، زەيدىن شاڭزۇڭ قاتارلىقلار مۇشۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، مەلۇم تۆھپىلەرنى قوشقان بولسىمۇ، ئەمما 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېتلىكلەر قايتىپ كېتىپ ئەسكەرلەر ۋاقىتلىق ئارقىغا چېكىنگەن چاغلاردا ئەمەتبەگ مەسلىھەتچى، زەيدىن شاڭ-

زۇڭ قورال ئامبىرىنىڭ باشلىقى بولغان. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىگە قاراشلىق بىر نەچچە ئون ئەسكەرلەر بىلەن بارلىق زاپاس قورال - ياراق ئوق - دورىلارنى تۆگىگە ئارتىپ گومىنداڭلار ئاۋىسىغا قېچىپ كەتكەن. بۇ تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابى جەريانىدىكى بىر قېتىملىق خائىنلىق ۋەقەسى بولۇپ قالغان. ئۇ ۋاقىتتا مىللىي ئىنقىلابقا قاتناشقان دېھقانلار ئىچىدىن ئويالىلىق ئەنجانبايمۇ بار ئىدى. ئۇ ئادەم ناھايىتى ئۆتكۈر، قەيسەر، ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان، يۈرەكلىك ئادەم بولغاچقا، ئىنقىلاب جەريانىدا ئۇنتۇلغۇسىز باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن. 1943 - يىلى مەن قەشقەر تۈرمىسىدە ۋاقتىمدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، مىللىي ئىنقىلابنى قايسى يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا كۆپ سۆھبەتتە بولغانىدىم. تۈرمىدىن چىقىپ مىللىي ئىنقىلابنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمىزدا ئارىلىقىمىز يىراق بولغانلىقتىن بىز زادىلا يۈز كۆرۈشەلمىدۇق.

## يەكەن تەرەپتىكى ئارماق پارتىزانلار ھەرىكىتى

1945 - يىلى 8 - ئايدا بىز ئەبەيدۇللا مەخسۇم باشچىلىقىدا تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلىرى يېڭىسارغا ماڭدۇق. پىلانلىغان جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاقباشمازارغا ئىستىھكام قۇرۇپ ئورۇنلاشتۇق. بىز چىلگومبەزدىن مېڭىش ئالدىدا تاشقورغاندا تەشكىللەنگەن بىر ئەترەت تاجىك پارتىزانلا كەلگەن ئىدى. بۇلار بىزنىڭ ئارقىمىزدىن بارمىدى. شۇنىڭ بىلەن غۇلامخان تۆرە ئۆزب-



نىڭ يېقىن ئادىمى بولغان خالدار مايۇپ باشچىلىقىدا تەشكىللەنگەن ئۆزبەك، تاجىك، قىرغىز ئەترىتىنى يەكەن يولىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ماڭدۇردى. ئۇلار چارلۇڭنىڭ قەيىز ئاغزى دېگەن جايغا ئورۇنلىشىپ، كۈچ توپلىدى. بۇ ۋاقىتتا خالدار مايۇپ يەرلىك ئادەملەرگە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەپ، باغ، قەيز، ئارپىلىق، چىرمىگەن قاتارلىق قىرغىز يېزىلىرى ۋە كوسراپ، تار قاتارلىق ئۇيغۇر، تاجىك يېزىلىرىدىن ئەسكەر توپلاپ قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى بىر پولك تەشكىل قىلغانىدى. پولك باشلىقى خالدار مايۇپ، يارىدەمچى ۋە كوماندىرلىرى ئۆزبەكلەردىن بولغان. بۇلارغا قوشۇلۇپ ئىنقىلاب قىلغان يەرلىك ئادەملەردىن، خوجا ئەۋلادىدىن بولغان كوسراپلىق سىدىقخان خوجا ۋە قىزىلتاغ قىرغىزلىرىنىڭ بېگى ھېسابلانغان ئەبەيدۇللا بەگ قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار يەرلىك خەلقلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، پارتىزان توپلاش جەھەتلەردە خېلى مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. مانا بۇ ۋاقىتلاردا چارلۇڭدا خالدار مايۇپ باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار پولكى تەشكىل بولغان چاغدا، بۇلۇڭكۆلدە نارتايىپ باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار پولكى تەشكىل بولغان. لېكىن بۇلۇڭكۆلدىكى پولك بىر قېتىم تاشمىلىقتا ۋە ئويالغا چۈشكەندىكى ھەرىكەتتىن باشقا پائالىيەت ئېلىپ بارمىغان. ئومۇمەن 1945 - يىلى ئاساسلىق سوقۇش ھەرىكەتلىرىنى يېڭىسار تەرەپتىكى ئەبەيدۇللا مەخسۇم باشچىلىق قىلغان پولك ئېلىپ بارغانىدى. سوقۇش جەريانىدا بەزىدە غەلىبە قىلساق، بەزىدە مەغلۇبمۇ بولدۇق. نەتىجىمىز ئاساسى ئورۇندا بولسىمۇ، لېكىن يېڭىساردىكى بىر قېتىملىق سوقۇشتا مەغلۇبىيەت خېلى ئېغىر بولۇپ ئۆتتى. شۇنىڭ

بىلەن بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ جاۋابكارلىقىنى غۇلامخان تۆرە ئەبەيدۇللا مەخسۇمگە ئارتتى. ئەبەيدۇللا مەخسۇم غۇلامخان تۆرەگە ئارتتى. بۇ زىددىيەت كۈچىيىپ ئاستا - ئاستا ئاشكارىلىنىپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا بەزى ئادەملەر ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ ئوتتۇرىدا ئۇششاق گەپ توشۇپ، ئىككىسىنىڭ ئاداۋىتىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تاشكەنت ئۆزبەكىستان پارتىيىسىنىڭ مەسئۇل خادىملىرىدىن بولغان توختىبايوپ ئىبزىز دېگەن ئادەم، ئىبزىز دېگەن ئىسىم بىلەن ئاددىي بىر ئادەم سۈپىتىدە چىلگۈمبەزگە كەلدى. بۇ ۋاقىتتا غۇلامخان تۆرە بىلەن ئەبەيدۇللا مەخسۇم نىكولاي ۋىلازىنوۋنى ۋەزىپىسىدىن بوشۇتۇپ چىلگۈمبەزگە ئېلىپ كەلگەنىدى. بىزنىڭ پولكىمىزغا بۇلۇڭكۆلدىن ئوۋ كىرىمجان دېگەن بىر قىرغىز ئادەم كېلىپ كوماندىر بولدى. چىلگۈمبەزگە مېنىمۇ چاقىرىپ كەلدى. مەن ئىبزىز بەگ بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئالدىدا غۇلامخان تۆرە ماڭا: «ئەبەيدۇللا مەخسۇم مەندىن رۇخسەتسىزلا يېڭىسارغا بېرىپ سوقۇش قىلىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. مەن ئۇنىڭغا يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىڭ دېگەن ئەمەس. بۇ جەھەتتە ئەبەيدۇللا مەخسۇم ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ مۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. بۇنىڭغا سەن گۇۋاھلىق بەرگىن. سەن مېنىڭ ئوغلۇمسەن ......» دەپ مېنى بىر تەرەپتىن ئالدىدى، يەنە بىر تەرەپتىن قورقۇتتى. مەن غۇلامخان تۆرەدىن قورقۇپ يالغان ئېيتماقچى بولغان ئىدىم. لېكىن ئىبزىز بەگ مەن بىلەن سۆزلەشمەكچى بولغاندا يالغۇز سۆھبەتلەشتى. بۇ چاغدا مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ، بىز چىلگۈمبەزدىن ماڭغان چاغدا غۇلامخان تۆرە ئۆزى يېڭىسارغا كىرىشكە بۇيرۇق بەرگەن.



مېنى يېڭىساردا قارشى ئېلىڭلار دېگەن...... دەپ ئەمەلىي ئەھۋاللارنىڭ جەريانلىرىنى تولۇق سۆزلەپ بەردىم. سۆھبەتتىن كېيىن مېنى سەن نېمە دېدىڭ دەپ سورىغاندا، مەن سىزگە دېگەن گەپنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىم دېدىم. بۇ ۋاقىتتا غۇلامخان تۆرە قايتىپ كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، بىزنىڭ كېلىشىمىزنى كۈتۈپلا تۇرغانىكەن.

## غۇلامخان تۆرەنىڭ قايتىپ كېتىشى

1945 - يىل 11 - ئايلاردا بىزنى ئاقباشمازاردىن چىلگۈمبەزگە دەرھال يېتىپ كەلسۇن، دېگەن خەۋەر كەلدى. چېكىنىش ۋاقتىمىزدا يېڭىدىن قاتناشقان، كېيىنلىرى يېڭىلىق دېھقان پارتىزانلارنى قايتۇرۇۋەتتۇق، بىزنىڭ چېكىنگەنلىكىمىزدىن پايدىلىنىپ دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلمىسۇن، دەپ بىر قانچىسىنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا قالدۇردى. بىز ئۇلاردىن بىر قانچە سائەت كېيىن يولغا چىقتۇق. بىر سوتكا دەم ئالماي مېڭىپ چىلگۈمبەزگە يېتىپ كەلسەك، سوۋېتتىن كەلگەنلەر ھتابىتكى بارلىق چوڭ قوراللارنى ئېلىپ كېتىپ بولغان ئىكەن. غۇلامخان تۆرە بىر قانچە مەسئۇل باشلىقلار بىلەن يالغۇزلا قاپتۇ. غۇلامخان تۆرە مېنى چاقىرىپ: «ھاكىم بەگ سېنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىڭنى تاشكەنتتىكى ئوسمان يۇسۇپكە يوللىغان ئىدىم. ھازىر ئۇنىڭدىن تېلېگرامما كەلدى. ئەمدى بۇ جايدىكى بارلىق كىشىنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرىمەن ...» دېدى. مەن سىلەر كەتسەڭلار بىز ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز دېگەن مەزمۇندا پىكىر بايان قىلدىم.

بۇ ئوسمان يۇسۇپنىڭ بۇيرۇقى، دەپ قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈپ، مىنى ئاخىرى ماقۇل قىلدى. بىز سۆھبىتىمىزنى تۈگىتىپ سىرتقا چىقساق، ئاقباشمازاردىن كەلگەن بىزنىڭ پولكىمىز بىلەن خالدار مايوپنىڭ پولكى كېلىپ بوپتۇ.

غۇلامخان تۆرە بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى يىغىپ مىنى (ھاكىم شىرىپنى) پولك كوماندىرى دەپ كۆرسىتىپ، كۆپچىلىككە بىر سائەتچە سۆزلىدى. شۇنىڭ بىلەن مىنىڭ كۆرسىتىشىم بويىچە قادىر قول ماڭا مۇئاۋىن بولدى. كامىلجان ناچالنىك شتاپ بولدى. سىدىقخان خوجا غۇلامخان تۆرەنىڭ ئورنىغا تۆرە بولۇپ، تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ ئالىي رەھبىرى بولدى. ئارقىدىن ئىسكادىرون، ئىزۋوت كوماندىرلىرىنى ۋە شتاب خادىملىرىنى بەلگىلەپ چىقتۇق. پولكىمىزنىڭ ئىسمى «غالىبىيەت پولكى» بولدى.

غۇلامخان تۆرە ئىككى سائەت ئىچىدىلا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قايتىپ كېتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئارقىدىنلا سوۋېتلىكلەرنىڭ ھەممىسى كېتىپ قالدى. پەقەت يەرلىك پارتىزانلار قالدۇق.

بىز رەھبەرلەرنى ۋە كوماندىر، جەڭچىلەرنى بىر قۇر تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، چىلگۇمبەزدىن ئايرىلىپ تويلۇ بۇلۇڭ دېگەن جايغا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. بىزنىڭ غالىبىيەت پولكىمىزنىڭ كوماندىرى مەن، ناچالنىك شتاب كامىلجان، رازۋېتكا ئەترىتى باشلىقى يولۋاسقارى بولۇپ، مىڭدىن ئۆۋەن باشلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياردەمچىلىرى باردى. بىز تويلۇ بۇلۇڭغا كېلىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا غۇلامخان تۆرە بىلەن بىللە كەتكەن ئۆيغۇرلاردىن مەھمۇد قۇتلۇق، تۇردى ئاخۇن، يۇسۇپ ۋاكون دېگەنلەر



قايتىپ كەلدى. مەن مەھمۇد قۇتلۇقنى تەشۋىقات خىزمىتىگە، قالغانلارنى شتاب قارمىقىدىكى زاپاس كوماندىرلىققا بەلگىلىدىم. بۇ ۋاقىتتا بۇلۇڭكۆل، قەشقەر تەرەپتىكى سوۋېتلىكلەرمۇ ئاللىقاچانلا كېتىپ قالغان بولۇپ، قالغان يەرلىكلەر بۇلۇڭكۆل پولكى بولۇپ تەشكىللەنگەنىدى. پولك كوماندىرى سايىن بەگ، مۇئاۋىنى ئوسمان باتۇر، پولك مەسلىھەتچىلىرى سەتتىبەگ، قاسىم تاش قاتارلىقلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئادەم سانى بىزدىن ئاز ئىدى. بىزدە 720 دانە مىلتىق بولۇپ، ئالتە ئىسكادىرون، بۇنىڭ سىرتىدا مەسلىھەتچىلەر، ئاقساقاللار، ئاخۇنلار، رازۋېتكا خادىملىرىنى قوشقاندا 800 دىن ئارتۇق ئادەم باردى. شۇڭلاشقا غالىبىيەت پولكى تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق سوقۇشىدىغان قوراللىق ئەسكىرى كۈچى بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا تاشقورغاندا شىرىنبەك باشچىلىقىدىكى چېگرا ساقلاش گارنىزونى بولۇپ، ئادەم سانى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. سوۋېت بىلەن چېگرىداش جايلاردىكى بىر قانچە قورغانلارغا ئادەم قويۇلغان. پەقەتلا ئافغانىستان، پاكىستان چېگرىسىغىلا قاراۋۇلخانا بەلگىلىنىپ، پوسقا ئادەم قويۇلغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، غۇلامخان تۆرە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ۋاقىتلاردا ئالىي دىنىي رەھبەر بولۇپ سىدىقخان تۆرە سەھنىگە چىقتى. شۇندىن تارتىپ بىز بارلىق ھەرىكەتلىرىمىزنى سىدىقخان تۆرەنىڭ نامىدا ئېلىپ باردۇق. سوۋېتلىكلەر بار ۋاقىتتا قارا خان دېگەن بىر چوڭ باشلىقنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشاتتى. لېكىن قارا خاننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىزگە ھېچكىم تونۇشتۇرمىغانىدى. غۇلامخان تۆرە قايتىپ كەتكەن ۋاقىتتا:

«سىلەر مۇندىن كېيىن خەت - ئالاقىنى تاشقورغاننىڭ
ۋالىيسى ئاقىيولبەگنىڭ نامىغا يېزىڭلار، ئاقىيولبەگنىڭ شەخ-
سى نامىدىن كەلگەن يوليورۇقنى ئىجرا قىلىڭلار، ئاقىيول-
بەك قاراخاننىڭ ئەمىر - پەرمانىنى ئىجرا قىلىدۇ...» دەپ
ۋەسىيەت قىلغانىدى. بىز شۇندىن تارتىپلا كۆندىلىك ئاخ-
پاراتنى ئاقىيولبەگنىڭ شەخسى نامىغا يازدۇق. ئاقىيولبەگ-
تىنمۇ بەزى ئالاقىلار كەلدى. (تاشقورغان ناھىيىلىك ھۆ-
كۈمەت بۇ ئالاقە بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى) مۇشۇ كۈن-
لەردە ئاقىيولبەك مىنى، يولۋاس قارىنى ۋە مەھمۇد قۇتلۇق-
لارنى چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بىز ئۈچ كىشى تاغارمىنىڭ
سارالا دېگەن جايىدىكى ئاقىيولبەگنىڭ شەخسى ئۆيىگە
باردۇق. ئۇ يەرگە قاراخان كەلگەن ئىكەن. بۇلۇڭكۆل
پولكىنىڭ كوماندىرلىرىنىمۇ چاقىرتقان ئىكەن. لېكىن سا-
يىت بەگ كەلمەپتۇ. شىرىنبەگ كېلىپ سۆھبىتىنى تۈگى-
تىپ قايتىپ كېتىپتۇ. قارىخان بىز ئۈچ كىشى بىلەنلا
سۆھبەتلەشتى. قارىساق قارىخان دېگەن ئادەم ياشىنىپ
قالغان بىر رۇس بولۇپ، ئەسلى ئىسمى پىلىمانوۋ ئىكەن.
ئۇ سۆھبىتىنىڭ ئاخىرىدا بىزگە: «تاغارمادىكى ئاقىيولبەگ-
نىڭ قورغاندا بىر قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا
تاشقورغان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تاھىر-
بەگ شتاب مەسلىھەتچىسى بولدى. سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن-
كى خەت - ئالاقىنى سارالا باش شتابىنىڭ ناچالنىك
شتابى تاھىربەك بىلەن قىلىڭلار، تاھىربەگنىڭ يوليورۇقىنى
شەرتسىز ئىجرا قىلىڭلار، تاھىربەگنىڭ سۆزى مىنىڭ سۆ-
زۈم...» دېدى. ئارقىدىنلا تاھىر بەگ بىر پارچە ھەربىي
بۇيرۇق يازدى. بۇ «غالىبىيەت پولكى يەكەن ۋىلا-



يىتىنى ئىشغال قىلسۇن!» دېگەن بۇيرۇق ئىكەن. مەن بۇ-
نى ئوقۇپ كۆرۈپ، ئىجرا قىلىشقا ۋەدە بېرىپ قول قويدۇم.
بۇ بۇيرۇقنى تاھىر بەگ ئېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىك-
كىنچى قېتىملىق سوقۇش باشلىماقچى بولدۇق. بىز تاغار-
مادىن قايتىپ تويلۇ بۇلۇڭغا كەلگەندىن كېيىن، قادىر
قول باشچىلىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرنى يەكەن تەرەپكە
ماڭدۇردۇق. يېڭىساردىن تاشقورغانغا چىقىدىغان يولنى
مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئىسكادرون كوماندىرى
مەھەممەد توختى ۋە ئوسمان قىرباش باشچىلىقىدىكى 150
ئادەمنى ھازىرقى قىزىلتاغ يېزىسىغا ئەۋەتتۇق. تاشقورغان
بىلەن بولىدىغان ئالاقىمىزنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن - ھەر
بىر بېكەتكە ئالاقىچى ۋە مەسئۇل ئادەم ئورۇنلاشتۇردۇق.
غالىبىيەت پولكى يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتى. قادىر
قول باشچىلىقىدىكى ئالدىن ماڭغان ئەسكەرلىرىمىز يەكەن
دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، گومىنداڭنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى
ئايرىتاشنى ئىشغال قىلغان ھەمدە بىر دانە پىلىموت ۋە
نەچچە ئون تال مىلتىقلارنى ئولجا ئالغان. ئۇنىڭدىن
كېيىن يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى 19 - يېزىسىنى قورشاۋغا
ئېلىپ، جاماسالدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ۋە كارچۇڭ
بازىرىدىكى تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ يەكەنگە كىر-
گۈزۈۋەتكەن. ئاندىن يەكەن دەرياسى بويىدىكى تۇمشۇق
سارايىنى ئالدىنقى مۇداپىئە قىلغان. مەن قورشاۋغا يېتىپ
بارغىنىمدا، يەكەن دەرياسىنىڭ قاغىلىق تەرەپتىكى تاغلار-
نى ئارىلاپ كەلگەن شىنىبەك، 100 نەپەر ئاتلىق تاجىك
ئەسكەرلىرىنى ياردەمگە ئېلىپ كېلىپ ماڭا ئۆتكۈزۈپ
بەردى. شۇنىڭ بىلەن غالىبىيەت پولكىنىڭ يېڭىسارغا ئە-

ۋەتكەن ئىسكادروننىڭ ئورنى تولۇقلاندى. بۇ ئىسكادروننىڭ كوماندىرى پوزىك ئىدى. شىرنىبەك قايتىپ كېتىپ، سىددىقخان تۆرەم قاتارلىق بىر قانچە كىشىلەر يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە لەشكەر دېگەن تاجىكمۇ باردى. شۇ كۈنلا تاھىربەگتىن بۇيرۇق كەلدى. ئۇنىڭدا «ئىسكادرون كوماندىرلىقىنى لەشكەر ئۈستىگە ئالسۇن» دېگەن پەرمان يېزىلغان ئىدى. بىز كارچۇڭ بازىرىغا يېتىپ كېلىپ، بۇ جايدىكى پەيچۇسونى پولك شتابى قىلىپ ئورۇنلاشتۇق. ئالدىنقى ئىستىھكامىمىز تۇمشۇق ساراي بولدى. يېڭىدىن قوشۇلغان تاجىك ئىسكادرونى غالىبەت پولكىنىڭ 3 - ئىسكادرونى بولدى. تاھىربەگنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن بۇ ئىسكادرونغا لەشكەرنى كوماندىر قىلدۇق. لېكىن بۇنىڭغا ئەسلىدىكى ئىسكادرون كوماندىرى پوزىك نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «بۇ ئىسكادروننى ئۆزۈم تەشكىللىگەن ھەم ئۆزۈم تەربىيىلىگەن. ھازىرمۇ ئۆزۈم كوماندىر بولۇشقا تېگىشلىك. لەشكەر يېڭىدىن كېلىپلا كوماندىر بولالمىدىكەن ......» دەپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلمىدى. نەتىجىدە مەن ئۇنىڭغا قايتا - قايتا ئايرىم تەربىيە ئىشلەش ئارقىلىق تەسلىكتە قايىل قىلدىم ۋە ئۇنى مۇئاۋىن كوماندىر قىلىپ تەيىنلىدۇق.

بۇ ۋاقىتتا يەكەندىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىزنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئۈچ قېتىم ساراي تۇمشۇققا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن بىز ۋاقتىدىلا تاقابىل تۇرۇپ چېكىندۈردۇق. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ياقا ئېرىق دېگەن جايدىكى كونا سېپىلگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، بىز ياقا ئېرىققا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغىنىمىزدا ئۇلار يەكەن شەھىرىگە قېچىپ كىرىۋېلىپ، سېپىلنى مۇداپىئە قىلدى. شۇن-



دىن كېيىن ئۇلار سېپىلدىن چىقمىدى. بىز تۇمشۇق سارايدا تۇردۇق. ئىلگىرى بىز قادىر قول باشچىلىقىدىكى 50 كىشىلىك زەربىدار گۇرۇپپىنى پوسكام ناھىيىسىگە ئەۋەتكەن ئىدۇق. بۇلار پوسكام ناھىيىسىنى ئىشغال قىلالماي، گومىنداڭنىڭ 100 ئېتىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ ئەلەم ئاخۇنۇم ھەم ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى بىلەن بىللە بىر خەنزۇنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلدى. بىز بۇلارنى كارچۇڭ بازىرىدا ياخشى كۈتۈۋالدۇق. مەن بۇلار ئېلىپ چىققان خەنزۇ بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭغا ئىنقىلابىمىزنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈردۈم ھەم قايتىپ بارغاندىن كېيىن پوسكام، يەكەن تەرەپلەردىكى خەنزۇ پۇقرالارغا تەشۋىق قىلىپ، بىزنىڭ مىللىي ئىنقىلابىمىزغا يېقىندىن ياردەمدە بولۇشنى تاپشۇردۇم. شۇنداق قىلىپ بىز ئەلەم ئاخۇنۇم قاتارلىق بەگ - قازىلارنى قايتۇردۇق.

مۇشۇ ۋاقىتلاردا قاغىلىقتا قارشىلىق چوپان تاغدا گومىنداڭنىڭ بىر لېيەن ئەسكىرى كۈچى باردى. بىز 2 - 3 - ئىسكادروندىن 100 نەپەر ئادەمنى تاللاپ، ئابدىراخمان بىلەن لەشكەر باشچىلىقىدا چوپان تېغىغا ئەۋەتتۇق. بۇلار بېرىپ چوپاندىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشقاندا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قاغىلىققا قېچىپ كەتكەن. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بىر قانچە تال مىلتىق بىلەن ئىككى نەپەر ئەسكەرنى ئەسىر ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئەسىرلەرنىڭ بىرسى ئۇيغۇر. يەنە بىرسى قازاق بولۇپ، ئۇلارنى بىز ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلدۇق. بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يەكەن سېپىلىدىن زادىلا چىقمىدى. شۇڭا بىز ئادەم ئەۋەتىپ يەكەن، قاغىلىق ۋە پوسكام قاتارلىق جاي-

لاردا تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، مەسچىت - مەدرىسلەردە
تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە، گومىنداڭنىڭ
ئەھۋالىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋەر تاپتۇق. بولۇپمۇ قاغىلىق
تەرەپلەردە بىزنىڭ ھىمايىچىلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپلۈكى مە-
لۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
ناچالنىڭ شتاب كامىلجان قاتارلىق بىر قىسىم ئادەملەرنى
ۋە خەت - ئالاقە توشۇغۇچىلارنى قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغان
ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قاغىلىققا قاراپ يولغا
چىقتۇق. تاڭ ئاتقاندا قاغىلىققا يېتىپ كەلدۇق ۋە ئارىمىز-
دىن ئايلىچ باشلىق يەتتە نەپەر ئادەمنى يەرلىك پۇقرالار-
غا قوشۇپ گومىنداڭ ئىچىگە كىرگۈزدۇق. تاڭ ئېتىش بىلەن
تەڭ ھۇجۇم باشلاندى. بىز قاغىلىققا ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم
قىلىپ، توسالغۇسىزلا شەھەر ئىچىگە بۆسۈپ كىردۇق. ھەركە-
تىمىز ناھايىتى تېز ھەم جىددىي بولدى. دۈشمەننىڭ ئەسكە-
رىي كۈچى بىزدىن خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەم-
تىرەپ قېلىپ قاچتى، بىر قىسمى ئۆلدى. ئاتلىرىمىز خېلى
يىراقتا قالغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇلارنى ئارقىسىدىن قوغلىما-
دۇق. ئىگىلىگەن ئەھۋالغا قارىساق گومىنداڭنىڭ ھەربىي،
مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى خوتۇن باللىرى ۋە يۈك، تاقلىرى-
دىن تارتىپ ھەممىسىنى خوتەنگە ماڭدۇرۇۋەتكەن ئىكەن.
جىددىي بىر مەيدان سوقۇشتىن كېيىن گومىنداڭنىڭ 200
دىن كۆپرەك ئەسكىرىنى ئەسىر ئېلىش بىلەن بىللە، 200
دىن كۆپرەك مىلتىق، ئىككى دانە پىلىموت، ئوق - دورا
ۋە ئات - ھارۋىلارنى غەنىمەت ئالدۇق. گومىنداڭنىڭ تەپ-
تىش تۈرمىسى بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۈرمىسىدىن 500
نەپەردىن كۆپرەك ئادەمنى چىقاردۇق. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى-



لىرى بىزگە ئەسكەر بولدى. يەنە بىر قىسىملىرى ئائىلىسىگە
قايتىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە بىزنىڭ قاغىلىقنى ئىش-
غال قىلغانلىقىمىزنى ئاڭلىغان نۇرغۇنلىغان پۇقرالار كېلىپ
بىز بىلەن كۆرۈشتى ھەم ناھايىتى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى.
بىز ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، بۇ مىللىي ئىنقىلابنى چو-
قۇم ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغانلىقىمىزنى بايان قىلغىنىمىزدا، خې-
لى كۆپ ئادەملەر بىزگە قوشۇلۇپ ئىنقىلاب قىلىدىغانلىقىنى
بىلدۈرۈشتى ھەمدە قاغىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىزگە
تەپسىلىي تونۇشتۇردى. بىزگە قوشۇلغانلارنىڭ ئىچىدە شۇ
زامانلارنىڭ كاتتىلىرىدىن ئىسھاقجان دوختۇر، ھاشىم خوي-
جاڭ ۋە تۇردى قارىبەگ قاتارلىقلار باردى.

شۇ ۋاقىتتا سىدىقخان تۆرە، مەھمۇد قۇتلۇق ۋە سارا-
لا باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئادەملىرىمۇ قاغىلىققا كەل-
گەنىدى. لېكىن بارلىق خىزمەتلەرنى بىز ھەربىيلەر ئۆزى-
مىز ئىشلەشكە توغرا كەلدى. شۇڭلاشقا مەن، ساۋۇت قارى،
مۇھەممەد ئىشان، مامۇت بەگ ۋە تۇرسۇن قاتارلىقلار قا-
غىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە يەرلىك
ئاخۇن، بەگ ھەم يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىپ يىغىن ئاچ-
تۇق. ئاۋۋال مەن مىللىي ئىنقىلابنىڭ مەقسىتىنى تەشۋىق
قىلغاندىن كېيىن، شۇ يىغىندىلا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى ساي-
لاپ چىقتۇق. كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەن مىللىي
ئىنقىلابچىلار ئىچىدىن غالىبىيەت پولكىنىڭ مەسلىھەتچىسى
ساۋۇت قارىنى ۋالىيلىققا كۆرسەتتىم. قالغانلىرىنى كۆپچىلىك
كۆرسەتكەندىن كېيىن، مۇھەممەد قاسىم قازى ئەلەم ئاخۇ-
نۇمنى مۇئاۋىن ۋالىي، راشىدىن مۇپتى ئاخۇنۇمنى باش
مەسلىھەتچىلىككە سايلىدۇق. ئارقىدىن قاغىلىقنىڭ بارلىق

ئىدارە - جەمئىيەتنىڭ باشلىق - مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى كې-
تىشىپ سايلاپ چىقتۇق. ناھىيە باشلىقىنى ۋالىي دەپ ئاتى-
دۇق. ئىلگىرىكى باج - سېلىق، ئالۋاڭ - ياساقلارنى بىكار
قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆشرە - زاكات تۈزۈمىنى يولغا قوي-
دۇق. يەنە قاغىلىقتا يىگىدىن مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتىنى
قۇرۇپ، بۇنىڭغا ھاشىم خوجاڭنى مەسئۇل قىلدۇق ھەم ئۇ-
نىڭغا تەشۋىق قىلىپ، ئەسكەر ئېلىپ بىر نەچچە پولك
تەشكىللەشنى تاپشۇردۇق. ئىسھاقجان دوختۇرنى ۋالىينىڭ مەس-
لىھەتچىسى ھەم سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىن-
لەپ، ئۇنىڭغا قاغىلىق تەۋەسىدىكى بارلىق دوختۇر - تېۋىپ-
لارنى يىغىپ ياردارلارنى داۋالاشقا مەسئۇل قىلدۇق. شۇنى-
دىن كېيىن بىز دوختۇرخانىغا ۋە دوختۇرلارغا ئىگە بولدۇق.
يۇقىرىقى خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدىراشلىق بىلەن بىر
كۈندە ئىشلەپ تۈگەتتۇق. شۇ كۈنى قاغىلىقتىكى بارلىق مە-
مۇرىي ئىشلارنى سىدىقخان تۆرە، مەھمۇد قۇتلۇق ۋە مادا-
يوپ قاتارلىق كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ كەچلىكى غالىبىيەت پو-
لكىنىڭ يىغىنىنى ئاچتۇق. بۇ يىغىندا قاغىلىق سوقۇشىدى-
كى ئەھۋالدىن خۇلاسە چىقاردۇق. خۇلاسىدە 1 - ئىسكادرون
1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن بولدى. قالغانلىرىمۇ ياخ-
شى باھالىنىپ تەقدىرلەندى. ھەسەن ھاجى 1 - ئىسكادروننىڭ
كوماندىرى بولدى، سىدىقخان تۆرەم، مادايوپ ۋە مىنىڭ
پىكرىم بويىچە قاغىلىقنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن بىر ئىس-
كادرون قالدۇرۇشنى قارار قىلدۇق. قارار بويىچە 3 - ئىس-
كادروننى قالدۇردۇق .بۇ ۋاقىتتا 3 - ئىسكادروننىڭ كوماند-
دىرى لەشكەر بىلەن مۇئاۋىن كوماندىرى يۈزىكىنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ ئاشكارىلىنىپ، قاغىلىق سوقۇشى-



دىكى نەتىجىنى تالىشىپ خېلى يامانلاشتى. بىز يىغىندىن
كېيىن سىدىقخان تۆرەمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە لەشكەرنى
3 - ئىسكادروننىڭ كوماندىرى قىلىپ بەلگىلەپ، قاغىلىقنى
مۇداپىئە قىلىشقا قالدۇردۇق. يۈزىكنى غالىبىيەت پولكىدا
زاپاس كوماندىر قىلىپ ئىشلىتىشكە ئېلىپ قالدۇق. قاغىلىق-
تىكى ئىشلارنى بىر قۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن،
بىز پوسكامغا قاراپ يولغا چىقتۇق. شۇ كېچىسى توختىماي
ئاتلىق مېڭىپ تاڭ سەھەردە پوسكامغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ
ۋاقىتتا دۈشمەن ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ تۇرغان ئىكەن.
شۇڭا بىزنى ئوق بىلەن قارشى ئالدى. يېرىم سائەتچە سو-
قۇشقاندىن كېيىن قارشىلاشقان ئۇلار قېچىپ كېتىپتۇ. بىز ئىچ-
كىرلەپ كىرىپ ساقچى ئىدارىسىنى پولك شتابى قىلدۇق.
ئالدىنقى ئىستىھكامىمىز يەكەن دەرياسىنىڭ چوڭ كۆۋرۈكى بول-
دى. شۇ كۈنى قاغىلىقتىكى تاكتىكىمىز بويىچە پوسكام ناھىيىلىك
ھۆكۈمەتنى تەشكىللەپ چىقتۇق. ۋالىي قۇربان موپتى ئاخۇ-
نۇم، مۇئاۋىن ۋالىي بىز تەرەپنىڭ تۇرسۇن چوڭ (قىرغىز) بول-
دى. ئىدارە جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىرى پۈتۈنلەي پوسكامدىكى
يەرلىك ئادەملەردىن بولدى. پوسكامدىمۇ بىزنى قوللايدىغان-
لار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، خېلى كۆپ ئادەملەر بىزگە قوشۇ-
لۇپ، مىللىي ئىنقىلاب قىلىشقا بەل باغلىدى. بولۇپمۇ بۇلار-
نىڭ ئىچىدە توختى شۇنگەن بىلەن روزىيوپ قاتارلىقلار
كېيىنكى چاغلاردىمۇ بىز بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بول-
دى. توختى شۇنگەن ناھىيىلىك رازۋېتكا ئىدارىسىگە ۋە بىزنىڭ
رازۋېتكا باشلىقىمىز. يولۋاس قارىغا يېقىندىن ياردەمدە
بولۇپ، ئىشپىيونلارنى تۇتۇش، ئۇلارنىڭ ئىشلىگىنى
چاپلاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ناھايىتى زور خىزمەتلەرنى

كۆرسەتتى. يەنە يوسكام ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇش-
مىسىنىڭ رەئىسى روزىيوپ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم مائارىپ-
چى زىيالىيلار قوشۇلۇپ، پىدائىيلار قوشۇنىنى تەشكىللىدى.
يوسكامدا يىگىتلەرنى ئەسكەر ئېلىش ۋە تەشكىللەش ئىشىمىز
قاغىلىقتىكىگە ئوخشاش بولمىدى. قاغىلىقتا پولك تەشكىللىگەن بول-
ساق، يوسكامدا پىدائىيلار قوشۇنىنى تەشكىللەپ قوماندان، يۈزبېشى،
ئەللىك بېشى، ئون بېشى قاتارلىق ئاتالغۇلارنى قوللاندۇق.
روزىيوپ پىدائىيلار قوماندانى بولدى، ياشلار خېلى كۆپەيدى.
شۇڭلاشقا بىز ئۇلارنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن باش شتاب-
قا قورال - ياراق ئەۋەتىڭلار، دەپ كۆپ قېتىم ئالاقە ئەۋەت-
كەن بولساقمۇ ئۈچۈرى كەلمىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان
يوسكام خەلقى ئىچىدىكى ئاقىلىق زىيالىيلار: «بىز يوسكاملىقلار
1933 - يىلى خوتەنلىك شا مەنسۇر باتۇر بىلەن بىرلىكتە چو-
ماق كۆتۈرۈپ ئىنقىلاپ قىلىپمۇ يەكەن شەھىرىنى ئىشغال
قىلغان ئىدۇق. ھازىرمۇ چوماق ياساپ سوقۇشىمىز ...»
دەپ ئوتتۇرىغا چىقىشتى. شۇنداق قىلىپ چىداملىق ياغاچلار-
دىن چوماق ياسىدۇق. بۇرۇنقى شا مەنسۇرغا قوشۇ-
لۇپ، سوقۇش قىلغاندا چوماق ياسىغان ئۇستىلار ئۈلگە كۆر-
سىتىپ بەردى. (بۇ چوماقلارنىڭ شەكلى ئۈچ خىل ئىدى) بۇ-
لاردىن باشقا تام تېشىدىغان، ئادەم ئۆتىدىغان تەجرىبىلىك
ئوغرىلارنى ۋە ھەييار، مەددالارنى يىغىپ بىر گۇرۇپپا تەش-
كىللىدۇق.

بۇ ۋاقىت 1946 - يىلى 2 - ئاي مەزگىللىرى بولۇپ، كۆپلىگەن
پىدائىيلارنىڭ كېيىم - كېچەكلىرى ناھايىتى يىرتىق ئىدى.
ھەتتا يوتقان، كۆرپە دېگەنلەرمۇ يوق ئىدى. مۇشۇ ۋاقىتلاردا
سىدىقجان تۆرەم، مەسئۇلىيەتچى تاھىربەگ، ماديوپ ۋە تاش-



قورغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن خوجام كەلدىبەگ، گۈلجانبەگ
قاتارلىقلار قاغىلىقتىن يوسكامغا يېتىپ كەلدى. يەنە يوسكامدىكى
ئادەملىرىمىزدە ناچالنىكى شتاب كامىلجان، تەشۋىقات بۆلۈم
باشلىقى مەخمۇد قۇتلۇق، تومشۇق سارىيىنى مۇداپىئە قىلغان
ئىسكادرون كوماندىرى ئەبەيدۇللا بەگ قاتارلىقلارمۇ يوسكام-
غا جەم بولدى. بىز بىرلىكتە يىغىن ئاچتۇق. يىغىندا مەن
ئەھۋالنى تونۇشتۇردۇم، ئاندىن كېيىن يەكەنگە ھۇجۇم قى-
لىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئىككى خىل پىكىر ئوتتۇ-
رىغا چىقتى. بەزىلەر تاشقورغاندىن قورال ئېلىپ كېلىپ يىگىت
ئەسكەرلەرنى قوراللاندۇرغاندىن كېيىن يەكەنگە ھۇجۇم قىلىمىز -
دېسە؛ يەنە بەزىلەر تاشقورغاندىن قورال يېتىپ كەلگىچە دۈش-
مەنلەر بىر ھەسسە كۆپىيىپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا ھازىر ھۇجۇم
قىلغىنىمىز ياخشى دېيىشتى. ئاخىرى تاشقورغاندىن 50 نەپەر ئا-
دەم يۆتكەپ كېلىپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولدۇق. ئاساسلىق
پىلانىمىز يەكەن شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنلا مەمۇرىي
ھۆكۈمەت تەشكىللەش بولدى.

بۇ ۋاقىتتا بىز يەكەنگە قانداق ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا
مەسلىھەتلىشىش بىلەن بىللە، ئىسكادرونلارنى قايتىدىن تەشكىل-
لەپ، تۆت ئىسكادرون قىلدۇق. (يېڭىدىن كەلگەن بايەك با-
تۇرنىڭ ئەترىتىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە بولدى) 1- ئىسكادرون كو-
ماندىرى ھەسەن ھاجى، 2 - ئىسكادرون كوماندىرى ئابدۇراخ-
مان، 3- ئىسكادرون كوماندىرى بايەك باتۇر، 4 - ئىسكادرون
كوماندىرى تۇرسۇنئاخۇن بولدى. ئىلگىرىكى تەجرىبە - ساۋاق-
لارغا ئاساسەن ھەر بىر ئىسكادرونغا تۆتتىن كوماندىر بەل-
گىلىدۇق. ئورۇنلاشتۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، بىز پىلان
بويىچە يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق. غالىبىيەت يولىنىڭ

2 ـ ئىسكادرونى ئالدىن ماڭدى. قالغان ئىسكادرونلارمۇ تەقـ
سىم قىلىنغان ۋەزىپىسىگە ئاساسەن پىلان بويىچە يولغا چىقـ
تى. بىرىنچى ئىسكادرون چوڭ يول بىلەن بېرىپ ئالتۇن
دەرۋازىنى ئىشغال قىلىش؛ ئىككىنچى ئىسكادرون ئوڭ تەـ
رەپ بىلەن بېرىپ يېڭىشەھەر بىلەن كونا شەھەرنىڭ ئوتتۇرىـ
سىغا كىرىش؛ ئۈچىنچى ئىسكادرون چەت تەرەپتىن ھۇجۇم
قىلىپ سېپىلگە چىقىش؛ تۆتىنچى ئىسكادرون زاپاس تۇـ
رۇش دەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بىز پوسكامدىن بىر نەچچە
پۇقرانى ئەۋەتىپ ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، يەكەنگە
كىردۇق ۋە ئۈچ تەرەپتىن سوقۇش باشلىدۇق. تاڭ ئاتقان
ۋاقىتتا ئىككىنچى ئىسكادروندىن ياردەم سوراپ كەلدى.
ئاڭلىساق ئۇلار قاراڭغۇدا سېپىل يېنىغا بېرىپ قېلىپ ئالـ
دىغىمۇ ماڭالمايدىغان، ئارقىسىغىمۇ يانالمايدىغان ھالەتكە
چۈشۈپ قاپتۇ. شۇڭا بىز ئىككىنچى ئىسكادروننىڭ بىر قىـ
سىم ئادەملىرىنى ياردەمگە ئەۋەتتۇق. كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ
ئەھۋال ئىگىلىسەك، ئۇلار ھەر تەرەپتىن قورشاۋ ئىچىگە چۈـ
شۈپ قېلىپ دۈشمەن بىلەن ھايات ـ ماماتلىق ئۇچۇن ئېلىـ
شىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۆز ئەسكەرلىرى ئىچىدىن خالمەمەت
دېگەن بىر تاجىك كوماندىر بايەكنى ئېتىپ تاشلاپ، دۈشـ
مەنگە تەسلىم بولغان. ئارقىدىنلا دۈشمەن تەرەپكە قېچىپ
بېرىپ، بارلىق مەخپىيەتچىلىكنى ئاشكارىلىغان. ئەھۋالدىن
خەۋەر تاپقان دۈشمەنلەر سېپىلدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ كوماـ
ندىرلارنى ۋە خېلى كۆپ ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. پەقەتلا
موللا موسا باشچىلىقىدا قالغان ئازغىنە ئادەملەر مۇھاسىرىـ
نى بۆسۈپ چىقىپ ھايات قالغان. ئۇ جايدىكى ئاتلار، زاـ
پاس ئوق ـ دورا ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دۈشمەنـ



گە ئولجا قالغان. خالمەمەت بولسا گومىنداڭنىڭ ھەربىيـ
مەمۇرىيلىرىنى باشلاپ كېلىپ، بايەكنىڭ كاللىسىنى كېسىپ
ئۇلارغا بەرگەن. گومىنداڭلار بايەكنىڭ كاللىسىنى شەھەرـ
نىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىپ قويغان.

بۇ ۋاقىتتا بىز بايەكنىڭ ھايات قالغان ئەسكەرلىرى
بىلەن زاپاس ئەسكەرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، جاھانباغ تەرەپكە
قارشى قويدۇق. ئەمەلىيەتتە بۇلار ھۇجۇمدا ئەمەس، بەلكى
مۇداپىئەدە تۇردى، ئالدىمىزدىكى بىرىنچى ئىسكادروننىڭ
شارائىتى ياخشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا شتاب، ئىككى
يان تەرىپىدە ئۆز ئادەملىرى بولغاچقا، ئىشەنچلىك سوقۇـ
شالايتتى. شۇڭا ئۇلار ئالتۇن دەرۋازا سىرتىدىكى بازارنى
ئىگىلەپ، سېپىلگە شوتا قويۇپ، دەرۋازىغا ئوت قويۇشقا
جىددىي ھەرىكەت قىلدى. ئىككىنچى ئىسكادروننىڭ ئەھۋالى
ئۆزگەرمىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ساق ـ سالامەت چېكىنىپ
قايتىپ كەلدى. دۈشمەنلەر پەقەت سېپىلنىلا مۇداپىئە قىلـ
دى، بىرىنچى ئىسكادرون سېپىلگە شوتا قويۇپ، سېپىل
ئۈستىگە چىقىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، دۈشمەنلەر گىرانات تاشـ
لاپ كۆپ ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. قالغانلار ئوتتۇن يىغىپ ناـ
مازشام ۋاقتىدا دەرۋازىغا ئوت قويدى، لېكىن شۇنداقتىمۇ
تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە
ئېرىشەلمىدۇق. ئەكسىچە ئادەملىرىمىز كۆپ چىقىم بولدى.
شۇنىڭ بىلەن شتاب كادىرلىرى مۇزاكىرىلىشىپ چېكىنمەكچى
بولۇپ، يېرىم كېچە بىلەن يولغا چىقتۇق. ئەڭ ئالدىدا ياـ
رىدارلار، پىدائىي قىسىم، مالىيە ۋە ھارۋىلار ماڭدى، ئارقىـ
دىن مەمۇرىيلار ماڭدى. بىز ئۇلارنى مۇداپىئە قىلىش ئۈـ
چۈن، ئۇلار يىراقلاشقاندا ئارقا تەرىپىدىن قوغداپ ماڭماقـ

چى بولۇپ تۇرغان ئىدۇق. دۈشمەنلەر بىزنىڭ چېكىنگەنلى-
كىمىزنى بىلىپ قېلىپ، ھەر تەرەپتىن بىزنى ئوققا تۇتتى.
تۇيۇقسىزلا ئەسكەرلىرىمىزمۇ قالايمىقان بولۇپ ھەر تەرەپكە
چېچىلىپ كېتىپ، باشلىق ئەسكىرىنى - ئەسكىرى باشلىقىنى
تاپالمايدىغان بولۇپ كەتتى. قارىساق ئالدىمىزدا ماڭغان
مەمۇرىي باشلىقلار دۈشمەن ئوقىنى كۆرۈپ قاچقان ۋە قاچ-
قاندىمۇ جىم ماڭماي ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئوق ئېتىپ ئەسكەر-
لەرنىڭ تەرتىپىنى بۇزۇۋەتكەن ئىكەن. بىزنىڭ يانار ئوقلى-
رىمىز بارغانچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى دۈشمەنلەرمۇ
كۆرۈپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىز غالىبىيەت پولكىنىڭ مۇ-
ھاپىزەتچىلەر ئىزۋۇتى بىلەن بىر قانچە كوماندىر - جەڭچى-
لەرلا قالدۇق. قالغاندىمۇ ئالدىمىزدىكى قوشۇنلىرىمىز بىلەن
دۈشمەنلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇداپىئەسىز جايدا بولۇپ قې-
لىپ، ئالدىمىزدىن ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ ئوقى چۈشسە، ئار-
قىدىن دۈشمەن ئوقى چۈشۈپ تۇردى. ئامال قىلىپ ئۆزى-
مىزنى تامنىڭ دالدىسىغا مۇداپىئە قىلدۇق. قارىساق دۈش-
مەنلەرنىڭ ئوت كۈچى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى، قاراڭ-
غۇدا دۈشمەنلەرنى كۆرەلمىسەكمۇ، ئوق كېلىۋاتقان تەرەپكە
قارشى بىزمۇ ئوق چىقاردۇق. شۇنداق قىلىپ قالايمىقان ئې-
تىشىپ تاڭ ئاتقاندا يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىگە يېتىپ
كەلدۇق ۋە بۇ جاينى ئالدىنقى ئىستىھكام قىلدۇق. ئەمما
دۈشمەنلەر بىزنىڭ بارلىق ئەھۋالىمىزدىن خەۋەر تېپىۋالغان-
لىقى ئۈچۈن، يەكەندىكى دۈشمەنلەر كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرى-
پىگە كەلدى. مەكىت ئارقىلىق كەلگەنلەر پوسكام ناھىيى-
سىگە يېقىن بىر جايغا ئورۇنلاشتى. خوتەن تەرەپتىن كەل-
گەنلەر چولاقنىڭ سىپىي دېگەن يەرگە كەلگەندە تەرەپ -



تەرەپلەردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى تۇرۇشلۇق جايغا خەۋەر
بېرىپ، بىزگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق قىلغان. شۇڭا بىز
پولكتىكى بارلىق كوماندىرلار ۋە شتاب باشلىقلىرى جىد-
دىي يىغىن ئېچىپ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، يە-
كەندىكى تاغلىق كەنتلەرگە چېكىنىپ كېتىشنى قارار قىل-
دۇق. جىددىي ھەرىكەتلىنىپ بارلىق قورالسىز ئادەملىرىمىزنى
تاغقا يۆتكىدۇق. ئادەملىرىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ قو-
لىدا قورال يوق ئىدى. بىز ھەممەيلەن ئالدىراشلىق بى-
لەن تاغقا ئادەم يۆتكەپ، ئاشلىق توشۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا،
غالىبىيەت پولك قورال ئىسكىلاتىنىڭ باشلىقى مەھەممەد
كېرىم ئاخۇن (جىڭساجۇينىڭ ئىشپىيونى بولغان ئابدۇكېرىم
كولدورما) بىر ئادەم بىلەن گومىنداڭ تەرەپكە قېچىپ كەت-
تى. بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ تاغقا چېكىنىپ بولۇشىمىزغا تېخى
بىر قانچە كۈن بار ئىدى. بۇ قاچقۇنچى ئىشپىيون ئەتىسى-
گىلا يەكەندىكى گومىنداڭلارنى باشلاپ كېلىپ بىزگە ھۇجۇم
قىلدى. ئەمما بىز ۋاقتىدىلا ئۇلارنى چېكىندۈردۇق. ئاندىن
پوسكام شەھىرىنى تاشلاپ سىرتقا چىقتۇق. پوسكام شەھە-
رىگە ئىككى كۈنگىچە دۈشمەنمۇ كەلمىدى، بىزمۇ كىرمىدۇق.
شۇ ۋاقىتتا بىز پىيادە ئەسكەرلەرنى تاغقا ماڭدۇرۇپ بولال-
مىغان، پىدائىي قىسىملارنىڭ كۆپ قىسمى تارقاپ كەتكەن،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى خادىملىرىمىز ئى-
چىدىن بەزى خائىنلار چىقىپ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ
قويغان بولۇپ، سەگەك بولمىساق مەغلۇب بولۇش خەۋپى كۆ-
رۈنۈپلا تۇراتتى. شۇڭا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەمۇرىي خادىم-
لىرىدىن ۋالىي قۇربان موپتائاخۇن، تۇرسۇن چولاق، نۇراخۇن-
بەك قاتارلىقلار بىز بىلەن بىللە تاغقا چىقتى. دەل مۇشۇ

ۋاقىتتا خوتەندىن كەلگەن دۈشمەنلەرمۇ ئاغىلىقتا باستۇرۇپ
كىرگەن. ئۇ جايدىكى ئەسكەرلىرىمىز بىرىنچى كۈنى قارشى-
لىق قىلغان بولسىمۇ، ئادەم كۈچى ئاز بولغاچقا قاغىلىقنى
تاشلاپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. چېكىنىپ بولغىچە گو-
منداڭلار قوغلاپ كېلىپ مۇئاۋىن ۋالىي مۇھەممەد قاسىم ھا-
جى، باش مەسلىھەتچى راشىدىن مۇپتى قاتارلىقلارنى تۇتۇ-
ۋېلىپ شۇ جايدىلا قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈرگەن. بۇنىڭ
تەسىرى بىلەن قورالسىز پىيادە قىسمىمىزنىڭ كۆپ قىسمى تار-
قاپ كەتكەن. ناھايىتى ئاز بىر قىسمى بىز تۇرغان تاغقا
قېچىپ كېلەلىدى.

بىز پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىدا دۈشمەن بىلەن
ئۈدا ئىككى قېتىم سوقۇشتۇق. بۇ نۆۋەتتىكى سوقۇشىمىزنىڭ
مەقسىتى ئالدىمىزدا ماڭغان ئەسكەرلەرنى ۋە تاغقا ئۇزۇق-
تۈلۈك توشۇۋاتقانلارنى تېز - ئامان جايغا يەتكۈزۈۋې-
لىش ئىدى. بىز سوقۇشۇپ خانلەڭگەر دېگەن جايغا بارغىنىمىزدا،
دۈشمەن كەينىمىزدىن قوغلاپ ھۇجۇم قىلىپ تاغ ئىچىگىچە
كەلدى. بىز ئەسلى تۇمشۇق سارايىنى مۇداپىئە قىلماقچى ئى-
دۇق. شۇڭا تۇمشۇق سارايدىكى ئادەملىرىمىز يەكەندىن
چىققان دۈشمەنلەرنىڭ ئارقىسىغا چېكىندۈرۈلدى. ئادەم سا-
نىمىز كۆنسايىن ئازايغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، بارلىق مەخپىيەت-
لىكىمىز ئاشكارىلىنىپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇدىن، يە-
كەندىن ۋە خوتەندىن كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىر-
لىشىپ، مىللىي ئىنقىلابىمىزنى بىراقلا يوقىتىشقا كىرىشتى.
غالىبىيەت پولك دۈشمەنلەر بىلەن بىر قانچە كۈنلەپ جىد-
دىي سوقۇشۇشتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن خېلى كۆپ ئادەملەر
ئۆلدى. يېڭى ئەسكەرلىرىمىز قوشراپ ۋە ئايرىتاش تەرەپ-



لەرگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. يارىدارلار كۆپىيىشكە باشلىدى.
دوختۇرلىرىمىز ئاز بولغاچقا داۋالاش ۋەزىپىسىنىڭ ھەممى-
سى ئىسھاقجاننىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى. بۇ چاغدا كوسراپ
كەنتىگە دوختۇرخانا قۇردۇق. ئەھۋالىمىز كۈنسايىن يامان-
لاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات - ئۇلاغ ۋە تەمىناتتىن خېلى
قىسىلدۇق. دېھقانلار ئىلگىرىدىكى مال - مۈلۈك، ئاشلىقلارنى
گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئېلىۋالدى. ياتقان ئۆيلىرىمىزگە ئوت
قويۇپ، كۆل قىلدى. كۆپ ئادەملەر ئۆي - ماكانسىز قال-
دى. مۇشۇنداق بىر قىيىنچىلىق ۋاقىتتا قورال - ياراقلار
ئاران‍لا يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ئەسكەرلەرنى قو-
راللاندۇردۇق. دۈشمەن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ھۇجۇم قىلىپ
كىردى. يېڭى ئەسكەرلەر قوراللارنى ئىشلىتىشنى بىلمىگەن-
لىكى ۋە ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن
ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى. سوقۇش داۋاملىق جىددىي
بولۇۋەردى. ھەتتا ئۆلگەنلەرنى كۆمۈپ قويۇشقىمۇ ئامالسىز
قالدۇق. كەنتتىكى ئادەملەر يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىش-
تى. تۇرغان جايىمىز ئادەمسىز جاڭگالغا ئايلىنىپ قالدى. شۇ
ۋاقىتتا بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئورۇنلاشقان جايىمىز قوشراپ-
قىمۇ ھۇجۇم ئوقلىرى چۈشۈشكە باشلىدى. دۈشمەنلەر بىزنى
قوغلاپ مېڭىپ يەكەن دەرياسى ئارىلىقىغا قورشىدى. بۇ جاي-
دا بىر سوتكا تۇردۇق. كېيىن ئېگىز يارنىڭ ئىككى تەرى-
پىدە تۇرۇپ بىر كۈن سوقۇشۇپ دۈشمەننى چېكىندۈردۇق.
ئارىلىقتا بارلىق پولك باشلىقلىرى يېتىپ كەلدى. بىز
قىسقىغىنا يىغىن ئېچىپ، ئوڭۇشسىزلىقلارنى يەكۈنلىدۇق. نە-
تىجىدە بۇ ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىمىزگە
ماسلىشالماسلىق ۋە قوماندانلىقنىڭ قالايمىقان بولۇشىدىن

بولدى دەپ قاراپ، قوماندانلارنى قايتىدىن سايلىماقچى بولدۇق. كۆپچىلىك، ھاكىم بەگ تەجرىبىلىك ئادەم، قوماندان بولسۇن دەپ مېنى كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ دۈشمەنلەرنى چاماسال، چوڭدۇ كەنتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، قوشراپقا كەلدۇق. چوڭ باشلىقلار بىزدىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئايرىتاشتا ئورۇنلاشقان بولۇپ، بىزلەرنى تەمىنلەيدىغان مەنقولاتلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردىن ئېلىپ كېلىنەتتى. شۇ ۋاقىتتا تاھىربەگ چاماسال داۋىنىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن تاجىك پولكىنى يۆتكىدى. تاجىك پولكىدا ئارانلا 150 ئادەم بار ئىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن گومىنداڭ بىر تۈمەن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئايرىتاشقا ھۇجۇم قىلدى. بۇ سوقۇشتا پولك كوماندىر لەشكەرنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چېكىنمەستىن قەھرىمانلارچە سوقۇشۇپ، ئاخىرى ئۇلارنى چېكىندۈرگەن ۋە ئات - ئۇلاغ، قورال - ياراقلارنى غەنىمەت ئالغان. شۇ كۈنلەردە تاشقورغاندىن توختىبايوپ ئېزىزبەگ دېگەن بىر كىشى كېلىپ بارلىق ھەربىي - مەمۇرىي باشلىقلارغا جىددىي يىغىن ئاچتى، يىغىندا بىزگە ئادەم ۋە قورال - ياراق بېرىدىغانلىقىنى ھەم شۇ ئارقىلىق بىرىگادا قىلىپ تەشكىللەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. نۇرغۇن تالاش - تارتىشلار ئارقىلىق بىرىگادا باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقتۇق. بىرىگادا باشلىقى ئاتاخان، مۇئاۋىنى مەن (ھاكىم شىرىپ)، ناچالنىك شتاب شەمشىدىن، مۇئاۋىنى موللاقول بولدى. باشقا تەشكىلىي ئاپپاراتلارمۇ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. قەشقەر پولكى، قاغىلىق پولكى ۋە پوسكامدىكى پىيادىلەر قوشۇنلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر پولكى



قىلىپ تەشكىللەندى. ئۇنىڭ كوماندىرى ھاشىم ئاخۇن، مۇئاۋىنلىرى قاسىم ئاخۇن (بۇرۇن خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ئادەم بولۇپ، بۇ قېتىم ئېزىزبەگ بىلەن بىللە كەلگەن)، تۇردى قارىبەگ ۋە ناسىراخۇنلار بولدى. مەھەممەد ئاۋاق ترانسپورت باشلىقى، تۇرسۇن خالمۇرات ئىسكادىرون كوماندىرى بولدى. ئېزىزبەگ، تاھىربەگلەر تاشقورغانغا قايتىپ كەتتى. بىز قوشراپقا قايتىپ كېلىپ يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەش بىلەن بولدۇق. بۇ چاغدا دۈشمەن ئىستىھكامى تومشۇق سارايدا ئىدى. بىز بۇ يەرنى ئېلىشىپ سوقۇشقان بولساقمۇ، ئاخىرىدا نەتىجىسىز قايتىپ كەلدۇق. ئۇيغۇر پولك كوماندىرى ناسىراخۇن قاتارلىق بىر قانچە كىشى قۇربان بولدى ۋە يارىدار بولدى. ئۇيغۇر پولكىنىڭ ئادەم سانى كۆپ ھەم چوۋالچاق ئىدى. تاجىك پولكىنىڭ ئادىمى ئاز ئىدى. شۇڭا ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، تەڭشەپ تۆت ئىسكادىرون قىلدۇق. ئۇيغۇرلار 70% نى ئىگىلىدى. شۇ ۋاقىتتا سوۋېت تەرەپتىن بىرقانچە ھەربىي - مەمۇرىي خادىملار كىرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر پولكىنى ئىككى پولك قىلىپ تەشكىللىدى. بۇ پولكنىڭ كوماندىرى تۇردى قارىبەگ بولدى. يەنە بىر پولكنىڭ كوماندىرى بىر ئۆزبەك ئادەم بولدى. ئىككى پولك، بىرىگادا بولۇپ، ھاشىماخۇن بىرىگادا كوماندىرى، سوۋېتلىك قادىراخۇن مۇئاۋىن كوماندىرى، ئىسلامبەك ناچالنىك شتاب بولدى، قالغان مەسئۇل كادىرلىرى ئۆزبېكلەردىن بولدى. يەنە بىرى يەكەن بىرىگادىسى بولۇپ، كوماندىرى مادايوپ، مۇئاۋىنى ھاكىم شىرىپ، ناچالنىك شتاب شەمشىدىن ۋە موللائەلەمقول بولدى. شۇ كۈنلەردە تاشكەنتتىن ئەبەيدۇللا مەخسۇم

قاتارلىق بىرقانچە كىشى كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رازۋېتكا خادىملىرى، سىياسىي تەشۋىقاتچىلار، دوختۇرلار ۋە باشقا ساھە كەسپىدىكىلەرمۇ باردى. شۇندىن كېيىن قوشۇنلىرىمىز جانلىنىپ، تەرتىپ ئىنتىزامىمىز كۈچەيدى. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلار جازالاندى. دەل شۇ ۋاقىتتا سارلادىكى باش شتابتىن ئىسھاقبەگ كەلدى، دېگەن تېلېگرامما كەلدى. (بۇ چاغدا بىزدىمۇ تېلېگراف بار ئىدى) بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا چارلوقدىن تېلېگرامما كېلىپ، بىرىگادا كوماندىرلىرى ۋە مەسلىھەتچىلەرنىڭ تېزدىن كېلىشىنى ئېيتىپتۇ. بىرىگادا كوماندىرلىرى مېڭىش ۋاقتىدا، گېنېرال ئىسھاقبەگنىڭ كېلىشىنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن تۇمشۇق سارايىنى ئىشغال قىلىشنى مۇئاۋىن كوماندىرلارغا تاپىلاپ قويۇپ كەتتى. بىزلەر بەلگىلەنگەن كۈنى يولغا چىققان ئىدۇق. دۈشمەنگە يېقىنلىشىپ بارغان ۋاقتىمىزدا، گېنېرال ئىسھاقبەگنىڭ تۇمشۇق سارايىنى ئىشغال قىلىش سوقۇشىغا ئۆزى كېلىپ قوماندانلىق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تېلېگرام كەلدى، بىز قايتتۇق. شۇندىن كېيىن گېنېرال ئىسھاقبەگ قوشراپقا كەلدى.

## ئىسھاقبەگنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى

گېنېرال ئىسھاقبەگ قوشراپقا كەلگەن ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىرقانچە ئادەملەر بىللە كەلگەنىدى. يەنە تاشقورغان ئىنقىلابىغا سەھنە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغان قاراخان دېگەن ئادەممۇ ئاشكارا سەھنىگە چىقىپ، ئىسھاقبەگ بىلەن بىللە قوشراپقا كەلدى. ئىلگىرى



مەن كۆرگەن قاراخان قېرىغان رۇس ئادەم ئىدى، بۇ قېتىم كەلگەن قاراخان ئەرمەن مىللىتىدىن بولۇپ، ياش ئادەم ئىكەن.

ئىسھاقبەگ كەلگەندىن كېيىن دەسلەپ ئىشلەنگەن خىزمەتلەر، قوماندانلىق شتاب، بىرىگادا، پولك ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى مەخپىي ئىسىم قويۇشتىن باشلاندى، شۇ قاتاردا خەت - ئالاقە، ئەمىر - پەرمانلارمۇ مۇشۇنداق مەخپىي ئىسىملار بويىچە بولىدىغان بولدى.

مەسىلەن: قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىسمى — مۇزتاغ ئاتا، ئىسھاقبەگ — ئىسلامخان تۆرە، ھاكىم بەگ — ھۆرمەت بەگ، لەشكەر — لەڭگەر شاھ... باشقىلارغىمۇ مۇشۇنداق ئىسىم قويۇلدى. بۇ خىلدىكى خىزمەتلەرنى ئىسھاقبەگ بىلەن بىللە كەلگەن سوۋېتلىكلەر ئىشلىدى. ئاندىن سوۋېتلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى مەسئۇل خىزمىتىدىن قالدۇردى. بىرىگادا كوماندىرىدىن تارتىپ، گۇرۇپپا باشلىقىغىچە ھەممىسى يەرلىكتىن بولدى.

تەشكىلىي جەھەتتىن، باش شتابنىڭ نامى — مۇزتاغ ئاتا سارلا باش شتاب دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە باش شتابنى ھازىرقى چارلوق يېزىسىنىڭ سوغۇق دېگەن جايىدىكى جىلغا ئىچىگە قۇردى. بۇ يەردىمۇ بىر تېلېگراف بىلەن بىر قانچە ئادەملەر ئالاقە خىزمىتىنى ئىشلەيتتى. ئىسھاقبەگ قاتارلىق ئاساسلىق ھەربىي خادىملار ئالدىنقى سەپكە كېلىپ قوشراپقا ئورۇنلاشتى. بارلىق خىزمەتلەرنى ئىسھاقبەگ بىلەن بىللە كەلگەن ئاخۇنجانوۋ قاتارلىق ئۆزبەكلەر ئىشلىدى. قوماندانلىق شتابقا ناچالنىك شتاب بەلگىلىمىدى. شتاب قارمىقىدا رازۋېتكا بۆلۈم قو-

روۋۇپ، قاراخان ئۆزىنىڭ بىر نەچچە ئادەملىرى بىلەن يولۋاس قارىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولدى. ترانسپورتقا قەشقەرلىق مەھەممەت ئاۋاق، سادىق بەگلەر مەسئۇل بولدى. سىدىقخان تۆرەم ھەربىي پىركارور بولدى. مەمەت ئىشان قازى ئىسلام بولدى. ساۋۇت قارى، قۇربان موپتى ئاخۇنۇمنى مەمۇرى ھۆكۈمەت دەپ ئاتىدى. سەھىيە خىزمىتىگە ئىسھاقجان مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا سوۋېتتىن كەلگەن دوختۇرلارمۇ باردى. يەنە مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتىمۇ قايتا تەشكىل قىلىنىپ، جانلاندۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتقا رەھبەرلىك قىلىدىغان 11 كىشىلىك باشقۇرۇش ھەيئىتى سايلاندى. بۇلار ئىسھاقبەگ، سىدىقخان تۆرەم، ھاشىم ئاخۇن، سابىت بەگ، كارۋانشا بەگ، ساۋۇت قارى، قۇربان مۇپتى ئاخۇن، مەمەت ئىشان، ئىسلام پەششاپ، تاھىر بەگ ۋە ھاكىم شېرىپلاردىن تەشكىل تاپقانىدى. بۇنىڭ مەسئۇل كاتىبى مەخمۇت قۇتلۇق بولدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ھەربىيلەرگە ئۇنۋان بېرىش خىزمىتى ئىشلەندى. ئالىي ئۇنۋان گېنېرال دېيىلىپ-ئارىمىزدىن ئىسھاقبەگ بىرلا ئادەم گېنېرال بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇنۋان پولكوۋنىك بولۇپ، بۇلار بەش نەپەر، يەنى - سىدىقخان تۆرەم، ھاشىم ئاخۇن، تاھىر بەگ، ھاكىم بەگ، سابىت بەگ ئىدى. بۇلاردىن كېيىنكى ئۇنۋانلار پاتپولكوۋنىك، مايور، كاپىتان، لېيتېنانت، ئىستارشىنا، سېرجانت دېگەنلەردىن ئىبارەت بولدى. بۇ ئۇنۋانلار قوماندانلىق شىتابىدا ئىشلەپ چىقىلغان بولسىمۇ، لېكىن رەسمىي ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرماستىنلا ئىنقىلاب ئاياغلاشتى. بۇنىڭدىن كۆپ ئادەملەر خەۋەرسىز.



ئىسھاقبەگ كەلگەندىن كېيىن ھەربىي جەھەتتە بىرىگادا ۋە پولكلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ تەرتىپ قاتارى بويىچە غالىبىيەت پولكىنى 13-ئاتلىق پولك، تاجىك پولكىنى 14-ئاتلىق پولك، ئۇيغۇر پولكلىرىنى 15-، 16-ئاتلىق پولك دەپ ئاتاشنى يولغا قويدى. بۇرۇنقىدەك مىللەتنىڭ، يەرنىڭ، شەھەرنىڭ ۋە شەخسلەرنى ئىسمى بويىچە ئاتاش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ قاتاردا سوۋېتلىك كوماندىرلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ ۋاقىتتا بىز ئىككى بىرىگادا، بەش پولك بولۇپ قايتا تەشكىللەندۇق، بىرىنچى بىرىگادىنىڭ كوماندىرى ھاكىم شېرىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىككى پولك بولغان. 13-ئاتلىق پولكنىڭ كوماندىرى قادىر قول، مۇئاۋىنى ئابدۇراخمان جومە. 14-ئاتلىق پولكنىڭ كوماندى لەشكەر، مۇئاۋىنى ياقۇپ كالان بولغان. ئىككىنچى بىرىگادا كوماندىرى ھاشىم ئاخۇن، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىككى پولك بولغان. 15-پولكنىڭ كوماندىرى تۇردى قارىبەگ (يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى ئېسىمدە قالمىغان). 16-پولكنىڭ كوماندىرى قاسىم ئاخۇن بولۇپ، قالغانلىرى ئۇيغۇرلاردىن بولغانىدى. يېڭىدىن تەشكىللەنگەن پولككە يېڭىسار قىزىللىق تۇرسۇن ئاتامباي كوماندىر بولغان ئىدى. لېكىن پولك ئەسكەرلەرگە ئىگە بولغىچە مىللىي ئىنقىلاب ئاياغلاشتى. يەنە چوڭ مىناميوت-ئايروپىلان ئاتىدىغان، تانكا ئاتىدىغان ۋە پارتلاتقۇچ قوراللارنى باشقۇرىدىغان بىر باتالىيون بولۇپ، بۇنى دەسلەپتە ئۆزبەكلەر باشقۇرغانىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا بۇنىڭغا ئايىلچى باشلىق بولدى.

1946-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بى-

لەن گومينداڭ ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە 11 ماددىلىق تىنچلىق
بىتىمى ئىمزالىنىپ، تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابچى قوشۇنلى-
رى قورالسىزلاندۇرۇلدى ھەمدە بىتىمگە ئاساسەن تارقىتىۋې-
تىلدى. ئىسھاقبەگمۇ قايتىپ كەتتى. بىز بىر قانچىلا ئادەم
قورالغا مەسئۇل بولۇپ، ئېلىپ ماڭدۇق. بىز تاغارماغا بار-
غاندىن كېيىن، سوۋېتتىن كەلگەن قوراللارنى سوۋېت تە-
رەپكە تاپشۇرۇپ بەردۇق. گومينداڭدىن ئولجا ئالغان بىر
قىسىم ناچارراق قوراللار بىلەن بىر چېگرا ساقلاش ئەترى-
تى تەشكىللەپ، تۇردى قارى بىلەن لەشكەرنىڭ مەسئۇللىقى-
دا تاشقورغانغا ئەۋەتتۇق. لەشكەر بېرىشقا ئۇنىمىدى. تۇر-
دى قارى بەگ بېرىپ بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭغا نايىپنى مەسئۇل قىلىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى. گو-
ميداڭ تەرەپ چىققان چاغدا قوراللارنى نايىپ تاپشۇرغانى-
دى. لېكىن 1947 - يىلى گومينداڭ ئەسكەرلىرى نايىپنى
ئېتىپ تاشلىدى. بۇ ۋاقىتتا قەشقەر تەرەپتىكىلەرمۇ قورال-
سىزلاندۇرۇلغان بولۇپ، قوراللارنى سوۋېت تەرەپكە ئۆتكۈ-
زۈپ بەرگەن. كېيىن گومينداڭ ئەسكەرلىرى بەزى جايلار-
دىكى تارماق پارتىزان ئەترەتلىرىگە دەرھال قورال تاپشۇ-
رۇشنى، بولمىسا ئۇلارنى ئېتىپ تاشلايدىغانلىقىنى جاكالىغان.
شۇ ۋاقىتتا چاماسالدىكى قادىر قول رەسمىي ئوقتۇرۇش
كېلىپ قورال تاپشۇرۇپ بولغىچە ئېتىپ تاشلانغان، گومىن-
داڭ تەرەپ سىرتقى جەھەتتىن تىنچلىق بىتىمىنى سۆزلەپ،
ئىچكى جەھەتتىن ئۆچمەنلىكنى بىلدۈرگەن. مىللىي ئىنقى-
لابچىلار ئارىسىدىكى نامى چىققان كوماندىرلارغا ۋە كۆچى
بار ئادەملەرگە قەست قىلغان ياكى ئاشكارا زىيانكەشلىك
قىلغان. شۇڭا مەنمۇ ئۆز ھاياتىمىزدىن ئەنسىرەپ، يولۋاس



قارى، ئوسمان قىرباش، موللا ئەلەم قول، ئابدۇراخمان
جۇمە، ئايىلچى قاتارلىقلار بىلەن بىللە خوتۇن، بالىلىرىمنى
ئېلىپ سوۋېت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىم. بىز توققۇز ئائىلى-
لىك ئادەم بىللە مېڭىپ، قىرغىزىستاننىڭ ئۈچ ئوبلاستىدىكى
كىچىك ئالاي دېگەن تاغلىق جايغا بېرىپ، ئىسھاقبەگنىڭ
ئاتىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتۇق. بۇ جاي-
دا بىزگە ئوخشاش قېچىپ ئۆتكەن قىرغىز ئەسكەرلىرى يې-
غىلىپ، يۈز ئائىلىگە يېقىن ئادەم بولغان ئىكەن. بىزمۇ
شۇلار بىلەن بىللە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بولۇپ تۇردۇق.
1955 - يىلغا كەلگەندە، ئالمۇتا شەھىرىدىكى جۇڭگو كون-
سۇلخانىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن، قايتىشنى خالىغان بىر قان-
چە ئائىلىلىك كىشىلەر بىللە قايتىپ كەلدۇق. شۇ قاتا-
رىدا مەنمۇ خوتۇن بالىلىرىم بىلەن قايتىپ كەلدىم.

# 1932 - يىلى پارتلىغان قەشقەر قىرغىزلىرىنىڭ قوزغىلاڭى توغرىسىدا

**تۇرغان قوجومباي**

1932 - يىللىرى مەن 16 ياشلاردا بولۇپ، ئۆز ئائىلەمدە ئىدىم. شۇ چاغدا قەشقەر تەۋەسىدىكى تويۇن رايونىنىڭ قىزىل قورغان دېگەن جايغا قۇرۇلغان بىر چېگرا ساقچى پونكىتى بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى چىلك فامىلىلىك بىر خۇيزۇ ئادەم ئىدى. يەرلىك كىشىلەر ئۇنى « چىلك لويە » ( چىلك غوجام ) دەپ ئاتايتتى.

شۇ ۋاقىتلاردا چاقماق قورۇل، تېرەك كۆكيار قورۇل، ياغاچ ئارت قورۇل، قىزىلئۆي بەگلىكى، قانجوغان بەگلىكى ( بۇ ئىككى بەگلىكنى قوشۇپ بىر قورۇل ھېسابلايتتى)، بۇرتوقاي قورۇل، بوستانتېرەك قورۇل، ئۇلۇغئارت قورۇل، موجى قىياقباش قورۇل، بۇلۇڭكۆل قورۇل، ئويتاغ، ئاتئويناق قورۇل، قارا كېچىك، جۇلۇقباش قاتارلىق رايونلارنىڭ ھەممىسى قەشقەر كونىشەر ناھىيىسىگە تەۋە ئىدى.

شۇ يىلى 1 - ئايدا: «چىلك لويەگە مادو تەيدىن بۇيرۇق كەپتۇ. قىرغىز رايونلىرىدىن ئەسكەر ئالىدىكەن. ئاقساقال، يۈز بېشىلار خەلقنى يىغىپ بېرىدىكەن ......» دېگەن گەپلەر پەيدا بولدى. ئاڭلىساق تويۇنلۇقلارنى يىغىپ ئۇلار-



دىن ئەسكەر ئاپتۇ. كېيىن بۇ ئىشلار بىزنىڭ قورۇلغىمۇ يېتىپ كېلىپ، بىزنىمۇ ئەسكەرلىككە مەجبۇرى يىغىۋالدى. بىز چىلك لويەنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى بىلەن تويۇن، قىزىل قورغانلارغا بارساق، بۇ جايلاردىن ئالغان ئەسكەرلەرنى قەشقەرگە ئېلىپ كېتىپتۇ. بىزگە بىردىن خەنزۇنى مەسئۇل قىلىپ، قىزىل قورغاندا ئىككى كۈن ئاتلىق مەشىق قىلدۇردى. ئۈچىنچى كۈنى بىزنى قەشقەرگە ئاپىرىپ شىپتەي يامۇلىغا چۈشۈردى. قارىساق بۇ يەردە تويۇندىن ئېلىپ كەلگەن قىرغىزلارمۇ بار ئىكەن. بىز بېرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، قىزىلئۆي تەۋەسىدىكى ئۈچ قورۇلدىن يىغقان قىرغىزلارنى بىزگە قوشۇپ، شىپتەي يامۇلدا تۇرغۇزدى. بىزنى تەرتىپكە سېلىپ، چىلك لويەنىڭ كونا ئەسكەرلىرىدىن ئىككىسىدىن كىشى بىر قورۇلغا مەسئۇل بولدى. يەنە ئۆز ئىچىمىزدىن لەنجاڭ، پەيجاڭ، بەنجاڭلارنى سايلىدۇق. بىز ھەر قايسى لەنلەر بويىچە بىر نەچچە كۈن ئاتلىق مەشىق قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى بەش قورۇلدىن يىغىپ كەلگەن قىرغىزلارنى ( تەخمىنەن 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ) كانتايىلاق ئارقىلىق پەيزىۋاتقا ماڭغۇزدى. كانتايىلاقتا ئىككى كېچە قونغاندىن كېيىن، ئارقىمىزغا قايتۇرۇپ كېلىپ ئاتۇش بازىرى مەشەتتە قونغۇزدى. ئەتىسى باچاڭ ئارقىلىق تۇغرۇسۇغا باردۇق، بۇ جايدا سوۋېت تەرەپتىن كېلىپ قاماققا چۈشۈپ قالغان قوشمات دېگەن قىرغىزنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، چىلك لويەنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇنى بىزگە باش مەسلىھەتچى قىلىپ قوشتى. دەل شۇ كۈنلەردە: «قوزغىلاڭچىلار ئۈچتۇرپان - ئاقسۇلارغا كەپتىمىش، پات - يېقىندا بۇ جايلارغىمۇ كەلگۈدەك ئىمىش ......» دېگەن گەپ - سۆزلەر

كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كېيىن بۇ گەپ تېخىمۇ كونكرېتلىشىپ: «قۇمۇلدىن خوجىنىياز ھاجى، يولۋاس قوزغۇلۇپ چىقىپتۇ. تۇرپاندىن مامۇت سىجاڭلار، كۇچاردىن تۆمۈر تۇەنجاڭ، بايىدىن باي ئۇجاڭلار قوزغۇلۇپ چىقىپتۇ ... » دېگەن خەۋەرلەر ئاشكارا ئاڭلىنىپ تۇردى. كېيىن بۇ سۆزلەرگە: «بىزگە باشلىق بولغانلار (دارىنلار) بىزلەرنى ئۇلارغا قارشى سوقۇشقا سالىدىكەن...» دېگەن سۆزلەر قوشۇلۇپ، ھەممىمىز غەم - ئەندىشىگە چۈشتۇق.

بىز تۇغرۇسۇدا ئىككى ھەپتىدەك تۇرغاندىن كېيىن، پەيزىۋات تەۋەسىدىكى بەش قورۇدىن ( يەنى، قارا جول، كۈركۈرە، قىزىلسۇ، قورۇملۇق، مەيدانلاردىن ) مىڭغا يېقىن ئادەمنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ كېلىپ بىزگە قوشتى. ئۇلارنى بىر قۇر تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، پەيزىۋات تەۋەسىدىن ئالغان ئەسكەرلەرنى تۇغرۇسۇدا قېلىشنى ئۇقتۇردى. بىزنى جايتۆپە، پىچان تەرەپكە يۆتكەپ باردى. شۇ كۈنلەردە: «قەشقەر كونىشەھەر تەۋەسىدىكى جايلاردىن ئالغان قىرغىز ئەسكەرلەرنى ئىچكى تەرەپ بىلەن مارالبېشىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ... » دېگەن خەۋەرلەر تارقالدى. بىز بىلەن بىللە ماڭغانلار چىڭ لويە ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بولۇپ، 300 دىن ئارتۇق كىشى ئىدى، باشلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ ۋە خۇيزۇلار بولۇپ، ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئاز ئىدى. دەسلەپتە بىزگە بەدۆۋلەتنىڭ ئولجىغا چۈشكەن چۈيلون ئوقلۇق قارا مىلتىق تارقىتىپ بەرگەنىدى. بىز جايتۆپىگە يېتىپ بارغىنىمىزدا، بىزگە توققۇز ئاتار، بىر ئاتار، مىشەكلىك ئوق چۈشىدىغان زامانىۋى قورااللارنى تارقىتىپ



بېرىپ، بىزدىكى ئەسكى مىلتىقلارنى پەيزىۋات تەۋەسىدىن يىغقان قىرغىزلارغا تارقىتىپ بەردى. بىز 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا پىچانغا يېتىپ باردۇق. ئۈچ كۈندىن كېيىن كەچلىكى جىددىي كارناي چېلىنىپ ئەسكەرلەرنى يىغدى. بىز رەتلىك ئىستروي بولغاندىن كېيىن، كوماندىرىمىز بىزگە: «ئەتە ئەتىگەندە چىڭ لويە قاتارلىق باشلىقلار كېلىدۇ، تاماقنى بۇرۇن يەپ، ئاتلارغا مىنىپ، قوراللىق كوچىغا چىقىپ ئىككى سەپ بولىسىلەر، دارىنلارنى قارشى ئالىمىز ...» دەپ ئۇقتۇردى. ( بۇ ۋاقىتتا كونا قىرغىز ئەسكەرلەر بىلەن ئەمەل توتقان قىرغىزلار ئىچكى جەھەتتىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، دارىنلارنى يوقاتماقچى بولغان ئىكەن. مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش ئۈچۈن بىز يېڭى ئەسكەرلەرگە ئېيتماپتۇ.) بىز ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ قوراللىنىپ، ئاتقا مىنىشتۇق ۋە بەلگىلىگەن كوچىغا بېرىپ سەپ بولۇپ تۇردۇق. باشلىق قىرغىزلار ئالدىمىزغا كېلىپ: «چىڭ تۇرۇڭلار. بىز قانداق بۇيرۇق بەرسەك چوقۇم شۇنداق قىلىسىلەر.» دېدى. چىڭ لويە باشلىق ئوندىن كۆپرەك خەنزۇ ئەمەلدارلار مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن سەپ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇلارغا ھەربىي سالام بېرىش باھانىسى بىلەن ئوق چىقىرىپ، «ئات!، ئات!» دېگەن بۇيرۇق بېرىلدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە دارىنلارنىڭ ھەممىسىگە ئوق تېگىپ يىقىلدى. پەقەتلا چىڭ لويىگە ئوق تەگمەي قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تاغ تەرەپكە ئاتلىق قاچتى. ئارقىسىدىن قىرغىز ئەسكەرلەر قوغلاپ بېرىپ ئېتىپ تاشلىدى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەلدى. بىز ئۇلارنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ، قورال - ياراقلىرىنى يى-

غىۋالدۇق. تەرەپ - تەرەپلەرگە قىرغىزلاردىن نۆۋەتچى قويۇپ، شۇ كېچىسىلا ئوسمان ئېلىنى چېك لويەنىڭ ئورنىغا باشلىق سايلاپ، غوجا بولدۇق دەپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قىرغىزلار ئوسمان ئېلىنىڭ باشچىلىقىدا كەينىگە چېكىنىپ توغرۇسۇغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ جايلاردىكى دۈشمەنلەرنى تىرە - پىرەڭ قىلدى. ھەمدە ئوسمان ئېلى قوماندانلىق ئورنىدا تۇرۇپ: «ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن تۈڭگانلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. خەنزۇلاردىن مۇسۇلمان بولۇشنى خالىغانلارنى ئۆلتۈرمەڭلار!» دەپ جاكالىدى. بىز شۇ بويىچە سوقۇشۇش بىلەن بىللە، بۇرۇن توغرۇسۇغا يۆتكەپ چىقىلغان مىلتىق، ئوق - دورا ۋە زەمبىرەكلەرنى ئولجا ئالدۇق. سوقۇشتا ئۆلگەن 200 دىن كۆپرەك ئادەمنى كۆمدۇق.

4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرنى ئالىمىز دەپ كېچە - كۈندۈزلەپ توختىماي ماڭدۇق. قۇرتقا دېگەن جايغا كەلگەندە بىر قىرغىزنىڭ ئۆيىگە كىرسەك، قېچىپ كەتكەن خەنزۇلار بىر قىرغىزنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كالىسىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. ئوسمان ئېلى بۇنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئەسىرگە چۈشكەن ئون نەچچە خەنزۇنى ئېتىپ تاشلىدى. خۇيزۇلارنى ئۆلتۈرمەيمىز دەپ بىللە ئېلىپ ماڭدۇق. ئاستىن ئاتۇشنىڭ شورۇق دېگەن يېرىگە كەلسەك، بۇ جايدىكى خەلقلەر نان - توقاچلارنى يېقىپ، قويلارنى سويۇپ، بىزنىڭ كېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىز بۇ روزىغارلارنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل قىلدۇق. چۈنكى — ئۆزىمىزنىڭمۇ تۆگىگە ئارتىپ ماڭغان يېتەرلىك روزىغارلىرىمىز بار ئىدى. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ھېيت ئايەم كۈنلىرى ئىكەن. (قايسى ھېيت ئىكەنلىكى ئېسىمدە



يوق). شۇڭا بىزمۇ ئات ئۈستىدىلا ناماز ئوقۇدۇق. كېيىن ئاتۇشنىڭ بوغاز دېگەن يېرىدە ئىككى كۈن تۇرۇپ، خەلقلەردىن ئات ئېلىپ، ناچار ئاتلارنى خىللىدۇق. ئاتۇش خەلقلىرى بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى ناھايىتى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. شۇ جايدىكى كىچىك ئاخۇن دېگەن كىشى 2000 دىن كۆپرەك ياشلارنى كالتەك - توخماقلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، بىزگە ياردەملىشىپ ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە ماڭدى. شۇ كۈنى قىرغىز قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنى مايىر، تاتىر، لەڭگەر دېگەن جايلاردىكى ئۇيغۇرلار مېھمان قىلىپ، قوندۇرۇپ قالدى. (باشلىقلار ئۆيدە، ئەسكەرلەر سىرتتا ئۇخلىدۇق). ئەتىسى ئۈستۈن ئاتۇشقا بارساق شۇ جايدىكى خەلقلەرمۇ بىزنى قىزغىن قوللاپ قارشى ئالدى ۋە ئالدىمىزغا چىقىپ گۆش، نان - توقاچلارنى يوللۇق تۇتتى. قارىساق تۇرسۇن ئەپەندى، نامان ئەپەندى، مەمتىلى ئەپەندى، يۈسۈپ ئەپەندى دېگەن كىشىلەر تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار ئىكەن، ئۇلار «ئىسلام ئۇلغايسۇن!» دېگەن شوئارلار چاپلانغان لوزۇنكىلار بىلەن ئاق بايراقلارنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىپتۇ. بىزمۇ ئاق ماتادىن سەللە يۆگەپ «غوجا بولدۇق» دېگەن شوئار بىلەن ئاق بايراق كۆتەردۇق.

بىز ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئايىرىدىكى داۋاندا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، قەشقەردىكى ماداۋتەي جارنىاي سايىپ دېگەن ئافغاننى 200 دىن ئارتۇق قوراللىق ئادەم بىلەن بىزنى بېسىقتۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار بىز بىلەن ئازراق سوقۇشۇپلا قېچىپ كېتىشتى. بىز ئۇلارنىڭ ئىككى ئادىمىنى تۇتۇۋېلىپ، بىرسىنىڭ قۇلىقىنى كېسىپ قوراللىنى قانلىدۇق. (سوقۇش بولغان جاي ھازىرقى ئۈچتۇر پاندىكى خان قىزىنىڭ ئۆيى

ئۇستىدىكى تاغ ئىدى). شۇنداق بىلەن بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مېڭىپ تاقىرىغا (هازىرقى ئايرودروم) چىقىپ ئورۇنلاشتۇق. بۇ ۋاقىتتا ئاستىن ئاتۇشتىكى كىچىك ئاخۇن تەشكىللىگەن 2000 دىن كۆپرەك كالتەكچى ياشلار بىلەن ئۇستىن ئاتۇشتىكى زەيدىن كارۋان تەشكىللىگەن 1000 دىن ئارتۇق ياشلار پىدائىي بولۇپ بىزگە قوشۇلغان بولۇپ، ئادەم سانىمىز 7000 دىن ئېشىپ كەتتى. شۇ پەيتتە قەشقەردىكى ماداۋتەي قەشقەرنىڭ چوڭ بايلىرى، قازى، ئاخۇنلىرىدىن ئوندىن ئارتۇق كىشىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، بىز بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق قوزغىلاڭنى تىنچ يول بىلەن بېسىقتۇرۇشقا ئۇرۇندى. بىز ماداۋتەينىڭ ھىلە - نەيرىڭىنى بىلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ ئەلچىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى رەت قىلدۇق ھەمدە سۆھبەتلىشىشكە قوشۇلمايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ، «شەھەرنى بىكار قىلىپ بەرسۇن، بولمىسا سوقۇشىمىز!» دەپ جاۋاب بېرىپ ئەلچىلەرنى قايتۇردۇق. ئەتىسى بىر كۈن تەييارلىق قىلىپ ئۇلار بىلەن سوقۇشماقچى بولدۇق، قىزىلئۆي قاتارلىق ئۈچ قورولنىڭ قىرغىزلىرى قۇم دەرۋازا بىلەن شىپتەي يامۇلىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئاتۇشتىن قوشۇلغان كالتەكچى ياشلار دەرۋازىغا ئوت قويۇپ، يول ئاچماقچى بولدى. تۈيۈن، چاقماق قوروللىرىدىكى قىرغىزلار يارۋاغ دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ كىرمەكچى بولدى. تېرەك، كۆكيار قوروللىرىدىكى قىرغىزلار تۆشۈك دەرۋازىدىن بۆسۈپ كىرمەكچى بولدى. تەييارلىقىمىز پۈتكەندىن كېيىن، بىز بەلگىلەنگەن جايىمىزغا يېتىپ بېرىپ، سوقۇش باشلىنىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق. تاڭ سەھەر بولغاندا سوقۇشنىڭ بۇيرۇقى بېرىلىش بىلەن تەڭ ھەر تەرەپتىن ئوق ئاۋازى



ئاڭلىنىپ، سوقۇش باشلىنىپ كەتتى. بىز يېرىم كۈندىن ئارتۇقراق جىددىي سوقۇشتۇق. كۈن پېشىن بولغاندا شەھەر ئېلىنىپ سوقۇش توختىدى. بىر قىسىم دۈشمەنلەر ئۆلدى، ئاز بىر قىسىم دۈشمەنلەر قېچىپ كەتتى. قوماندانلىق ئورنىدىن «شەھەر ئېلىندى، تىنچلىق بولدى، پۇقرالار ئۆز كەسپىنى قىلسۇن. قاچقان دۈشمەنلەرنى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۆزى كېلىپ تەسلىم بولسا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ...» دەپ يارلىق چۈشۈرۈلدى. سوقۇش بولغان كۈنى ماداۋتەينى (ماشياۋۇنى دېمەكچى - تەھرىردىن) قەشقەرلىق ئىبراھىم لوزۇڭ دېگەن باي ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، يوشۇرۇپ قويغاچقا ئامان قالدى. شۇ كۈنى كەچتە ئوسمان ئېلى شىپتەي يامۇلغا (ھازىرقى ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسى بار جايغا) ئورۇنلاشتى. ئىككى كۈندىن كېيىن تۆمۈر تۇەنجاڭ يېتىپ كېلىپ، داۋتەي يامۇلغا ئورۇنلاشتى. شەھەر ئىچى تىنچلىنىپ، سوقۇش ۋەھىمىسى تۈگىگەندىن كېيىن، ئوسمان ئېلى بارلىق قوزغىلاڭچىلارنى يىغىپ تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى باشلىدى. ئوراز، توختى، ئىسساي ئۈچى لۈجاڭ بولدى. ئۇيغۇرلاردىن كىچىك ئاخۇن، يۈسۈپ، زەيدىن كارۋانلار تۇەنجاڭ بولدى. ئىككى كۈندىن كېيىن يەكەننى (يەكەننىڭ كونا - يېڭى شەھەرلىرىنى) ئېلىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈلۈپ، ئوراز لۈيجاڭ بىلەن توختى تۇەنجاڭنىڭ باشچىلىقىدا يەكەنگە يۈرۈش قىلدۇق. ئۇ جايدىمۇ كۆپ سوقۇشمايلا دۈشمەنلەر شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. بىز يەكەننى تىنجىتىپ، رەسمىي قولىمىزغا ئالغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدۇق. شۇ يىلى 5 - ئايدا شەرقىي تۈركىستان ھەربىي، مەمۇرى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. مەمۇرى مەھكىمە باشلىقى سا-

ۋوت داموللا (ئۇيغۇر)، مۇئاۋىن باشلىقى قىرغىزلاردىن ئاب-
دۇللا بەگ بىلەن چىپاق قازى بولدى. شۇنىڭ بىلەن شەرق-
ىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ پۇلى دەپ ئاق لاتىغا باسقان
پۇل چىقىرىلىپ، (بۇ پۇللارنىڭ يۈزىدە شەرقىي تۈركىستان
ھەربىي قوماندانى ئوسمان سىلىڭ، مەمۇرىي ھۆكۈمەت باش-
لىقى ساۋۇت داموللا دېگەن خەتلەر بارئىدى) كونا پۇللار
بىلەن تەڭ خەجلەندى. ئۇزاق ئۆتمەي خوتەن ئېلىنىپ،
ئەمىر پاشا بولدى. كېيىن قۇمۇل، تۇرپان ئىنقىلابچىلىرى
كېلىپ قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئالىمىز دەپ سوقۇش باشلىدى
ۋە قەشقەردىكى خۇيزۇلار ئۇ يەرگە كىرىۋالدى. شۇ چاغدا؛
«ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى قارا شەھەرنى
ئېلىپتۇ، پات ئارىدا قەشقەرگە كېلىدىكەن...» دېگەن سۆزلەر
تارقىلىپ يۈردى.

شۇ يىلى 6 - 7 - ئايلاردا ئوسمان ئېلى سىلىڭ،
تۆمۈر سىجاڭ ئالىي قوماندان بولدى دەپ ئۇقتۇرۇلدى.
يەنە توختى، ئىسساي، قوشماتلار لۈجاڭ، سېتىۋالدى، كىچىك
ئاخۇن، رەشىد، ئابدۇللا، ئوسمان قاتارلىقلار تۇەنجاڭ
بولدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتا «تۆمۈر ئېلى سىجاڭ بوپتۇ. ھا-
پىز، ئاندانبەك ھاجى لۈجاڭ بوپتۇ، خۇيزۇلارنىڭ باشلىقلىرى
ۋە چولاق زىخۇيلار بۇلارنى قوللاپتۇ...» دېگەن گەپلەر تار-
قالدى. شۇ يىلى 8 - ئايلاردا ئوسمان ئېلى يېڭىشەھەردىكى
خۇيزۇلارنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشكەندە، خۇيزۇلار ئۇنىڭغا:
«شەھەرنى سىز ئالغان تۇرسىڭىز، نېمە ئۈچۈن تۆمۈر، سىلىڭ
بولىدىكەن. سىزنىڭ سىلىڭ بولۇش سالاھىيىتىڭىز يوقمۇ؟»
دەپ ئوسماننى قۇترىتىپ، ئىككىسىنى بىر - بىرىگە قارىمۇ-
قارشى قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئېلى بىر



كۈنى تۇيۇقسىزلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قىزىلتۈي، قانجۇغانىغا
بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئاساسلىق
قىسىملىرىنى ئېلىپ، كارناي چېلىپ يولغا چىقتى. بىز تۇەن-
جاڭ ھەم مۇئاۋىن دوتەي ئابدۇللانىڭ باشچىلىقىدا شىپتەي
يامۇلىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن يامۇلغا كۆچۈپ كىردۇق.
يامۇلنى بىر كېچە ساقلاپ ياتتۇق. ئەتىسى كۈن چۈش
مەھەلى بولغاندا «تۆمۈر سىجاڭ لەڭگەرگە سەيلىگە چىققان
ئىكەن، خۇيزۇلار يولدا ئالدىنى توساپ ئۆلتۈرۈپتۇ ھەم ئۇ-
نىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىپ ھېيتكارغا ئېسىپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن خۇيزۇلار قوشۇنلىرى چولاق زىخۇينىڭ باشچىلىقىدا
كونا شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ...» دېگەن خەۋەر كەلدى.
ئارقىدىنلا تەرەپ - تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باش-
لىدى. شىپتەي يامۇلىنىڭ سېپىلىدىن ئوق چىقىپ، ئۇ جاي-
دىكى پوستلىرىمىز قېچىپ كەلدى. ئارقىدىنلا خۇيزۇلار
بېسىپ كىرىپ، قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە ئاتلىرى-
مىزنى بۇلاپ چىقىپ كەتتى. بىزنى ساقلاپ پوستتا تۇرغان
ئادەملىرى قالدى. ئارقىدىنلا يەنە بىرمۇنچە خۇيزۇلار كىرىپ
كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى ۋە ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلىرى-
مىزنى تارتىۋالدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر
ئادەم كېلىپ بىزگە: «سىلەر مىدىرلىماي تىنچ تۇرۇڭلار،
چولاق زىخۇينىڭ بۇيرۇقى بويىچە سىلەرنى ئوسمان سىلىڭغا
تاپشۇرۇپ بېرىمىز...» دېدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، ئوسمان
سىلىڭنىڭ ئىنىسى موللا ئۆمەر دېگەن كىشى ئون نەچچە
كانۋايلىرى بىلەن شىپتەي يامۇلغا كەلدى. خۇيزۇلار يا-
مۇلدىن چېكىنىپ چىقىپ، بىزنى موللا ئۆمەرگە تاپشۇرۇپ
بەردى. ئەتىسى ئوسمان سىلىڭ بارلىق قوشۇنلىرىنى ئېلىپ

كېلىپ، سېپىلدىكى قاراۋۇللارنى كۆپەيتتى. چارلىغۇچىلار يارۋاغ سېپىلى بىلەن قۇم دەرۋازا تەرەپلەرگە بارسا، خۇيزۇلار ئۇ جايغا قاراۋۇللىرىنى كۆپەيتىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن. شۇڭلاشقا بىزمۇ خۇيزۇلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدۇق. شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرۇش بىلەن تەڭلا مىلتىق ئاۋازى كۆپەيدى. ئارقىدىنلا خۇيزۇلارنىڭ زەمبىرەك ئوقلىرى شىپتەي يامۇلنىڭ سېپىلىگە چۈشتى. بىز تەرەپتىن ئادەم ئۆلمىدى. پەقەتلا سېپىلنىڭ ئازراق جايلىرى بۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن سوقۇش جىددىيلەشتى. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا ئوسمان سىلىڭنىڭ ئىنىسى موللا ئۆمەرگە ئوق تەگدى، دەپ خەۋەر كەلدى. ئوسمان سىلىڭنىڭ ئارقىسىدىن ھەممىمىز سېپىلگە چىقىپ يىغا-زارە بىلەن «خۇيزۇلارنى قەتئىي يوقىتىش كېرەك!» دەپ قەسەم قىلدۇق. ئوسمان سىلىڭ ئىنىسىغا تەگكەن ئوقنىڭ ئالدى تەرەپتىن ياكى ئارقا تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئارقىسىدىن تەگكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنىسىنىڭ بىر كاتىپى ۋە بىر تەرجىمانى خۇيزۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئوقنى چوقۇم شۇلار ئاتقان» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، بۇ ئىككى خۇيزۇنى ئېتىپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ سوقۇش ئىككى سوتكا جىددىي بولۇپ، ئەتىسى كۈن چىققان مەھەللىدە «خۇيزۇلار قېچىپتۇ، كۆپ قىسمى ئۆلۈپتۇ ...» دېگەن خەۋەر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز ئالدىنقى سەپ ئورۇنلاشقان جايغا (يەنى، كونا مال بازىرى بىلەن تاش بازىرىغا) بارساق، بۇ يەردىكى ئۆلۈكلەردىن ئادەم ئۆتكۈسىز بولۇپ كېتىپتۇ.

سوقۇش ئاخىرلىشىپ، تىنچلىق ئېلان قىلىنغاندىن



كېيىن، مەن بىر قىرغىز بالا بىلەن ئۆلۈكلەرنى كۆرگىلى بېرىپ، ئۆلۈكلەردىن ئۆتەلمەي قايتىپ كەلدۇق. خۇيزۇ ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىملىرى كۆك ئىشتان — چاپان، ئاق دوپپا ئىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە يېڭىشەھەردىكى خۇيزۇلار بىلەن كونا شەھەردىكى قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا پارچە-پۇرات ئۇرۇشلار دائىم بولۇپ تۇردى، شۇ يىلى 10-ئايلارغا كەلگەندە قىرغىزلارمۇ، ئۇيغۇر، ئۆزبەكلەرمۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىپ پارچىلىنىشلار بولدى. ئاقىۋەتتە قىرغىزلار ئۆز ئىچىدىن قۇتۇرىشىپ ئوسمان ئېلى، توختى لوجاڭ، ئىسساي لوجاڭ، ئوراز سىجاڭ قاتارلىقلارغا قارشى چىقتى ھەمدە ئابدۇخالىقنىڭ باشچىلىقىدا ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ھايات قالغانلىرىنى خوتەنگە پالىدى. ئۆزبەك قوشۇنلىرىنىڭ بىر قىسمى سېيىتۋالدىجاننىڭ باشچىلىقىدا ئافغانىستانغا قېچىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قەشقەرگە يېتىپ كىرىپ، يېڭىشەھەردىكى خۇيزۇلارغا ماسلىشىپ قەشقەرنى پۈتۈنلەي ئىگىلىدى ھەمدە قەشقەردىكى قىرغىز، ئۇيغۇر ۋە ئۆزبەك قوزغىلاڭچىلىرىنى سۈرۈپ چىقاردى.

1934-يىلى خوتەن پادىشاھى ئەمىر I، ئوسمان ئېلى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئادەملىرىنى ئازاد قىلىپ قەشقەرگە قايتۇردى. شۇ يىلى 2-ئايلاردا ئۇ قەشقەرگە كىرەلمەي يەكەندىن ئۆدۈللاپ پەيزىۋاتقا كېلىپ، ئۇ يەردىكى (يەنى كۆركۆرە، جايتۆپە، قارا جۇل، قۇرۇملۇق، تەگىرمەتى، مەيدانلاردىكى) قىرغىزلارنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن توختاخۇن، قۇربان ئاخۇن قاتارلىقلارنى باشلىق قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنى سىلىڭ دەپ ئېلان قىلغان. كېيىن ئۇلۇغچان تەرەپتىكى ئوراز سىجاڭنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن

يۇرۇش قىلىپ، تۈيۈن دېگەن جايغا بارغاندا ئۇ جايدىكى ساي ئولجاكىنى تەسلىم قىلدۇرغان ھەمدە ئىلگىرىلەپ مېڭىپ قىزىلئۆيدىكى ئوراز سىجاكىنىمۇ ئۆزىگە ئەل قىلىپ قورال - ياراقلىرىنى يىغىۋالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيزىۋاتتىكى قۇرۇملۇق دېگەن جاي ئارقىلىق ئېيقىلىق دېگەن يايلاقتا ئورۇنلىشىپ، سوۋېت چېگرا پونكىتى بىلەن ئالاقىلاشقان. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگراغا مەسئۇل خادىمى باشقاقوۋ دېگەن رۇس ئادەم، ئىسسامدىن (قىرغىز) دېگەن ئادەمى ئارقىلىق ئوسمانغا 16 ئاتار يان قورالدىن بىرنى سوۋغا تىلىقتا ئەۋەتكەن. ئارقىدىنلا ئوسمانغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەتكەن ئابدۇللا ۋە قولجۇن قاتارلىق باسمىچىلارنى تۇتۇپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىرىنچىغا ئوسمان ماقۇل بولۇپ، ۋەدە بەرگەن. شۇندىن كېيىن ئوسمان ئاشۇ باسمىچىلارنى تۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن قوغۇنلىرىنى باشلاپ قاقشال دېگەن (ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسى) جايغا بارغاندا، باسمىچىلار ئوسمانغا: «ھەممىمىز بىر قىرغىز ئەمەسمۇ؟ بىزنى تۇتۇپ بەرسىڭىز ھەممىمىزنى قىرىپ تاشلايدۇ. بىزگە ئۇۋۋال قىلماسسىڭىز...» دەپ يالۋۇرۇپ تۇرغاندا ئوسمان پەيلىدىن يېنىپ ئۇلارنى تۇتمىغان. كېيىن سوۋېت تەرەپ يەنە ئىسسامدىندىن بىر دانە ئاپتومات سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئېيقىلىقتا ئوق تېگىپ كەتتى دېگەن بانا بىلەن ئوسمان ئۇنى ئېتىپ تاشلىغان. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت تەرەپ ئوسماننى ئىشەنچسىز، ئالدامچى دەپ قاراپ، ئۇنىمۇ يوقىتىشنىڭ كويىغا كىرىدۇ. 1934 - يىلى 9 - ئايلاردا ئۇلار ئوسمانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. ئوسمان بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن قاچىدۇ. ئەمما ئاساسلىق كۈچلىرى سوقۇشتا



قولغا چۈشىدۇ. ئۆزى قەشقەر تەرەپكە قېچىپ بارىدۇ. ئۇ جايدا مامۇت سىجاڭ تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلۈپ، ئەسكەر باشلىقلىرى قولغا ئېلىنىدۇ. ئوسماننى ئۈرۈمچىدىكى شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1932 - يىلى پارتلىغان قەشقەردىكى قىرغىزلار قوزغىلاڭنىڭ ئاخىرقى تارمىقى ھەرىكەتتىن توختايدۇ.

# قاقشال قىرغىزلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى

خالىل قىدىر

قاقشال 1940 - يىلىدىن ئىلگىرى ئۈچتۇرپانغا تەۋە بولغان قىرغىز يېزىسى بولۇپ، ئۇ باقىت، ساتوغۇل، قاراغول ۋە قۇتچۇدىن ئىبارەت تۆت بەگلىكتىن تەشكىل تاپقان. باقىت بەگلىكىگە قارا تەكە، ئوتبېشى، قۇلانسااراق، ياڭاچى قاتارلىق جايلار قارايتتى. ساتوغۇل بەگلىكىگە يۇقىرىقى ئۈچ، ئاقتالا ، سومتاش ۋە ئاقچىنىڭ يايلاق - قىشلاقلىرى قارايتتى. قاراغول بەگلىكىگە قاراچى، قارا بۇلاق، قاراتاش، كۆكئارت، كۈنگەي، تەسكەي يايلاق - قىشلاقلار قوشۇلۇپ چىچارغا (سوۋېت چېگراسىغىچە) بارغىچىلىك ئارىلىقلار قارايتتى. ھەر بىر بەگلىكتە بىردىن بەگ، مۇئاۋىن بەگلەر بولاتتى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا ھەر بىر مەھەللە ياكى جايلارنى باشقۇرىدىغان يۈز بېشىلار بولاتتى، بۇلار بەگلەرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆز تەۋەلىكىدىكى پۇقرالاردىن ئالۋاڭ - ياساق، ھاشار - سەيسەلەرنى يىغىپ تاپشۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. ئۈچتۇرپان ئامبالنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قاقشالدىكى قىرغىزلارنىڭ تۆت بەگلىكى ئۈستىگە بىر باش شاڭيۇ قويۇلاتتى. باش شاڭيو تۆت بەگلىك ئۈستىدىكى ھەممە ئىشلارغا تولۇق ھو-



قۇقلۇق بولۇپ، خالىغانچە ئالۋاڭ چۇشۇرەلەيتتى. شۇڭا شاڭيو بولغۇچىلار قايسى قەبىلە ياكى ئۇرۇقتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئابرويلۇق، مەرتىۋىلىك، كەسكىن كىشىلەردىن تەيىنلىنەتتى. قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش، ماجرالار ياكى ھوقۇق تالىشىشلار بولۇپ قالسا، ئۈچتۇرپان ئامبالىغا ياكى ئاقسۇدىكى دوتەيگە پارا بېرىش ئارقىلىق ئۆز ئىشلىرىنى ھەل قىلىشاتتى. 1890 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە بولغان 50 يىل ئىچىدە سەككىز نەپەر ئادەم قاقشالغا باش شاڭيو بولغان. بۇلار مامبەت سىدىق (يامانسۇلۇق بولۇپ، دۆڭگۆ قەبىلىسىدىن ئىدى)، قۇلىبېك (قاراۋۇلمۇق بولۇپ، ئاسانبەك قەبىلىسىدىن)، تومو (قۇلانساۋلىق بولۇپ، باقىت ئاچاق قەبىلىسىدىن)، باقۋاقۇن (ئاقچىدىن بولۇپ ساتقول قەبىلىسىدىن)، تۆمۈر ھاجى (قارا بۇلاقلىق بولۇپ قاراغول قەبىلىسىدىن)، چالباي (ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ھىلىگەر ئادەم بولۇپ، يەرلىك قىرغىزلارنىڭ يۈۋاشلىقىدىن پايدىلىنىپ ئالتە ئاي باش شاڭيۇ بولۇۋالغان)، ئۇسەن ئاخۇن (قارا بۇلاقتىن بولۇپ، دۇۋان قەبىلىسىدىن ئىدى)، جۇنۇسباي (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كەلگەن ئىنقىلابىي كادىرلاردىن بولۇپ، ئەسلى خىزمىتى ئۈچتۇرپان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خادىمى ئىدى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆمۈر ھاجى دېگەن كىشى ئىككى قېتىم باش شاڭيو بولغان بولۇپ، ئۇ ئاقسۇ دوتەيىگە ھەم ئۈچتۇرپان ئامبالىغا ئون يامبو (بىر يامبو 50 سەر كۈمۈش تەڭگە ھېسابىدا)، قىرىق تۈلكە، ئىككى ئېيىق تېرىسى، ئون ئات، 20 كالا قاتارلىق نەرسىلەرنى پارا بېرىپ باش شاڭيو بولغانىدى. بۇلاردىن باشقا ئۆمۈر-

زاق بىلەن ئىبراي دېگەن ئىككى ئادەم ئۇچتۇرپاندا مۇئاۋىن ئامبال بولغان بولۇپ، بۇلار شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ دەۋرى شارائىتى بويىچە مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىش ئاساسىدا سايلانغانىدى.

1940 - يىلدىن بۇرۇنقى قاقشالنىڭ چېگراسى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، شەرقتە ئۇچتۇرپاننىڭ تالتۇمشۇق دېگەن يېرى بىلەن، جەنۇبتا كەلپىن ناھىيىسىنىڭ سۇبېشى بىلەن، غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرالانغان بولۇپ، چېگرا ئۇزۇنلۇقى 400 كىلومېتىردىن ئاشاتتى. ئومۇمىي يەر مەيدانى 15.000 كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، چارۋىچىلىق ئاساس، دېھقانچىلىق قوشۇمچە قىلىناتتى.

## قاقشالدىكى يىپەك يولى

قاقشال رايونى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولغاچقا، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ رايون ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سودا كارۋانلىرى ئۈچۈن قولايلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىش بىلەن بىللە، يىپەك يولىنىڭ يېقىنقى يىللارغىچە داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بولۇپمۇ قاقشالدىكى بەدەل داۋان (يايلاق داۋىنىمۇ دېيىلىدۇ) بىلەن ئاغچا قارۇل ئەنە شۇ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. ھازىر بۇ جايلاردا ئەينى زاماندىكى يىپەك يولىغا ئائىت قەدىمكى ئىزلار (ئەينى ۋاقىتتىكى كارۋانلار ماڭغان يوللار، ئالاقىلىشىش تۆپىلىرى، قونالغۇ ئۆتەڭلىرى،



قورغانلار، تاش ئابىدىلەر ۋە باشقىلار) خېلى كۆپ ساقلىنىپ قالغان. 1900 - يىللاردىمۇ تېخى سودا كارۋانلىرى مۇشۇ يىپەك يولى ئارقىلىق ماڭاتتى. قاقشالدىكى يىپەك يولىدا يەنە يەرلىك قىرغىزلارنىڭ ئۆز زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن سالغان قورغانلىرىمۇ بار. چۈنكى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قاقشالدىكى يىپەك يولىدا سودىگەرلەر ماڭغانىدىن باشقا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان يامان غەرەزلىك كىشىلەرمۇ سودىگەر قىياپىتىدە كىرگەن.

مەسىلەن: ئىبراي قورولىنى مىسالغا ئالساق، بۇ قورول 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قاقشالنىڭ يالاڭچى يېزىسىدىكى قارا غول قەبىلىسىدىن ئىبراي دېگەن كىشى سالغان. بۇ قورول يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان بەدەل داۋان قېشىدا بولۇپ، ئاغچا قورولىنىڭ قاقشال تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ قورول چارروسىيىنىڭ قاقشال چارۋىچى قىرغىزلىرىنى بوزەك قىلىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن سېلىنغان ئىدى. ئىلگىرى بۇ جاي ئەسلىدىكى يىپەك يولى ئاساسىدا شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشىدىغان تۈگۈنى بولسىمۇ، كېيىن چارروسىيە تەرەپ بۇ جايغا ئىگىدارچى بولۇۋېلىپ، ئۆتكەن — كەچكەنلەردىن خالىغانچە باج - سېلىق ئالىدىغان بولۇۋالغان. شۇڭلاشقا ئىبراي ئۆزىمۇ ئىلغار پىكىرلىك ۋەتەنپەرۋەر ئادەم بولغاچقا غەزىپى تېشىپ، يەر - زېمىن بىزنىڭ تۇرسا روسىيىلىكلەرنىڭ بىزنى بوزەك قىلىشى يولسىزلىق دەپ ئۇچتۇرپان ئامبالىغا تەكلىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئۇ جايغا ئۆزى قورغان سېلىپ چېگرا بېجى ۋە باشقا ئىشلارنى باشقۇرغان.

بۇنىڭ بىلەن روسىيىلىكلەرنىڭ يولسىزلىق، قانۇنسىزلىقىغا خاتىمە بېرىلىپ، ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك قىرغىزلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. شۇندىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت سودىگەرلىرى، تىجارەتچىلىرى ۋە كارۋانلار مۇشۇ يىپەك يولى ئارقىلىق شىنجاڭدىن ماتا چەكمەن، ھەر تۈرلۈك خام مال، يەل - يېمىش (ئۈرۈك، ئۈزۈم، ياڭاق، جىگدە...) قاتارلىق نەرسىلەرنى ئوتتۇرا ئاسىياۋە ياۋروپاغىچە ئاپىرىپ ساتقان. ئۇ تەرەپلەردىمۇ شىنجاڭغا لايىق دەپ تونۇلغان ماللار ئېلىپ كېلىنگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەپيۇن كۆپ بولغانلىقتىن باشقا ماللار ئارىسىغا يوشۇرۇپ ئەپيۇنلارنىمۇ ئەكېلىپ ساتقان. ئەمما ئەپيۇننى خالىغانچە، ئاشكارا ھالدا ئۆتكۈزەلمەيتتى. تۇتۇلۇپ قالسا جەرىمانە ئېلىش ياكى مۇسادىرە قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى قاماق جازاسىمۇ بېرىلگەن.

1930 - يىللاردا خوجىنىياز ھاجى مۇشۇ يىپەك يولى ئارقىلىق نۇرغۇن قوي ئۆتكۈزۈپ، سوۋېتتىن قورال - ياراق كىرگۈزگەنىدى. قاقشالدىكى قىرغىز شائىرلىرىنىڭ خوجىنىياز ھاجى ھەققىدە يازغان شېئىر - قوشاقلىرىدىمۇ بۇ ئەھۋال گەۋدىلىك ئەكس ئەتكەن.

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولغان مەزگىللەردە شىنجاڭدىن پاختا، يۇڭ، تېرە قاتارلىق خام ماللارنى مۇشۇ يول ئارقىلىق سوۋېتقا چىقىرىپ، ئۇ تەرەپتىن شىنجاڭغا لازىملىق نەرسىلەرنى كىرگۈزگەن ئىدى. ھەتتا قاراشەھەر قاتارلىق يىراق جايلاردىن ھەيدەپ كېلىنگەن قويلارمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق سوۋېت تەرەپكە ئۆتكۈزۈلەتتى. باشقا جايلاردىن ھەيدەپ كېلىنگەن چارۋىلارمۇ ئۇچتۇرپان



ئارقىلىق چىقىپ، 15 كۈندە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېتىپ باراتتى. ئاتلىق كارۋانلار ئالتە كۈندە، تۆگە كارۋانلىرى ئون كۈندە يېتىپ بارالايتتى. بېرىپ - كېلىشى ئۈچۈن بىر ئاي ۋاقىت كېتەتتى. ئۇچتۇرپاندىن يولغا چىققاندا قاقشال دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بەدەل داۋان ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسسىق دېگەن جايىغا باراتتى. ئۇ جايدا ماللارنى ئالماشتۇرۇپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن قايتىپ كېلەتتى. يول ئۈستىدە يامانسۇ، قارا يۇلغۇن، ئويچاكاندا، ئويتال، ئىبراي چازا، ئاقچا قارول، مەچىت، سارىچان، چوڭ قۇنۇش قاتارلىق ئۆتەڭ قونالغۇلاردا يېتىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ يوللار ئەگرى - بۈگرى ھەم تار بولغىنىنىڭ ئۈستىگە، چوڭ - كىچىك داۋانلارمۇ كىشىنى ھالسىرىتاتتى. يەنە كېلىپ بەدەلنىڭ ئىچىدىكى سۇلار، يىرتقۇچ ھايۋانلار كارۋانلارغا، سودىگەرلەرگە ۋەھىمە سېلىپ، ئۇلارنى خاتىرجەمرەك ماڭدۇرمايتتى.

1930 - يىللاردىكى ئۇچتۇرپان يىپەك يولىدىكى مەركىزى شەھەر تۈسىگە كىرگەن بولۇپ، سودا - تىجارەت ئىشلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە راۋاجلانغان. شۇڭلاشقا بىرمۇنچە ناھىيىلەر ئۇچتۇرپاندا مەخسۇس سودا شىركەتلىرىنى قۇرغان. مەسىلەن: كۇچار شىركىتى، باي شىركىتى، ئاۋات شىركىتى قاتارلىقلار قۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىققان يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ساتىدىغان مەخسۇس سودا ئورۇنلىرى قۇرۇلغانىدى. بۇندىن باشقا سوۋېت بىلەن ئۇچتۇرپان ئارىلىقىدا قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي قاتناۋاتقان سودىگەرلەرمۇ تازا كۆپەيگەن بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئۇيغۇر، قىرغىز، خەنزۇ قاتارلىقلار ئىدى.

سوۋېت سودىگەرلىرىمۇ كېلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قارا قولدىن بەدەل داۋانغىچە، قارولدىن ئۇچتۇرپانغىچە ئەكېلىپ ساتقان پىششىق ماللىرى ۋە سانائەت بۇيۇملىرى ئىچىدە ۋېلىسىپىتمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. 1930 - يىللاردا ئۇچتۇرپاندا ۋېلىسىپىت مىنىپ يۈرۈيدىغانلار خېلى كۆپىيىپ قالغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئامبال ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ باللىرى ۋېلىسىپىت مىنەتتى. يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «شەيتان ھارۋىسى» دەپ ئاتاپ، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ كۆرەتتى.

1939 - يىلى «12 - ئاپرېل بايرىمى» دا ناھىيە بويىچە داغدۇغىلىق پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسى ، ئات چاپتۇرۇش ، ئوغلاق تارتىشىش، ئارغامچا تارتىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغان. مۇسابىقە مەيدانى ئالاسايغا (ئۇچتۇرپان بازىرىنىڭ غەربىدىكى خوجىيەن يېزىسىدا ۋە ئايروپىلان ئىستانسىسى يېنىغا) ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپتە ۋېلىسىپىت مىنگەن 30 نەپەر ئادەم مەيدانغا چۈشۈپ ماھارەت كۆرسەتكەن. مۇسابىقىدە تۆلۈمۇش بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ مۇكاپات ئالغان. شۇ قاتاردا يەنە 17 نەپەر ئادەممۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىغا قىرغىز ئۇيۇشما رەئىسى سالىخ تورغايوپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ئابدۇۋەھام ئەيتىباروپ، ئابدۇلھېمىتخان، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن مۇقاش قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان. ئەمما بۇ قېتىمقى مۇسابىقە جەريانىدا خېيىم - خەتەرلەرمۇ كۆرۈلگەن. ئوغلاق تارتىشىشتا باغبۇئالدى دېگەن قىرغىز ئادەم ئۆلگەن. ئاتلارنى يورغا سالدۇرۇشتا ئىسمان دۈيجاڭ (سوۋېت-



تىن كەلگەن قىرغىز خادىم بولۇپ، ئوفىتسېر ئىدى) دېگەن ئادەمنىڭ ئېتى ھارۋىدىن ئۈركۈپ كېتىپ ھارۋىكەش بىلەن بىللە ئۆلگەن. ئات چاپتۇرۇشتا 60 تىن كۆپرەك ئادەم بىراقلا مەيدانغا چۈشكەن بولۇپ، قوناقباينىڭ قارا ئايغىر ئېتى بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 15 ئاتقىمۇ مۇكاپات بېرىلگەنىدى. بۇنداق مەدەنىي تۇرمۇشلار شۇ زامان شارائىتىدا تولىمۇ ئىلغارلىق ھېسابلىناتتى.

## تاشيوللار

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە ئۇچتۇرپاندىن بەدەل داۋانغىچە بولغان ئارىلىققا تاشيول ياساش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. 1938 - يىلى ئۇچتۇرپان ئامبىلى مۇھەممەت ئىمىن شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن رەسمىي ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ، قاقشالىدىكى تۆت قىرغىز بەگلىكىگە 2000 ئەمگەك كۈچى، ئۇچتۇرپان ئالتە بەگلىك ئۇيغۇرلارغا 3000 ئەمگەك كۈچى (ھەر بىر بەگلىكتىن 500 دىن كىشىنى) چىقىرىشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى، يۈز بېشىلىرى ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ خەلقلەرنى يىغدى. ئارقىدىن ھەر بىر بەگلىكتىن يىغقان 500 كىشىگە بىردىن شاڭيو بەلگىلەپ، تاشيول ياساش باشلىنىپ كەتتى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا قىلچە ئېتىبار بېرىلمەستىن، ئەكسىنچە ئۇرۇپ، تىللاپ مەجبۇرى ئىشقا سالدى. بولۇپمۇ ئىككى بەگلىكنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولغان تىلى-

ۋالدى (ئۇيغۇر) شائىيو بىلەن دۇباتا (قىرغىز) شائىيو ئىككىسى زومىگەرلىكتە ئۇچىغا چىققان بولۇپ، بىگۇنا پۇقرالارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانىدى. شۇ ۋاقىتتا مەنمۇ خېلى كىچىكلا بولۇپ، ئاتامنىڭ ئورنىغا 15 كۈن ئىشلەپ تۇرۇشقا بارغانىدىم. مېنى كىچىك كۆرۈپ ياقۇپ شائىيونىڭ ئۆيىگە (ئاق كىگىز ئۆيىگە) ئوت قالىغىلى قويدى. بۇ چاغدا مېنىڭدىن كىچىك باللارمۇ بار ئىكەن، بەزى كەچلىكى بىز بىر جايغا توپلىشىپ بىللە ئوينايتتۇق. بىر كەچلىكى مەنمۇ باللارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئويناۋاتسام قوشنىمىز ئىسمىل دېگەن كىشى مېنى چاقىرىپ، بىر ئازغاننىڭ توۋىگە ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئىككى تەرەپكە بىر قۇر قارىۋېتىپ: «مەن قېچىپ كېتەي دەۋاتىمەن، سەنمۇ كېتەمسەن؟» دەپ سورىدى. مەن ئىتتىكلا ماقۇل دېدىم. چۈنكى شائىيلارنىڭ خەقلەرنى ئۇرۇپ - تىللاپ قورقۇتقانلىقىنى كۆرۈپ مەنمۇ ئۆزۈمدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم. ئىسمىل ئاكا ماڭا: «ئادەملەر ئۇخلىغاندا مەن مۇشۇ ئازغان توۋىدە سېنى ساقلايمەن. سەنمۇ ھوشيار بولۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگىن...» دەپ بەزى گەپلەرنى ئۆگەتتى. مەن ئىسمىل ئاكىنىڭ دېگىنى بويىچە كىشىلەر ئۇخلاپ بولغاندا شۇ ئازغان توۋىگە كەلدىم. بىز تېپىشقاندىن كېيىن ئاغچا قارولدا ئىشلەۋاتقان جايىمىزدىن قېچىپ ماڭدۇق. تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇنراق ئويتال ئەتراپىغا كېلىپ ھېرىپ قالدۇق. قارىساق يېنىمىزدىكى بىر ئويمانلىقتا ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر كىشى نان يەپ ئولتۇرۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئىسمىل ئاكا ئۆلۈكلەرنى تۈزلەپ ياتقۇزۇپ ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، بىردەم قۇرئان ئوقۇدى. بىز يەنە ئازىراق يول ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئازگاللىققا كىرىپ دەم



ئالدۇق. شۇ ۋاقىتتا ئىسمىل ئاكا ماڭا مۇنداق گەپلەرنى قىلدى: «ئۆلگەن ئۈچ كىشىنى تونۇدۇم، تۈنۈگۈن بۇلارنى تىلىۋالدى شائىيو ناھايىتى قاتتىق ئۇرغانىدى. بىز ئۇلارنى شۇ يەردىلا ئۆلىدىكەن دەپ ئويلىغان ئىدۇق. ئادەمنىڭ جېنى چىڭ ئىكەن. بىچارە رەھمەتلىكلەر بىزنىڭ ئالدىمىزدا قاچقان ئوخشايدىكەن تاياق زەربىسىدىن ئۆلۈپتۇ......» دەپ بىرھازاغىچە ئىچىنى ئاغرىتتى. بىز كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى مېڭىپ، ئاخىرى سالامەت ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. مەن شۇ تاشيولدا ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا ۋىيەن ئىسىملىك بىر خەنزۇ ئەمەلدارنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ ناھايىتى زالىم بولۇپ، كۈندە دېگۈدەكلا كىشىلەرنى ئۇرۇپ تىللايتتى. ھەتتا ئاچچىقى كەلگەندە يۈز بېشى، شائىيو، دېگەنلەرنىمۇ يۈز-خاتىرە قىلماستىنلا ئۇرۇپ، تىللايتتى. ئۇنىڭ ئادەم ئۇرغانلىقىنى كۆپ قېتىم كۆرۈپ مەنمۇ قورققانىدىم. تاغ - داۋانلاردا، چۆللەردە تىنىم تاپماي ئىشلەپ ۋەزىپە پۈتتۈرۈش ھەقىقەتەن مۇشكۈل ئىش ئىدى. قورساق ئاچ، ماغدۇر يوق بولغانلىقتىن ئۈستىگە ۋەزىپە ئېغىر ئىدى. ئۇ زاماننىڭ ئالىيسىنى جوتتۇ بولۇپ، ئېھتىياجلىق بولغانلارغا يېتىشمەيتتى. شۇنداق جاپالىق شارائىت ئاستىدا ئۈچ يىل ئىشلەش ئارقىلىق، ئۈچتۇرپان بازىرىدىن قارولچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان يولنى ياساپ پۈتتۈرگەن. ئەمما چوڭ - كىچىك دەريالارغا كۆۋرۈك سېلىنمىغان. ھەتتا بەدەل داۋانغىمۇ تولۇق يەتمىگەن. كېيىنچە بۇ يوللار بۇزۇلۇپ، ئۇلاق ھارۋىلىرى ماڭغۇچىلىكمۇ قالمىغان. 1950 - يىلدىن كېيىن جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جاپالىق مېھنەت سىڭدۈرۈشى ئارقى-

دا، بەدەل داۋانچىلىك تاشيول ياسالدى. چوڭ - كىچىك
دەريالارنىڭ ھەممىسىگە كۆۋرۈك سېلىندى. ئۆتمۈشتىكى
بىر قانچە كۈنلۈك يول ھازىر ئاپتوموبىللار ئۈچۈن بىرنەچ-
چە سائەتلىكلا يول بولۇپ قالدى. ھازىر بۇ يول بىلەن
بەدەل يايلاققا بارىدىغان دېھقان، چارۋىچىلار ئاپتوموبىل
بىلەن بېرىپ - كېلىپ، يايلاق - قىشلاقلاردا خاتىرجەم
ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

## توققۇز بۇلاق

توققۇز بۇلاق ئۈچتۇرپان بىلەن مۆلجەر تاغنىڭ شى-
مالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، سۈيى مول - مەنزىرىلىك
جاي. 1920 - يىللاردا مادارىن (ماشياۋۇ) ئۈچتۇرپانغا ئام-
بال بولۇپ تۇرغاندا توققۇز بۇلاقنى كۆزدىن كەچۈرگەن ھەم-
دە بۇ جاينىڭ ھەقىقەتەن مەنزىرىلىك سەيلىگاھقا مۇناسىپ
ئىكەنلىكىنى بايقاپ، يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ مەسلىھەتى بى-
لەن بۇ جايغا قۇرۇلۇش قىلىشنى پىلانلىغان. شۇنىڭ بىلەن
مادارىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شائىيو، يۈز بېشىلار ئارقىلىق ھەر
مىللەت پۇقرالىرىنى ھاشارغا ھەيدەپ كېلىپ، نۆۋەت بىلەن
ئىشلەتكەندى. شۇ ۋاقىتتا پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى ناچار بولغاچقا
بەزى كىشىلەر ئاچ قوساقتىن يىقىلىپ چۈشەتتى، بەزىلىرى ماغ-
دۇرسىزلىنىپ ھالىدىن كېتەتتى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ
بىر تىيىن پۇل بەرمەي ھەقسىز ئىشلىتەتتى، بىچارە نامرات
پۇقرالار كېچە - كۈندۈز ئالمىشىپ ئىشلەپ، چوڭ - كى-
چىك كېمە - قېيىقلار ماڭالايدىغان چوڭ كۆل چېپىش؛ توق-
قۇز يەردىن توققۇز بۇلاق كۆزىنى ئېچىش؛ يەر تۈزلەش،
تاش تىزىپ ھەشەمەتلىك يوللارنى ياساش؛ ئۆستەڭ چېپىپ



ئېقىن سۇلارنى رەتلەش؛ چوڭ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا پاراخوت
شەكلىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ ئۆينى ياساش؛ تاغ
باغرىغا راۋاق - شىپاڭ ئۆيلەرنى سېلىش؛ تاغدىن قارىغاي
ئەكېلىپ بۇلاق چۆرىسىگە قويۇش؛ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كى-
رىپ چىقىش ئۈچۈن كۆۋرۈك سېلىش؛ مېھمانخانا ۋە ئىشىك
دەرۋازىلارنى ياساش قاتارلىق ئىشلار ئىككى يىلدا ئارانلا پۈت-
كەنىدى. شۇۋاقىتتا توققۇز بۇلاققا مىڭلاپ پۇقرالار ھەيدەپ
كېلىنىپ ئىشلىتىلگەندىن سىرت ، ياغاچچى، تۆمۈرچى، تام-
چى سىرچى، نەققاش... دېگەندەك ھۈنەرۋەن ئۇستىلارمۇ خىل-
لاپ ئېلىپ كېلىنىپ ئىشلىتىلگەن. بولۇپمۇ بۇ ۋاقىتتا تاغدىن
قارىغاي توشۇيدىغانلارنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر بولغان.
ئۇلار قۇتچۇبى تەۋەسىدىكى مۇزلۇق يايلاق دېگەن جايغا بې-
رىپ قارىغايلارنى يىلتىزى بىلەن كولاپ ئېلىپ كېلەتتى.
يوللار خەتەرلىك ھەم سوغۇق بولغاچقا دىققەت قىلمىسىلا
ھاياتىدىن ئايرىلاتتى. مۇز يايلاقنىڭ ئارىلىقى بەش كۈنلۈك يول
بولغاچقا قارىغايلارنى ئات، تۆگە، قوتازلارغا ئارتىپ ئېلىپ
كېلىش ئۈچۈن ئون كۈن ۋاقىت كېتەتتى. جاپاكەش پۇق-
رالار ئەنە شۇنداق جاپا - مۇشەققەتلىك ئەمگىكى بىلەن توق-
قۇز بۇلاقنى ھەشەمەتلىك سەيلىگاھقا ئايلاندۇرغان بولسىمۇ،
لېكىن بۇ جاي پۈتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ خوجايىنى مادارىن
(ماشياۋۇ) باشچىلىقىدىكى تەييارتاپلار بولۇپ قالدى. توق-
قۇز بۇلاقنى باشقۇرۇش ۋە سەيلە قىلىش ئىشلىرى پۈتۈن-
لەي ئۇنىڭ يار - بۇرادەرلىرىنىڭ ئىختىيارىچە بولدى. قان-
تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن پۇقرالارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت
قىلىنمىدى، ھەتتاكى رۇخسەت بىلەن كىرگەنلەرگىمۇ خالىغان-
چە چەك قويىدىغان بولدى.

مەسىلەن: كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان بىناغا چىق-
ماسلىق، كېمىدە ئولتۇرۇپ ھوزۇرلانماسلىق، راۋاق - ئۆيـ
لەرگە كىرمەسلىك... دېگەندەك چەكلەر قويۇلۇپ، ئادەتتىكى
جايلارنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىندى. مادارىن (ماشياۋۇ)،
ئۇنىڭ ئەۋلادى ۋە ئەمەلدارلار بولسا خالىغانچە سەيلە
قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش، مەي - شاراپ ئىچىپ، ئەيشى - ئىش-
رەت سۈرۈش، كەيىپ - ساپا بەتقىلىقلار بىلەن كۆڭۈل ئې-
چىشتەك نومۇسسىز قىلىقلارنى قىلىشاتتى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندا توققۇز بۇلاقنىڭ ھەر
بىرىگە ئالتە بۇرجەك چىقىرىپ ياغاچتىن ياسالدى. گومىن-
داڭ دەۋرىدە بۇ ئالتە بۇرجەك يۇلۇپ تاشلىنىپ، ئون ئىككى بۇر-
جەك چىقىرىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن كومپارتىيە رەھبەرلى-
كىدە توققۇز بۇلاق سەيلىگاھلىرىنى بىر قانچە قېتىم رېمونت
قىلىش، يېڭىلاش، رەتكە سېلىش ۋە دائىرىسىنى كېڭەيـ
تىش قاتارلىق خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەس-
سە گۈزەللەشتى. ھەر تۈرلۈك دەرەخلەر كۆپلەپ تىكىلىپ،
گۈل - گىياھلار ئۆستۈرۈلدى. پەرۋىش قىلىش، باشقۇرۇشى
ياخشى بولغانلىقتىن كۈنسايىن گۈزەللىشىپ، ھەر مىللەت،
ھەر ساھە ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ سەيلە قىلىپ ھوزۇرلىنى-
دىغان ئازادە باغچىغا ئايلاندى.

## مادارىن (ماشياۋۇ) نىڭ قاقشال يولى بىلەن قەشقەرگە كېلىشى

ياڭ زىڭشىن شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭ-
غا كېلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدە، مافۇشىڭنى



(يۈننەنلىك خۇيزۇ بولۇپ، ئەرەبچە ئىسمى مۇھەممەد يۇنۇس
ئىدى) يۇرتدىشىم، ئىشەنچلىك ئادەم دەپ قاراپ، ھەربىي ئە-
مەلدارلىققا ئۆستۈرگەن ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭنى تېخىمۇ چىڭ
تۇتۇش ئۈچۈن قەشقەرگە تىتەيلىككە① بەلگىلىگەن. شۇ-
نىڭ بىلەن مافۇشىڭ مىنگونىڭ باشلىرىدا تىتەي بولۇپ قەش-
قەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئوغلى ماجىۋۇ «نىتەي» بولۇپ بىللە
كەلگەن. قەشقەرگە كېلىپ ماتىتەي يېڭىشەھەردە، ماجىۋۇ كونا
شەھەردە تۇرۇپ، ئون نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ما-
تىتەي ئۆچمىغا چىققان شەھۋەتپەرەس بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەر-
دە ئەيشى - ئىشرەتكە قاتتىق بېرىلگەن. ھەتتا ئۆز نىكاھىغا
17 خوتۇن ئالغانىنىڭ سىرتىدا، ھەرەمخانىسىدىكى كۆپلىگەن
قىز چوكانلار، قول - دىدەكلىرىنىڭ ئىپپەت نومۇسىنى ئاياغ
ئاستى قىلغان. ئۇنى ئاز دەپ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يا-
لاقچىلىرى ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن خەلقنىڭ چىـ
رايلىق قىزلىرىنى ئالداش، زورلاش، ئازدۇرۇش ۋە ئوغرىلاش-
تەك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنىڭغا سوۋغات قىلىپمۇ تۇرغانىدى.

دېمەك ئاتا - بالا ماتىتەي بىلەن مانىتەي ئىككىسى
قەشقەردە ئۆزى خان - ئۆزى بەگ بولۇۋېلىپ ئۈرۈمچى ھۆ-
كۈمىتىگە تولۇق ئىتائەت قىلمىغانلىقتىن، ياڭ زېڭشىن ئۇ-
نى يوقىتىۋېتىش قارارىغا كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قولىدا خې-
لى كۆپ قوراللىق قوشۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ماشياۋ-
ۋۇنىڭ قولى بىلەن يوقىتىشنى پىلان قىلىدۇ ھەمدە ماشياۋۋۇ-

① شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە قەشقەردە «تىتەي»، «نى-
تەي» دەپ ئاتىلىدىغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۆتكەنىدى «تىتەي»
دېگەننى دىۋىزىيە قوماندانى (سىنجاڭ) دەرىجىلىك. «نىتەي» دېگەننى بىرى-
گادا قوماندانى (لۈيجاڭ) دەرىجىلىك ئەمەل ئىدى - تەھرىردىن

غا بۇ ھەقتە بىر بۇيرۇق چۈشۈردى. ① 1934 - يىل ماي
ئايلىرىدا بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغان ماشاۋۇ تولۇق تەييارلىق
قىلغاندىن كېيىن، ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ قاقشال يولى بى-
لەن ماڭدى. كۇچادىن تەشكىللەنگەن ياردەمچى قوشۇن را-
مىزان ھاجى دېگەن ئادەمنىڭ باشچىلىقىدا چوڭ يول بىلەن
ماڭدى. ماشاۋۇ يولغا چىققاندا ئۇيغۇرلاردىن يۈزدىن ئارتۇق
ئادەم، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ۋە باشقا ۋەھاكازالارنى ئات-
تۆگىلەرگە ئارتىپ، ماشاۋۇغا يول باشلاپ ماڭغان. ئۇلار
تاغ - داۋانلار ئېشىپ، دەريا - ئېقىنلارنى كېچىپ بىر قان-
چە كۈن جاپالىق يول يۈرگەندىن كېيىن، قاقشالنىڭ قولانسا-
راق، ساپارباي دېگەن يەرلىرىگە يېتىپ كېلىپ قونۇپ قايتقان.
ماشاۋۇ قاقشالدىكى شاڭيۇ، يۈز بېشىلىرىنى يىغىپ ئۇلارغا:
«مەن قەشقەرگە ماڭدىم، ئەسكەرلەرنى يەتكۈزۈپ قويۇپلا قاي-
تىپ كېلىمەن. بىز قەشقەرگە بارغىچىلىك يول باشلىغۇچىلار، ئەس-
كەرلەرنىڭ تەمىناتىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار، ئەسكەرلەر
يول ئۈستىدە قىينىلىپ قالسا سىلەرگە گەپ بار. گۆش، ئاش-
لىقلارنى قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك چىقىرىڭلار. مەن قاي-
تىپ كەلگەندە ئۈچتۇرپان ئامبىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ
ئاشلىق ئېلىپ بېرىمەن...» دەپ ھىيلىگەرلىك بىلەن قىرغىز-
لارنى ماختىغان. شاڭيۇ، يۈز بېشىلارمۇ ئۇنىڭغا خوشامەت قى-
لىپ، مادارىننىڭ يولىيورۇقى بويىچە قوللانساراق، ئۈچ، غۇلجا
بېشى، تەگرەك ۋە ئەشمە قاتارلىق جايلاردا 300 قوي، 80 دىن
كۆپرەك كالا - قوتازلارنى سويۇپ ئۇلارنى ياخشى كۈت-
كەن. يەنە ئۇلارنىڭ ئۆلگەن، ھېرىپ قالغان، ئاقساق - چو-

① بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» نىڭ 15
سان 150 - 151 بەتلىرىدە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغانىدى. تەھرىردىن



لاق ئاتلىرىنى ياخشى ئاتلارغا ئالماشتۇرۇپ بېرىش بىلەن
بىللە، ھەرقايسى قونالغۇلاردا ئاش - تاماق، يەم - خەشەكلەر-
نى ئالدىن تەييارلاپ بەرگەن. مادارىننىڭ ئەسكەرلىرى 2000
دىن كۆپرەك بولۇپ، قاقشال تەۋەسىدىن يەتتە كۈندە ئۆتۈپ
بولغىچە يەرلىك قىرغىز كۆپ جەبرى - جاپالارنى تارتىپ،
ئىختىسادىي جەھەتتىن زور چىقىملارنى تارتقان، ھەتتا ما-
دارىن ئاقشال قىزفىزلىرى ئىچىدىكى بالباق، ئوراز، قىدىرمىش
توقتۇغوجا، ئاسسانئالى، شابدان قاتارلىق پالچىلارنى (قىر-
غىزچە «تۆلگۆچى» دەپ ئاتايدۇ - تەھرىردىن) بىللە ئېلىپ
مېڭىپ، ھەرقايسى قونالغۇلاردا ئۆزىگە پال سالدۇرغان. پال-
چىلار مادارىندىن قورقۇپ بىلسىمۇ - بىلمىسىمۇ غايىبانىسىغىلا
ناھايىتى ياخشى سۆزلەرنى قىلىشقان. مادارىن بۇلارنىڭ
پالىغا ئىشىنىپ ناھايىتى خوش بولغان ھەمدە ئۇلارغا بىر-
ئىككى سەردىن تەڭگە بېرىپ، شاڭيۇلارنىڭ بۇندىن كېيىن
ئۇلارغا چېقىلماسلىقنى ۋەدە بېرىپ، پالچىلارنىڭ ئىسىم فا-
مىلىسى ۋە ئادرېسىنى يازدۇرۇۋالغان. شۇنداق قىلىپ مادارىن
يەتتە كۈندە ئاتۇشقا يېتىپ بارغان. ئۇ چاغدا ئاقسۇ كۇ-
چادىن كەلگەن ۋاڭ، گوڭ ۋە قادىر جەڭگىنىڭ قوشۇنلىرى
بىلەن ئۇچرىشىپ، پىلان بويىچە، ماتىتەيگە بىراقلا ھۇجۇم
باشلىغان. (بۇ ۋاقىتتا ماتىتەي تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش
يۈزىسىدىن ئەسكەرلەرنى توت كۈن قويۇپ بەرگەن ئىكەن).
نەتىجىدە ئاقسۇ - كۇچادىن كەلگەنلەر قەشقەر كونا شە-
ھەرنى، مادارىن قوشۇنلىرى يېڭى شەھەرنى ئىشغال قىلغان.
بىر سائەتتىن كۆپرەك جىددىي جەڭدىن كېيىن ماتىتەي
تىرىك قولغا چۈشۈپ، ئەڭ يۇقىرى جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان.
ئۇنىڭ دارغا ئېسىلغان تېنى قەشقەر شەھىرىدە ئۇدا ئۈچ
كۈن سازايى قىلىنغان.

## قۇلبەگنىڭ باش كۆتۈرۈشى

قۇلبەگ قىرغىز مىللىتىدىن بولۇپ، ئۇ 1896 - يىلى ئۇچتۇرپاننىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان ئىدىرلىق ئىچىدىكى قارۇل دېگەن مەھەللىدە تۇغۇلغان. ئۇ قورامىغا يەتكەندە «قۇلبەگ باتۇر» دېگەن نام بىلەن بىر قانچە مەھەللىنىڭ نوچىسى بولغان. شۇ ۋاقىتلىردا ئۇ ئىچىملىك، چېكىملىك بىلەن ھەپىلىشەتتى. ئۇرۇش مۇشتلاش، جېدەللەر ئۈستىدە بولۇپ قالسا باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ قوياتتى.

1920 - يىللىرى قۇلبەگنىڭ ئاتىسى ئايدار بەگ ئۆز ئوغلىنىڭ ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن، ئەقىللىق - پاراسەتلىك ئادەم بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى بىرەر يۇرتنىڭ ئەمەلدارلىقىغا ئۆستۈرۈشكە تىرىشقان ھەمدە مادارىن (ماشاۋۋۇ) بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۇنىڭغا ئىككى ئات، يىگىرمە قوي، ئۈچ يامبا (بىر يامبا ئەللىك سەر كۈمۈش تەڭگە ھېسابىدا)، ئون تۈلكە، بەش سۇسار تېرىسى پارە بېرىپ قاقشالدىكى قۇتچىغا بەگلىكىگە شاكىيۇ قىلغان. قۇلبەگ شاكىيۇ بولغاندىن كېيىن، يۇرتنى ئادىل سوراپ، پۇقرالار ئارىسىدىكى ئەرز، دەۋا، مىراسخورلۇق، ئالۋان - سېلىق دېگەنلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، يۇرت ئەھلىنى رازى قىلغان. ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن قەبىلە، بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىشتىن تاشقىرى، بەگلىكلەردىكى ناھەقچىلىق، پارىخورلۇقلارنى دەل ۋاقتىدا جازالىغان. بەگلىكلەردىكى مۇشتۇمزور مۇتەئەسسىپلەرنىڭ دەككىسىنى بېرىپ، ئىناۋىتىنى تۆككەن. ھەتتا يامۇلدىن چىققان دوغا، توپ بېشى، لوزۇڭ دېگەنلەر ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ



پۇقرالارنى ئۇرۇپ تىللىسا، ئۇلارنى باغلاپ تازا ئۇرغۇزاتتى. شۇڭا قۇلبەگ پۇقرالارنىڭ بىردىن بىر ھەقىقەتچى ئادىمى بولۇپ، ئاچ - يالىڭاچ چارۋىچىلارنىڭ دەرد - ھالىغا يەتكەچكە يۇرت ئىچىدىكى ئابرويى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇ شاكىيۇ بولغاندىن تارتىپلا ھارام تاماق بايلارنىڭ، خوشامەتچى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ يۇرت ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈپ، پۇقرالارنى ياقىلىغان بولغاچقا، مادارىننىڭ ئاستىدا ئۆمىلەيدىغانلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. شۇڭا ئۇلار ئۇچتۇرپان ئامبىلى مادارىنغا پارە بېرىپ قۇلبەگ ئۈستىدىن ئەرز قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنى جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقان. ئامبال مادارىن قۇلبەگنىڭ شاكىيۇ بولغاندىن كېيىنكى ئىشلىرىدىن خەۋىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالماي تۇرغان ۋاقتى بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ئەرزىگە ئۆزىنىڭ ئەرزىنى قوشۇپ ئاقسۇ دوتەيگە يوللىغان. ئارقىدىن ئۆزىمۇ ئاقسۇغا بېرىپ بەزى ئەھۋاللارنى ئېغىزچە يەتكۈزۈش بىلەن بىللە، ئۇنى ئۇچتۇرپاندا جازالىسا ئۆزىگە زىيان زەخمەت يېتىدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا دوۋتەيىنىڭ بۇيرۇقى دەپ جازا ھۆكۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. نەتىجىدە 1922 - يىلى قۇلبەگكە يەتتە يىللىق قاماق جازاسى كېسىلىپ قارا شەھەرگە پالانغان. شۇ ۋاقىتلاردا مادارىن جازالاشقا تېگىشلىكلەرنى ئۇچتۇرپاننىڭ ئۆزىدە جازالايتتى. بەزىلىرىنى جازالاپ ئاقسۇ تۈرمىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەتتى. لېكىن قۇلبەگ نامى چىققان باتۇر بولغاچقا ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى بىر ئايلىق يىراقلىقتىكى قارا شەھەر تۈرمىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. قۇلبەگ ئىككى خەنزۇ، ئىككى ئۇيغۇر ئادەم بىلەن بىر ئۆيدە ياتقان. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ تۈرمىدىكى كۆپلىگەن گۇناھكار-

لار بىلەن تونۇشقان. ئۇلار تۈرمە باققۇچىلار يوق ۋاقىتلىرىدا تۈرمىنىڭ چوڭ ھويلىسىدا چېلىشىپ، مۇشتلىشىپ كۆڭۈل ئېچىشقان. قۇلبەگ شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپىنچە ئادەملەرنى يېڭىپ چىققان. شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى چامباشچى خەنزۇ ئادەم قۇلبەك بىلەن مۇشتلىشىپ، سىنىشىش تەكلىپىنى بەرگەن. قۇلبەگ بۇنىڭغا ماقۇل بولغان. شۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن مۇشتلاشقاندىن كېيىن، خەنزۇ ئادەم يېڭىلىپ، قۇلبەگكە قول قويغان ھەمدە بۇ ئىككىسى قول ئېلىشىپ، دوست بولۇشقان. شۇندىن كېيىن ئۇلار ئاكا - ئۇكىدەك ئىناق ئۆتۈپ، مۇددىتى توشقىچە بىللە بولغان.

قۇلبەگ شۇ جەرياندا بۇ دوستىدىن بىر ئاز خەنزۇچە گەپ - سۆزمۇ ئۆگىنىۋالغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا مەزكۇر خەنزۇ كىشى چامباشچى ئىكەن. قۇلبەك بۇ كىشى بىلەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تۈرمىدە ئۈچ يىل بىللە تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان. خەنزۇ كىشى تۈرمىدىن قۇلبەگدىن بۇرۇن چىققان بولسىمۇ، چىققاندىن كېيىن قۇلبەگنىڭ ھالىدىن قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە خەۋەر ئېلىپ تۇرغان.

قۇلبەگ 1928 - يىلى كۈزدە، قارا شەھەر تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇپ قارا شەھەردە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئاقسۇغا كېلىپ، «مەدىكارچىلىق» بىلەن جان باقىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە 70 - 08 چە مەدىكار شېرىكلىرى بىلەن يىغىلىپ ئىش كۈتۈپ تۇرسا، بىر خۇيزۇ كىشى كېلىپ، قۇلبەكنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىنىڭ قاۋۇل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، مەدىكارلار ئىچىدىن قۇلبەك بىلەن يەنە ئىككى ئۇيغۇر يىگىتنى مەدىكار قىلىپ ئىشلىتىشكە تاللاپ ئېلىپ كېلىدۇ. تو-



رار جايغا بارغاندىن كېيىن ئۇلارغا بىر ئاز نان بېرىپ ئوتۇن يارغۇزىدۇ. كەچ بولغاندا ھېلىقى ئىككى ئۇيغۇر يىگىتلەرنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىپ قايتۇرىدۇ - دە، قۇلبەككە «سېنىڭ ئۆيۈڭ يوق ئىكەن، بۈگۈن بۇ يەردە قونۇپ، ئەتە يەنە بىر كۈن ئىشلەپ بېرىپ قايتقىن» دەپ ئېلىپ قالىدۇ. ئەتىسى يەنە بىر كۈن ئوتۇن يېرىشقا بۇيرۇيدۇ. قۇلبەگ ئىشلەۋېتىپ بىر مۇنچە خۇيزۇ ئەر - ئاياللارنىڭ پايىپېتتەك بولۇپ، توخۇ - ئۆردەك ئۆلتۈرۈپ، بېلىق پىشۇرۇپ، ھەر خىل سەي تەييارلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. دەل چۈشكە يېقىنلاشقاندا خادىكتا، مەپىلەردە مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىر مۇنچە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەمەلدار دەسلەپ كەلگەندە ئۆي ئىگىسى خوشامەت قىلىپ، تازىم بىلەن ئالدىغا چىقىدۇ. ئاشپەز ۋە كۈتكۈچىلەر قورۇغان سەيلىرى بىلەن ھاراق - شاراب، نازۇ - نېمەتلەرنى ئېلىپ چىقىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇشىدۇ. تاماقتىن كېيىن مېھمانلار ئىچىدىكى سالاپەتلىك بىر ئەمەلدار تاھارەتكە بېرىپ قايتىشىدا، قورۇنىڭ ئۇيان — بۇيانلىرىغا سەپسېلىپ قاراپ، ئاشخانىدا ئوتۇن يېرىۋاتقان قۇلبەگنى كۆرىدۇ. بۇ ئەمەلدار قۇلبەگنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ۋە تۇرار جايىنى سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قارا شەھەر تۈرمىسىدە بىللە ياتقان دوستى قۇلبەگ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ ئەمەلدار قۇلبەگنى زىياپەت ئۈستىگە باشلاپ كىرىپ مېھماندارچىلىقتا بىللە كەلگەنلەرگە تونۇشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ ئاقسۇغا كېلىپ ئەمەلدار بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئەسلى بۇ خەنزۇ كىشى قارا شەھەر تۈرمىسىدىن چىق-

قاندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتا ئۆلكە مەركىزىدە تۇرغان خەن دارىن ئۇنىڭ يۇرتىدىشى بولغاچقا، ئۇنى ئاقسۇغا دوتەي ھەم ھەربىي ئەمەلدار قىلىپ ئەۋەتكەنىكەن. (بۇ ۋەقەنى قۇلىبەكنىڭ قولىدا تۇەنجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن ئىبراي دېگەن كىشى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇنىڭغا قۇلىبەك ئۆزى سۆزلەپ بەرگەنىكەن).

شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن ھېلىقى خەنزۇ دوتەي قۇلىبەكنى ئاقسۇدا بىر نەچچە كۈن مېھمان قىلىپ، 1929 يىلىنىڭ بېشىدا قۇلىبەكنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى قاقشالدىكى قىرغىزلارنىڭ تۆت بەگلىكىنىڭ ئۈستىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان زۇڭ شاڭيۇلۇق مەنسىپىگە بەلگىلىگەن ھەمدە مەھكىمە نامىدىن تامغىسىنى بېسىپ، ئۇچتۇرپان ئامبىلىغا مەنسەپكە تەيىنلەش بۇيرۇقى يېزىپ بەرگەن. شۇندىن تارتىپ قۇلىبەك «دارىن» دەپ ئاتالدى.

قۇلىبەك زۇڭ شاڭيۇ بولغاندىن كېيىن قاقشالدىكى تۆت قىرغىز بەگلىكىنىڭ باشلىقلىرى، ئاتارمەن چاپارمەنلىرى ۋە ئۇچتۇرپاندىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ بەگلىرى بولۇپ، 50 - 60 كىشى قۇلىبەكنىڭ ئۆيىگە سوۋغا - سالاملار ئاپىرىپ، قۇلىبەكنى مۇبارەكلەپ كەلگەندە، قۇلىبەكمۇ ئۇلارنى قىرغىز قائىدىسى بويىچە تاي - قوي سويۇپ، قوندۇرۇپ ئوبدان مېھمان قىلىپ ئۇزاتقان.

ئۇندىن كېيىن قۇلىبەك قاقشالنى ئارىلاپ يۇرت كۆرۈپ يۈرۈپ، ھەرقايسى بەگلەرگە قەشقەر توقاي (ئاقچى بىلەن كەلپىننىڭ شىمالىدىكى دەريا بويىدىكى بىر ئارالچا. ت) غا بىر نەچچە بوز ئۆي (كىگىز ئۆي) تەييارلىتىپ، بۇ جايغا تۆت بەگلىكتىن 100 دەك نوپۇزلۇق قىرغىزلارنى يىغىپ



ئىككى كۈن يىغىن ئاچقان. يىغىندا ئۇ يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى بوزەك قىلماسلىقى، خەلقنىڭ تىنچ - پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ئۈندىگەن ۋە ئۆزىنى ما دارىنغا چېقىشتۇرۇپ، قارا شەھەرگە پالىنىشقا سەۋەبچى بولغانلارغىمۇ تېگىشلىك رەددىيە بەرگەن.

يىغىنغا قاتناشقان فېئودال مۇتەئەسسىپ بەگلەر «بۇ ما دارىنغا ئاداۋەت ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ. بىزنىمۇ ھەر نېمە قىلسا قىلغۇدەك» دەپ قورقۇشۇپ، شۇندىن كېيىن قۇلىبەك بار جايدا باش كۆتۈرۈشەلمىگەن. شۇڭا قۇلىبەكنى يالغۇز قىرغىز خەلقى ئەمەس بەلكى، ئۇيغۇر، خۇيزۇ خەلقلىرىمۇ ھۆرمەتلەيتتى. ھەتتا ئۇچتۇرپان ئامبىلىمۇ ئالدىغا چىقمىدىغان بولۇپ قالغان. قۇلىبەكنىڭ ئابرويى كۈنسايىن ئۆسكەن.

شۇ مەزگىلدە قۇلىبەكنىڭ ئىش بېجىرىش سارىيى ئۇچتۇرپان شەھەر ئىچىدە بولۇپ، ئۇ خۇيزۇ مۇسا ھاجىمنىڭ شەخسىي زېمىنى ئىدى. كېيىن قۇلىبەك بۇ جايىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەتكىنى ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ جايغا «قۇلىبەك سارىيى» دەپ ئات قويۇشقان.

## قۇلىبەك، ئاخۇنبايلارنىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ماسلىشىشى

1930 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە يۇرتىمىز قاقشالغا قۇمۇل ۋە تۇرپان قوزغىلاڭلىرىنىڭ شەپىسى كېلىشكە باشلىدى. قۇلىبەك، ئاخۇنبايلار بۇنى ئاڭلاپ پەيت كۈتۈپ يۈرەتتى. قوزغىلاڭ خەۋىرى كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىپ، ئاددىي پۇقرالار ئىچىدە «خوجىنىياز ھاجى قۇمۇلدا ئىسلام ئېچىپتۇ. بىز قاراپ تۇرىمىزمۇ؟!» دېگەندەك گەپ - سۆزلەر كۆپەيدى.

شۇ كۈنلەردە ئاقسۇدىكى باي سىجاڭ① دېگەن كىشى
قۇلىبەك، ئاخۇنبايلارغا خەت ئەۋەتىپ (بۇلار بۇرۇن تونۇشاتتى)
ئۇلارنى قوزغىلىش، تەشكىللىنىش، بىرلىشىش، ياردەملىشىشكە
ئۈندىگەنىدى، قۇلىبەك بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋ-
ەر تاپقاندىن كېيىن، قاقشالدىكى ئاخۇنبايغا خەت يېزىپ،
باي سىجاڭنىڭ خېتىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئۇ خېتىدە «تۆت
بەگلىكتىكى شائېيۇ، ئون بېشى، ئاقساقاللار دەرھال قەشقەر
توقايغا يىغىلسۇن، مەن ئۈچ كۈندە يېتىپ بارىمەن. بۇيرۇق-
نى ئىجرا قىلمىغۇچىلار بىلەن بارغاندا سۆزلىشىمەن» دەپ
بۇيرۇق قىلغان. قۇلىبەك ئەمەلىيەتتىمۇ دېگەن جايغا ۋاقتى-
دا يېتىپ بارغان ۋە ئاخۇنباي بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشكەن-
دىن كېيىن، ئاندىن كۆپچىلىك يىغىلغان جايغا چىقىپ سۆز-
لىگەن. ئۇ سۆزىدە: «خوجىنىياز ھاجى قۇمۇل دېھقانلىرىغا
باشچىلىق قىلىپ، جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇپ ئىسلام ئېچىپتۇ.
دېھقانلار شىڭ شىسەي، چولاق زىڭخۇي، گاسىلىڭلار بىلەن
ئۇرۇشماقتا. خوجىنىياز ھاجى، تۆمۈر سىلىڭلار ئارقا - ئار-
قىدىن غەلىبە قىلماقتا. ئاللا ئۇلارغا يار - يۆلەك بولدى،
ئاقسۇدىكى باي سىجاڭمۇ بۇ ھەقتە خەت يېزىپ ئۇيغۇر، قىر-
غىزلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ بىر نىيەتتە كۈرەش قىلىشقا چاقىر-
غان. خەلق خانىۋەيران بولۇپ، زۇلۇمدىن قۇتۇلالمىدى. زۇ-
لۇم تېخىمۇ كۈچەيمەكتە. بىز ئاللا يولىدا غازاتقا ئاتلىنىش-
مىز كېرەك. قان ئاقسىمۇ، باش كەتسىمۇ، غازاتقا ئاتلىنايلى!
بۇنى ئويلىمىغانلار قىيامەتتە دوزاققا تۇترۇق بولىدۇ، ئىمانى-
مۇ بولمايدۇ ...» دېگەندەك ۋەز نەسىھەتلەرنى ئېيتىدۇ. قۇ-

① باي سىجاڭ - ۋىنسۇلۇق ئاتاقلىق باي بولۇپ، شۇ يىللاردا ئاقسۇ ۋىلىسۇ-
دىكى يەرلىك قىسىمنىڭ سىجاڭى ئىدى.



لىبەكنىڭ مەقسىتى خەلقنى زۇلۇمغا قارشى سەپەرۋەر قىلىش
بولۇپ، شۇ دەۋر شارائىتى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ سۆزى
خەلقنىڭ ئاڭ چۈشەنچىسىگە لايىقلاشتۇرۇلغانىدى. يىغىن ئا-
ياقلاشقاندىلا بۇ چاقىرىققا ھەممە كىشى ئاۋاز قوشۇپ: «قوز-
غىلايلى! ئەسكەر بولۇپ ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قى-
لايلى. ئات ئۇلاغ ۋە ئوزۇق - تۈلۈك ياردەم قىلايلى» دې-
گەن چۇقان - سۈرەنلەر پەلەككە ياڭرايدۇ. شۇندىن كېيىن
قاقشال تەۋەسىدىكى بەگلىكلەردىن 400 ئاتلىق يىگىتلەر ئۆز-
لۈكىدىن ئەسكەر بولۇشقا تىزىملىتىپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرى-
دۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇلىبەك، ئاخۇنباي قاتارلىقلار تۆت بەگلىك-
تىن 15 تىن 60 كىشىنى يىغىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق،
ئاخۇنباينى لۈيجاڭ (بىرىگادا كوماندىرى)، يۇسۇپ (ئاخۇن-
باينىڭ ئوغلى) قاراباي، ئىبراي، ئىبراھىم ئاخۇن ... لار-
نى تۈەنجاڭ (پولك كوماندىرى)، ئايتقوجو، ئۆمۈر قايقى قا-
تارلىق بىر قانچىسىنى پەيجاڭ، بەنجاڭلىققا بەلگىلىگەن. بۇ
مەنسەپلەرنى بىرەر يۇقىرى ئورگاندىن تاپشۇرغان بولماستىن،
قۇلىبەك ئۆزى بىلگىنىچە بەلگىلىگەنىدى. ئاخۇنباي بولسا،
مۆتىۋەر كىشى بولۇپ، ھەربىي ئىشلاردىن قىلچە خەۋىرى يوق
ئىدى. ئۇ قۇلىبەكنى ھەربىي ئىشلاردىن خەۋىرى بار، كۆپ
ئەھۋاللارنىمۇ بىلىدۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىلا
توغرا دەپ قارايتتى.

قۇلىبەكنى بولسا بىرەر يۇقىرى ئورگان تەرىپىدىن ھەر-
بىي باشلىق (سىجاڭ ياكى سىلىڭ) دەپ بېكىتمىگەن بولسى-
مۇ، لېكىن مۇشۇنداق مەنسەپتە ئاتىلىش «تاماسى» بار ئىدى.
ئۇ زۇڭ شائېيۇ بولۇشى بىلەن بىللىلا ئۇنىڭغا «دارىن» دېگەن
مەنسەپ يەرلىك ئەمەلدارلار، ئەسكەر باشلىقلىرى تەرىپىدىن

سىڭىپ قالغانىدى. 1932 - يىلىغا كەلگەندە ئۇلار دەسلەپ 60 كىشىنى 15 دانە شىراقلىق قارا مىلتىق (ئوۋ مىلتىقى)، يەتتە دانە بەش ئاتار مىلتىق، ئالتە دانە شىداچاك (ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن ئون ئاتار مىلتىق)، 15 دانە سالپاك (بىر ئاتار قوغۇشۇن ئوقلۇق قىسقا مىلتىق)، 30 قىلىچ، ئىككى تاپانچا بىلەن قوراللاندۇردى. ئەسلىدە بۇ قوراللار قۇلبەك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھەققىدە تەشۋىق ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى ۋە باي ماناپلار تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغانىدى.

شۇندىن كېيىن ئەسكەرلەر سانى ئاستا - ئاستا كۆپىيىشكە باشلىدى. 1932 - يىلى 11 - ئايدا قۇلبەك بۇيرۇق قىلىپ بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئۇچتۇرپان شەھەر ئىچىگە يىغىپ، «شىتەي يامۇل» (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت) كە ئورۇنلاشتۇردى. 400 ئەسكەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قورال - ياراق يەتمىگەچكە بەزىلىرىنى كالتەك، پالتا، چوماق، نەيزە بىلەن بولسىمۇ قوراللاندۇردى.

## ئاخۇنباينىڭ ئوسمان ئېلى بىلەن قۇدىلىشىشى

ئاخۇنباي قاقشالدا لۈيجاڭلىق نامى بىلەن يۈرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەربىي ئىشلارغا ئارىلاشمايتتى. شۇ ۋاقىتلاردا قۇلبەكنىڭ ئۇلۇغچات تويۇندىكى ئوسمان ئېلى بىلەن يېقىنلىشىش نىيىتى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ بۇ توغرىدىق كۆپ ئويلىنىپ ئاخۇنباينى ئوسمان ئېلى بىلەن قۇدا بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى ۋە ئوسمان ئېلىغا قۇدا بولۇش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. ئەسلىدە ئوسمان ئېلى ئاخۇنباينىڭ قاقشالدىكى



مەرتىۋىسىنى بۇرۇندىن بىلگەچكە، ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ئوسمان ئېلىغا يۈز قارا ① بېرىپ قۇدىلاشتى. قۇلبەك ۋە ئاخۇنبايلار بۇ ئىشلارنىڭ ناھايىتى جايىدا بولغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، «ئەمدى مەقسىتىمىزگە يېتىدىغان بولدۇق» دەپ گۈللەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ.

## قۇلبەكنىڭ ئوسمان ئېلى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىشى

قۇلبەك 1933 - يىلى 2 - ئايلاردا ئېراي تۈەنجاڭنىڭ ئاز بىر قىسىم ئەسكىرى بىلەن ئۇچتۇرپاننى مۇھاپىزەت قىلىشقا قالدۇرۇپ، قالغان ھەممە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ پىچان دېگەن يەرگە بېرىپ ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئوسمان ئېلى بىلەن كۆرۈشتى. ئىككىسى مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئوسمان ئېلىنىڭ 600 ئەسكىرى بىلەن قۇلبەكنىڭ 400 ئەسكىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، قەشقەردىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىش ۋە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن بىرلىشىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇلار شۇندىن كېيىنلا قەشقەرگە چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم باشلاپ، دوتەي يامۇلىدىن باشقا جايلارنى تېز ئارىدا ئىشغال قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى پۇختا، ئەسكەرلىرى چاققان ۋە جاسارەتلىك بولغاچقا، ئەسكەرلەر

① قارا - ئۆتمۈشتە قىرغىزلار قائىدىسى بويىچە قىز تەرەپكە توي ھېسابىغا بېرىلىدىغان مال - چارۋا - تەھەردىن.

سېپىلنى بۇزۇپ يول ياساپ، ئۈستىگە ئاتلىق چېپىپ چىقىپ، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ نۇرغۇن ئوق - ياراقنى غەنىمەت ئالغان. شۇ يىللاردا «قىرغىز ئەسكەرلەر سېپىلگە ئاتلىق چېپىپ چىقتى» دېگەن داۋراڭلار پۈتۈن شىنجاڭ رايونىغا تارقالغان (بۇ ئەمەلىيەتتىمۇ راست ئىدى. بەزى ياشانغان كىشىلەردىن ھازىرمۇ بۇ سۆزلەرنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلايمىز). قۇلبەك بىلەن ئوسمان ئېلى قەشقەرنى بىرلىشىپ ئالغاندىن كېيىن، تۆمۈر سىجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىدۇ ۋە ئۇيغۇر، قىرغىز (ئاز بىر قىسىم تۇڭگان ئەسكەرلىرىمۇ بار) ئەسكەرلىرىنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئۆز قوماندانلىقىدا ئۇيۇشتۇرىدۇ. شۇ كۈنلەردە قەشقەردە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيىنىڭ كونسۇللىرى بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا تۆمۈر سىجاڭنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ ئۆزلىرىگە تارتاتتى. تۆمۈر سىجاڭ بولسا، ئۇلار ھەر ئىككىسى يات دىندىكىلەر دەپ بېرىشىنى رەت قىلاتتى. شۇ كۈنلەردە خوجىنىياز ھاجىدىن تۆمۈر سىجاڭغا، ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى يوقىتىش ھەققىدە خەت - خەۋەر كېلىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بولسا، «تۇڭگانلارمۇ مۇسۇلمان تۇرسا، ھەممە مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە ئىش قىلىۋاتسا، ئۇلارنى قانداق يوقاتقىلى بولىدۇ» دەپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ يوليورۇقىنى ئىجرا قىلمايدۇ. ئوسمان ئېلى بىلەن قۇلبەك خوجىنىياز ھاجىمدىن كەلگەن خەتنىڭ خەۋىرىنى بىلىپ قېلىپ، تۇڭگانلارنى يوقىتىشنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، تۆمۈر سىجاڭ يەنىلا ھەر تەرەپلىمە پاكىتلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلىدۇ. ئوسمان ئېلى بىلەن قۇلبەك بۇنىڭدىن رەنجىپ



قالىدۇ. ئۇلار يالغۇز قىرغىز ئەسكەرلەر بىلەنلا تۇڭگانلارغا ھۇجۇم قىلىشاق دەپ ئويلاشقان بولسىمۇ، لېكىن تۆمۈر سىجاڭنىڭ تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى كۆپرەك تەشەببۇس قىلغان قۇلبەكنىڭ كۆڭلىدە يەنە بىر يوشۇرۇن سىر بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، مادارىن قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇڭگان ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە بېكىنىپ ياتقانلىقى ئۈچۈن، بىر ئاماللار قىلىپ مادارىننى قولغا چۈشۈرۈپ «قىساس» ئېلىش ئىدى. شۇ ئارىلىقتا قىرغىز ئەسكەرلەر بىلەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا بىر ئاز ئاغرىنىشلار پەيدا بولۇپ، ئوسمان ئېلى بىلەن قۇلبەك ئەسكىرىنى ئېلىپ قەشقەردىن چېكىنىپ چىقىدۇ. ئۇستۇن ئاتۇش ئەتراپىغا كەلگەندە قۇلبەك بىلەن ئوسمان ئېلى مەسلىھەت قىلىش ئارقىلىق، قۇلبەك ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قاقشالغا، ئوسمان ئېلى تويۇن تەرەپكە قايتىپ كېتىشىدۇ. شۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا «تۆمۈر سىجاڭنى تۇڭگانلار ئۆلتۈرۈپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بىر قىسىم قىرغىزلار تۆمۈر سىجاڭغا ئىچىنى ئاغرىتسا، يەنە بىر قىسىم قىرغىزلار ئۇنىڭغا تاپا - تەنە قىلىشىدۇ. ئوسمان ئېلى ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ دەرھال تاغدىن قايتىپ چۈشۈپ، تۆمۈر سىجاڭدىن قالغان ئەسكەرلەر ۋە جانىبەك قازى ① بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەر شەھىرىنى قايتىدىن ئىشغال قىلىدۇ.

① جانىبەك قازى - سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن كەلگەن قىرغىز ئىدى.

سېپىلنى بۇزۇپ يول ياساپ، ئۈستىگە ئاتلىق چېپىپ چىقىپ، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ نۇرغۇن ئوق - ياراقنى غەنىمەت ئالغان. شۇ يىللاردا «قىرغىز ئەسكەرلەر سېپىلگە ئاتلىق چېپىپ چىقتى» دېگەن داۋراڭلار پۈتۈن شىنجاڭ رايونىغا تارقالغان (بۇ ئەمەلىيەتتىمۇ راست ئىدى. بەزى ياشانغان كىشىلەردىن ھازىرمۇ بۇ سۆزلەرنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلايمىز). قۇلبەك بىلەن ئوسمان ئېلى قەشقەرنى بىرلىشىپ ئالغاندىن كېيىن، تۆمۈر سىجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىدۇ ۋە ئۇيغۇر، قىرغىز (ئاز بىر قىسىم تۇڭگان ئەسكەرلىرىمۇ بار) ئەسكەرلىرىنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئۆز قوماندانلىقىغا ئۇيۇشتۇرىدۇ. شۇ كۈنلەردە قەشقەردە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيىنىڭ كونسۇللىرى بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا تۆمۈر سىجاڭنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ ئۆزلىرىگە تارتاتتى. تۆمۈر سىجاڭ بولسا، ئۇلار ھەر ئىككىسى يات دىندىكىلەر دەپ بېرىشنى رەت قىلاتتى. شۇ كۈنلەردە خوجىنىياز ھاجىدىن تۆمۈر سىجاڭغا، ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى يوقىتىش ھەققىدە خەت - خەۋەر كېلىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بولسا، «تۇڭگانلارمۇ مۇسۇلمان تۇرسا، ھەممە مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە ئىش قىلىۋاتسا، ئۇلارنى قانداق يوقاتقىلى بولىدۇ» دەپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ يوليورۇقىنى ئىجرا قىلمايدۇ. ئوسمان ئېلى بىلەن قۇلبەك خوجىنىياز ھاجىمدىن كەلگەن خەتنىڭ خەۋىرىنى بىلىپ قېلىپ، تۇڭگانلارنى يوقىتىشنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، تۆمۈر سىجاڭ يەنىلا ھەر تەرەپلىمە پاكىتلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلىدۇ. ئوسمان ئېلى بىلەن قۇلبەك بۇنىڭدىن رەنجىپ



قالىدۇ. ئۇلار يالغۇز قىرغىز ئەسكەرلەر بىلەنلا تۇڭگانلارغا ھۇجۇم قىلىشاق دەپ ئويلاشقان بولسىمۇ، لېكىن تۆمۈر سىجاڭنىڭ تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئەنسىرەيتتى. تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى كۆپرەك تەشەببۇس قىلغان قۇلبەكنىڭ كۆڭلىدە يەنە بىر يوشۇرۇن سىر بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، مادارىن قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇڭگان ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە بېكىنىپ ياتقانلىقى ئۈچۈن، بىر ئاماللار قىلىپ مادارىننى قولغا چۈشۈرۈپ «قىساس» ئېلىش ئىدى. شۇ ئارىلىقتا قىرغىز ئەسكەرلەر بىلەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا بىر ئاز ئاغرىنىشلار پەيدا بولۇپ، ئوسمان ئېلى بىلەن قۇلبەك ئەسكىرىنى ئېلىپ قەشقەردىن چېكىنىپ چىقىدۇ. ئۇستۈن ئاتۇش ئەتراپىغا كەلگەندە قۇلبەك بىلەن ئوسمان ئېلى مەسلىھەت قىلىش ئارقىلىق، قۇلبەك ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قاقشالغا، ئوسمان ئېلى تۈيۈن تەرەپكە قايتىپ كېتىشىدۇ. شۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا «تۆمۈر سىجاڭنى تۇڭگانلار ئۆلتۈرۈپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بىر قىسىم قىرغىزلار تۆمۈر سىجاڭغا ئىچىنى ئاغرىتسا، يەنە بىر قىسىم قىرغىزلار ئۇنىڭغا تاپا - تەنە قىلىشىدۇ. ئوسمان ئېلى ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ دەرھال تاغدىن قايتىپ چۈشۈپ، تۆمۈر سىجاڭدىن قالغان ئەسكەرلەر ۋە جانىبەك قازى ① بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەر شەھىرىنى قايتىدىن ئىشغال قىلىدۇ.

① جانىبەك قازى - سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن كەلگەن قىرغىز ئىدى.

## قۇلبەكنىڭ قارا شەھەرگە يولغا چىقىشى

قۇلبەك قەشقەردىن قايتىپ كېلىپ ئۈچتۇرپاندىكى
شتەي يامۇلدا دەم ئېلىپ تۇرغاندا، 1933 - يىلى 6 -
ئايلاردا خوجىنىياز ھاجىدىن قۇلبەكنى ياردەمگە چاقىر-
غانلىق خەۋىرى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇلبەك 400 ئەسكە-
رىنى باشلاپ ماڭماقچى بولغان كۈنى، ئىمىن لويىنى تۈر-
مىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى يامۇل دەرۋازىسى ئۇدۇلىدىكى
تامغا مىقلاپ قويۇدۇ، ھەممە ئەسكەرلەر ئاتقا مىنگەندىن
كېيىن قۇلبەك: «قايسىڭ يامۇلدىن ئاتلىق چىپىپ چىقىپ
كېلىۋېتىپ ئۇنى ئاتسەن!» دېگەندە، يامان سۇلۇق مۇسا
باي دېگەن ئەسكەر بۇيرۇق بويىچە يامۇلدىن ئات چاپتۇ-
رۇپ كېلىۋېتىپ ئۇنى ئېتىۋەتتى. ئاندىن قۇلبەك قوشۇنى
ئاقسۇ تەرەپكە يول ئالدى. 15 كىلومېتىرچە مېڭىپ «ئىلقە-
چى دۆڭ» دېگەن جايغا كەلگەندە قۇلبەك قوشۇنىنى توخ-
تىتىپ: «مانا بۇ قىرغىز ئاياللىرىدىن چىققان باتۇر جاڭىل
مىرزانىڭ ئىلقىلىرى يايلىغان جاي؛ مانا بۇ قەبرىستانلىق
قالماقلارنىڭ جاڭىلنىڭ ئىلقىلىرىنى بۇلاش ئۈچۈن كەلگە-
نىدە جاڭىلنىڭ ئادەملىرى قارشىلىق كۆرسىتىپ سوقۇش
قىلغاندا قۇربان بولغانلارنىڭ جەسەدلىرى؛ بىز ئاللا يولى-
دا خوجىنىياز ھاجىغا ياردەمگە ماڭدۇق، بۇ يەرگە قويۇل-
غان جەسەدلەرگە قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا تەكبىر ئېيتىشىپ ماڭ-
ساق، ئاللا بىزگە مەدەتكار بولۇپ سەپىرىمىز راۋان، دۈش-
مەنلىرىمىز ئۈستىدىن غالىب بولغايمىز، ئاللاھۇ ئەكبەر»
دەپ دۇئا - تالاۋەت قىلىپ يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاقسۇ-



غا كەلگەندە باي سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بىر ئاز
سۆزلىشىپ ئالغاندىن كېيىن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، شۇ
كۈنى ياقا ئېرىقتا كېلىپ قونىدۇ. 1933 - يىل 7 - ئاي-
لاردا قۇلبەك قاراشەھەر ئەتراپىدىكى كورلا، بۈگۈرلەرگە
يېتىپ كېلىپ خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئاندىن
ئۇلار مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، بارلىق كۈچىنى ئۇيۇشتۇ-
رۇپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى باش ئەگىمىدىن توسۇپ زەربە
بېرىپ، ئاندىن شىڭ شىسەي بىلەن سوقۇشۇپ ئۇنى مەغلۇپ
قىلىش دېگەن پىلاننى تۈزۈشىدۇ. خوجىنىياز ھاجى قىرغىز-
لار تاغ يولىغا پىششىق بولىدۇ، سىلەر باش ئەگىمىدىكى
تار قايچىغاينى مەركەز قىلىپ، شۇ يەردىن ماجۇڭيىڭ
قىسىملىرىغا زەربە بەرسەڭلار دەپ قىرغىز ئەسكەرلەرگە يە-
نە 2 — 3 ليەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى قوشۇپ بېرىدۇ. قۇ-
لبەك بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، يۈسۈپ تۈەنجاڭ بىلەن قارا-
باي تۈەنجاڭنى ئەسكەرلىرى بىلەن شۇ جايغا ماڭغۇزىدۇ.
قۇلبەك ئۆزى كورلا ۋە بۈگۈرلەردە خوجىنىياز ھاجى بى-
لەن بىللە 100 دىن ئارتۇق ئەسكىرى بىلەن تۇرىدۇ، خو-
جىنىياز ھاجى ۋە قۇلبەكلەرنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يۈ-
سۈپ تۈەنجاڭ بىلەن قاراباي تۈەنجاڭ ئەسكەرلى-
رىنى باش ئەگىمىدىكى تار قايچىغاينى مەركەز قىلىپ، ما-
جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرىغا توسۇپ زەربە بېرىپ ئۇلارنى ئى-
ملىر چېكىنىشكە ئۈچرىتىدۇ. ئۇرۇش خېلى جىددىي، قان تۆكۈ-
لۈش كۆپ بولسىمۇ، ئۇيغۇر، قىرغىز ئەسكەرلەرنىڭ تۇرغان
جايى مۇستەھكەم ھەم ئېگىز بولغاچقا، بۇلاردىن چىقىم
بولمايدۇ. ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئىلگىرىلىيەلمەي تەرەپ -

تەرەپتىكى ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ كېلىپ ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاپ، تار قاپچىغاينى قىسىپ كەلگەندە خوجىنىياز ھاجى، قۇلبەكلەر ئەھۋالنىڭ يامانلىشىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، چېكىنىشكە بۇيرۇق بەرگەن. تار قاپچىغايدىكى ئۇرۇشتا يۇسۇپ تۇەنجاڭ ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقتىن قۇلبەك بىلەن خوجىنىياز ھاجى مەسلىھەتلىشىپ، يۇسۇپقا تۇەنجاڭ دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەنلىكىنى رەسمىي جاكالىغان. (ئۇنىڭ ئالدىدا قۇلبەكنىڭ كۆرستىشى بىلەن تۇەنجاڭ دېيىلىپ كەلگەندى.) قۇلبەك يۇسۇپ تۇەنجاڭنى تار قاپچىغايغا بۇيرۇغاندا ئۇنىڭغا «سەن بىر ئامال قىلىپ، كۆمۈش، قىرغىزتام، توقسۇن ئىلانلىقتىكى قىرغىزلارنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە ھەرىكەت قىل» دەپ تاپشۇرغانىدى. يۇسۇپ تۇەنجاڭ شادىقان بىلەن مامەلەش دېگەن ئىككى قىرغىز ئەسكەرنى تاغ ئارىسى بىلەن پىيادە ماڭغۇزۇپ يوشۇرۇن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۇڭگان ئەسكەرلەر بارلىق تاغ جىلغىلىرىنى قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار توقسۇن تەرەپكە ئۆتەلمەي قايتىپ كېلىدۇ. (شادىقان 1975 - يىلى ئاقچى بازىرىدا ۋاپات بولدى. مامەلەش شۇ ۋاقىتتا ياش بىر خۇيزۇ ئايال بىلەن توي قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىناق ئۆتۈشكەندى) خوجىنىياز ھاجى بىلەن قۇلبەكنىڭ بۇرۇن ئۆي ئىچىدە ئولتۇرۇپ تاغنى تالقان قىلماقچى بولغان پىلانلىرى، ماجۇڭيىڭنىڭ قاتتىق قىسمىشى نەتىجىسىدە تارمار بولۇپ، ئاخىرى ئاقسۇ تەرەپكە چېكىنىدۇ. ئاقسۇغا بارغىچىلىكمۇ يول بويى تۇڭگانلار بىلەن بىر مۇنچە قالتە ئۇرۇشلار بولىدۇ. ئاقسۇغا يېقىنلاشقاندا، قۇلبەك



ئاقسۇ شەھىرىگە كىرمەي ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ھازىرقى ۋېنسۇ ناھىيىسىنىڭ تۇمشۇق، ئۆيتېتىر دېگەن جايلىرى بىلەن ئەگىپ مېڭىپ ئۇچتۇرپانغا قايتىپ كېلىدۇ. يۇسۇپ تۇەنجاڭنى بىر ئاز ئەسكىرى بىلەن ئۇچتۇرپاننى قوغداشقا قالدۇرۇپ، قالغان ئەسكەرلەرنى ئائىلىسىگە دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۆزى بىر ئاز ئەسكەر بىلەن ئۇچتۇرپان يامان سۇنىڭ قۇلبەك قورولىدىكى تۇرار جايىغا چىقىپ دەم ئالىدۇ. 1933 - يىلى كۈز ئايلىرىدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن مامۇت سىجاڭلار ئۇچتۇرپانغا كېلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۇچتۇرپان خەلقى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىدى. قىرغىز مامبەت سىدىق شاگىيۇ سوۋغا - سالام تەقدىم قىلدى. شۇ قاتاردا ماخمۇت سىجاڭ بىلەنمۇ تونۇشۇپ دوست بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى ياخشى يورغا ئات يوللۇق تۇتتى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماخمۇت سىجاڭ ئۇچتۇرپاننى قوغدىۋاتقان يۇسۇپ تۇەنجاڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۆزلىرىنى، قاقشال يولى بىلەن يۈرۈپ قەشقەرگىچە يول باشلاشقا ماقۇل كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، قاقشال يولى ئارقىلىق قەشقەرگە يولغا چىقتى. لېكىن بۇ ۋاقىتتا قىرغىزلار ئىچىدە «خوجىنىياز ھاجى يۇسۇپ تۇەنجاڭنى تۇتۇپ كېتىپتۇ، جازالىغىدەكمىش» دېگەن ئۆسەك سۆز تارقايدۇ، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرى يامانسۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئاقچى ناھىيىسىنىڭ قولانسارىق دېگەن يېرىگە كېلىدۇ، ماخمۇت سىجاڭ بولسا، باش چاقما ئارقىلىق دەريا كېچىپ ئۆتۈپ ئاقيار بىلەن ئۇمۇ قولانسارىققا كېلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ يامانسۇ بىلەن ماڭغان قوشۇنلىرى «يەتتە ئۆيلۈك» دېگەن مازاردا كېلىۋاتقاندا، قو-

لىبەكنىڭ دەم ئېلىشقا تارقالغان ئەسكەرلىرىدىن ئابدۇللا ئىسىملىك بىرسى ئارقىدا كېلىۋاتقان ئىككى تۆگىدىكى قوراللىرىنى تۇيۇقسىز كېلىپ تارتىۋالىدۇ. بۇ تۆگىدىكى قوراللار 16 تال مىلتىق بولۇپ، ئادەم زىيان بولمىغان. بۇ ۋەقەنى قىرغىزلاردىن مامبەت سىدىق شاكىيۇ، ئالىمبەك باي، شاقار بايلار ئاڭلاپ قۇلىبەككە مەلۇم قىلدۇ. قۇلىبەك: «بۇ ناھايىتى سەت ئىش بوپتۇ، ئەمدى ھاجىم بىلەن قانداق يۈز كۆرۈشكىلى بولىدۇ» دەپ ئاچچىقلاپ، قورال بۇلىغان ئەسكەرنى قاتتىق جازالىغان ھەم بۇ ئىش تۇپەيلىدىن يۈسۈپ تۆەنجاڭغا زىيان يېتىشىدىن ئەنسىرىگەن. خوجىنىياز ھاجى قۇلانسارىقتا كەلگەندە تومازۇك شاكىيۇنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن. ماخمۇت سىجاڭ چېكىر شاكىيۇنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار ئەسكەرلىرىنى ئەتراپقا تارقاق ئورۇنلاشتۇرغان. شۇ كېچىدە «يامان ئېگىز» دېگەن جايغا چۈشكەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىككى ئېتىنى نوروزباي، قادىر قول دېگەن ئىككى قىرغىز بۇلاپ قاچقان. 3 - كۈنى خوجىنىياز ھاجى «ئۆزەڭگۈش دەرياسى» بىلەن «قاقشال دەرياسى» دىن ئۆتۈپ جومەك ئونبېشىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن. بۇ كېچىسىمۇ تېزەكباي دېگەن بىر قىرغىز بۇلارنىڭ بىر ئېتىنى بۇلاپ قېچىپ كەتكەن. ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن بۇ بۇلاڭچىلىق ئەھۋاللىرىدىن خوجىنىياز ھاجى قاتتىق خاپا بولۇپ، «پۇقرالار بۇنداق قىلالمايتتى، قۇلىبەكلەرنىڭ پەيلى بۇزۇلۇپ شۇلار كۈشكۈرتۈپ قىلغان ئىش بولۇشى مۇمكىن» دەپ گۇمانلىنىپ قاراۋۇللۇقنى كۈچەيتكەن. بۇ ۋاقىتتا يۈسۈپ تۆەنجاڭ خوجىنىياز ھاجىغا «بۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى بەزىبىر نادانلارنىڭ ئىشى بولسا كېرەك. كۆ-



ڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، قىرغىز پۇقرالاردا ئات - ئۇلاغ تولا، قانچە لازىم بولسا، مەن تەييار قىلىمەن» دەپ تەسەللىي بەرگەن، خوجىنىياز ھاجى ئۈچتۇرپاندىن يولغا چىققاندا «يۈسۈپ تۆەنجاڭنى تۇتۇۋاپتۇ» دېگەن ئېغۋا تارقىلىپ، يۈسۈپنىڭ ئاتىسى ئاخۇنباي لۈيجاڭ خوجىنىياز ھاجىنى «غۇلجا بېشى» داۋانىغا كەلگەندە توسۇپ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن بارلىق ئەسكەرلىرىنى يىغىپ تەييارلىقمۇ قىلىپ قويغانىكەن. بۇ خەۋەر قۇلىبەكنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، ئۇ ئاخۇنبايغا دەرھال خەت ئەۋەتىپ «ئاخۇنباي ئەخمەقلىق قىلمىسۇن، ھاجىغا چېقىلىدىغان بولسا، ئوغلى يۈسۈپتىن جەزمەن ئايرىلىدۇ. ئەسكەرلىرىنى دەرھال تارقاتسۇن ۋە كېيىنمۇ ھەر قانداق جايدا چېقىلمىسۇن» دەپ ئاخۇنباينى توسقان. بۇ ۋاقىتتا قۇلىبەكمۇ خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىنىڭ بار يوقلۇقىنى بىلىش ۋە خوجىنىياز ھاجىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بايقاش ئۈچۈن 15 چە ئادەمىنى ئېلىپ چەت يول ياقىلاپ مارىلاپ ماڭغان. يول ئۈستىدە خوجىنىياز ھاجىغا چېقىلغان قىرغىزلارغا چالۋاقاپ، ھەتتا نوروز باينى ئۇرۇپ - تىللاپ بۇلاپ كەتكەن ئاتنى قايتۇرۇپ ئالغان.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى «ئۆزەڭگۈش» دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتقاندا قۇلىبەكلەرنىڭ ئېگىز يار ئۈستىدە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلار قۇلىبەك تەرەپكە يامغۇردەك ئوق ياغدۇرغان. لېكىن قۇلىبەك بىر تالمۇ ئوق چىقارماستىن چېكىنىپ، ئۆزىنى تاغ ئارىسىغا دالدىغا ئالغان. ئەگەر شۇ كۈنكى ئوق چىقىرىش ئەھۋالى بولمىغان بولسا قۇلىبەك خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھۆزۈرخالىق

ئېيتماقچى بولغانىدى. بۇگۈنكى ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، قۇلبەگ ھاجىم مەندىن گۇمانلىنىپ ئاچچىقى كەپتۇ، دەپ ئويلاپ، شۇندىن كېيىن ئۆزىنى ناھايىتى ھوشيار تۇتقان، خوجىنىياز ھاجى ئۇچتا قونغان كۈنىنىڭ ئەتىسى قەدىمكى خارابىي شەھەر ئۇچتىكى «چاھار گۇمبەز» زاراتكارلىقىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، «غۇلجا بېشى» داۋان ئارقىلىق سومتاش دېگەن جايغا بارغان. قۇلبەكمۇ دەريانىڭ شىمال تەرىپىدىكى «قوشبۇلاق» دېگەن كىچىك ئورمانلىقتا كېلىپ بولغان. جوجىنىياز ھاجى ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا يەنە ئوق ياغدۇرغان. قۇلبەكلەر بولسا يەنىلا ئوق چىقارماستىن بىر چوڭ سوقما تامنىڭ ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنغان. خوجىنىياز ھاجى ئەسكەرلىرى بىرەر سائەتچە ئوق چىقارغاندىن كېيىن، «نوكەسكەن» دېگەن تاغ ئىچىگە كىرىپ غۇلجا بېشى داۋان تەرەپكە راۋان بولغان. قۇلبەكلەر يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقىپ خوجىنىياز ھاجىلار ماڭغان جەنۇبىي تاغ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتسا، سوپىتاي قاتارلىق تۆت ئەسكەر دەريادىن ئۆتۈپ بۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانىكەن. بۇلار ئەسلىدە خوجىنىياز ھاجىغا يول باشلاپ يۈرگەن يۇسۇپ تۇەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ، «نوكەسكەن» تاغ ئىچىگە كىرگەندە «ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ھېرىپ قالدى» دېگەن باھانىنى كۆرسىتىپ قايتىپ كېلىدۇ ۋە يۇسۇپ تۇەنجاڭنىڭ «ھاجىمغا قەتئىي چېقىلمىسۇن» دېگەن سۆزىنى قۇلبەككە يەتكۈزۈپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

قۇلبەك بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەتىسى ئۇچتۇرپانغا قايتىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بولسا، شۇ كۈنى «غۇلجا بېشى»



داۋىنىدىن سالامەت ئۆتۈپ «ئارپا چوچۇلۇك» دېگەن يايلاق ئەتراپىغا بېرىپ قونىدۇ. ئەتىسى «قۇرغاقبەل» داۋىنىدىن ئۆتۈپ «قاراگۆ» يايلىقى بىلەن كېتىپ بارغاندا، ئۇلارغا بىر گاچچا كىشى ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن خوجىنىياز ھاجى بىر ئاز گۇمانلىنىدۇ، بىللە كېتىۋاتقان يۇسۇپ تۇەنجاڭ ئۇنى ئاللىبۇرۇن تونۇپ، ئۇنىڭ ئىما - ئىشارەت بىلەن قىلغان سۆزلىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىپ، «ئۆچكە ئىزلەپ يۈرگەن يابا ئىكەن» دەيدۇ. شۇڭا خوجىنىياز ھاجىمۇ يولغا راۋان بولۇۋېرىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئادەم گاچچا بولماستىن بەلكى ناھايىتى ھوشيار بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ئاخۇنباي ئوغلى يۇسۇپتىن خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتكەن كىشى ئىدى. يۇسۇپ تۇەنجاڭ ئۇنىڭغا «مەن سالامەت، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە قايتىپ بارىمەن، ئاتام خاتىرجەم بولسۇن» دېگەنلەرنى ئۇقتۇرىدۇ. گاچچا ئۆز يولىغا راۋان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخۇنباي قۇلبەكنىڭ گېپى بىلەن خوجىنىياز ھاجىنى غۇلجا بېشى داۋانىدىن توسۇماي ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئوغلى يۇسۇپ تەرەپتىن بىرئازلا ئەنسىزلىك خەۋەر كەلسىلا ھاجىملار بىلەن ئېلىشىش تەييارلىقىدا تۇراتتى. خوجىنىياز ھاجىم شۇ كۈنى «تېگىرمەك» دېگەن جايدا قونۇپ، ئۇنىڭ ئەتىسى «قۇدۇق» دېگەن جايغا يېتىپ، قاقشال تەۋەسىدىن ئايرىلىشتا، يۇسۇپ تۇەنجاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ شۇ يەرگىچە يول باشلاپ كەلگەنلىرىچە رەھمەت ئېيتىپ ئۇلارنى يۇرتىغا قايتۇرىدۇ. ئۇچتۇرپاندىن يولغا چىققان خوجىنىياز ھاجى قاقشال تەۋەلىكىدىن ئۆتۈپ، 6 - كۈنى ئاتۇش چېگرىسىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ ئارىلىق تەخمىنەن 300 كىلو-

مېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى. شۇ ۋاقىتلاردا قىرغىز ئاقىنلىرى خوجىنىياز ھاجى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك شېئىر قوشاقلارنى توقۇغان.

خوجىنىياز قوزغىلىپ،
قۇمۇلدىن چىقتى بوز تورغاي.
غەيرىتى بار بولغاچقا،
قەشقەرگە كەلدى تۇتۇلماي.

يۇرتىدىن كىم ئايرىلسۇن،
جاھاندارچىلىقتىن قىسىلماي.
گاسىلىك بىلەن گېنېرال،
كەڭ قەشقەرنى تالىشىپ،

قاقشال زىمىننى ئارىلاپ،
ھاجىئاكام غەيرەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە،
گاسىلىك بىلەن گېنېرال كەڭ قەشقەرنى باسماقچى؛
يولى كەلسە ھاجىئاكام ھەر ئىككىسىنى ئاغدۇرماقچى

يۇقىرىقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلانغاندەك قۇلبەك، ئاخۇنباي باشچىلىقىدىكى قىرغىز ئامىسى، خوجىنىياز ھاجىنى قاقشال يولىدىن ئۆتۈشتە ياخشى كۈتۈپ سالامەت ئۇزاتقان. ئەگەر قىرغىزلار نىيىتىنى بۇزغان بولسا، «غۇلجا بېشى» داۋىنىغا بارغاندا «نوكەسكەن» دېگەن جاي خۇددى قوتان شەكلىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، قارشى تەرەپ قانچىلىك كۈچلۈك بولمىسۇن، ئۇنىڭ قانچىلىك چىقىم تارتىشىنى مۆلچەرلەپ بول-



مايتتى. چۈنكى «نوكەسكەن» دېگەن جايغا كىرىدىغان بىرلا ئېغىز بولۇپ، تۆت ئەتراپى 1000 مېتىردىن ئېگىز بولغاچقا قاناتلىق قۇشلارمۇ تەسلىكتە ئۇچۇپ ئۆتەلەيتتى. دېمەك بۇ جاينىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئاخۇنباي دەسلەپتە «خوجىنىياز ھاجىنى مۇشۇ جايدا ئۇجۇقتۇرىمەن» دەپ پىلانلىشىدىكى سەۋەب مۇشۇ ئىدى.

## ياقۇپ فۇگۇەن، مافۇيۈەن، قۇلبەگلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجرا

خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە ماڭغاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭنىڭ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن قوماندانلىرىدىن ماشىمىڭ، مافۇيۈەن قىسىملىرىغا زەربە بېرىپ، قەشقەر ياكى ئۇچتۇرپانغا ئۆتكۈزمەي چېك توسىدى. بۇ ۋاقىتتا «ئۇچتۇرپاندىكى قىرغىز قۇلبەگ خوجىنىياز ھاجىنى بۇلاپتۇ، ھۇجۇم قىلىپ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ» دېگەندەك پىتنە - پاسات سۆزلەر تارقالغان. شۇڭا ياقۇپ فۇگۇەن، قۇلبەگ قاتارلىق قىرغىزلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش نىيىتىدە ئۇچتۇرپانغا باستۇرۇپ كىرىپ، قۇلبەگنىڭ ئۇچتۇرپاننى قوغداۋاتقان تۆمۈر لىيەنجاڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە تۆمۈر لىيەنجاڭ قېچىپ كېتىدۇ. ئۇچتۇرپان بازار بېشىغا ھەسەن ئالى ئىسىملىك بىر قىرغىز كېلىپ قالغاندا، ئۇنىڭ قىرغىز قالپىقى كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئۇنى ئېتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ جەسىدىنى يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن دۇرۇشبەگ ئىسىملىك قىرغىز كېلىپ ئۇنىڭ خوتۇن - بالى-

رىنى ئېلىپ كەلگەندە، ياقۇپ فۇگۇەننىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنىمۇ ئېتىۋېتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن قىرغىزلار ئىچىدە «ياقۇپ فۇگۇەن قىرغىز بولسىلا ئۆلتۈرىدىكەن» دېگەن گەپلەر تارقاپ، قىرغىزلار كېچە - كۈندۈزلەپ يىراق - يىراق تاغلارغا قېچىپ كېتىشىدۇ. ئۇچتۇرپاندا تۇرغۇن جەبرى - زۇلۇم ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ پاراكەندىچىلىكتىن بىر قىسىم ئۇيغۇر كىشىلەرمۇ مال - دۇنيا، خوتۇن بالىلىرىنى ئېلىپ يىراق تاغلارغا قېچىپ قىرغىزلار بىلەن بىللە تۇرىدۇ. يەنە بىر مۇنچە قىرغىزلارنى يېزا - قىشلاقلاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى يوشۇرۇپ قويىدۇ. شۇ چاغدا شەھەر ئىچىدىكى باي بوۋىجان دېگەن ئۇيغۇر ئادەم مال - دۇنيا ۋە خوتۇن بالىلىرىنى ئېلىپ بىز قېچىپ بارغان «ئاقتاش» دېگەن جايغا چىقىپ، بىز بىلەن بىللە تۇردى. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك «قۇلبەگ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈپ، خوجىنىياز ھاجىنى بۇلاپتۇ» دېگەن ئىغۋا بىلەن «ياقۇپ فۇگۇەن قىرغىز قويماي ئۆلتۈرىدىكەن، بۇنى خوجىنىياز ھاجى تاپشۇرۇپتۇ» دېگەندەك ئىغۋالار قۇلبەگكە ئاڭلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ دەرھال ئەسكەرلىرىنى يىغىپ ئۇچتۇرپانغا كىرىپ، ياقۇپ فۇگۇەن بىلەن سوقۇشقان. بۇ قېتىمقى سوقۇشتا قۇلبەگنىڭ ئىنىلىرىدىن سىدىق بىلەن ئايداشقا ياقۇپ فۇگۇەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقى تېگىپ ئۆلگەن، نەتىجىدە «ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلار سوقۇشۇپتۇ» دېگەن ئىغۋا تارقالغاندا، ئاقسۇدىكى ماجۇڭيىڭ قوماندانلىرىدىن مافۇيۈەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قىرغىزدىن ئايال ئالغان شور ئىسىملىك ئابدۇللا دېگەن خۇيزۇنى (تۇڭگان بىلەن قىرغىز بىرلىشىپ ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇشساق، قۇلبەگنى ئاقسۇغا سىلىق ھەم دوتەي قىلساق



دەپ) قۇلبەگكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. بۇ تەكلىپنى قۇلبەگ ماقۇل كۆرۈپ، تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ ياقۇپ فۇگۇەنگە ھۇجۇم قىلغان. نەتىجىدە ياقۇپ فۇگۇەن قاچقان، قۇلبەگ بولسا «ئىككى ئىنىمنىڭ قىساسىنى ئالىمەن، ياقۇپنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرمىگىچە توختىمايمەن» دەپ، ياقۇپ فۇگۇەننى ئاۋاتنىڭ ئايكۆل، غورو چۆل ئەترابلىرىغىچە قوغلاپ بارغان بولسىمۇ، ئۇنى تۇتالمىغان. لېكىن ياقۇپ فۇگۇەننىڭ ئادەملىرى كۆپ چىقىم بولغان. قۇلبەگنىڭ ئادەملىرى نۇرغۇن ئوق - ياراق غەنىيمەت ئېلىپ ئۇچتۇرپانغا قايتىپ كەلگەن. ياقۇپ فۇگۇەن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، مافۇيۈەن قۇلبەگكە «خوش» دەپمۇ قويماستىن، 1934 - يىلى ئەتىياز ئايلىرىدا قىسىملىرىنى باشلاپ قەشقەر تەرەپكە راۋان بولغان. ياقۇپ فۇگۇەن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يۇسۇپ تۇەنجاڭ ناھايىتى كۈچ چىقارغانلىقى ئۈچۈن، قۇلبەگ خۇش بولۇپ ئۇنى كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا ماختاپ، نۇرغۇن ئىنئاملارنى بەرگەن، شۇڭا قىرغىزلار ئىچىدە يۇسۇپ تۇەنجاڭنىڭ باتۇرلۇق ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا خېلى ئۇزۇنغىچە ھېكايىلەر تارقىلىپ يۈرگەن.

قۇلبەگ ياقۇپ فۇگۇەننى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ياقۇپ فۇگۇەن ئۆلتۈرگەن ئىككى ئىنىسىنىڭ نەزىر - چىراغلىرىنى كاتتا ئۆتكۈزىدۇ ھەم شۇندىن كېيىنلا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سەل يامانلىشىدۇ. شۇڭا ئۇچتۇرپاندىكى ئېزىز ھاجى قاتارلىقلار يولى كەلسىلا قۇلبەگنى جايلىۋېتىشنى ئويلايتتى. شۇ كۈنلەردە قۇلبەگ دارىننى ئەمەلدارلىرى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى نۇر ھاجى دېگەن كىشى مېھمانغا چاقىرىدۇ. قۇلبەگ 30 ئەترابتىكى ئادەملىرى بىلەن تۆمۈرچى كوچىسىدا كېتىۋاتقانىدا، 80 دەك

ئېشەك بىلەن ئارچا - قارىغاي ئوتۇنلىرىنى بازارغا ساتقىـ
لى ئەپكېلىۋاتقان پۇقرالارغا ئۇچراپ قالىدۇ. بۇنى قۇلبەگـ
نىڭ ئادەملىرىدىن ساتىندى، ئابدۇقاسىم دېگەنلەر كۆرۈپ
قۇلبەگكە: «بۇ ياخشى ئوتۇنلار ئىكەن، لەڭزى (ئەسكەرنىڭ
ياتىقى) گە چۈشۈرتۈپ ئالساق» دەيدۇ. قۇلبەگ ماقۇل كۆـ
رىدۇ. ئۇلار پۇقرالاردىن ئوتۇننىڭ باھاسىنى سورىغانـدا،
ئوتۇنچىلار بىر ئاز يۇقىرى باھا قويىدۇ. قۇلبەگ بۇنى ئاڭـ
لاپ چالۋاقاپ «سارتنىڭ ئوتۇنى سۆگەت، تېرەك بولىدۇ،
ئارچا - قارىغاي قىرغىزنىڭ تۇرسا، ئۇنى رۇخسەتسىز ئېلىپ
كېلىپ يەنى قىرغىزغا پۇلغا ساتامدىكەن» دەپ، ئوتۇنلارغا
بىر تىيىنمۇ پۇل بەرمەستىن قىرغىزلارغا بىكارغا چۈشۈرتۈپ
بېرىپ، نۇرغاجىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كېتىدۇ.

نۇر ھاجى، قۇلبەگلەرنى ئات سويۇپ، نېرىن ياساپ
قىرغىز قائىدىسى بويىچە مېھمان قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئېزىز
ھاجى قۇلبەگنى شۇ داستىخان ئۈستىدە جايلىۋېتىشنى ئويـ
لاپ، باشقىلارغا مەسلىھەت سالىدۇ. لېكىن ئۇيغۇرمۆتىۋەرلىرى
ئېزىز ھاجىنى توسۇپ، ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرىدۇ.

1934 - يىلى كۈزدە قاقشالدىن چىلپاق باي دېگەن
كىشى ئات، تۆگە، قوتاز بولۇپ 100 دەك چارۋا مال ئېلىپ
قۇلبەگ بىلەن قۇدىلىشىش ئۈچۈن (قىزغا چاي ئىچكۈزۈش
ئۈچۈن) ئۇچتۇرپانغا كېلىدۇ. قۇلبەگ بۇ قۇدىلىرىنى قارشى
ئېلىش ئۈچۈن قۇلبەگ سارايدىن تاكى جوجاڭ كۆكچىسى،
مەھەللىسىگە قەدەر قوراللىق ئەسكەرلىرىنى قاتار تۇرغۇزۇپ،
داقا - دۇمباق ۋە ناخشا - ئۇسۇللار بىلەن خەلق ئالەم
ئالدىدا ئۆز سەلتەنىتىنى كۆرسىتىدۇ.

كېيىنكى توي مەرىكىسىمۇ كاتتا ئۆتكۈزۈلگەن ۋە يىـ



راق - يېقىندىن ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىز مېھمانلار
كۆپ چاقىرىلغان بولۇپ، ئاز بولمىغان سوۋغا - سالاملار
كەلگەن. بۇ سوۋغا - سالاملارنى يول بويىغا ئاغامچا ئارتىپ
ئېسىپ، ئاتلىق يۈرۈپ كۆرۈشكەن، قۇدىلارغا تارتىلىدىغان
كىت (تون) ۋە كىيىم - كېچەك، رەختلەرمۇ، كۆرگەزمە قىلىپ
بېرىلگەن.

## قۇلبەگنىڭ ئاقىۋىتى

1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇچتۇرپاندا سوـ
ۋېت كىشىلىرى ۋە قىزىل ئارمىيىسى پەيدا بولۇپ قالدى.
شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىمۇ كۇنسايىن مۇستەھكەملىنىشكە
باشلىدى.

قۇلبەگ بولسا قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنى «دەم
ئالدۇرۇش» دېگەن باھانە بىلەن تارقىتىۋەتتى. ئۆزىگە ئىـ
شەنچلىك دەپ قارىغان قارىنباي، ئابدۇللا (خۇيزۇ) قاتارلىق
20 دىن ئارتۇق ئەسكەر ۋە مەسلىھەتچىلىرىنى خوتۇن بالىـ
لىرى بىلەن بىللە ئۆزى تۇرۇۋاتقان جاي قۇلبەگ قورولغا
كۆچۈرۈپ چىقىپ، قىش ئۆتكىچە شۇ يەردە تۇردى. 1935 -
يىلى ئەتىياز كىردىشى بىلەن ئۇلار قۇلبەگ قورولىدا تۇرۇشـ
نىمۇ ئەپسىز كۆرۈپ، جاڭارت دېگەن تاغنىڭ «چوڭ يايلاق»
دېگەن جايىغا چىقىپ ئورۇنلاشتى. بۇ يەر سوۋېت چېگرىسىـ
غا يېقىن ئىدى. شۇڭا قۇلبەگ قول ئاستىدىكىلەرگە سوۋېت
ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشكە مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆكتەبىر
ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېتتىن كەلگەن بولغاچقا، بۇ مەسلىـ

ھەتكە زادىلا قوشۇلمايدۇ. ئەكسىچە ھىندىستان، ئافغانىستان تەرەپلەرگە ئۆتۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئاخىرى بۇلار بىرلىككە كېلەلمەي پەيت كۈتۈشىدۇ.

1935 ـ يىلى ياز ئايلىرىدا شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىدىن 15 ـ 20 گىچە قوراللىق كىشى، ماتەي دېگەن قىرغىزنى زورلۇق بىلەن يول باشلاتقۇزۇپ، قۇلبەگنى تۇتۇش ئۈچۈن ماڭىدۇ. ئۇلار بىر ئىبدىرلىق سايىدا كېتىۋاتقاندا، قۇلبەگنىڭ تۆگە باققۇچى سۈپىتىدە قويغان ئادىمى ئادىلنىڭ ئوغلىغا ئۇچرايدۇ. ھېلىقى قوراللىق ئەسكەرلەر ئۇنىڭدىن گەپ ـ سۆز سورىغاندا، ئۇ چاندۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى شۇ يەردىلا ئېتىۋېتىدۇ. قوراللىق ئەسكەرلەر داۋاملىق ئىلگىرىلەپ چاكارت تاغ ئېغىزىغا يېقىنلاشقاندا، كىچىككىنە بىر كىگىز ئۆي كۆرۈنىدۇ. بۇ ئۆيدە مۇسۇك دېگەن بىر قىرغىز بولۇپ، ئۇ قۇلبەگنىڭ كۈزەتكۈچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى قۇلبەگكە خەۋەر قىلىپ قويىدۇ. قۇلبەگ بولسا چوڭ يايلاق بىلەن كىچىك يايلاق ئوتتۇرىسىدىكى تاغقا ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، تەييار ھالەتتە تۇرىدۇ. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئالا ـ چوققا كەلگەندە، مال ئىزلەپ يۈرگەن ئۆمۈر ئالى دېگەن قىرغىزنى ئۇچرىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆمۈر ئالىنى مەجبۇرىي ھالدا يول باشلاتقۇزۇپ ماڭغاندا، تۇيۇقسىزدىن قۇلبەگنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئۆمۈر ئالى دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بولسا تەرەپ ـ تەرەپكە قاچىدۇ. ئۇلاردىن ئىككى كىشى ئۆلۈپ، قالغانلىرى ئات ـ قوراللىرىدىن ئايرىلىپ يارىدار بولۇپ، جەنۇب تەرەپتىكى تاغقا قاراپ كېتىشىدۇ. ئۆلگەنلەر بۇرۇن قۇلبەگكە ئەسكەر بولغان ما-



تاي، ناماز دېگەن كىشىلەر ئىدى. (ئۇلار ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېتتىن ئۈچتۇرپانغا كەلگەن ۋاقتىدا قۇلبەگكە ئەسكەر بولغان ئىكەن). شۇڭا قۇلبەگ بۇلارنى تۇتۇپ قېلىپ روزاخۇن موللام دېگەن كىشىگە ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرتۈپ دەپنە قىلغانىكەن. مەن 1942 ـ يىلى قورول مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، كىچىك يايلاققا بېرىپ بۇ يەردىكى ئىككى قەبرىنى كۆرگەن ئىدىم. روزاخۇن دېگەن كىشى 1950 ـ يىلى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلدى. كېيىن ئاڭلىساق ھېلىقى ماتاي بىلەن ناماز ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، يول باشلاپ بارغانلار ئىكەن.

قۇلبەگلەرنىڭ تۇرغان جايىنىڭ مۇداپىئەسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ يەرنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇش ئەپسىز بولغانلىقتىن، كېيىن ھۆكۈمەت تەرەپ باشقىچە ئۇسۇل قوللاندى. يەنى ـ قادىر ھاجى باشلىق بىرنەچچە ئاخۇن، ئۇلامالارغا گەپ ئۆگىتىپ، ئۇلارغا قۇرئان، نان، تۇز تۇتقۇزۇپ، ئىبراھىم شەنجاڭ نامىدىن قۇلبەگكە خەت يازدۇرۇپ ئۇلارنى قۇلبەگكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. خەتنىڭ مەزمۇنى: «ھازىر شىڭ شىسەي بىلەن خوجىنياز ھاجى بىرلىشىپ ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاق بولۇشقا چاقىردى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ھەممىمىزدە سەۋەنلىك ئۆتولدى. ئۆتكەنگە سالاۋات. ئاداۋەت ساقلاشمايلى. مەنمۇ ئۈچتۇرپانغا شەنجاڭ بولۇپ كەلدىم. سىز بىلەن قىيامەتلىك دوست بولۇش نىيىتىم بار. بەختلىك كۈنلەر ئالدىمىزدا، سىز ئۈچتۇرپانغا خاتىرجەم قايتىپ كەلسىڭىز...» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. قۇلبەگ ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىپ ياخشى كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ

گەپ - سۆزىنى ئاڭلايدۇ. ئەمما قۇلبەگنىڭ قول ئاستىدىكىلەر خىلمۇ - خىل پىكىرلەرنى قىلىشىپ، ئۇزاق تالاش - تارتىشتىن كېيىن ئاخىرى قۇلبەگ بىلەن ئۇچتۇرپانغا قايتىپ كېلىشىدۇ. ئىبراھىم شەنجاڭ نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالىدۇ ھەم ئۇلارغا زىياپەت بېرىپ، تەسەللىي ئېيتىدۇ. شۇ قاتاردا قۇلبەگنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرىگە نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنى ئۆز ئائىلىلىرىگە قايتۇرىدۇ.

1935 - يىلى كۈز ئايلىرىغا كەلگىچە، قۇلبەگ ئۆزىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى سارىيىدا خوتۇن - بالىلىرى بىلەن خاتىرجەم تۇرۇۋېرىدۇ. قارىنباي، ئابدۇللا دېگەن كىشىلىرىمۇ ئۆز ئائىلىلىرىگە چىقىپ شۇ جايدا تۇرىدۇ. 1935 - يىل 11 - ئايلارغا كەلگەندە ھۆكۈمەت تەرەپ قۇلبەگنى «مەسلىھەت بار» دەپ چاقىرتىپ، شۇ كۈنىلا ئۇنى قولغا ئېلىپ سولايدۇ. ئارقىدىن قارىنباي بىلەن ئابدۇللانىمۇ چاقىرتىپ كېلىپ قولغا ئالىدۇ. 5 - 6 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كېچىدە ئىبراھىم شەنجاڭ ئۆزى باشلىق بىرمۇنچە ئادەملىرى بىلەن چىقىپ، قۇلبەگلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ھەم شۇ كېچىسى قارىنباي، ئابدۇللا ۋە قۇلبەگ ئۈچ كىشىنى بىر ۋاقىتتىلا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، جەسىدىنى يامۇل ئالدىدىكى تېرەك تۈۋىگە ئاپىرىپ بىللە كۆمدۈرىدۇ. قۇلبەگنى ئۆلتۈرگەن كېچىسى ئۈچ - تۆت ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. «قۇلبەگنى بۈگۈن كېچە ئۇجۇقتۇردى» دېگەن گۇماندا بولغان كىشىلەر، شۇ كۈنى ئەتىگەندە ماڭا بىر - ئىككى نان ۋە بىر ياغلىق ئالمىنى بېرىپ گەپ ئۆگىتىپ، مېنى يامۇلغا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئەۋەتكىنى بويىچە مەن ئويناپ بولۇپ، يامۇلنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن



كىرىپ «قارا تىڭزى» (تۈرمە - قارا تىڭزى، ئاق تىڭزى دەپ ئىككىگە ئايرىلاتتى) تەرەپكە كېتىۋاتسام، مەھەممەت لوزۇڭ دېگەن كىشى «ھەي بالا نەگە بارىسەن؟» دەپ سورىدى. مەن قارىنباي چوڭ دادامغا نان ئېلىپ كەلدىم دېدىم. ئۇ كىشى «ئۇلار يوق بۈگۈن كېچىدە ئاقسۇغا مەجلىسكە كەتتى» دېدى. ياناي دەۋاتسام ۋاڭ لويى، چېندايى ئىككىسى ماڭىلا قاراپ قوللىرىنى شىلتىپ، «تامادى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تىللىغاندەك قىلدى. مەن قورققان پېتى يىغلاپ قېچىپ ئۆيگە كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتسام، نۇرمامبەت، ئاقمات، شامىر قاتارلىقلار ئوراز باينىڭ ئۆيىگە كىرىپلا ئەر - ئايال يىغلىشىپ كەتتى. مەن شۇ ۋاقىتلاردا 10 ياشلار چامىسىدا ئىدىم. مەن يېنىپ ماڭغاندا مەھەممەت لوزۇڭ دېگەن كىشى مېنىڭدىن ئەنسىرەپ (ئۇ كىشىنىڭ قىزلار بىلەن ئالاقىسى ياخشى ئىدى)، ئارقامدىن كېلىپ قۇلبەگلەرنىڭ شۇ كېچىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى چوڭلارغا پىچىرلاپ خەۋەر قىلىپلا قايتتى. چىن دايى دېگەن كىشى ئەينى ۋاقىتتا ئۇچتۇرپاندىكى يامۇل ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋىرى بار نەرسە ئىكەن. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن ئاقچى ئەمىنلەش كوپىراتىپىدا بوغالتىر بولۇپ ئىشلەپ، 52 - يىلى كېسەل بىلەن ئۆلدى. شۇندىن كېيىن قۇلبەگنىڭ مال - مۈلۈك، يەر - زېمىنلىرى ۋە قورال - ياراقلىرىنى مۇسادىرە قىلغان ماموت سىجاڭ، بارلىق مال - مۈلۈكلەرنى ئېلىپ قەشقەر تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ. 1942 - يىلى مەن قۇلبەگ قورولدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە بارغىنىمدا، بۇ مەكتەپ قۇلبەگنىڭ چوڭ سارىيى ئىكەن. تۆت ئېغىزلىقى قىزىل سىرلانغان، ئالتە ئېغىزلىقى تېخى سىرلانمىغان بولۇپ، ئاشخانا، ئامبار،

50 ئات كەڭرى سىققۇدەك چارۋىخانىسى بار خېلى كەڭ كاتتا زېمىن ئىكەن.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتا شىنجاڭدا مىللەتلەرنى بىر - بىرىگە ئۆچلەشتۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازالاش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبراھىمنى ئۈچتۇرپانغا شەنجاڭلىققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن قۇلىبەگنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىبراھىمنىمۇ شەنجاڭلىقتىن قالدۇرۇپ، ئۇنىمۇ تۈرمىگە ئالغان. قۇلىبەگنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشتە كۈچ چىقارغان كىشىلەرنىڭ يەنە بىرىسى قادىر ھاجى دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇنى 1937 - يىللاردا قەشقەر ساقچى باشقارمىسىغا باشلىق قىلىپ بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ قەشقەردىمۇ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان، ئاخىرى ئۇمۇ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندى.

1936 - يىللىرى يەنى ئىبراھىم ئۈچتۇرپاندىكى شەنجاڭلىق مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچتۇرپانغا زەيدىنبەگ دېگەن كىشى شەنجاڭ بولىدۇ، ئۇ كىشى ئۈچتۇرپان، قاقشال خەلقىگە ئىنتايىن كۆپ بىدە - ئوت، ئالۋان - سېلىق قويغانلىقتىن خەلق ئۇنىڭدىن بەكمۇ زارلانغان.

## ماخۇسەن، ئابدۇنىياز...نىڭ قاقشالدىكى ھەرىكەتلىرى

1936 - 1937 - يىللىرىدا ماخۇسەن، ئابدۇنىياز ۋە ئابدۇغوپۇرلار بىرلىشىپ شېڭ شىسەي بىلەن ئۇرۇش قىلىشىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى. ئارقىدىنلا ئۈچتۇرپاندىن قاچقان ياقۇپ فۇگۇەننىمۇ ئابدۇنىياز قوشۇنىغا قوشۇلۇپتۇ دېگەن پاراڭلار ئاڭلاندى. شۇ كۈنلەردە ئابدۇغوپۇر قوشۇنلىرى ئۈچ-



تۇرپانغا كېلىپ ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئاخىرى يېڭىلىپ قاچتى. ئۇ مەزگىلدە سوۋېت ئايروپىلانلىرى ئاغىچا قورال ئارقىلىق كېلىپ بومبا تاشلاپ ۋە ئوق ياغدۇرۇپ پاراكەندىچىلىك قىلغاچقا، ئۈچتۇرپاندىكى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئەسكەرلەر دەريا بويلاپ قاچتى. ئايروپىلانلار پىلىموت، بومبا بىلەن ئۇلارنى داۋاملىق قوغلىدى. ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرى قاقشال تەرەپكە قېچىپ «ئىسسىق جىلغا» دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۈچ ئەسكىرى «پېتى باشى قىشلاق» دا ئولتۇرۇشلۇق بازار قۇل دېگەن پۇقرانىڭ ئۆيىگە كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلماقچى بولغان. بۇنىڭغا بازارقول ۋە ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى قارشىلىق قىلغاندا، ئەسكەرلەر ئۇنى ئېتىۋېتىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قەۋرىسى ھازىر مۇشۇ قىشلاقتا بار. ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرى ئەشمە دېگەن يەرگە بارغاندا، قەشقەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ئالدى تەرەپتىن چىقىپ قېلىپ، ئۆزئارا سوقۇشۇپ كېتىدۇ. بۇ سوقۇشۇشتا ئابدۇنىياز قوشۇنلىرى يېڭىلىپ قايتا ئۈچتۇرپان تەرەپكە يانىدۇ. ئۇلار يولدا مامبەت ئالى ھاجى دېگەن قىرغىز كىشىنى تۇتۇۋېلىپ يول باشلاتقۇزۇپ ساپاربايغا كەلگەندە، ئۈچتۇرپانغا كىرىشنىڭ ئەپسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تاغ ئارىلاپ كەلپىنگە، كېيىن كەلپىندىن ئارقىلىق مارالبېشىغا كېلىدۇ. مامبەت ئالى ھاجىنى كەلپىندە ئۆيىگە قايتۇرىدۇ. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ، ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ.

ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرى ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا ئەتراپلىرىدا ئۇرۇش قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، سوۋېتنىڭ بەش

ئايروپىلاننى ئاقسۇ تەرەپكە ئۇچۇپ كېلىپ بومباردىمان قىلىپ قايتىدۇ. ئەتىسى ئابدۇنىيازنىڭ ئەسكەرلىرى ئايروپىلان ئۆتكەن چېگرا تەرەپكە بارىدۇ. سوۋېتنىڭ بۇ ئايروپىلانى ئەسلى تاشقا سوقۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەنىكەن. ئايروپىلاندا ئىككى دانە مىلتىق، ئىككى پىلىموت، ئىككى تاپانچا ۋە بىرمۇنچە ئوق - دورا بار ئىكەن. يەنە ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئۆلگەن، لېيۇتچىك ساق قالغان. ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرى لېيۇتچىك بىلەن قورال - ياراقلارنى ئېلىپ يېنىپ كەلگەن. ھېلىقى لېيۇتچىك رۇس بولۇپ، ئابدۇنىيازلارغا «مەن سىلەرگە سوۋېت ئايروپىلانلىرىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ بېرىمەن» دەپ يالغان سۆزلەپ قويۇپ، كېيىن ئاقسۇ تەرەپتىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى ئىچىگە قېچىپ كەتكەن. يەنە سوۋېتنىڭ بىر ئايروپىلانى قاقشالنىڭ «كۆيۈكتوقاي» دېگەن يېرىدىكى سايغا قونغان، قىرغىزلار ئۇ يەرگە بارسا ئايروپىلاندىكىلەر رۇسلار بولۇپ، يۇقىرالاردىن بىر كالا بېرىشنى تەلەپ قىلغان. خەلق بىر كالا بەرگەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر ئايروپىلان كېلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كەتكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھېلىقى ئايروپىلاننىڭ مېيى تۈگەپ يەرگە قونۇشقا مەجبۇر بولغانىكەن.

ئابدۇنىياز يېڭىلىپ، ئۇچتۇرپاننى تاشلاپ خوتەن تەرەپكە كېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ياقۇپ فۇگۇەنمۇ ئابدۇنىياز قوشۇنى ئىچىدە بولۇپ، ئۇ بۇرۇن قىرغىزلار بىلەن ئۇرۇشقانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈرگەنىكەن.

### قاقشالنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى مەدەنىي - مائارىپى

1930 - يىلدىن بۇرۇن قاقشال تەۋەسىدىكى مەدەنىي -



مائارىپ ئىشلىرى ئارقىدا بولۇپ، 30 - يىللاردىن كېيىنلا قاقشالدىكى قەبىلە باشلىقلىرى قەشقەر، ئۇچتۇرپان تەرەپلەردىن موللا، خەلپەت، مۇپتى، قارى دېگەنلەرنى ئۆز ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ بالىلىرىنى ئوقۇتاتتى. بۇنداقلارنىڭ بەزىلىرى شۇ بىر ئائىلىدىكى بالىلارنىلا ئوقۇتسا، يەنە بەزىلىرى شۇ مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇتاتتى. بۇلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆشرە، زاكات، قۇربانلىق ... قاتارلىق جامائەت كىرىمىدىن بېرىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى كىشىلەر ئۇلارغا سوۋغا - سالام بېرىپ تۇراتتى ۋە ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېھمان قىلاتتى. شۇڭا، بۇ كىشىلەرنىڭ جامائەت ئىچىدىكى ئىناۋىتىمۇ يۇقىرى بولۇپ، كىرىمىمۇ خېلى ياخشى ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر (موللىلار) مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تۇرمۇش يولى ئىزلەپ، ھەرتەرەپلەردىن ئاستا - ئاستا قاقشال تەۋەسىگە كېلىشكە باشلىدى. نەتىجىدە دىنىي ئىلىم ساھەسى بويىچە ئوقۇيدىغانلار بارا - بارا كۆپەيدى. لېكىن بالىلارنىڭ ئوقۇغان ئورنى رەسمىي مەكتەپ بىنالىرى بولماستىن، بەلكى شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرى بولۇپ، مالنىڭ دولا سۆڭەكلىرى ياكى ياغاچتىن ياسالغان تاختىلارغا ئىملا - ھەرپلەرنى يېزىپ ئوقۇتۇلاتتى. ئوقۇش شارائىتى ناھايىتى ناچار، ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنىي ئوقۇتقۇچىلار ھەرقايسى ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىپ، ئۆزئارا رىقابەتلىشەتتى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قاقشال ۋە ئۇچتۇرپانغا جاپپار موللا، مۇسا موللا، ئالى باي موللا، يۇنۇس موللا، ئابدۇللا قادىر قۇل ... قاتارلىق قىرغىز موللىلار كەلدى. بۇلار ئۆزلىرىنى بۇرۇنقى يەرلىك موللىلاردىن ئۈستۈن تۇتاتتى. دىنىي ئىلىم جەھەتتىنمۇ يەرلىك موللىلارنى بېسىپ چۈشكە-

دەك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، تېزلا خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە
ئىگە بولۇۋالدى. نەتىجىدە سىرتتىن كەلگەن موللىلار بىلەن
يەرلىك موللىلار ئوتتۇرىسىدا رىقابەت پەيدا بولۇپ، يەرلىك
موللىلار بىكارچى بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۆزئارا بالا تالىشاتتى.
قايسى موللىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن بالىلارنىڭ
ئوقۇش ئۈنۈمى ياخشىراق بولسا، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى
شۇ موللامغا ئاپىرىپ بېرەتتى. شۇڭا ئۇچتۇرپاندا بالا ئو-
قۇتقان قىرغىز موسا موللامنىڭ ئوقۇتۇشى نەتىجىلىك بول-
غاچقا، ئۇ كىشىگە بېرىپ ئوقۇيدىغان بالىلار يالغۇز قىرغىز
بالىلىرى بولۇپ قالماستىن، ھەتتا ئۇيغۇر بالىلىرىمۇ موسا
موللامنىڭكىگە بېرىپ ئوقۇيدىغان بولدى. سوۋېتتىن كەلگەن
موللىلار ئىچىدە يەنە باي تېيىر موللا دېگەن بىر كىشى
بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ ئاقچى ناھىيە مەسچىتىنىڭ ئىمامى، ئۇ
يەنىلا جامائەت ھۆرمەت قىلىدىغان ئەرباب. يەنە بىرى
جاپپار موللا بولۇپ، ئۇ قاقشال خەلقى ئىچىدە يۇقىرى ئى-
ناۋەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ، 1936 - يىلى ئۇچتۇرپان قازاق -
قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان.
1937 - يىلى ئۇنى شېڭ شىسەي ئادەملىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.
ئۇ ۋاقىتتا ئاتا - ئانىلار دەسلەپ بالىلىرىنى يېتىلەپ
موللاملارغا ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغاندا، «بالىمىزنىڭ
سۆڭىكى بىزنىڭ، گۆشى سىلىنىڭ» دەپ، بىرمۇنچە سوۋغا -
سالاملار بىلەن بىللە قوشۇپ ئاپىراتتى. بالىلار ھەپتىسىگە
پەيشەنبىلىك، شەنبىلىك دەپ بىرەر داچەن ياكى تومپۇر،
تاپالىغانلىرىمىز بىرەر مىسقال كۆمۈش پۇل ئېلىپ باراتتۇق.
ئانىلىرىمىز ئۇلارغا ئاتاپ قۇيماق، پوشكال، قاتلىمىلارنى
پىشۇرۇپ ئەۋەتەتتى. موللاملار بۇنداق بالىلارغا ئالاھىدە ئېتىبار



بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇتقاندەك بولاتتى. دەرسخانىلىرى-
مىز شۇ ئەتراپتىكى ھاللىقراق كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئىختى-
يار قىلىپ بەرگەن ياكى ئىجارىگە ئېلىنغان تام ئۆيلىرى
(قىرغىزلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى) بولاتتى. شارائىت ناھايىتى
ناچار بولۇپ، پاخال سېلىنغان ئۆي ئىچىگە تىزلىنىپ ئول-
تۇراتتۇق. ھەر بىر موللامدا كۆپ بولغاندا 20، ئاز بولغاندا
5 - 10 بالا ئوقۇيتتۇق. ئەتىگەندە چاي ئىچىپ بولۇپ بىر
ئولتۇرۇۋالساق، كۈن ئولتۇرۇش ئەتراپىدا قايتاتتۇق. موللا-
لار ئالدى بىلەن بىزنى كىتاب ئوقۇشقا باشلاپ قويۇپ، ئۆ-
زى مۈگدەپ بىزنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان بولاتتى. كەپسىز-
لىك قىلساق، بىرىمىزنى - بىرىمىزگە كۆتەرتىپ قويۇپ تېقىملىرى-
مىزغا ئۇراتتى. كەچتە مەكتەپتىن قايتىش ئالدىدا ھەممىمىز ھويلى-
غا چىقىپ سەپكە تىزىلىپ موللامنىڭ كۆزىدىن كۆچۈرۈشىدىن ئۆت-
كەندىن كېيىن، ئاندىن قايتاتتۇق. دەرسلىك تەرتىپى ئالدى بىلەن
ئەرەبچە 30 ھەرپ، ھەپتىيەك، قۇرئان، چاھار كىتاب، خوجاھاپىز
... لار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى تەرتىپ بويىچە ئوقۇتۇلۇپ، ئان-
دىن بەش پەرھىز، 40 ئەھكام، بەشۋاق ناماز ... لار ئۆگىتىلەتتى.
شېڭ شىسەي دەۋرىگە كەلگەندە ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە ئان-
چە - مۇنچە پەننىي مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. سوۋېتتىن كەل-
گەن موللاملاردىن بەزىلىرى يېڭى پەننىي مەكتەپلەرگە دەرس
بېرىشكە باشلىدى. 1931 - يىللاردا ئۇچتۇرپاندا خەنزۇچە
شۆتاڭ دېگەن مەكتەپلەر پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدا قىرغىز با-
لىلىرىمۇ ئانچە - مۇنچە ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىغىچە
ئوقۇپ نەتىجە قازىنالىغانلىرى بولمىدى. 1937 - يىلىغا كەل-
گەندە ئۇچتۇرپاندا «قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇ-
شمىسى» قۇرۇلۇپ، ئۇچتۇرپاننىڭ يېڭىلىق دېگەن جا-

يېدىن 15 مو يەر ئېلىپ ئىشخانا، مەجلىسخانا، ياتاق، مەكتەپ سېلىپ، 38 - يىل 6 - ئايدا مۇشۇ يېڭى ئورۇنغا چىقىپ ئىش باشلىدى. بۇ ئۇيۇشما قارمىقىدا رەئىس، كاتىبات، مەدەنىيەت، تەشۋىقات، تەشكىلات، مالىيە، سانائى نەپىسە، بۆلۈملىرى قاتارلىق ئاپپاراتلار بولغانىدى. ئۇنىڭدا 30 غا يېقىن خادىم ئىشلەيتتى. 1936 - يىلغا كەلگەندە ئۇيۇشما باشچىلىقىدا قاقشالدىكى تۆت بەگلىكتە تۆت سىنتىر (مەركىزى مەكتەپ) قۇرۇلۇپ، پەننى بىلىمگە يۈزلىنىش قىلىش باشلىنىپ كەتتى. بۇرۇنقى دىنى مەكتەپتە ئوقۇغان بالىلارنىڭ ئەلاچىلىرىدىن تاللاپ يېڭى مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇتۇلدى. ئوقۇتقۇچىلار يۇقىرىدا دېگەندەك سوۋېتتىن كەلگەن پەننى بىلىمدىن خەۋىرى بار ئوقۇتقۇچىلار بولدى. 1937 - يىلىنىڭ كىرىشىدە يۇقىرىقى تۆت مەكتەپتە ئوقۇغان بالىلارنىڭ ئەلاچىلىرىدىن تاللاپ ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەندى. 37 - يىلى قاقشالنىڭ ھەممە يېزا - قىشلاقلىرىدا (ۋىنسۇ ناھىيىسىنىڭ بوزدۆڭ، تاغلاقمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) جەمئى 30 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ، يېڭىچە پەننى مائارىپ جانلىنىشقا باشلىدى، بەزى مەكتەپلەر خەلقنىڭ ئىئانە قىلىشى بىلەن ياسالدى. ئۈچتۇرپان شەھەر ئىچىدىكى دارىلئىتام مەكتىپىنىڭ ھەممىسى قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادى كۈچى بىلەن پۈتۈپ، بىرسىنىپتا 40 تىن قىرغىز يېتىم بالىلار قىرغىز ئۇيۇشما تەمىناتى بىلەن ئوقۇۋېتتى. 1938 - يىلىنىڭ كىرىشىدە ناھىيە تەۋەسىدە 13 ئورۇندا شەنلى مەكتەپ (ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى مەكتەپ)، 17 ئورۇندا خۇيلى مەكتەپ (ئۇيۇشما قارمىقىدىكى) قۇرۇلدى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاش، ئىش راسخوتى، تەمىنا-



تى بولسا مەركىزى مەكتەپلەرنىڭكىنى ھۆكۈمەت، ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭكىنى ھەر قايسى ئۇيۇشما ئۆزلىرى ئايرىم باشقۇرىدىغان بولىدى. 1941 - يىلى ئاقسۇ مەدەنىي - مائارىپ ئىدارىسى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلاپ، ئۈچتۇرپان قىرغىز ئۇيۇشمىسى ئۈچۈن 45 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ بېرىش توختامى تۈزدى. بۇ بالىلارنىڭ بارلىق تەمىناتىنى قىرغىز ئۇيۇشما تۆلىدى. يەنە بۇ بالىلار ئۈچۈن قاقشالدىن ئاقسۇغا ئات، قوي، كالا، ھەتتا قىمىزغىچە يەتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى كۆپىنچە تاشكەنتتە ئوقۇپ كەلگەن توختى ھاشىم، ئەيسانىياز، ئابدۇرېشىت، تۇرسۇن ياسىن قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار بولغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ ئۈرۈمچىدە ئىشلىمەكتە. كېيىنكىدەك ۋاقىتلاردا ئىنقىلابى قۇربان ئابدۇللا داۋۇت، ل مۇتەللىپلەرمۇ قىرغىز بالىلارغا قىسقا ۋاقىت تەربىيە بەرگەن. بۇ ۋاقىتلاردا ئۈچتۇرپان قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا قاقشال، ئۈچتۇرپان، ۋىنسۇ ناھىيىسىنىڭ بوزدۆڭ، تاغلاق، باي ناھىيىسىنىڭ قارا باغ يېزىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان قىرغىزلاردىن تارتىپ، ئاقسۇ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى قىرغىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆشرە - زاكات تاپشۇراتتى. يىغىلغان بۇ ئۆشرە - زاكاتلارنى قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسى مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلىتەتتى. شۇڭا 1936 - يىلدىن كېيىن بۇ جايلاردا مەدەنىي-مائارىپ تېز راۋاجلىنىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىگە يەتكەن. جاي - جايلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، ياش - قېرى، ئەر - ئايال دېمەستىن كۈن چىقماستا مەكتەپكە كېلىپ ئۆگىنىش كەيپىياتى شەكىللەنگەن. مەكتەپلەردىكى تۈزۈم كۆرۈنۈشتە ھەربىي تۈزۈمدەك كۆرۈ-

ئەتتى. شۇڭا، مۇشۇ يىللاردىكى ئوقۇ - ئوقۇتۇش، سانائەتتى نەپسە ئىشلىرى خېلىلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان. ئۇندىن باشقا قازاق، قىرغىز ئويۇشمىسىنىڭ يەنە 80 ئاتلىق بىر كارۋىنى بولۇپ، بۇ كارۋان ئويۇشما تەۋەسىدىكى رايونلاردىن تېرە، كۆرپە، يۇڭ، ئۆچكە، قاتارلىق خام ماتېرىياللارنى سوۋېتلار ئىتتىپاقىغا ئاپىرىپ پىششىق ماللارغا ئالماشتۇراتتى. ئۇ تەرەپتىن ئېلىپ كىرىلگەن رەخت ۋە باشقا نەرسىلەر ھەر قايسى دۇكانلارغا سېلىنىپ سېتىلاتتى. بۇنىڭدىن كىرگەن كىرىم قازاق - قىرغىز ئويۇشمىسىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئۈچۈن چىقىم قىلىناتتى. قازاق - قىرغىز ئويۇشمىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سوۋېتلار ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزگەن خام مال پۇلىدىن 1100 سوم سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە قالغان بولۇپ، 1942 - 1943 - يىللىرى مامبەت كېرىم، تۆلىمىش، مەن (خالىل) ئۈچ كىشى ئىسىق كۆلنىڭ بۇرۇنقى مال ئالىدىغان جاي «ئىشلىق» قائۈچ قېتىم بېرىپ تەلەپ قىلىپمۇ ئالالمىدۇق. كېيىن ھۆججەت - داوكومېنتلارنى ئاساس قىلىپ، ئويۇشما رەئىسلىرىنىڭ ئۆزى سوۋېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك دائىرىلىرىگە ئەرز قىلىپمۇ ئالالمىدى. شۇ ۋاقىتتىكى بۇ پۇل ئالتۇنغا سۇندۇرۇلۇپ ھېسابلىناتتى. ئۈچتۇرپاندىكى قازاق - قىرغىز ئويۇشمىسى شۇ يىللاردا خېلى جانلىنىپ، بىرمۇنچە پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىق خەۋرى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە ئاڭلىنىپ، ئۆلكىگە ۋەكىل چاقىرتىلىدىغان بولغان. مەسىلەن: شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قۇرۇلتايلارغا قىرغىزلاردىن شاقارباي، ئايشا، چۈيتۇ (ئايال)، مامبەت ئېمىل قاتارلىق كىشىلەر قاتنىشىپ كەلگەن. ئۈرۈمچىگە يې-



يىغىنغا بارغانلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەدەنىي - مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ باراتتى. بۇنداق يىغىنلار كۆپىنچە مەھەللىلەردە ئۆتكۈزۈلۈپ، يىغىننى شاۋجاڭ، مۇئەللىملەر باشقۇراتتى. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىمۇ يۇقىرى ئىدى. 1938 - يىلى ئېچىلغان قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قۇرۇلتىيىغىمۇ قاقشالدىن سەككىز نەپەر قىرغىز ۋەكىل قاتناشقان. بۇلاردىن ئالتىسى قاقشالغا سالامەت قايتىپ كەلدى، ئىككىسىنى شېڭ شىسەي يوقىتىۋەتتى، تاكى 1950 - يىللىرىغىچە ئۈچتۇرپاندىكى ئۇيغۇر ۋە قىرغىز ئويۇشما داۋاملىق ئىش بېجىرىپ تۇرغان. 1950 - يىلدىن كېيىن «ئىتتىپاق» دېگەن تەشكىلىسى نامغا ئۆزگەرتىلدى. بۇرۇن بۇ ئويۇشمىلاردا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز خادىملار ئارىلاش ئىشلىگەن.

## شېڭ شىسەينىڭ قاقشال قىرغىزلىرىنى تۇتقۇن قىلىشى

1935 - يىلى كۈز ۋاقتىدا شېڭ شىسەي قۇلبەك قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئۈچتۇرپاندا ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، بىگۇنا قىرغىز ئاھالىسىگە قول سالدى. 1936 - يىلى ئاقۇن باي دۆيجاڭ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى يۈسۈپ تۇەنجاڭ، كىچىك ئوغلى قادىش، ئىنىسى قالچىكە قاتارلىق بىر ئائىلىدىكى تۆت كىشىنى تۇتۇپ قەشقەرگە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئايتىقۇجۇ، قارا بايلارنى تۇتۇپ ئاقسۇ تۈرمىسىگە ئېلىپ كەتتى. 1937 - يىلى يامان سۇدىن ئارتىپە كۆكئارتىقچىلىك بولغان تۆت بەگلىك تەۋەسىدىن 102 كىشىنى ئىككى قېتىمدا تۇتۇپ كەتتى. بۇلاردىن پەقەت ئۈچ كىشى ساق قايتىپ كېلىپ، 99 كىشى ئىزدېرەكسىز يوقالدى.

1937 - يىلىدىن 1938 - يىلىغىچە ئاقسۇ تەرەپلەردە جەمئىي قىرغىزلاردىن 120 كىشىنى تۇتۇپ كەتتى. ئۇلاردىن 90 كىشى سالامەت قايتىپ كېلىپ، 30 كىشى دېرەكسىز يوقالغان. قەشقەر، ئاقسۇ ۋە ئۈرۈمچىگىچە تۇتۇپ كەتكەنلەر جەمئىي 222 كىشى بولۇپ، 93 نەپىرى قايتىپ كەلگەن. 129 كىشى ئىز-دېرەكسىز يوقالغان. بۇلار ھەر ساھە كىشىلىرىدىن بولۇپ، بەزىلىرى ئاددىي نامرات چارۋىچىلار ئىدى. ئۇلارغا توقۇلغان جىنايەتلەرمۇ ئەنگلىيە، ياپون، تۈركىيە، لوندون، دېھلىغا قانداق قاچماقچى ئىدىڭ؟ قانداق تىل بىرىكتۈرۈلگەن! قانچىلىك ئالتۇن - كۈمۈچ توپلىغان ئىدىڭلار؟ دېگەندەك تۇترۇقسىز سوئاللار ئىدى. ئۇزامانلاردىكى قىرغىزلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، يۇقىرىقىدەك ئىسىملارنىڭ ئادەم ئىسمىمۇ ياكى جاي ئىسمىمۇ؟ ۋە ياكى بىرەر تاغ - يايلاق ئىسمىمۇ؟ دېگەننى پەرق ئېتەلمەيتتى. مەسىلەن: قەدىرمىش، قۇربانبايلارنى سوراق قىلغاندا «لوندون دېگەن كىشىنى زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن» دېگەن. شۇڭا سوراقچىلار ئۇنى ناھايىتى قاتتىق ئۇرغان، ئويمات دېگەن ئادەم ياپون، دېھلى، دېگەن تاغلارغا بارمىغانىدىم، ئالتۇن كولاشنىمۇ بىلمەيتتىم، دېگەندە سوراقچىلار ئۇنى سەن موللا ئوخشايسەن، دەپ سىمنى كاللىسىغا يۆگەپ ھوشىدىن كەتكىچە قىيىنىغان. كېيىن بۇ ئادەم ئۈچ ئايدا ئارانلا ساقايغان. سالامەت كەلدى دېگەنلىرىمۇ قۇلىقى گاس، چىشى يوق، كۆز - قۇلاق، پۇت - قوللىرىدىن ئايرىلغان ھالدا كەلگەن. ئاياللار تۇل، بالىلار يېتىم قالغان. يېڭى توي قىلغانلار ئەمدىلا ئىسسىق ئائىلىسىنى قۇرۇپ خاتىرجەم بولالماي تۇرۇپلا خانىۋەيران بولغان. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى دات - پەرياد چېكىپ، قاقشالنى يىغا - زارى، قارا تۇمان قاپلىغانىدى.



## «بوزدۆڭ»① قىرغىزلىرى

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن خىلمۇ - خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسسىق كۆل رايونىدىن بىرمۇنچە قىرغىزلار شىنجاڭغا ئۆتۈپ، جۇڭگو پۇقراسى بولۇپ تۇرۇپ قالغان. بۇلار ھازىر ئەينى ۋاقىتتا ئورۇنلاشقان جايى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تۇمشۇق، جام، بوزدۆڭ، باي ناھىيىسىنىڭ ياقا ئېرىق، قاراباغ يېزىلىرىغا ئورۇنلىشىپ قالغىنى بويىچە تۇرماقتا. ئۇلار ئەسلىدە چېچىلاڭغۇ ئولتۇراقلىشىپ يەرلىك ئۇيغۇر چارۋىدارلارنىڭ چارۋىسىنى باققان ياكى يەرلىك كىشىلەرگە يالىنىپ ئىشلەپ تىرىكچىلىك قىلغان. ئۆزىگە تەئەللۇق ئۆي - جاي، تېرىلغۇ جايلىرى يوق ئىدى. بۇلار جەمئىي 100 نەچچە ئائىلىلىك بولۇپ، كۆچمەن ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

1935 - يىللاردا شىنجاڭغا كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى خادىملىرىدىن ئاقسۇ كونىشەھەر، ئۇچتۇرپان ناھىيىلىرىنىڭ ھەر قايسى مەمۇرىي ئورگانلىرىغا ئورۇنلىشىپ ئىشلەۋاتقان بىر ئىككىدىن كىشى بار ئىدى. ئۇلاردىن سىدىق بەگ چېكىراجى دېگەن قىرغىز كىشى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىدا ئىشلىگەن. سالىخ دېگەن كىشى ئۇچتۇرپان قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولغان. مانا

① بوزدۆڭ - ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىرغىزلار ئولتۇراقلاشقان بىر يېزىسى - تەھرىردىن.

مۇشۇ ئىككى كىشى ئەينى ۋاقىتتىكى خىزمەت شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، قىرغىزلار ئولتۇراقلاشقان يېزا - قىشلاقلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن. نەتىجىدە بۇ قىرغىزلارنىڭ يەر - زېمىنلىرى، مۇقىم تۇرىدىغان يايلاق - قىشلاقلىرى يوق بولۇپ، جاي - جايلاردا ھەرخىل ئىشلار بىلەن جىچىلاڭغۇ تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېنىقلىغان. كېيىن ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى سالى دوتەيگە ئومۇمىي ئەھۋالنى دوكىلات قىلىپ، كۆچمەن ھالەتتە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان قىرغىزلارنى تۇراقلاشتۇرۇپ يەر - زېمىنغا ئىگە قىلىش، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، سوغۇق جايلاردا تۇرۇپ قالغان ۋە تۇرمۇشتا قىينىلىۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى ھاۋاسى ئىللىق، تېرىقچىلىققا ئەپلىك بولغان جايلارغا كۆچۈرۈپ يەر - زېمىن بېرىش دېگەندەك تەكلىپلەرنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىدىكى سالى دوتەي ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرۈپ، قىرغىزلارنى ھاۋا ئىقلىمى سوغۇق ھەم چارۋا بېقىشقا لايىق بولغان ۋىنسۇ ناھىيىسىنىڭ بوزدۆڭ، تاغلاق، باي ناھىيىسىنىڭ ياقېرىق، قاراباغ دېگەن جايلىرىغا يىغىپ ئورۇنلاشتۇرغان. 1937 - يىلغا كەلگەندە، قىرغىزلار ئولتۇراقلاشقان بۇ رايونلارغا ئۇيغۇر - قىرغىز ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىكىدە پەننىي مەكتەپلەر سېلىنىپ، قىرغىز ئۆسمۈرلىرى پەننىي بىلىم ئېلىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر، قىرغىز قېرىنداشلار بەك رازى بولغان. شۇڭا قىرغىزلار بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بوز دۆڭدە بەش سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئۇ مەكتەپ ئۈچتۇرپان قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ شۇ جايلاردىن يىغىلغان ئۆشرە - زاكات... كىرىملىرىدىن تەمىنلەندى.



1950 - يىلغىچە بوز دۆڭگە يىغىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىرغىزلار 300 ئائىلە ئەتراپىدا بولۇپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم كىشىلەر چەت ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە تاراپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ يەرنىڭ ھاۋا كېلىماتى سوغۇق، يايلاق - قىشلاقلىرى چارۋىچىلىققا باب بولسىمۇ، ئەمما ئازادلىقتىن بۇرۇن ئاشلىق پىشمايتتى. ئازادلىقتىن كېيىن يەرلەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ھازىر بۇغداي پىشىدىغان بولدى. 1984 - يىلى «بوزدۆڭ قىرغىز مىللىي ئاپتونوم يېزىسى» قۇرۇلۇپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولدى.

## سىدىقبەگ چېكىراجى

سىدىقبەگ چېكىراجى (قىرغىزلار باقاي دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتىشاتتى) ئەسلىدە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن كېلىپ ئاقسۇ تەۋەسىدە ئىشلىگەنىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ، ئاقسۇدىن ئۈچتۇرپانىنىڭ يامانسۇ دېگەن جايىغا بېرىپ مامبەت ئاسان دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن يۇرتىغا قايتقان. ئۇ قايتىش ۋاقتىدا مامبەت ئاسان ئۇنىڭغا بىر ئات بېرىپ، يەنە بىر قىرغىز يىگىت بىلەن ئۇنىڭ قولىغا بىر بۈركۈت قوندۇرۇپ (ئىنئام قىلىپ)، ئاغىچا قورول بەدەل داۋىنى ئارقىلىق ئىسسىق كۆلگە يولغا سېلىپ قويغان. 1945 - يىلى مىللىي قىسىم ئاقسۇغا چۈشۈپ گومىنداڭچىلارغا ۋەھىمە سېلىۋاتقاندا، سىدىقبەگ قاقشالدىن ئۈچتۇرپان، يامانسۇغا ئىككى قېتىم چۈشۈپ ئەھۋال ئىگىلىگەن. سىدىقبەگ ئىككىنچى قېتىم بىر نەچچە ئادەملىرى بىلەن يېرىم كېچىدە كېلىپ، يامانسۇدىكى قادىر شاڭيو (ئازادلىقتىن كېيىن باس-

تۇرۇلغان) نىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى گومىنداڭ
ھەربىي ساقچىلىرى بولۇپ قالسا تۇتۇپ كېتىش ئىدى.
شۇڭلاشقا سىدىقبەگ قادىر شاگىيو ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىنىڭ
ئۆيلىرىنى قاتتىق ئاختۇرغاندىن كېيىن گومىنداڭ دائىرىلىرى
يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۆي ئىگىلىرىگە كېچىچە غەۋغا قىلماي
جىم يېتىشنى، ئۇنداق بولمايدىكەن ئېتىپ تاشلايدىغانلىقى
ھەققىدە ھەيۋە قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۆي ئىگىلىرى تاڭ
ئاتقىچە مىدىر - سىدىر قىلالماي ياتىدۇ. سىدىقبەگلەر
بولسا مامبەت ئاسان دېگەن تونۇشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھ-
ۋال ئىگىلەيدۇ. ئۇلار قايتقاندا مامبەت ئاسان بىر ئات
سوۋغا قىلىدۇ. لېكىن ئەتىسى سەھەردە پەيچۇسوغا
بېرىپ، باسمىچىلار كېلىپ كېچىدە بىر ئېتىمنى بۇلاپ كەت-
تى، دەپ مەلۇم قىلىپ قويىدۇ. گومىنداڭ ھەربىي ساقچى-
لىرى بولۇپ 50 نەچچە كىشى سىدىقبەگنى تۇتۇش ئۈچۈن
ئاغىنچا قورولغاقەدەر قوغلاپ بارىدۇ. لېكىن سىدىقبەگ قاتارلىق
تۆت كىشى ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ باش كۆتەرتمىگەچكە،
قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم
سىدىقبەگ يەنە ئۈچ كىشى بىلەن زىندان دېگەن يايلاق-
قا چۈشكەندە، گومىنداڭ پەيچۇسوسىدىكىلەر تۇيۇپ قېلىپ
بۇلارنى تۇتۇشقا ھەرىكەتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن سىدىقبەگ-
لەر يەنىلا تۇتقۇزماي قېچىپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئاقسۇ ۋە
ئۈچتۇرپانلاردا بۇنداق ھەرىكەتلىرىنى قىلىپ يۈرۈشى، ئەينى
ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىي ئىشلىرى بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، گېنېرال ئىسھاقبەك تەرىپىدىن
ئەۋەتىلگەن. بۇلارنىڭ ھەرىكىتى بىر تەرەپتىن مۇشۇ جايلار-
نىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي



ئارمىيە ئاقسۇغا چۈشكەندە بۇ جايدىكى خەلق قوزغىلىپ ئار-
مىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن بول-
غانىدى. ئەمما 11 بېتىم خەۋىرى چىققان مەزگىللەردە، بۇ
ئىش ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇلغانىدى.

## قاقشالنىڭ يېرىم ناھىيىدىن پۈتۈن ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشى

كومپارتىيە ئەزاسى، ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇ ئۈچ-
تۇرپانغا شەنجاڭ، ئاقسۇ مائارىپ ئىدارىسىغا جۈيجاڭ بول-
غان مەزگىللەردە، ئۈچتۇرپان ۋە قاقشال قىرغىزلىرىنىڭ ئومۇ-
مىي ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ ھەمدە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە
مەدەنىي - مائارىپ جەھەتلەردە بەكمۇ ئارقىدا ئىكەنلىكىنى
بايقاپ، بۇ ئەھۋالنى ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىدۇ.
كېيىن ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قاقشالنى ئۈچتۇرپاندىن
ئايرىپ ناھىيە قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىگە دوكلات يېزىپ تەس-
تىق ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قاقشالدىن جاپپار قارى، بەك
سۇلتان قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ئاقسۇغا ئەۋەتىپ، قاقشال
ئۈچۈن كادىر تەربىيىلەشكە كىرىشىدۇ. ئەپسۇسكى شۇ ئارىدا
يولداش لىن جىلۇغا كۇچاغا شەنجاڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە
ئۇقتۇرۇش كېلىپ قالىدۇ. يولداش لىن جىلۇ يۆتكىلىش
ئالدىدىكى ئالدىراش پەيتلىرىدىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ، قاق-
شالدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا خەلققە يارامىلىق كىشىلەردىن
بولۇپ چىقىش ئۈچۈن ئالاھىدە تاپشۇرۇقلارنى بېرىدۇ ھەمدە
بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا كەلگەن جۈيجاڭ ۋاڭ چىڭغا
ئالاھىدە تاپىلاپ، ئاندىن كۇچاغا يۆتكىلىپ كېتىدۇ. 1939-

يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسى بەك سۇلتانغا ئوقۇش ۋاقتىنىڭ توشقانلىقىنى ئۇقتۇردى. 1940 - يىلىدىن باشلاپ قاقشال ئۈچتۇرپاندىن ئايرىلىپ يېرىم ناھىيە بولىدۇ. بەك سۇلتان ناھىيىلىك شەنجىيجۈيگە جۈيجاڭ قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. كونكرېتنى ئىشلار ئۈچتۇرپاننىڭ شەنجىگى شۇ جەنزىگە تاپشۇرۇلىدۇ. بەك سۇلتان بىر مەزگىل شۇجەنزى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش باشقۇرىدۇ. كېيىن بۇ ئىككىسى قاقشالدىكى تۆت بەگلىك باشلىقلىرىنى يىغىپ پىكىر ئېلىش نەتىجىسىدە، ئۈچتۇرپانغا يېقىن بولغان يامانسۇ، قۇلبەك قورول، باش چاقما، قاراتىكە قاتارلىق جايلارنى ئۈچتۇرپان تەۋەلىكىدە قالدۇرىدۇ. ئاندىن قاقشالغا چىقىپ يەر ئوتتۇرىسى بولغان ئاقچى يېزىسىنى شەنجىيجۈي مەركىزى قىلىپ بېكىتىدۇ ۋە شۇ نامدا تامغا ئويدۇرۇلىدۇ. ھەر دەرجىلىك خادىملار بېكىتىلىپ، قورۇشقا تېگىشلىك ئىدارە ئورگانلار دەسلەپ قىلىپ قورۇلۇشقا باشلايدۇ. بۇنىڭغا شۇ يېزىدىكى بايلارنىڭ ئۆي، جاي زېمىنلىرى ئىشلىتىلىدۇ. شەنجىيجۈي قورۇلۇپ ئىشلىرى ئەمدىلا بىر قەدەر يۇرۇلۇشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردە سۇ ۋە قورۇلۇش قىلىشقا ياغاچ - تاش يوقلۇقى بايقىلىدۇ، نەتىجىدە كۆپ مەسلىھەتلەر ئاقىلىق شەنجىيجۈينى شەرت - شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان «ئۈچ» يېزىسىغا يۆتكەشنى قارار قىلىدۇ ۋە 1941 - يىلى ئەتىيازدا بۇ جايغا يۆتكىلىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىمۇ يەنىلا بايلارنىڭ ئۆي - جاي، ئىمارەتلىرى ئىشلىتىلىدۇ. يېتىشمىسىگەندە كىگىز ئۆيلەرنى تىكىپ ئولتۇرۇپ ئىش بېجىرىدۇ. شەنجىيجۈي ئورنىنىڭ بۇ يەرگە يۆتكەلگەنلىكى، كېيىنكى قورۇلۇش ئىشلىرىغا كۆپ ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ.



خەلق تۇرمۇشىنىمۇ كۆپ پايدىلىق شارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

## ئۈچتۇرپان ئاسمىنىدا تۇمان

1945 - يىلى كۈز ئايلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرى «مۇزارت داۋىنى» نى قوغداپ ياتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئاقسۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپتۇ، دېگەن خەۋەر ئۈچتۇرپانغا تارقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچتۇرپان دائىرىلىرى «ئاغىچا قورول»، «قۇلبەك قورول»، يامانسۇ قاتارلىق چېگرا پونكىتلىرىدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى شەھەرگە يىغىپ، ناھىيىلىك ساقچىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن قوشۇپ ئۇنئۈچسال بىر قوشۇن تەشكىللەيدۇ. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلار ئۈچتۇرپاننى تاشلاپ، بىراقلا ئاقسۇ تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلار 3 - 4 كۈن ئۆتمەيلا ئاقسۇدىن قايتىپ كېلىشىدە ئۈچتۇرپاندا ئادەم ئېتىش، ئادەم تۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلار كېلىشۋېتىپ ئۈچتۇرپان ناھىيە بازىرىغا كىرىش ئېغىزىدا (تۇمشۇق تاغدا) مۇسا شاڭيو دېگەن كىشىنى ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئېتىپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا شەھەرگە كىرىپ مەرھۇم ئىنقىلابىي قۇربان ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ تۇغقانلىرىدىن بولغان سېيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس، ئۇلارنىڭ بوۋىسى ھاشىم ئاقساقال ۋە ئۇلار بىلەن چېتىشلىقى بار دەپ ھېسابلانغان ئىبراھىم مۆمىن، ئۆمەر قاسىم، ئابلىمىت ئىبراھىم، تۇراپ قارى، ئىسمائىل، تويتۇق، ئىسكەنباي، جاپپار، ئاخۇن ئۇستا، قاتارلىقلارنى ئىلگىرى - ئاخىرى قولغا ئېلىپ ناھىيە تۈر-

مىسىگە تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچتۇرپان ئاھالىسى ئىچىـ
دە قىيا ـ چىيا، يىغا ـ زارە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ يەر ـ
بۇ يەردىن چىققان ئوق ئاۋازلىرى بىلەن ئاتلىق ئەسكەر-
لەرنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈرۈشلىرى ئۈچتۇرپان
ئاھالىسى ئىچىدە قاتتىق ۋەھىمە تۇغدۇرغانىدى. لېكىن ئا-
رىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ھېلىقى بىرلەشمە قوشۇندى-
كى ئادەملەر خوتۇن، بالىلىرىنى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى
تۆگىلەرگە ئارتىپ، قاقشال يولى ئارقىلىق قەشقەرگە قاراپ
قاچقانىدى. شەھەر ئىچىدە سېپىل دەرۋازىلىرى تاقالغان،
ئىدارە ـ ئورگانلاردا ئادەم يوق، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ دەر-
ۋازىلىرى تاقىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى يېزا ـ قىشلاق-
لارغا قېچىپ كەتكەنىدى. بىز قىرغىز ئۆيۈشما خادىملىرىمۇ
تاغ ياقىلاپ يامانسۇ تەرەپكە چىقىپ كەتتۇق. يولدا كېتىـ
ۋاتقىنىمىزدا شەھەر تەرەپتىن بىر قانچە پاي ئوق ئاۋازى
ئاڭلاندى. بىز دەرھال بىر يەرگە يىغىلىپ تۇردۇق. بۇ ۋا-
قىتتا مۇندىن نەچچە كۈن ئىلگىرى قولغا ئېلىنغانلاردىن
ئىسكەنباي، جاپپار، ئاخۇن ئۇستا قاتارلىقلار قېيقان ـ سۇ-
رەن سېلىپ قېشىمىزغا كېلىپ، بىز بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ
كۆرۈشتى. ئاندىن جاپپار، ئاخۇن بىزگە: «بىزنى قويۇپ بەر-
دى، لېكىن ھاشىم ئاقساقالنى، ئۇنىڭ بالىلىرىنى ۋە شۇ-
نىڭدەك يەنە بىر قانچىسىنى بىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېتىپ
تاشلىدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈشتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ
ھەممىمىز يىغا ـ زارە قىلىشىپ ھازا ئاچتۇق. چۈنكى ھا-
شىم ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ بىز قىرغىزلار بىلەن
باردى ـ كەلدىسى ناھايىتى قويۇق ۋە ھەممىسى دوست
بولۇپ، ئۈچتۇرپاندا ئىززەت ـ ئابرويغا ئىگە ئىلغار



كىشىلەر ئىدى. بۇلارغا پەقەت ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ تۇغ-
قانلىرى بولغانلىقىلا گۇناھ بولغانىدى. بۇندىن باشقا كىشى-
لەرگىمۇ مۇشۇلار بىلەن ئالاقىسى بار، دەپ گۇمان بىلەنلا
سۇيىقەست قىلىنغان. مۇشۇ مەزگىللەردە ئۈچتۇرپان ناھىيە-
سىنىڭ قورچاق شيەنجاڭى چۆي زىچىڭ، ساقچى باشلىقى
ئۇ يۇشاڭ دېگەن جاللاتلار بولۇپ، يۇقىرىقى ئىنقىلابىي قۇر-
بانلارنى 1945 ـ يىلىنىڭ 9 ـ ئېيىدا مۇشۇ ئەبلەخلەر باش
بولۇپ ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچتۇرپان ئاسمىنىنى
قارا بۇلۇت قاپلاپ، ھەممە يەردە يىغا ـ زارە ئاڭلىناتتى.
ئاھالىلەر يۈرەكزادە ئىدى. ئىنقىلابىي قۇربان سېيىت ئاب-
باس چېچەن، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، غەيرەتلىك ئەزىمەت
ئىدى. كىچىككىمىزدىن تارتىپلا بىللە ئۆتەتتۇق. خىزمەتلەردە
ئۆز ئارا ياردەملىشەتتۇق. قالغانلىرى بىلەنمۇ تونۇشاتتۇق،
مەن بۇلارنىڭ قۇربان بولغان خەۋىرىنى يامانسۇدا تۇرۇپ
ئاڭلىغىنىمدا، ھەسرەتلىنىپ ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي
قالدىم. مەرھۇمنى تاكى ھازىرمۇ ئېسىمدىن چىقارمايمەن.
شۇ ۋاقىتلاردا گېنېرال ئىسھاق بەگ، سىدىقبەگلەر «ئا-
غىچا قورول» ئارقىلىق گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ ئەھۋالىنى
ئىگىلەش ئۈچۈن ئىسمايىل، تويتۇق دېگەن كىشىلەرنى يا-
مانسۇغا چۈشۈرگەنىكەن. ئۇلار يامانسۇدا ئالىمبەكباي دېگەن
كىشىنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندا، گومىنداڭچىلار بىلىپ
قېلىپ ئۇلارنى ئۈچتۇرپان تۈرمىسىگە ئېلىپ كەتكەنىدى.
بىز ئۇلارنىمۇ سېيىت ئابباس قاتارلىقلارنى ئاتقاندا ئېتىۋەت-
كەن بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتۇق. كېيىن ئاقسۇ تۈرمىسى-
دىن سالامەت قايتىپ چىققان ئىبرايىمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغان-
دا، تويتۇق قاتارلىق ئۈچ نەپەر قىرغىزنى لى مۇتەللىپ قا-

تارلىقلارنى ئۆلتۈرگەندە بىللە ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.

1945 - يىلى 11 - ئايدا، ئۈچتۇرپاننىڭ قورچاق شىيەنجاڭى چۇيزىچىڭ ئۈچتۇرپاندىن ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىگە شىيەنجاڭ بولۇپ يۆتكەلدى. ئورنىغا ئاقسۇ ھەربىي رايون باشلىقى جاۋخەنچىنىڭ قېيىن ئاتىسى ۋاڭ ۋىندا شىيەنجاڭ بولدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا مەن قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قۇلبەك قورولدىكى مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن چىققانىدىم. تۇرسۇن دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە ئەمدىلا داستىخانغا ئولتۇرۇشۇمغىلا ئىككى قوراللىق ساقچى باستۇرۇپ كىرىپ، قورولدىكى ساقچى چازىسىغا ھەيدەپ ئېلىپ كەتتى. ئىشخانىغا كىرسەم كارىۋاتتا خۇددى تىمساققا ئوخشاش بىر سېمىز ئەبلەخ ياتقانىكەن. ئۇ ئېغىناپ قوپۇپ ماڭا چەكچىيىپ تىللىغانچە قاماپ قويدى. ھەتتا تونۇشتۇرۇش خېتىمنىمۇ كۆرمەيلا يىرتىپ تاشلىدى. شۇ كېچىسى قېينىلىپ ئاران تاڭ ئاتتۇردۇم. ئەتىسى يەنە ئىككى قوراللىق ساقچىغا ھەيدەتكۈزۈپ، شەھەر دادۋي يامۇلىغا ئېلىپ كىردى. كېيىن ئۇ يەردىن يەنە شەنجىڭغا تاپشۇرغاندى. شيەنجاڭ ۋاڭ ۋىندا كۆرۈپ بىر ئېغىزمۇ گەپ سورىماستىن «ياللاپ ماڭ» دېدى. گۇندىپايلار شۇ ھامان قولۇمغا كويزا، پۇتۇمغا ئىشكال سېلىپ، ئىسكاھلاپ ئالغان خوتۇنۇم ھاشىنىمۇ بىللە قوشۇپ ئاياللار تۈرمىسىگە تاشلىدى. ئەتىسى شىيەنجاڭ ۋاڭ ۋىندا مېنىڭدىن «چېگرىغا نېمىشقا باردىڭ؟، قانداق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدىڭ؟، ئۈچ ۋىلايەتكە قانداق قاچاقچى ئىدىڭ؟، شېرىكلىرىڭ كىم؟، سوۋېتكە قانداق قاچاقچى؟، ئايالىڭ بىلەن قانداق ئىسكاھلانغان؟ ئىسكاھلىنىشىڭ كوممۇنىستلارنىڭ ئىشلىرىغا ئوخشايدۇ...» دېگەنلەرنى بىلجىرلاپ سوراق قىلدى. ئەسلىدە مېنى قولغا ئېلىشتا بەزىلەر ئايالىم ھاشى بىلەن ئىسكاھلانغانلىقىم توغرىسىدا چېقىمچىلىق مەلۇمات بەرگەن بولسا، يەنە بەزىلەر دەل شۇ پەيتلەردە مېنىڭ قورول مەكتەپنى ① كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن بارغانلىقىمنى چېقىشتۇرغانىكەن. ئەر-ئايال ئىككىمىز تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا، خىلمۇ - خىل سەۋەبلەر بىلەن ئەيىپلىنىپ يېتىۋاتقان كىشىلەردىن 200 دەك ئادەمنى ئۇچراتتۇق. بۇلارنىڭ ئالدىغا 4 - 5 يىل بولغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەھەممەت ئاخۇن دېگەن بىر ئۇيغۇر دېھقان قاراشەھەرگە ئاشلىق توشۇش ئالۋىڭىغا بارغاندا، ئېلىپ بارغان ئاشلىقىدىن 40 جىڭ قوناق كەم چىققانلىقى ئۈچۈن تۆت يىلدىن بېرى تۈرمىدە يېتىپ كېلىۋېتىپتۇ. ھەتتا 40 جىڭ قوناقنى بىرنەچچە ھەسسە ئارتۇق تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسىمۇ قويۇپ بەرمەپتۇ. خوتەنلىك بەكرى دېگەن كىشىگىمۇ بىگۇناھ ياتقىلى 6 يىل بوپتۇ. گۇندىپايلارنىڭ تۈرمىدىكىلەرنى قىيناش ئۇسۇللىرىمۇ ناھايىتى قەبىھ ئىدى. بۇنداق قىيناشلاردا ۋاڭ ۋىندا دېگەن ئەبلەخ دائىم مەس ھالدا كىرىپ، مەھبۇسلارنى قىيناش ئەھۋالىنى كۆرۈپ تاماشا قىلاتتى. بەزىدە بىر چەتتە قاقاقلاپ كۈلۈپ ئېغىناپ ياتاتتى. بۇنداق ئازابلارغا چىدىمىغان بەكرى ئاخۇن ئاخىرى تۈرمىنى تېشىپ قېچىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قېچىشىغا بىزمۇ ياردەملەشكەنىدۇق. ۋاڭ ۋىندا دېگەن ئەبلەختە شىيەنجاڭلىق سالاھىيىتى يوق ئىدى. دائىم مەس يۈرىدىغان ئەپيۇنكەش،

① قورول مەكتەپ چېگرىغا جايلاشقان مەكتەپ ئىدى.

هاراقكەش بولۇپ، ئۇ پەقەت ئۆز قىزىنى جاللات جاۋخەنچىگە① تارتۇق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇچتۇرپانغا شىيەنجاڭ بولالىغانىكەن. ۋاڭ ۋىندا يەنە ئۇچىغا چىققان پارىخور بولۇپ، مەنمۇ تۈرمىدىن چىقىشتا كىشىلەر ئارقىلىق بىر ئات پارا بېرىپ ئاران تۈرمىدىن قۇتۇلغانىدىم. «ئەل قىساسى مىنەل ھەق» ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتكەندە ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە ئابدۇسالام ئابباس شىيەنجاڭ ھەم سوت باشلىقى بولۇپ كەلدى. ئارقىدىنلا مۇنەۋۋەر ئىنقىلابچىلارنى ئۆلتۈرگەن چوڭىزى چىڭ، ئۇ يوشىڭ قاتارلىق جاللاتلار ئۈستىدىن ئوچۇق سوت ئېچىپ، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. شۇ كۈنى كەڭ مەيداندىكى نەچچە مىڭلىغان ئامما كومپارتىيە رەھبەرلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، خۇشاللىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

## جاڭ جىجوڭ، ئەخمەتجان قاسىملارنىڭ ئاقسۇغا كېلىشى

1944 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا «ئۆلكىدىن مېھمانلار كەلگۈدەك، شىيەنجاڭ سەنىيىيەنلەر چاقىرتىلىپتۇ» دېگەن خەۋەر ئاقچى ناھىيىسىگە تارقالدى. قاقشال ناھىيىدىن يۇنۇس شىيەنجاڭ، ئۇچتۇرپاندىن ئىبراي فۇشىيەنجاڭ قاتارلىق 30 غا يېقىن كىشى ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ بەلگىلىشى بويىچە كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر سارايغا ئورۇنلاشتى. باشقا ناھىيىلەردىن

① جاۋخەنچى — 1945 - يىللاردا ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن تىغمۇ - تىغ ئېلىشقان، ئاقسۇ تەۋەسىدە قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن جاللات ئىدى.



كەلگەنلەرمۇ كونىشەھەردىكى ھەر قايسى سارايلارغا ئورۇنلاشقانىدى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھەممىمىزگە ئايروپىلان ئىستانسىسىغا چىقىپ قارشى ئېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ كۈنى ئىستانسىدا ئادەم بەكمۇ كۆپ ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئايروپىلان ماتورىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئايروپىلان ئاستا يەرگە قونۇشقا باشلىدى. مەيداننى داقا - دۇمباق، كاناي - سۇناي ئاۋازلىرى ۋە شوئارلار قاپلىدى. ئايروپىلاندىن 20 چە كىشى چۈشتى. ئۇلار جاڭ جىجوڭ، ئەخمەتجان قاسىم باشلىق كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار قارشى ئېلىشقا چىققان ئاممىغا قول ئىشارىسى قىلىپ، شەھەرگە كىرىپ كېتىشتى. ئەتىسى چوڭ مەيداندا كاتتا يىغىن بولدى. مەيدان ئەتراپى پۈتۈنلەي قوراللىق ھەربىيلەر بىلەن قورشالغانىدى. يىغىندا ئالدى بىلەن جاڭ جىجوڭ سۆزگە تەكلىپ قىلىنىپ، قارشى ئېلىش چاۋاكلىرى ئىچىدە بىر سائەتتىن ئارتۇق سۆز قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئانچە قىزغىن قارشى ئېلىنمىدى. ھەتتا سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا قارشى شوئارلار توۋلىنىپ، يىغىن مەيدانى مالىمانچىلىققا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن بۇزۇلدى. تېچلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمايدىغاندەك ھالەت شەكىللەنگەنلىكتىن ھەربىيلەر قورال - ياراقلىرىنى شاراقلىتىپ، ئەنسىزچىلىك پەيدا بولۇشقا باشلىدى. مېھمانلارمۇ قايتتى. شۇندىن كېيىن مەيداندا ئۆز - ئارا ئۇرۇش - تىللاش، قىيقاس - سۈرەن ئەۋج ئالدى. مەنمۇ قورقۇپ شەھەر ئىچىدە بىرسىنىڭكىگە يوشۇرۇندۇم، ئەتىسى سىرتقا چىقىپ ئۇقۇشسام ھەرقايسى ناھىيىلەردىن كەلگەن كىشىلەرنى ھەربىي

راپورىغا چاقىرتىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردىن ئاق
بايراقچە كۆتۈرۈپ چىقىپ كېلىۋاتقانىكەن. بايراقچىغا
«گېنېرال لېيتنانت جاڭ جىجوڭ» دېگەن خەت يېزىلغانىكەن. ئەس-
لىدە يىغىننىڭ بۇزۇلۇشى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۈچ
ۋىلايەتكە قارشى ئويۇشتۇرغان پىلانلىق ئىشى ئىكەن.
بىز بېرىپ 3 - كۈنى يەرلىك دائىرىلەر ئۈرۈمچىدىن كەل-
گەن مېھمانلارنى قەشقەر تەرەپكە ئۇزىتىپ قويدى. شۇن-
دىن كېيىن ئاقسۇنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى توختامىش ئاقچى،
ئۇچتۇرپان، ۋىنسۇ، ئاقسۇدىكى 11 لەپەر ناھىيە دەرىجى-
لىك قىرغىز ئەمەلدارلارنى بىر ئات سويۇپ ۋالىي مەھكى-
مىسىدىكى ئۆز ئۆيىدە مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويدى.

## توختامىشنىڭ ئاقسۇغا مۇئاۋىن ۋالىي بولۇشى

مەرھۇم گېنېرال ئىسھاقبەگنى گومىنداڭ دائىرىلىرى
سۇيىقەست قىلىپ يوقىتىۋېتىشنى پىلانلىغاندا، ئۇ ئالدىنئالا
سېزىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىپ، ۋاقتىنچە ئۆزىنى
دالدىغا ئالدۇ. ئائىلىسىنى بىللە ئېلىپ كېتىش ئىمكانىيى-
تى بولمىغاچقا، ئايالى گۈلئايىمنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ.
گۈلئايىم يالغۇز قالغاندىن كېيىن تۇرمۇش قىيىنچىلىقى
تۈپەيلىدىن كېيىنكى كۈنلەردە توختامىش بىلەن تۇرمۇش
قۇرىدۇ. گېنېرال ئىسھاقبەك 11 يىلدىن كېيىن سوۋېت-
تىن قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىدە تۇرغاندا، ئۆلكىلىك قازاق-
قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مادانبەك توختامىشنى ئە-
گەشتۈرۈپ كېلىدۇ ھەم ئىسھاقبەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ توخ-
تامىشنىڭ گۈلئايىم بىلەن تۇرمۇش قۇرغانلىق ئۈستىدە



گەپ ئېچىپ، كەچۈرۈم سورايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىسھاقبەك «مەن
جانىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىلاجىسىز ئايالىمنى تاشلاشقا
مەجبۇر بولغان. ئايال كىشى ئاجىز كېلىدۇ. ئەر بولغان
كىشى تاشلاپ كەتسە ئايال تۇرمۇش يولى ئىزدىمەي قان-
داق قىلىدۇ؟. مەن سەندىن ۋە ئايىمدىنمۇ ئاغرىنمايمەن.
ئۇنى ياخشى كۈتسەڭلا بولىدۇ» دېگەن. ئىسھاقبەك بۇ
سۆھبەت ئارقىلىق توختامىشنىڭ يۇرتى تېكەس ناھىيىسى
ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا مەلۇم خىزمەت ئىقتىدارى بارلىقى-
نى ھېس قىلىپ، ئۇنى تېكەس ناھىيىسىگە شىيەنجاڭلىققا
ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلاشقان. ئەمما گومىنداڭ دائىرىلىرى
بۇنى سېزىپ قېلىپ، توختامىشقا: «سەن ئىسھاقنىڭ ئا-
يالىنى ئالغان تۇرساڭ. ئىسھاقبەك ئەمەل بېرىمەن دېسە
ئالدانما، ئۇ سېنى تېكەسكە شىيەنجاڭ قىلغان بولۇپ ئۆل-
تۈرۈشنى پىلانلاۋاتىدۇ. بىز ساڭا ۋالىيلىق ئەمەل بېرى-
مىز ۋە پۇل بېرىمىز» دەپ ئۇنى قايمۇقتۇرغان. بۇ گەپ
توختامىشقىمۇ ئوبدان ياققان، گومىنداڭ دائىرىلىرى شۇ ھا-
مان ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە قىرغىزلار بار، ئۇلارنى تۇ-
تۇپ تۇرالايدۇ، دېگەن مەقسەتتە ئۇنى دەرھال ئاقسۇغا
مۇئاۋىن ۋالىيلىققا بەلگىلەيدۇ. 1946 - يىل كۈزدە ئۇ
ئاقسۇغا مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ كېلىپ، 1947 - يىلىنىڭ
مەلۇم مەزگىلىگىچە شۇ سالاھىيەتتە ئىشلىدى. كېيىنچە كەي-
پى ساپا ھاراقكەشلەردىن بولۇپ، لوكچەكلەر قاتارىدا ئىش
تۇتۇپ، بىر مۇنچە يامان ئىشلارنى قىلدى. مەسىلەن:
يوقىلاڭ باھانىلار بىلەن ئادەم ئۇردى. 1948 - يىلى ياز-
دا ئاقچى ناھىيىسىگە بارغاندا، بورىبوش باينىڭ ئايالى
سۇۋايدانى نىكاھىدىن ئاجرىتىپ ئۆز نىكاھىغا ئالدى. 1949 -

يىلى يازدا ئۇ ئائىلىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، ئاقچى ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەردىن نۇرغۇن پارا ئالدى. ئۇچتۇرپانغا بارغاندا توققۇز بولاقتا كىگىز ئۆي تىكتۈرۈپ يېتىپ، باشقا كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىدى. ئەتراپلىرىغا ئەسكەرلەرنى پوستقا قويۇپ كەيپى ساپا، بۇزۇقچىلىقلارنى قىلىپ، بىر مۇنچە ئائىلىلەرنىڭ ئىسمەت نومۇسىغا تەگدى. كۇچا، شايار، شىڭخالاردىمۇ بىر ئاي ئايلىنىپ يۈرۈپ يەنىلا شۇنداق ئەسكىلىكلەرنى قىلغان. ئاقسۇدىكى ۋاقتىدا بىكار بولسىلا كونىشەھەر ناھىيىسىگە كىرىپ، قىز-غىزلارنى يىغىپ ئوردا (ئوشۇق ئويۇنى) ئوينايتتى. ئويۇن تارقىغاندا خالىغان بىر ئاشخانىغا كىرىپ مېھمان قىلىشقا زورلايتتى. يوق تاماقلارنى مەجبۇرىي ئەتكۈزەتتى. توختامىش ئاقسۇدا تۇرغان ئاخىرقى كۈنلەردە ئۇنىڭ ئەسكىلىكلىرى چېكىدىن ئاشقانىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى بۇ ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا بېسىقتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، 1949 - يىلى يازدا ئۇنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەتتى. شۇ يەردە ئۇ ئائىلىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قولغا ئېلىندى. 1975-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى چوڭ كەچۈرۈمدە تۈرمىدىن چىقىپ، ئۆز يۇرتى تېكەستە 1982 - يىلى ئۆلدى.

## يۈسۈپ قالدىباينىڭ نەنجىڭگە بېرىشى

1948 - يىلى گومىنداڭنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى (زۇڭتۇڭ سايلىمى) ئېچىلغاندا، شىنجاڭ قىرغىزلىرى نامىدىن يۈسۈپ قالدىباي نەنجىڭگە بېرىپ يىغىنغا قاتنى-



شىدۇ، بۇ قېتىمقى يىغىن جياڭ جېيشى، لى زۇڭرېن، سۇڭ كۇ، بەي چۇڭشى... لارنىڭ ئۆزئارا زۇڭتۇڭلۇق تالىشىپ، ھەر قايسى ئۆز تەرىپىگە ئاۋاز توپلايدىغان يىغىنى ئىدى. يۈسۈپ قالدىباي بۇقېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان بولسىمۇ، ئانچە چوڭ رول ئوينىيالماي قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سايلام ئەھۋالى، نەنجىننىڭ تەرەققىياتى، تەيۋەننىڭ تەرەققىياتى ۋە كۆرگەن - بىلگەنلىرى ھەققىدە سۆزلەپلا يۈرىدۇ. يۈسۈپ قالدىباي شۇ ۋاقىتتا ئاقچى ناھىيە شىيەنداڭبۇسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ، يىغىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەپتىش ھەيئىتىمۇ بولغان. گومىنداڭنىڭ سوۋغا - سالاملىرىدىنمۇ مەلۇم دەرىجىدە بەھرىمەن بولغان.

## 40 ئۆيلۈك چارۋىچى قىرغىزلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىشى

1945 - يىلدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا گومىنداڭنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى خەلق ئۈستىگە سالغان ئالۋان - سېلىقلىرى بارغانسېرى ئېغىرلاپ، چېگرا رايوندىكىلەر ئۆزىنى ئوڭشىيالماي قالغانىدى. مەسىلەن: چېگرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك، مىنەر ئات - ئۇلاغ ۋە باشقا چىقىملىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يەرلىك قىرغىز چارۋىچىلار خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا بىرەر قوزغىلاڭ چىقىرىش ياكى چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىش خىيالىدا ئىدى. ئەمما ئىشنىڭ ئېپىنى كەلتۈرۈش ئاسانغا توختىمىدى. بۇنىڭغا كۆپرەك

باش قاتۇرغانلار بىيشەن ئالىي، تۆلۆگەن، ئىسمائىل قا-
تارلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار كۆكئارت چازىسىدا تۇرۇش-
لۇق ئەسكەرلەر ئىچىدە ئىبراي ئىسىملىك بىر قىرغىز ئەس-
كەر بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئاتىسى تالىپنى 1947 - يىلى ئە-
تىيازدا ئاقچىنىڭ ساقچى باشلىقى ئۇجىكچاڭ سوۋېت ئىتتى-
پاقىغا ئىشپىيونلۇققا ئەۋەتكەنلىكىنى، شۇنىڭ بەدىلىگە ئىب-
راينى ئەسكەرلىككە ئېلىپ غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى بىلەت-
تى. ئۇنىڭ دادىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تېخى قايتىپ
كەلمىگەن. شۇڭا ئۇلار ئىبرايغا خىزمەت ئىشلەپ: «سەن
بىز بىلەن سوۋېت تەرەپكە ئۆتسەڭ ئاتاڭ بىلەن كۆرۈ-
شىسەن» دەپ ئۆزلىرىگە تارتىدۇ. ھەمدە ئىبرايغا پوست
تۇرۇش نۆۋىتى كەلگەندە چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىش
قارارىغا كېلىشىدۇ. 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا
ئىبرايغا پوست تۇرۇش نۆۋىتى كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار
چېگرىدىكى ئەسكەرلەرنى ئۆز ئالدىلىرىغا كېلىپ مېھمان
بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلاردىن بىرسى قورالىنى ئېلىپ
ماڭغاندا ئىبراي ئۇنىڭغا: «مېھمان بولغان يەرگە قورال ئې-
لىپ بېرىپ نېمە قىلىسىلەر. ئوغلاق تارتقاندا ئەپسىز بولى-
دۇ» دەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قورالنى ئالماي
كېلىپ، راسلانغان چوڭ كىگىز ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ چا-
زا قۇرۇپ بەھۇزۇر ئولتۇرۇشىدۇ. داستىخان سېلىنىپ چاي
كەلتۈرۈلىدۇ. شۇ ئارىلىقتا ئۈچ، تۆت قاۋۇل يىگىت ئىب-
راي بىلەن بىرلىكتە چازىدىكى قورال - ياراقلارنى يىغىش-
تۇرۇپ بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۆيدە ئولتۇرغان ئەسكەرلەر
ئۇخشىغان قىمىز ئىچىپ، سېمىز گۆشلەرنى يەپ، خۇشاللى-
قىدىن قېنىقىپنىغا پاتماي، چاقچاق پاراڭلار بىلەن ئولتۇرۇ-



شىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ھېلىقى تۆت قاۋۇل يىگىت ۋە بىر قانچە
كىشىلەر داستىخان ئۈستىگە سالام بىلەن كىرىپ، ئەسكەرلەر
بىلەن ئارىلاش ئولتۇرۇۋالىدۇ. يەپ - ئىچىش بىر مەزگىل
داۋاملىشىپ، داستىخان يىغىلىپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ۋا-
قىتتا، ھەرىكەت قىلىش ئۇلارنىڭ بەلگىسى ئىدى. شۇ ۋا-
قىتتا تالادىن بىرسى كىرىپ ئوغلاق تارتىشقا ئاتلارنى
توقۇپ تەييارلىدۇق، ناردىن تەييار بولغىچە بىر ئاز ئوغلاق
تارتساق، بەنداڭلار چىقىپ قويغا دۇئا قىلىپ بەرسەڭلار
دەيدۇ. ئۆيدىكىلەر ھەممىسى چىقىپ دۇئاغا قول كۆتەرگەن
ۋاقىتتا، چەبدەس يىگىتلەرمۇ چىقىپ ئەسكەرلەرنى بىر -
بىرلەپ باغلايدۇ ۋە بىر چارۋىچىغا قورال بېرىپ ئۇلارنى باققىلى
قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەسكەرلەرنى قولغا چۈشۈرۈش، قورال-
غا ئىگە بولۇش ئىشى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە غەلىبىلىك
ئورۇنلىنىدۇ. ناھىيە تەرەپتىن ئادەم چىقىپ قېلىش ياكى
بۇزۇقلارنىڭ خائىنلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شەرق
تەرەپكە ئىككى كىشىنى پوستقا قويىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن 40 ئۆيلۈك چارۋىچى قىرغىزلار يۈك -
تاقلىرىنى ئات - تۆگىلەرگە ئارتىپ، مال - چارۋىلىرىنى
ھەيدەپ كۆكئارت داۋىنى ئارقىلىق سوۋېت زېمىنىغا ئۆتۈپ
كېتىدۇ. شەرق تەرەپتە پوستا قالغان تۆلۆگەن بىلەن ئىسما-
ئىل ئەسكەرلەرنى ھەيدەپ داۋان ئۈستىگە چىققاندا، ئۇلار-
نىڭ قوللىرىنى يېشىپ بىزنىڭ تاماشىمىز مۇشۇ، ئەمدى نە-
گە بارساڭلار ئىختىيارىڭلار، دەپ قويۇپ بېرىدۇ. ئەسكەر-
لەر بولسا، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ناھىيىگە كېلىپ
مەلۇم قىلغاندا، شىيەنجاڭ يۇنۇس، جۈيجاڭ ئۇجىنجاڭ ئۇلار-
غا قاتتىق ھاقارەت كەلتۈرۈپ، دەرھال ئاتلىق ئادەم ئە-

ۋەتىپ بۇ ۋەقەنى ئاقسۇغا مەلۇم قىلغان.

ئىبراي دېگەن ئەسكەر سوۋېت تەرەپكە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاتىسى تالىپ بىلەن كۆرۈشەلمىگەن. تالىپ 1954 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خېلۇڭجاڭ ئارقىلىق شىئەنگە كەلگەندە، كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يولغا چىققان ئۆمەر ئاخۇن، مايسۇن قاتارلىقلار سالامەت قىزىلسۇغا يېتىپ كەلگەن.

## ساڭ لىيەنجاڭنىڭ ئاقچىغا كېلىشى

ئاقچى ناھىيىسىنىڭ كۆكئارت چېگرىسىدىكى 40 ئۆيلۈك چارۋىچىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، يۇنۇس ۋە ئۇجىنجاڭلار قورقۇپ كېتىپ، «بىر نەچچە بۇزۇقلار ئەسكەرلەرنى باغلاپ، قورال- ياراقلىرىنى بۇلاپ سوۋېتكە قېچىپ كەتتى» دەپ ئاقسۇدىكى گومىنداڭ دىۋىزىيىسىگە مەلۇم قىلىدۇ. دىۋىزىيە دەرھاللا ساڭ لىيەنجاڭ باشچىلىقىدا 200 نەپەر خىللانغان ئەسكىرىنى ئاقچىغا ئەۋەتىدۇ. لېكىن بۇ خىللانغان ئەسكەرلەرنىڭ روھىي ھالىتى بەكمۇ تۆۋەن، ئاتقا مىنەلمەيدىغان، مىنگەن ھالەتتىمۇ ئىگەرنىڭ قېشىنى تۇتمىسا ئولتۇرالمايدىغانلاردىن ئىدى. يول يۈرگەندە قورال - ياراقلىرىنى جايلاشتۇرۇپ تۇتالمىغاچقا، بەزىلىرىنىڭ ئاتلىرىنى يەرلىك كىشىلەر يېتىلەپ يۈرەتتى. يۇنۇس شيەنجاڭ بىلەن ئۇجىنجاڭ، ساڭ لىيەنجاڭنىڭ ئالدىدا قورقۇپ خۇشامەتچىلىك قىلىپ پايپېتەك بولاتتى. ساڭ لىيەنجاڭ كېلىپ 4 - 5 كۈن يۈرۈپ، 40 ئۆيلۈك چارۋىچى يوتۇپ كەتكەن



يايلاقتا بارغان بولسىمۇ، لېكىن خەلقلەرنى يىغىپ پوپوزا قىلىشتىن باشقا ئىشلارنى قىلالماي، ئاقچى ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى.

بۇ ئەسكەرلەر چېگرىغا بېرىپ قايتقىچە بولغان ئارىلىقتا يېمەك - ئىچمەك، يەم - خەشەك ۋە ئوتۇن - ياغاچ قاتارلىق ئالۋان ياساقلار ھەسسىلەپ ئېشىپ، خەلق ئۈستىگە بالايى - ئاپەت ياققانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرلەر كۆزىگە نېمە كۆرۈنسە «پۇلىنى كېيىن بېرىمىز» دەپ كۆپلىگەن سېرىق ماي، كۆرپە - تېرە، تۈلكە قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى ھەقسىز ئېلىپ كەتتى. ناھىيىگە كېلىپ ھاردۇق ئالىمىز دەپ ئىككى كۈن تۇردى. ئەتىسى ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىمىز دەپ خەلقنى يىغىپ، جەنۇبىي تاغقا قارىتىپ زەمبىرەك، پىلىموت، گرانات، مىلتىق ئېتىپ ھەيۋە قىلدى. يۇنۇس شيەنجاڭ بىلەن ئۇجىنجاڭ ئۆزلىرىگە گەپ - سۆز يەتمىگەنلىكىدىن خۇش بولۇپ، ساڭ لىيەنجاڭ باشلىق ئەمەلدارلارغا نۇرغۇن سوۋغا - سالام ۋە كۆمۈش تەڭگە بېرىپ يولغا سالدى. ئۇلار 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20- كۈنى ئاقچىدىن ئايرىلغاندا، ئۇلارغا بىر قانچە چارۋىچىلارنى ئاقسۇغىچە يەتكۈزۈپ قويۇشقا بۇيرۇغانىدى. بۇ كىشىلەر ئەسكەرلەرنىڭ ئوق، دورا ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلىرىنى ئات، تۆگىلەرگە ئارتىپ، كېچىسى ئات - ئۇلاقلىرىنى بېقىپ، ئون نەچچە كۈندە ئاران قايتىپ كەلدى.

## ئازادلىق خەۋىرىنىڭ تارقىلىشى

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى ساڭ لىيەنجاڭ ئاقچىغا كېلىپ قايتقان بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا، «كوممۇنىستلار

لەنجۇغا كېلىپتۇ، پالانى شەھەر ئازاد بوپتۇ، مابۇفاڭ قېچىپتۇ....» دېگەندەك خەۋەرلەر تارقىلىشقا باشلىدى. يۇنۇس، يۇسۇپ، ئۇجىنجاڭلار قورقۇنچ ئىچىدە ئىدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلار خەلق ئىچىدىكى ماجرالارنى تەمكىنلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىۋاتاتتى. 9- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شەنجىڭفۇ خىزمەتچىسى ھەرقايسى ئىدارىلەرگە شەنجىڭفۇ مەجلىسخانىسىگە يىغىلىش خەۋىرىنى تارقاتتى. يىغىندا يۇنۇس شەنجاڭ، بۇرھان جۇشىنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقى، ھەربىي، مەمۇرىي خادىملارنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى توغرىسىدىكى تېلېگراممىسى يەتكۈزۈلدى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئاقچىنىڭ ۋەزىيىتى ئاستا ئاستا نورماللىشىپ، خەلق تىنچ، بەختىيار تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.



# بىر پېشقەدەمنىڭ ئەسلىمىسى

## ئۆمەراي ئەيسا

مەن يېقىندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر پېشقەدەم جەڭچىسىنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۇ كىشى بۇ يىل 80 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئىسمى تېزەك ئادىل (ئادەتتە كىشىلەر تېزەك تۆرە نامى بىلەن تونۇيدۇ)، بۇ كىشىنىڭ مىللىتى قىرغىز بولۇپ. 1950 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە قىزىلسۇ ئوبلاست ئاقچى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان. 1954 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تەپتىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئوبلاستلىق پارتكوم ھەيئەت ئەزاسى، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (رەئىسى) بولۇپ ئىشلىگەن.

مەزكۇر 1934 - يىلدىن تارتىپ مەرھۇم گېنېرال ئىسھاقبەگكە ئەگىشىپ ئىشلىگەن. گومىنداڭ ۋە شېڭشىسەي تۈرمىلىرىدە ئىككى قېتىم ياتقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىش ئۇرۇشلىرىدا باشتىن - ئاياغ ئالدىنقى پرونتلاردا بولۇپ ئۇرۇشلارغا ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشقان. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىزان ئەترەتلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭلاردا پارتىزانلىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئاجايىپ خىزمەت كۆرسەتكەن. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-

بىنىڭ رازۋېت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. بىر نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردا تۆت قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ، تۆت دانە مېدال ۋە ئوردېنلار بىلەن تارتۇقلانغان. ئۇلار «باتۇرلۇق»، «ساداقەتلىك»، «خەلق ئۈچۈن»، «پىدائىي» ناملىق مېدال ۋە ئوردېنلار بولۇپ، هازىرغىچە ساقلانماقتا.

1945 - يىلىدىكى ئاقسۇ ئۇرۇشىدا يولداش سوپاخۇن بىلەن بىرلىكتە ئاقسۇغا چۈشۈپ، ئۇرۇشقا ئۆزى بىۋاستە قاتنىشىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر ياراتقان.

مەن بۇ يەردە مەزكۇرنىڭ 1934 - يىلىدىن بۇيانقى ئەسلىمىلىرى ئارقىلىق ئەينى يىللاردىكى بىرمۇنچە تارىخىي پاكىتلارنى كەڭ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرماقچىمەن.

## گەپنى ئىسھاقبەگتىن باشلايلى

مەن تېزەك تۆرە بىلەن (تۆۋەندە قىسقارتىپ تۆرە دېگەن نام بىلەن ئالىمىز) بۇ قېتىم ئۇچراشقاندا، دەسلەپ ئۇيەر - بۇيەردىن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇتلا ئۇ كىشىنىڭ تەرجىمىھالىغا قىزىقىپ قالدىم. چۈنكى بۇ كىشى توغرىلىق بۇرۇنمۇ ئانچە - مۇنچە ئاڭلاپ يۈرەتتىم. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: — بۇ كىشىنىڭ قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغان، بىر قانچە دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، كۆپ قېتىم شىنجاڭدىكى مۇستەبىت، مىلىتارىستلارنىڭ قاماقلىرىغا چۈشۈپ، نۇرغۇن جاپا چەككەن، ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئۆز لايىقىدا ئېتىبار بېرىشلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۆتمۈش زۇلمەتلىك كۈنلەردە تارتقان جاپاسىنىڭ راھىتىنىمۇ كۆرگەن



ئادەم ئىدى. شۇڭا مەن پاراڭنىڭ تېمىسىنى ئاستا - ئاستا ئۇ كىشىنىڭ تەرجىمىھالىغا تەرەپكە بۇراپ، سوئاللارنى قويۇشقا باشلىدىم. ئاخىرى ئۇ كىشى «ئۇنداق بولسا مەن گەپنى گېنېرال ئىسھاقبەگدىن باشلاي» دەپ سۆز باشلىدى.

بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا، بەزى شەخسلەر قانداقتۇ ئىسھاقبەگنى «سوۋېت ئادىمى، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ كىشىسى، سوۋېت ئەۋەتكەن...» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپتۇ. مېنىڭچە بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى مەن مەرھۇم گېنېرال ئىسھاقبەگنىڭ قول ئاستىدا باشتىن - ئاياغ بىللە بولدۇم. ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى بىر قەدەر تولۇق بىلىمەن.

ئىسھاقبەگ قىرغىز قەبىلىرىنىڭ «ئادىگىنە» دېگەن قەبىلىسى ئىچىدىكى «جوۋۇش» دېگەن كىچىك بىر ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققان. مەرھۇمنىڭ ئاتىسى مۇنۇن هاجى (مۇنۇنۇپمۇ دەيدۇ) دېگەن كىشى سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ هەج قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ كىشىنى هاجىم دەيتتۇق. تەركىبى ئوتتۇرا چارۋىچى ئىدى. تۇغۇلغان يېرى هازىرقى قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناهىيە، سىمخانا دېگەن جاي. بۇلارنىڭ تۇرغان جايى بىلەن سوۋېت چېگرىسىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 20 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىسھاقبەگ دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە ئازىراقلا ئوقۇغان. 1918 -، 1919 - يىللىرى ئۇ چېگرا جايلاردا مال بېقىپ يۈرۈپ، چېگرىدىكى سوۋېت كىشىلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. هەم سوۋېت سوداشىركىتى خادىملىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، جۇڭگو تەرەپتىن تېرە، يۇڭ، كۆرپە ... قاتارلىق خام ماتېرىياللارنى يىغىپ، سوۋېت سودىگەرلىرىگە ئۆتكۈزۈپ، ئۇلاردىن شۇ خام ماللار بەدىلىگە قەنت، شېكەر،

كەمپوت، پېچىنە، سەرەڭگە، تاماكا، ھاراق، سوپۇن ... قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، ئانچە - مۇنچە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەنە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەينى يىللاردا شۇ يەردە تۇرۇشلۇق سوۋېت كېڭۇلىرى①دىكى ھەربىيلەر بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئۇلار ئارقىلىق ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ئەسەرلىرى ھەم ۋ ك پ ب تارىخىنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولىدۇ - دە، ئاستا - ئاستا ئۇ شەخستە پرولېتارىياتلىق ئىدىيە بىخ ئۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت تاكى كېيىنكى خېلى بىر مەزگىلگىچە داۋاملىشىدۇ.

مۇشۇ مەزگىللەرگە كەلگەندە سوۋېتلار ئىتتىپاقىدىن «ئورمون موللا»، ئىسىملىك بىر كىشى شۇ يۇرتقا كېلىپ قالىدۇ. ئۇ كىشى پەننىي بىلىم ئەھلى بولغاچقا، ئىسھاقبەگنىڭ ئاتىسى ئۇ كىشىنى ئۆز ئۆيىدە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى سۈپىتىدە ساقلاپ ئىسھاقبەگنى پەننىي بىلىمدە ئوقۇتىدۇ.

1932 - يىلىغا كەلگەندە خوجىنىياز ئىنقىلابى بولدى.

1934 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا ماجۇڭيىڭلار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ماجۇڭيىڭ ئېنگىلىسلار ئىشپىيونى دەپ قارالدى. شۇ ۋاقىتلاردا قىرغىزلار ئىچىدىن «ئوسمان پادىشاھ» دېگەن بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ شىنجاڭنى ئېنگىلىسلارغا سېتىش ئۈچۈن، ئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن ئېلىشقىلى تۇردى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئوسماننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەخسۇس ئىككى ئادەم ئەۋەتىپ، خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئوسمان ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئېتىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئوسماننى تاش-

① كېڭۇ — زاستاپ، چېگرا خادىملىرى.



لاپ، ئۇچتۇرپان «بەش قارۇول» دېگەن جاينىڭ شاگىۋسى «ئابدۇللا» دېگەن قىرغىزنى ئۆزىگە تارتىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا چاقىرتىپ، نارىن، تيانشان ... قاتارلىق رايونلىرىنى بىر ئايچە ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ، ئات - جابدۇق، پاتىفون، گەزلىمىلەر بىلەن تارتۇقلاپ ھەم بىر كولاكتىن① قالغان ئايالىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز يۇرتىغا ئەكېلىپ قويغان. ئۇ قايتىپ كېلىپ بىر ئايدىن كېيىن ئۇنى 4 - چىلەر (دەۋرى ئەترەت) ئېتىۋەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بېرىپ قايتقاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئىلغارلىقنى قوبۇل قىلماي، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى يامانلاپ، سۆز - چۆچەك تارقىتىپ يۈرگەنىكەن. بۇ ئەھۋالنى ھېلىقى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كەلگەن ئايالى 4 - چىلەرگە چېقىشتۇرۇپ قويغانىمىش.

ئەمدى، بۇ يەردە 4 - چىلەر (دەۋرى ئەترەت) دېگەن سۆز چىقىپ قالدى. بۇ قانداق گەپ؟

4 - چىلەر (دەۋرى ئەترەت) دېگەن قىسىم 1934 - يىلى 10 - ئايدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن قەشقەرنىڭ تويۇن ۋەسىخانا دېگەن ئىككى جايدىن شىنجاڭغا چۈشكەن. ئۇلارنى باشلاپ چۈشكەن كىشى ھېلىموپ دېگەن گېنېرال ئىدى. ئۇلار ئايروپىلان، تانكا، ماشىنا، بىرونىۋىك ۋە خېلى زامانىۋى قورال - جابدۇقلار بىلەن چۈشكەنىدى. ئۇلارنىڭ چۈشۈشىدىكى مەقسەت: ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭنى ئەنگلىيىگە سېتىشىنى توسۇش ئىدى. مەن شۇ ۋاقىتتا 4 - چىلەر ئىچىدە ئاددىي بىر ئەسكەر ئىدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «سۆيكۆ» دېگەن بىر قىرغىز لېيەنجىڭىم

① كولاك — ئەينى يىللاردا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى باي دېھقانلار.

بارلىقىنى بىلمەن. ئەسلىدە ئىسھاقبەگ سوۋېت چېگرا قىسىملىرىدىكىلەر بىلەن بۇرۇندىن تونۇش بولغاچقا، چوشكەن 4 – چېلەرگىمۇ ئىسھاقبەگ تونۇش ئىدى. ئۇلار چوشۇش بىلەن ئىسھاقبەگنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قىلىپ قويدى. ئارقىدىنلا لويجاڭ (بىرىگادا كوماندىرى) بولدى. (قول ئاستىدا 7 ۋە 35 – تۈەنلەر بار ئىدى) شۇندىن كېيىن ئۇلار قەشقەر سىبىۇ يامۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى ھەم ماجۇڭيىڭ، شۇنىداقلا ئوسماننىڭ كۈچلىرىگە قارشى ئۇرۇش باشلىۋەتتى.

4 – چېلەر دېگەن ئەترەت ئەسلىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا «سۆيكۆ» دېگەن قىرغىز كىشى باشچىلىقىدا قۇرۇلغان، دەسلەپتە 200 دەك ئادەم ئىدى. 1934 – يىلى تويۇنغا چوشكەندە ھەم شۇنچىلىك سان بىلەن چوشكەن. 1935 – يىلغا كەلگەندە ئارقىدىن ھىلىموپ① باشلىغان ئەترەت چوشتى. ئۇلار ۋە بۇرۇن چوشكەنلەر ھەممىسى ئىسھاقبەگ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى تارمار قىلدۇق. شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا مائارىپ، سەھىيە، سانائەت ... ئىشلىرىغا ياردەم بەرگۈچى خادىملار ئارقا – ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى.

لېكىن ئاردىن ئانچە ئۆتمەي شىڭ شىسەينىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكى ۋە ئىنقىلاۋى كۈچلەرگە يوشۇرۇن ھالدا زىيانكەشلىك قىلىش ئىشى باشلانغان ئىكەن، شۇڭا 1938 –

① ھىلىموپ –– ئەسلىدە قىرغىزىستاننىڭ ئاتباشى رايونىدا تۇغۇلغان، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ كىشى كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتتى.



يىلى 12 – ئاي ئاخىرىغا كەلگەندە شىڭشىسەي مېنى تۈرمىگە ئالدى. شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ھەربىيى ئىچىدىكى ۋەزىپەم پەيجاڭ ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ مېنى قولغا ئېلىشتىكى سەۋەبى، مېنى سوۋېت ئىشپىيونى دېگەنلىك ئىكەن، لېكىن شۇ قېتىم قولغا ئېلىنغانلار مەنلا ئەمەس ئىدىم. جەمئىي سەككىز كىشى ئىدۇق. ئۇلار، نورۇز باي، قىرغىز، ئاقسۇ ساقچى باشلىقى ئىدى.

جاقىپ، قىرغىز، ئاقچىنىڭ شاڭيوسى ئىدى.

موسا، قىرغىز، 4 – چېلەر ئىچىدە لىيەنجاڭ ئىدى. تۈرمىدە ئۆلدى.

ھاجى شاڭيا، قىرغىز.

شۇ قاتاردا قولغا ئېلىنغانلاردىن يەنە ئابباسوپنىڭ دادىسى ھاشىم ئاقساقالمۇ بىز تۈرمىگە ئېلىنغاندا شۇ يەردە تۈرمىدە ئىكەن. ئاڭلىشىمچە، كېيىن ئاقسۇ تۈرمىسىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

مېنى ئاقسۇ تۈرمىسىدە تۆت ئاي تۇتۇپ تۇردى. ئۇندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى 2 – تۈرمىگە يۆتكەپ كەلدى. شۇ قېتىم بىزنى ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىۋاتقاندا ئۆمەر ئاخۇن دېگەن بىرسى يولدا ئۆلۈپ كەتتى. 1942 – يىلنىڭ 4 – ئېيىدا مېنى ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىدىن ھېچبىر گەپ – سۆزسىزلا بوشىتىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قازاق – قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئەسلىدە مېنى ئاقسۇدا تۈرمىگە ئالغان ۋاقىتتىلا مەرھۇم ئىسھاقبەگنىمۇ شىڭ شىسەي خىزمىتىنى يۆتكەش باھانىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەكېلىپ، كېيىن غۇلجا قازاق – قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا رەئىس نامى بىلەن ماڭدۇرۇۋەتكەنىكەن.

مەن ئۇرۇمچىدىكى 2 - تۇرمىدە ياتقان ۋاقتىمدا قاسىمجان قەمبىرى، قۇربانجان (غۇلجىلىق سودىگەر) ئاقاجان، تالىق جارىق (قازاق) يولداشلار بىلەن تونۇشتۇم، تۇرمىدىن چىقىش ۋاقتىمدا ئاقاجان دېگەن قازاق كىشى ماڭا بىر چوقىينى بەلگە ئورنىدا كىيگۈزۈپ، ماڭا: «مېنىڭ ئۆيۈم ئۇرۇمچى بېيەنگودا، قاسىمباي دېگەن كىشى مېنىڭ چوڭ ئاتام بولىدۇ، مەن شۇ كىشىنىڭ مۇقان دېگەن ئىنىسىنىڭ بالىسى بولىمەن. چىققاندىن كېيىن قاسىمباينى تېپىپ، چوقاينى كۆرسەتسەڭ ئىشىنىدۇ، مېنىڭ خەۋىرىمنى ئېيتقاچ بار» دەپ تاپىلىدى. مەن چىققاندىن كېيىن شۇ كىشىنىڭ تاپشۇرمىسى بويىچە قاسىمباينى ئىزلەپ تاپتىم، بالىسىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدۈم. ھەم ئۆزۈم شۇ ئۆيدە يېتىپ - قوپۇپ يۈردۈم. بىكار يۈرۈپ تۇرمۇش كەچۈرۈش قىيىن بولدى. شۇڭا، قاسىمباينىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، شۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ئىۋانوپ ئىسىملىك بىر روسنىڭ شەخسى مۇنچىسىغا ئوت قالاپ بېرىپ، شۇ ئىش ھەققى بەدىلىگە تۇرمۇشۇمنى قامداپ يۈردۈم، چۈنكى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى قازاق خىزمەتچىسى ئاغرىپ قېلىپ، ئىشقا كېلەلمەي قالغانىكەن. بۇ مۇنچا ھەنلىياڭدا ئىدى، گەرچە كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ھازىرمۇ بار.

مەن 2 - تۇرمىدىن چىقىپ، قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا بارغاندا، ئۇ يەردە «مادانىيەك» ئىسىملىك بىر قىرغىز كاتىپ كىشى بار ئىكەن. ئۇ كىشى بىلەن تونۇشۇۋالدىم. كېيىن تۇرمىدىن ئىسمايىل دېگەن قىرغىز كىشى چىقتى. ئۇ كىشى ئەسلىدە ئۇلۇغچات، بۆرىتوقايلىق ئادەم ئىدى. بۇرۇن 4 - چىلەر ئىچىدە ئىشلىگەن. بىزمۇ تونۇشاتتۇق.



بۇ كىشىنىمۇ ئىسھاقبەگنى تۇتقاندا بىللە تۇتۇپ قولغا ئالغانىكەن، ئۇ كىشى بىلەن بىللە بولدۇق.

مەن يۇقىرىدا دېگەن روسنىڭ مۇنچىسىدا بىر ئايچە ئىشلىدىم. شۇ يەرگە يېقىن بىر جايدا بىر ئۆزبېك كىشىنىڭ ئاشخانىسى بار ئىدى. مەنمۇ ئۇ يەرگە ئانچە - مۇنچە كىرىپ تاماق يەيتتىم. ئۇ كىشىنىڭ ئاشخانىسىدا قېزى ساتاتتى. مەلۇم بىر كۈنى شۇ ئاشخانىدا تاماق يەپ ئولتۇرسام، نېرى تەرەپتىكى جوزىدا ھېلىقى ئاشپەز باشقىلارغا «بۇ يەرگە ھەر كۈنى بىر قىرغىز كېلىپ قېزى يەيدۇ، ناھايىتى كۆپ يەيدۇ...» دەپ سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ. بىر نىمكا بالىدىن بۇ ئەھۋالنى سورىسام، ئۇ ئەھۋالنى ماڭا تېخىمۇ تولۇق ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۇ كىشىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم، ئۇمۇ يېتىپ كەلدى. ئۆمەرغازى دېگەن قىرغىز ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەنمۇ تونۇشۇپ (بۇرۇنمۇ تونۇشاتتۇق) بىللە يۈردۇق. كېيىن ئۇ، ئىسمايىل بىلەن ئىككىمىزنى غۇلجىغا بېرىپ ئىسھاقبەگ بىلەن كۆرۈشۈشكە دەۋەت قىلدى، ئۆزى بولسا قەشقەر تەرەپكە كەتمەكچى بولدى، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىسمايىل ئىككىمىز غۇلجىغا كېتىش توغرىلىق قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا راسخوت تەلەپ قىلىپ بارغىنىمىزدا، ئۇلار بىزگە يېرىم كىشىلىكتىن راسخوت بەردى. ئەنە شۇ پۇل بىلەن بىز بىر سودىگەرنىڭ ماشىنىسىغا كىرا قىلىپ غۇلجىغا يۈردۇق. يول بەك ناچار ئىدى. توققۇز كۈندە يېتىپ باردۇق. ئەسلىدە ئىسھاقبەگ قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسى (غۇلجىدىكى) نىڭ رەئىسى بولۇپ، بىز بارغان كۈنلەردە ئۇ كىشىنى رەئىسلىك خىزمەتتىن بوشاتقانىكەن.

ئارقىسىدا گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى پايلاقچىلىق قىلىپ يۈرگەنىكەن. قولغا ئالىدىكەن دېگەن گەپ - سۆزلەرمۇ بار ئىدى. بىز بارغاندىن كېيىن ناھايىتى تەسلىكتە ئىسھاقبەگ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىمكانىيەت بولدى. لېكىن كۆپ گەپ-سۆز قىلىشالمىدۇق، چۈنكى ئىسھاقبەگنى كۈتۈشكە قويۇلغان بىر سېرىق قازاق كېلىنچەك بولۇپ، ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى مالىك دېگەننىڭ ئايالى ئىكەن. ئۇ كېلىنچەك كۆرۈنۈشتە كۈتكۈچىدەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسھاقبەگنى پايلاش ئۈچۈن قويۇلغان ئىشپىيون ئىكەن. ئىسھاقبەگ ئۇ كىرگەندە سۆزىنى توختىتاتتى. مەن بۇ ئەھۋالدىن ئەينى ۋاقىتتىلا شۇ كېلىنچەكتىن گۇمانلىنىپ قالغانىدىم.

دېمەك، شۇ كۈنلەردە ئىسھاقبەگنىڭ ئۇ يەرلەردە تۇرۇشى خەۋپلىك بولۇپ قالغانىكەن. شۇڭا بىز كۆرۈشۈپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا چاپچالدىكى قورمانالى دېگەن قىرغىز كىشى ئىسھاقبېكنى ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. بىز بولساق، غۇلجىدىكى قىرغىزلار بىلەن تونۇشۇپ بىر نەچچە كۈن يۈرگەندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ تايەكەمنىڭ بالىسى سولپىنىڭ چېكىرتىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ قېشىغا باردىم. بۇ 1942 - يىل 7 - ئايلار ئىدى. ئىنىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەن جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتىكى تۇغقانلار قېشىغا قايتماقچى بولدۇم. ئىنىم بىلەن ئىككىمىز مۇزداۋان ئېشىپ ئاقسۇغا چۈشتۇق. ئۇيەردىكى يەرلىك قىرغىز ئاھالىلىرى بىلەن ئانچە - مۇنچە تونۇشۇپ، ئۇ يەردىن قاقشال (ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسى)غا كەتتىم، ئۇ يەردىمۇ كۆرگەن - بىلگەنلەر بىلەن ئۇچرى-



شىپ يۈردۈم. لېكىن شۇ ئارىلىقتا ئۇيەرگە 200 نەپەر گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇقسام ئۇلار مېنى تۇتقىلى چىقىپتۇ. سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرسەم، مەن ئاقچى ناھىيىسىگە بارغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ غۇلجىغا بېرىپ ئىسھاقبېك بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمنى، كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى ھەر قەيەردە قوناق (مېھمان) بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا سۆزلەپ يۈرگەنىدىم. ئىشپىيونلار بولسا مېنىڭدىن گۇمانسىراپ، ئالىقاچان گومىنداڭ دائىرىلىرىگە مېنى چېقىشتۇرغانىكەن. ئىشپىيونلار ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە: «تېزەك تۆرە دېگەن بىر قىرغىز غۇلجىغا بېرىپ، ئىسھاقبېك بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشۈپ مەخپىي خىزمەت ئىشلەش توغرىسىدىكى تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ چۈشۈپتۇ، ئۇ ئىسھاقبېكنىڭ ئىشپىيونى ئىكەن، ئىسھاقبېك ھازىر سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئاقساي دېگەن جايغا كەپتۇ، تېزەك تۆرە بۇ يەردىن ئەسكەر توپلاپ، ئاقسايغا بېرىپ، ئىسھاقبېك بىلەن قوشۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىكەن...» دەپ يەتكۈزۈلگەنىكەن. بۇ ئىش مېنى گومىنداڭچىلار 2 - قېتىم تۇرمىگە ئالغاندىن كېيىنكى سوراقلاردا ئاشكارا بولدى.

ئەسلىدە مەن غۇلجىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشۈشتە ھېچقانداق ۋەزىپە بىلەن چۈشمىگەن. ھېچكىمدىن ھېچقانداق تاپشۇرۇقمۇ ئالمىغان. ئاقچى ناھىيىسىنىڭ كەلتەبەت دېگەن يېرىدە ئابدۇرۇسۇل دېگەن كىشىنىڭ ئايالى مېنىڭ سىڭلىم بولاتتى. يەنە بەزى تۇغقانلىرىم بار ئىدى. مەن ئۇياققا چۈشۈشتە ئەنە شۇ تۇغقانلارنى پانا قىلىپ چۈشكەنىدىم.

ئەپسۇسكى يۇقىرىقىدەك چاقۇۋ بىلەن 2 - قېتىم قاماق-

قا ئېلىندىم. ئاقسۇ (ئاسوق) يېڭى شەھىرىدە قاماقتا تۇتۇپ تۇردى. مەن 2 - قېتىم 1942 - يىلى قاماققا ئېلىنىپ تاكى 1944 - يىلى 11 - ئايغىچە ئاقسۇ تۈرمىسىدە بولدۇم. تۈرمىگە ئېلىنغانلار خېلى جىق ئىدى، ئېسىمدە قېلىشىچە شۇ ۋاقتىدا بىرگە قامالغانلار، ئاسانبېك، مۇقاش، تويتۇق، ئىسكەن مۇقاش، ئىسمايىل قاتارلىق توققۇز قىرغىز كىشى ئىدۇق. ھەممىمىز ئەسلىدىكى دەۋرى ئەترەت (4 - چېلەر) نىڭ ئادەملىرى ئىدۇق، مەندىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەندىن بۇرۇنلا جاي - جايلاردىن يىغىپ ئەكېلىپ قاماپ بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاسانبېك، مۇقاشلارنى ئۇرۇمچى تۈرمىسىگە يۆتكەپ كەتتى. مۇقاشنىڭ ئۇرۇمچى تۈرمىسىدە ئۆلگەنلىكىنى كېيىن ئاڭلىدۇق. ئاسانبېك بولسا بىتىم بولغاندا تۈرمىدىن چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئارىلىشىپ يۈرۈپ، كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا كېتىپ قالدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىشىلەر ئەسلىدىكى دەۋرى ئەترەت تارقالغاندىن كېيىن يەرلىك ئورۇنلاردا مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن. شېڭشىسەينىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۇ ئىنقىلابىي كۈچلەرگە بولغان زىيانكەشلىكىنى ئاشكارا باشلىۋەتكەنىدى. گومىنداڭمۇ شېڭ شىسەيدىن ئىنقىلابىي كۈچلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشتەك ئەسكى جەندىنى تاپشۇرۇپ ئالغانىدى. ئۇلار قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك ئىدى.

1. ئاقچى - ئۇچتۇرپاندا، جونۇسباي (زۇڭ شاڭيۇ)
2. ئۇچتۇرپاندا، سالىق، قىرغىز ئۇيۇشما رەئىسى.
ئۇچتۇرپاندا، ئاسانبېك، ساقچى جۇيجاڭ.
3. ئاقسۇدا، سىدىقبېك، ساقچى جۇيجاڭ.



نورۇزباي، ساقچىدا سوتچى.
4. جۇمالى، بايدا ساقچى جۇيجاڭ.
5. سۇلايمان، كۇچاردا، ساقچى جۇيجاڭ.
6. ماۋلانبېك، تۇەنجاڭ، خوتەن چېگرىسىنى ساقلايتتى.
7. موللاسابىر، تۇەنجاڭ، قەشقەردە.
8. موللا شەرمەت، قەشقەر سىبو يامۇلدا.

مەن ئاقسۇدىكى تۈرمىدە ياتقان ۋاقىتلىرىمدا (ئاخىرقى مەزگىللەردە) لى مۇتەللىپنىڭمۇ شۇ يەردە قاماقتا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. لېكىن ئۆزۈم كۆرەلمىدىم. كېيىن ئاڭلىسام گومىنداڭچىلار يەپ كېتىپتۇ.

44 - يىلى 11 - ئايغا كەلگەندە غۇلجىدىن ئىنىم سولپى مېنىڭ ئاقسۇ تۈرمىسىدە قاماقتا ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ ئاقسۇغا چۈشۈپتۇ. تۈرمە جەريانىدا بىزنى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سالغانلىقتىن، مەن رېماتىزم بولۇپ قالغانىدىم. شۇڭا گومىنداڭچىلار مېنى 15 ئاتنى بېقىش ئۈچۈن چىقىرىپ قويغانىدى. ئات سۇغۇرۇش باھانىسى بىلەن سىرتقا چىقىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. ئىنىم سولپى بىلەن كۆرۈشكىنىمدە ئۇ ماڭا «ھازىر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلاندى. بىز بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كېتەيلى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزۈم بېقىۋاتقان ئاتتىن بىرنى ئېگەرلەپ مىنىپ (ئىنىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتى بار) قاچتۇق، مۇزداۋان ئارقىلىق غۇلجىغا ئۆتۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشۇلۇپ كەتتۇق. ئارقىمىزدىن گومىنداڭچىلار قوغلىغان بولسىمۇ يەتكۈزمىدۇق.

مەن غۇلجىغا بارغاندا بىرىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىپ، ئۇرۇمچى 2 - تۈرمىدە، تۈرمىداش بولغانلاردىن قاسىمجان

قەمبىرى، قۇربانجانلار بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنى 1944-
يىلى ئۇرۇمچىدىكى تۈرمىدىن چىقارغانىكەن.
بۇ ۋاقىتتا ئىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان.
ئىلىقىدا غىنى باتۇر ۋە ئەكبەرلەر گومىنداڭچىلار ئۈستىدىن
ئىسيان كۆتۈرگەن ۋاقىت ئىكەن. مەن غۇلجىغا بارغاندىن
كېيىن باشقا رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە غۇلجىدىكى سوۋېت
كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ 700 دانە قورال ئالدۇق
ھەم گومىنداڭ سىلىڭبۇسىغا ھۇجۇم قىلدۇق. گومىنداڭچىلار-
نى ھەيرانباغقا سۈرۈپ تاشلىدۇق. غىنى باتۇر ئۆزى ئادەم-
لىرى بىلەن بىۋاسىتە باش ساقچىغا باستۇرۇپ كىرىپ،
باش ساقچىنى ئالدى.
مۇشۇ كۈنلەردە مەن ئىلىخان تۆرەنىڭ قوغدىغۇچىسى
ئىدىم. ئەخمەت ئەپەندىم — سابىر ھاجىيۇپنىڭ كاتىپى ئىدى.
مەلۇم بىر كۈنى سابىر ھاجىيۇپ مېنى قىچارتىپتۇ، كىرسەم،
مېنىڭ ھەربىي ئىشلاردىن قانچىلىك خەۋەردار ئىكەنلىكىمنى
سۈرۈشتۈرۈپ سورىدى. ئېيتىپ بەردىم ۋە شۇ ھامان ئۈچ يە-
شىك ئوق، ئۈچ دانە بەش ئاتارمىلتىق كەلتۈردى. بىر قۇر كۆك
كىيىم بەردى ۋە بىر ئات مىندۈردى - دە، مېنىڭ قىزىل
كۆرە، موڭغۇل كۆرەگە بېرىشىمنى تاپشۇردى. نېمە ئۈچۈن
بېرىشنى ئۇقمايمەن. ئەتىسى ئىلىخان تۆرە، سابىر ھا-
جىيۇپلار بىزنى ئۇزىتىش ئالدىدا: «بىز ۋەزىپىنى قۇربان-
جانغا تاپشۇردۇق، سەن شۇ كىشى بىلەن بىللە بارىسەن،
كونكرېت ئىشنى شۇ كىشىدىن ئاڭلا!» دېدى - دە، بىزنى ئۇزات-
تى. قۇربانجاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇ يەردە بىزنى كۈتۈپ
تۇرغان 10 كىشى بىلەن قوشۇلدۇق. ئىككى قازاق كىشىنى قى-
زىل كۆرەنىڭ ئەھۋالىنى رازۋېت قىلىپ كېلىش ئۈچۈن



ماڭدۇردۇق. ئۆزلىرىمىزمۇ ئەتىسى شۇلار ماڭغان يول بى-
لەن قىزىل كۆرە تەرەپكە كېتىۋاتىمىز. سار بۇرچۇن دېگەن
بەلدىن ئاشقاندا ھېلىقى بىز ئەۋەتكەن رازۋېتچىكلارنىڭ
بىرسىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتتۇق. ئۇ ئې-
لىپ كەلگەن خەۋەردە: «قىزىل كۆرەدىكى گومىنداڭچى شەن-
جاڭ، جۇيجاڭ، باج ئىدارە باشلىقى باشلىق 30 نەچچە
ناھىيە دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خەۋ-
رىنى ئاڭلاپ قورقۇپ، يۈلتۈز ئارقىلىق قاراشەھەرگە قېچىپ-
تۇ» دېدى. بىز ئۇلارنى قوغلىماقچى بولدۇق، قىدىرمىش
دېگەن بىر قىرغىز كىشى بىزگە يول باشلىغۇچى بولدى.
يەرلىك ئەمەلدارلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىن غېنى دېگەن
بىر ئۇيغۇر كىشى ئۆزىنى باشلىق دەپ يۈرگەنىكەن، ئۇ-
بىزگە 10 ئادەم قوشتى. بىز ھېلىقى گومىنداڭچىلارنى قوغ-
لاپ قارا دالا — ئاق بۇرخان دېگەن يەرگىچە باردۇق، لې-
كىن ئۇلار ئۆزاپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە
قىزىل كۆرەگە قايتىپ كەلدۇق. بىز قىزىل كۆرەگە كەلگەن-
دە قۇربانجان تۇققۇجا دېگەن قازاق كىشىنى شەنجاڭ، غېنى
دېگەن ئۇيغۇر كىشىنى جۇيجاڭ (ساقچىنىڭ) قىلىپ بەلگى-
لەپ بولغانىكەن. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، موڭغۇل كۆرەدىكى
ناھىيە دەرىجىلىك گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىمۇ قېچىپ، مۇزداۋان-
نىڭ ئاستىدىكى خان يايلاق دېگەن جايدا ياتقانلىقى مە-
لۇم بولدى. ناھىيىدە گومىنداڭچىلار قالمىغانىكەن، شۇ-
ڭا بىز موڭغۇل كۆرەگە بارماقچى بولدۇق. يەرلىك ئاھالىلەر-
دىن 100 دەك ئادەم، ئارە، پالتىلىرىنى كۆتۈرۈپ «بىزمۇ
قۇربانجان بىلەن بىرگە گومىنداڭچىلارنى يوقاتقىلى بارىمىز!»
دەپ ئۆزلۈكىدىن پىدائىي بولۇپ يىغىلىپ كېتىپتۇ. شۇ شارا-

كەتتا بىز ئۇلارنى قوبۇل قىلالمىدۇق. بۇرۇنقى ئادەملىرىمىز بىلەن قوشۇلۇپ 20 كىشى بولۇپ، موڭغۇل كۆرەڭگە كۆز باغلانغاندا يېتىپ باردۇق ھەم ئوتتۇرلا شەنجىڭفۇغا چۈشتۇق. راستلا، ئۇ يەردە گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى قالمىغانىكەن. ئۇ يەردە قۇربانجاننىڭ ئۇشۇر ئامبال، يەنە بەگە دېگەن موڭغۇل تونۇشلىرى بار ئىكەن. ئۇلاردىن قاچقانلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرساق، ئۇلارنىڭ (قاچقانلارنىڭ) ھېلىھەم شوتىنىڭ خان ھايلاق دېگەن يېرىدە ياتقانلىقى مەلۇم بولدى. قاچقانلار ئىچىدە مودوچىنىڭ (مۇخامەت، ئالتايلىق قازاق كەرەي قەبىلىسىدىن) دېگەن بىرسى بار ئىكەن. بۇ موڭغۇل كۆرە ساقچىدا شۆڭگەنىكەن. ئۇ يەرلىك قازاق ئاھالىلىرىگە ناھايىتى جىق ئازاپ - ئوقۇبەت سالغان مۇناپىق ئىكەن. ئۈچ قازاق كىشىنى «سوۋېت بىلەن ئالاقىسى بار» دەپ ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ تاشلىغانىكەن. شۇڭا يەرلىك خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن.

نەتىجىدە بىز ئۇلارنى قوغلاپ بارماقچى بولدۇق. لېكىن يەرلىك موڭغۇل باتۇرلىرى بىزنىڭ بېرىشىمىزغا پەقەت قوشۇلمىدى. ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى: «سىلەر ئۇ يەرلەرنىڭ يەرشارائىتى، يوللارنى بىلمەيسىلەن. شەپە ئالدۇرۇپ قويۇپ، قاچۇرۇپ قويىسىلەر. بىز بۇ يەرلەرنىڭ ھەر بىر تال گىياسى بىلەن تونۇش، شۇڭا سىلەر بىزگە قورال بېرىڭلار، بىز ئۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ قاچۇرماي يوقىتىپ بېرەيمىز» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇ ئارىدا بىز ئۇشۇر ئامبال دېگەن موڭغۇل كىشىنى شۇ ناھىيىگە شەنجاڭ قىلغانىدۇق. ئەتىسى بىز ئۇلارغا ئۈچ دانە بەش ئاتارمىلتىق، 1000 دانە ئوق بەردۇق.



ئۇلاردىن ئامىن، بەگە، ئايوچى دېگەن موڭغۇللار ھېلىقى گومىنداڭچىلارنى قوغلاپ كەتتى، ئۇلاردىن يېرىم كۈن كېيىن مەن 15 ئادەمنى ئېلىپ، شۇلار ماڭغان يول بىلەن ماڭدىم. ھېلىقى ئۈچ كىشى چىلپەڭزە ئارقىلىق ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قاچاقلارنىڭ پىيادە كېچىش يولىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ توسۇپ يېتىپتۇ. ھەم ئۇلار ئۆتىدىغان بىر كۆۋرۈكنى ئېگىلەپ ماراپ ياتقانىكەن. گومىنداڭچىلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا ھېلىقى مۆكۈنۈپ تۇرغانلار ئوق ئۈزۈپتۇ، مودوچىنىڭ، شەنجاڭ، ساقچى جۇيجاڭ، بىر ھەربىي سەنمۇجاڭ، ھاج جۇيجاڭى... قاتارلىق يەتتە كىشى شۇ يەردىلا موللاق ئېتىپ، جان بېرىپتۇ. ئاڭغىچە بىزمۇ يېتىپ بېرىپ قالدۇق. بىز خېلى ئارقىدا ئىدۇق. مەن بىر تاش تۆپىسىگە چىقىپ قاراپ كۆرسەم، (دۇربۇن بار ئىدى) ئالدىمدا ئاپئاق قېلىن قاردا بىر مۇنچە پىيادە ئادەملەر ئۆلەر تىرىلىشىگە قارىماي، بىز تەرەپكە قېچىپ كېلىۋاتىدۇ، قار بەك قېلىن بولغاچقا، ئۇلار راۋان يۈرەلمەيتتى. مەن شۇ ھامان ئۈچ ئاتلىق ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇلار يېتىپ بېرىپ قارىسا، بۇ كېلىۋاتقانلار بايىقى قاچقان گومىنداڭچىلارنىڭ كوجاڭ دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بولۇپ، ئۇلار ئالدى تەرەپتىن ھېلىقى ئۈچ موڭغۇل يولداشلار چىقارغان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپ، ئالاقزادە بولۇپ، ئاتلىرىنى مىنىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ھەتتا قوراللىرىنىمۇ ئالماي ئارقىسىغا يېنىپ قاچقانلار ئىكەن. بىز ئەۋەتكەن ئۈچ ئادەم ئۇلارغا يېتىپ بېرىش بىلەنلا ئۇلارنى دۇمبالاپ، ئۇرۇپلا كەتتى. بىز ئارقىدىن بېرىپ ئۇلارنى توختىتىپ ئالدۇق، چۈنكى خەلقتە ئۇلارغا نىسبەتەن چەكسىز ئۆچمەنلىك بار ئىدى - دە!

بىز نەق مەيدانغا بارساق ئايوچى دېگەن موڭغۇل ماڭا «نامىن يەتتىنى ئاتتى، ئۇلارنىڭ بەشى خەنزۇ، ئىككىسى قازاق» دەپ دوكلات قىلدى. نامىن مودوچىڭ (مۇخامەت)نىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ. مودوچىڭنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىسام لىق قانغا بويالغان. يەتتە قەۋەت سارجا كىيىمنى ئۈستى - ئۈستىلەپ كىيگەنىكەن. نامىننىڭ ئېيتىشىچە: «تېخى سىزگىلەشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭ قولىقى مىدىرلاۋاتاتتى. ھازىرلا جېنى چىققان بولسا كېرەك» دېدى.

ئارقىدىكى ئادەملىرىمىزمۇ يېتىپ كەلدى. شۇ قېتىم بىز ئۇلاردىن 28 دانە بەش ئاتارمىلتىق، ئۈچ ناگان، 30 ئات ئولجا ئالدۇق. ھېلىقى ئۈچ نەپەر موڭغۇل يولداش كېيىنكى رۇخسەت سورىغانىدى، ئۇلارغا بىر ئولجا ئاتتىن ئۈچىنى بەردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇشال بولۇپ يۈرۈپ كەتتى.

بىز مۇشۇ جايدا بەش كۈن تۇرۇپ قالدۇق. مودوچىڭ باشلىق گومىنداڭچىلارنىڭ ئۆلۈكىنى شۇ يەرگىلا ئورا كولاپ كۆمۈۋەتتۇق. 2 - كۈنى بىز خەت ئارقىلىق ئەھۋالدىن قۇربانجانغا ئادەم ئەۋەتىپ دوكلات قىلدۇق، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا بىزدە تېلېفون، راتسىيە يوق ئىدى.

ئۇندىن كېيىن مەن ئارىشاڭنى كۆرۈپ، چارلاپ كېلىش ئۈچۈن يۈرگەنىدىم. يولدا ئىككى ئاتلىق كىشى ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئايال ئىدى، ئايال ماڭا قۇربانجان ئەۋەتكەن بىر پارچە خەتنى سۇندى. خەتتە «مودوچىڭنىڭ جەسىتىنى مۇشۇ ئايالغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلا» دەپتۇ. مەن ھەيران قالدىم. كېيىن بىلگۈدەك بولسام، بۇ ئايال مودوچىڭنىڭ قېيىنى ئانىسى ئىكەن.



مەن رەت قىلدىم. ئۇ قۇربانجاننىڭ نامىنى سېتىپ ماڭا پوپوزا قىلدى. لېكىن مەن قەتئىي رەت قىلغاچقا، ئۇ ئايال ئاخىرى قايتىپ كەتتى.

ئۇندىن كېيىن باش قوماندانلىق شتابىتىن كولەنىكولايېۋ① ئىسىملىك بىر رۇس كىشىدىن بىزگە بىر ئالاقە ئەۋەتىپتۇ. ئالاقىدا «سوۋېت بىلەن تۇتاش سومبە چېگرىسىدىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى 200 دانە قورال بېرىدۇ. ئۇنى سىلەر تاپشۇرۇپ ئېلىڭلار، ھەم قىزىل كۆرە - موڭغۇلكۆرەلەردىن 200 ئەسكەر ئېلىپ شۇ ئەتراپنى قوغداڭلار» دەپتۇ. بىز بۇ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ، كولەنى قايتۇردۇق. ئۆمەرجان ئىسىملىك بىر كىشىنى ئەۋەتىپ، سومبە چېگرىسىدىن 200 قورالنى ئۆتكۈزۈپ ئالدۇق. يۇقىرىدا ئولجا ئالغان 30 قورالنى موڭغۇلكۆرە ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەردۇق. چۈنكى بۇ موڭغۇلكۆرە ساقچىسىنىڭ ھەققى ئىدى.

مەن سومبە چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئالغان 200 قورالنى قۇربانجانغا ئەۋەتىسەم، ئۇنىڭدىن ماڭا 20 نى ياندۇرۇپ ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەن چېگرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يېنىمغا ئادىل، قىندىرغىچ، ئۆمۆر قاتارلىق 10 كىشىنى ئېلىپ ئاق بۇلاق، قارىغاي تاش،... كۆكتېرەككىچە② باردىم. ئۇ يەردىن يۇلتۇزغا (چېگرىغا) كەتتىم. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ چېگرىسى شۇ يەردىن ئايرىلاتتى. شۇ جەرياندا پوس قويۇشقا تېگىشلىك ھەممە جاينى بەلگىلەپ چىقتىم. 12 - ئاينىڭ 27 - 28 - كۈنلىرى مەن چېگرىدىن قىزىل كۆرەگە كەلسەم

① كولەنىكولايېۋ ھازىر شۇ تىمدا ئولتۇرۇشلۇق ھازىر مەملىكەتلىك. خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 82 ياش.

② كۆكتېرەك - ھازىرقى تېكەس ناھىيىسىنىڭ كۆكتېرەك 3 - گوڭشېسى

قۇربانجان بىلەن كۆلە 200 ئەسكەرنى قوبۇل قىلىپ بوپتۇ.

ئۇندىن كېيىن قۇربانجان بىلەن ئىككىمىز غۇلجىغا سىلىكبۇغا ئەھۋالنى دوكلات قىلغىلى باردۇق. ئېلى خان تۆرە بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالدىن دوكلات قىلدۇق. بىر ۋاقىتتا ئېلىخان تۆرە مېنى ئاستا يېنىغا چاقىرىپ، قولىمغا «ئىسھاقبېك × × × كىشى بىلەن سوۋېتتىن قايتىپ كېتىپتۇ» دېدى، بۇ 1945 - يىلىنىڭ 1 - ئېيى ئىدى. مەن شۇ ھامان ئىسھاقبېك بىلەن كۆرۈشۈشكە ماڭدىم. لېكىن قوغدىغۇچىلار بىزنى كۆرۈشۈشكە كىرگۈزمىدى. ئەتىسى يەنە بارغىنىمىزدىمۇ كىرگۈزمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسھاقبېكنىڭ ئىنىسى ئەخمەتنى چاقىرتقۇزدۇم. ئاندىن ئۇ بىزنى باشلاپ كىرىپ ئىسھاقبېك بىلەن كۆرۈشتۈردى. خۇشال - خۇرام ئىدۇق. يېنىدا ماۋلانبېك، نۇغايباي، لىسكىن... قاتارلىقلار بار ئىكەن. بىللە تاماقلىنىپ، ئانچە - مۇنچە سۆزلىشىپلا قايتتۇق. خىزمەت توغرىلىق كۆپ گەپ - سۆزلەرنى قىلىشقا گېنېرالنىڭ ۋاقتى يوق ئىدى. بىز قايتىپ ئېلىخان تۆرەنىڭ قېشىغا كەلگەندە تۆرەم ئالاقزادىلىقتا تۇرۇپتۇ. نېمە بولغانلىقىنى سورىساق، قورغاستا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرى چاپچالغا قېچىپتۇ دەپ، شۇ ھامان بىزگە 10 ئادەم، بىر پىلىمىيوت بېرىپ «شۇ قاچقان گومىنداڭچىلارنى قوغلاپ تۇتۇش» نى بۇيرۇدى. بىز شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈردۇق. يېتىشىپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ تەسلىم بولۇشى توغرىلىق خەت بىلەن ئەلچى ئەۋەتتۇق، لېكىن ئۇلارنىڭ جاۋابىدا تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. قارىغۇدەك بولساق ئۇلار بىر ياداڭلىقتا بېرىپ قاپلىشىپ قال-



غانىكەن. قار ناھايىتى قېلىن، ھاۋامۇ ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. ئۇلار قاياقتىن چىقىپ كېتىشىنى بىلمەي، يول تاپالماي تەمتىرەپ قېلىشقانىكەن. بىز بۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۆگزىلەرگە، تۆپىلىكلەرگە چىقىرىپ «تەسلىم بولساڭلار ئۆلتۈرمەيمىز!» دەپ ۋارقىرىغىلى قويدۇق. قېرى بوۋاي - موماي، ئەر - ئايال، بالا - چاقا بولۇپ ئاھالە ناھايىتى جىق ئىدى. بۇ ھال دۈشمەنگە بىزنىڭ ئادىمىمىزنى بەكمۇ جىق كۆرسىتىۋېتىپتۇ. بىزمۇ بۇ پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، گومىنداڭچىلارغا ئۆز جايىمىزدا تۇرۇپلا ھۇجۇم قىلدۇق. بىز ئالدىنئالا يالغۇز پىلىمىيوتىمىزنى بىر تۆپىلىككە ئورنىتىپ قويغانىدۇق. پىلىمىيوت ۋە مىلتىقلاردىن بىر قېتىم ئوت ئېچىش بىلەنلا گومىنداڭچىلاردىن 15 ئات، يەتتە ئادەم ئۆلدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار تېخىمۇ ئالاقزادىلىققا چۈشتى. شۇ پەيتتە بىز يەنە خەت ئارقىلىق ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ، 2 - قېتىم خەت ئەۋەتتۇق. ئاخىرى، ئۇلار قايتۇرغان جاۋابىدا: «ھاياتىمىزغا كېپىللىك قىلساڭلار، تەسلىم بولىمىز» دەپتۇ. مەن دەرھال بەش جەڭچىنى ئەۋەتتىم. ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. ئۇلار قوراللىرىنى خۇددى ئوتتۇن ئورنىدا بىر چەتكە تاشلاپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئالاتتى. ئاخىرىدا ھېسابىنى ئالساق، 200 ئات ۋە 200 قورال ئىكەن. ئۇلارنى غۇلجىغا سىلىكبۇغا ھەيدەپ بېرىپ تاپشۇردۇق. ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى ئۇقمىدۇق.

شۇ ئارىدا ئىبراھىم باي ئىسىملىك بىر قازاق كىشى يېتىپ كېلىپ، قورال - ياراق، ئولجا ھېسابىنى بېرىشنى

ئەلەپ قىلىۋاتتى. ئۇ ناھايىتى كۆرەڭ ئىدى. ئەسلىدە ھەربىي تۈزۈم بويىچە بۇنداق قالايمىقان تەلەپكە يول قويۇلمايتتى. مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلسام، ئۇ تېخىمۇ ئەدەپ كېتىۋاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن يان قورالىمنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلغانىدىم. ئۇ بوشىشىپ قالدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن مەن مىللىي ئارمىيە 5 - كورپۇسىنىڭ رازۋېت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدىم. بۇ خىزمەتنى تاكى 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇردۇم. 1949 - يىلى 11 - ئايدا مىللىي ئارمىيە 37 - پولكى ئاقسۇغا چۈشكەندە مەنمۇ شۇ پولك بىلەن ئاقسۇغا بىللە چۈشتۈم.

## قوشۇمچە ماتېرىيال

1981 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى موڭغۇلكۈرە 5 - گۇڭشې كادىرى يولداش بۇغۇباي ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ ئۇرۇشلاردا تېزەك تۆرە بىلەن بىللە بولغان كۇلەنىكولايېۋنى زىيارەت قىلغان. پاكىت ئورنىدا شۇ ۋاقىتتىكى زىيارەت خاتىرىسىنى بۇ يەردە قوشۇمچە بەردىم.

سوئال: سىز × × يىلى غۇلجىغا (قىش ئايلىرى) كىملەر بىلەن بارغان؟ قانداق ئىشلار بولغان؟

جاۋاب: مەن ئىسھاقبېك بىلەن كۆرۈشكىلى بارغان. قورغاستىن قاچقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن 200 نى چاپ-چالدا ئۇرۇش بىلەن قولغا چۈشۈردۇق. سىلىڭبۇدىن بىزگە 10 ئەسكەر قوشقان. قۇربانجان، تېزەك ۋە مەن ئۈچىمىز بىللە بېرىپ قولغا چۈشۈرگەن. بۇ ۋاقىتتا سىلىڭبۇ بىزنى تەقدىرلىدى. بەكە دېگەن موڭغۇل يولدىشىمىز بار ئىدى، بۇ



ئەسىرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىلىڭبۇغا تاپشۇردۇق.

سوئال: موڭغۇلكۈرەدىكى گومىنداڭچىلارنى يوقىتىشقا كىم - كىملەر قاتناشقان؟ ئۇ ۋەقە قانداق بولغان؟

جاۋاب: موڭغۇلكۈرەدىكى گومىنداڭچىلارنى يوقىتىشتا تېزەك تۆرە ئەسكەر باشلىقى بولۇپ، يەنە قۇربانجان - كۇلەلەر كېلىپ، 1944 - يىلى 11 - ئايدا ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ، ھوتىدا ئاقباش ئەپەندى، مودوچېڭ (قازاق) قاتارلىق يەتتە ئادەمنى ئۆلتۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇلكۈرە گومىنداڭدىن تازىلانغان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا كۇلەنىكولايېۋ، قۇربانجان، ئادىلۇ تېزەكلەر ئاساسلىق يېتەكچىلەر ئىدى.

سوئال: سىزدە يەنە قانداق پىكىرلەر بار؟

جاۋاب: مەن داۋانغا (مۇزداۋانغا دېمەكچى) گومىنداڭچىلار بىلەن سوقۇشۇش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم باردىم. شۇ ۋاقىتتا ئالغان باتۇرلۇق مېدالىم بار. ئۇنىڭ نومۇرى №21. بۇ مېدال ھازىرمۇ بار. مۇشۇ خىل مېدال تېزەك تۆرەگىمۇ بېرىلگەن.

سومبەدىن (سوۋېت چېگرىسىدىن دېمەكچى) ياردەم ئۈچۈن بەرگەن قوراللارنى كىم تاپشۇرۇپ ئالغىنى ھازىر ئېسىمدە يوق. لېكىن قورال ئالغانلىقىمىز راست.

موڭغۇلكۈرەدىكى گومىنداڭچىلارنى يوقىتىشتا يۇقىرىقى ئۈچ كىشى ئاساسلىق ئادەملەر، ئۇندىن باشقىلارنىڭ قوشۇمچە سۆزلىرى ئىناۋەتسىز.

كۇلە نىكولايېۋ.

بۇ خاتىرە قازاقچە يېزىلغان بولۇپ، بۇ يەردە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بېرىلدى.

## 1945 - يىلىدىكى ئاقسۇ ئۇرۇشى

تېزەك تۆرە ياشانغان كىشى بولغاچقا، ئارتۇقچە سۆز-
لەپ كەتسە چارچاپ قالاتتى. شۇڭا ئالدىنقى بىر ھېكايىنى
تۈگەتكەندىن كېيىن، ئارىدا بىر كۈن دەم ئېلىپ، كېيىنكى
كۈنى بارغىنىمدا ئالدىنقى ھېكايىدىكى بەزى ئېنىقسىز
بولغان جايلارنى سورۇشتۇرۇپ، ئاستا - ئاستا سۆھبەتنىڭ
تېمىسىنى 1945 - يىلىدىكى ئاقسۇ ئۇرۇشى تەرەپكە بۇرۇدۇم.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى بۇ ۋەقەنى تەپسىلىي ھېكايە قىلىپ
بېرىشكە باشلىدى.

ئالدى بىلەن ئۇ كىشى: «1945 - يىلى 7 -، 8 -
ئايلارغا كەلگەندە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە باش قوماند-
انلىق شتابى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكى-
تىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق جاي-
لارغا قاراپ يۈرۈش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ بولغانىدى.
شىمالىي يۆنىلىش ئارمىيىسى يۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى.
پۈتۈن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مۆلچەرلىگەندە، شىمالىي يۆنى-
لىش ئارمىيىسى شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلغاندا، جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى گومىنداڭ كۈچلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
چېگرا جايلاردىن شىمالىي شىنجاڭغا تەھدىت سېلىش خەۋ-
پى بار ئىدى. شۇڭا باش قوماندانلىق بۇنى ھېسابقا
ئېلىپ، چاققان بىر ئەترەتنى جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە
چۈشۈرۈپ، ھەر قايسى جايلاردا گومىنداڭ كۈچلىرىگە ئالاق-
زادىلىك كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆز جايلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇشنى
ئويلاشقان. قوماندانلىق بىزگە بىر جايدا مۇقىم تۇرۇپ
ئالماستىن، يۆتكىلىپ يۈرۈپ، گومىنداڭچىلارغا ۋەھىمە سې-



لىشنى تاپشۇرغان، دەسلەۋدە بىزدە مۇزداۋان قوغانىنى ئال-
غاندىن كېيىنلا، ئاقسۇ تەرەپكە چۈشمەسلىك نىيىتى بار ئىدى.
لېكىن بىز مۇزداۋاندىكى گومىنداڭ ئۇۋۇسى بولغان قو-
غان چازىسىنى ئالغاندىن كېيىن، بىزدە ئىشەنچ كۈچىيىپ
كەتتى. بىز بىلەن بىرگە يۈرگەن مۆلكى رەھبەرلەر ۋە
ھەربىي يېتەكچىلەر بىرلىكتە ئاقسۇغا چۈشۈشنى ئەنە شۇ
يەردە قارار قىلغان. ئەنە شۇ مەزگىلدە سوپاخۇن ۋە مەن
باشلىق بىر پارتىزان ئەترىتى جەنۇب بىلەن شىمال چېگ-
رىسىنى ئاتلاپ، ئاقسۇغىچە باردۇق» دەپ داۋاملاشتۇردى
تېزەك تۆرە.

ئەھۋال مۇنداق ئىدى: — مەن 1945 - يىلى 5 - ئاي
مەزگىللى چېگرىدىكى ئاق بۇلاق دېگەن داۋاندا چېگرا
ساقلاپ يۈرەتتىم. مەلۇم بىر كۈنى باش قوماندانلىق شتاب-
تىن «قول ئاستىڭدىكى 18 ياشتىن يۇقىرى، 25 ياشتىن
تۆۋەن كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئەۋەت، بۇلار مۇنتىزىم قو-
شۇن قىلىنىدۇ» دېگەن بۇيرۇق كېلىپ قالدى. بىز ئاق
بۇلاقتا 150 ئادەم بار ئىدۇق. بۇلاردىن يۇقىرىقى تەلەپ
بويىچە ئايرىپ كەلگەندە 45 ئادەم تەلەپكە لايىق چىقتى.
بۇ سانىنى تېكەستە تۇرۇشلۇق نوغايباي پولكوۋنىككە مەلۇم
قىلساق «شۇ ئادەملەرنى ئۆزۈڭ ئېلىپ يېتىپ كەل» دەپتۇ.
مەن 45 ئادەمنى ئېلىپ، 5 - ئاي ئاخىرى تېكەسنىڭ قوبۇ
دېگەن يېرىگە يېتىپ باردىم. بارغاندىن كېيىن ھەربىي تۈ-
زۈم بويىچە بارلىق ئات - جابدۇق، قورال - ياراقلىرىمىز-
نى پولكقا تاپشۇردۇق. ھەتتا ئۆزۈمنىڭ ۋە كانىۋىيىم ئۆمۈر
دېگەن بالىنىڭ يان قوراللىرىدىن تارتىپ تاپشۇرۇپ، ئۇ
يەردە 2 - 3 كۈن دەم ئالدۇق. مۇشۇ كۈنلەردە موڭغۇلكۆ-

رەدىن تېلېگرام كېلىپ قالدى. ئۇنىڭدا، گېنېرال ئىسهاقبېك
سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارقىلىق سۇ بېشى دېگەن يەردىن
جۇڭگو تەرەپكە ئۆتۈپ، موڭغۇلكۈرەگە كېلىپ بولغان ئىكەن.
مېنى شۇ يەرگە يېتىپ كەلسۇن دەپتۇ. ئەسلىدە ئىسهاقبېك
1945 - يىلى 8 - ئايلاردا جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشىمىز
دەپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئايلىنىپ كەلگەنىدى.
مەن گېنېرالنىڭ قېشىغا بارغىنىمدا زاكىروپ (رۇس)
ئابدۇرېيىمجان ھەسەنوپ قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ گېنېرال بىلەن
بىللە ئىكەن. مەن ئۇلارغا ئۆز ئىشلىرىمدىن دوكلات قىل-
غاندىن كېيىن بەزى تراپشۇرۇقلارنى بەردى - دە، ئەتىسى
ئىسهاقبېك قوبۇغا كەتتى.

مەن زاكىروپ دېگەن كىشىنىڭ قېشىدا قېلىپ بىر مەزگىل
ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالدىمدە، كېيىنكى كۈنلەردە يايلاۋدىن
100 ئات ئالدۇرۇپ چۈشۈپ، ئۇنى ماڭا تاپشۇردى. بۇ ئاتلارنى
ھەيدىتىپ تېكەسكە نوغايباي پولكىغا ئاپاردىم. مەن بار-
غاندا ماڭا ئاتاپ مەخسۇس ئىككى بوز ئۆي تىكىپ قويۇ-
شۇپتۇ. ئۇ يەردە مەن ئۈچۈن بىر مۇنچە پارتىزانلارنى يىغىپ
قويغانىكەن. نوغايباي ماڭا «ئاۋۇ ئادەملىرىڭنى قولۇڭغا
تاپشۇرۇپ ئال» دەيدۇ. بېرىپ قارىغۇدەك بولسام جەمئى
50 دەك ئادەم ئىكەن. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، كى-
يىنىشلىرى ھەر خىل، كېيىن ئۇقسام، ئۇلار تېكەس، كۈ-
نەس، يۇلتۇزلاردىن، ھەر مىللەتتىن توپلانغان مەرگەنلەر
ئىكەن. نوغايباي ماڭا: «بۇ كىشىلەر قول ئاستىڭدىكى
پارتىزانلار، سەن بولساڭ پارتىزان باشلىقى...» دېدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ بىز ئاتلىرىمىزنى تاقلىتىپ، ئاش-
ئوزۇقىمىزنى تەييارلاپ، ھېلقى ئادەملەرنى ئېلىپ شۇتانىڭ



يېنىدىكى قىيىڭلىق دېگەن يەرگە باردۇق. ئەسلى نىشانىمىز-
سوۋېت بىلەن جۇڭگو چېگرىسى ئارىلىقىدىكى (ئارا سىرت)
يەرلەر ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشۈش ئىدى. لېكىن
بىز يولدىن ئېزىپ قېلىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ چەت
چېگرىسىدىكى ساپقال دېگەن يەرگە بېرىپ قاپتىمىز. شۇ
يەردە قونغان كۈنى ئەتىسى سەھەردە بىزنى سوۋېت ئەس-
كەرلىرى تۇتۇۋالدى. ئۇلار بىزنى باندىتلار دەپ چۈشىنىپ
قاپتۇ. ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇتۇپ تۇرۇپ، ئەھۋال
ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئاندىن بىزنى يەنە قايتۇرۇپ ئەسلى
ئاتلاپ ئۆتكەن چېگرا ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە
ئۆتكۈزۈپ بەردى. پولكوۋنىك نوغايباي بىلەن قايتا كۆ-
رۈشتۇق. ماڭا يەنە 60 ئادەم قوشۇپ بەردى. بۇ ۋاقىتتا
بىزنىڭ پارتىزان ئەترىتىمىزدە 200 ئادەم بولغانىدۇق.
ھەم ماڭا: «سوپاخۇنلار جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە چۈشۈش ئۈچۈن
ئاق بۇلاق بىلەن يۈرۈپ كەتتى. شۇلارغا تېز يېتىشكىلار»
دەپ بۇيرۇق قىلدى. مەن شۇ ھامان ئادەملىرىمنى باشلاپ
ئاتلاندىم - دە، توختىماستىن يۈرۈپ، سوپاخۇنلارغا ئاقبۇ-
لاقتا يېتىشتىم. بىز قوشۇلدۇق، ئۇ يەردە مەرھۇم ئابدىكېرىم
ئاببasوپ، قاسىمجان قەمبىرى، قۇربانجان، ئىسكەندەر ئە-
پەندى، سىدىق ھاجى قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ بار ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىز ئاق بۇلاقتىن قارا داۋان، قاراغاي
تاش ئارقىلىق ئېشىپ، باينىڭ قېيى دېگەن يېزىسىغا قا-
راپ يول ئالدۇق. ھاۋا ناھايىتى سوغۇق، ئۈستىمىز يامغۇر
توختىماي قۇيۇۋاتىدۇ. ساي- سايلاردىن، تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن
سۇلار بارغانسېرى ئېقىنغا چۈشۈپ كۆپىيىپ، يۈرۈش يولى-
مىزنى قىيىنلاشتۇراتتى. بىز پۈتۈن بىر كېچە توختىماستىن

پۇتۇنلەي سۇ كېچىپ ماڭدۇق. ئاتلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ ئېلىپ يۈردۇق. يالغۇز سۇنىڭ توسالغۇسى ئاز كەلگەندەك، ئېقىن باشتىن - بويىغا بۆك ئورمانلىق ئىدى. ئۇنى بۆسۈپ ئۆتۈش تېخىمۇ قىيىنغا چۈشتى. ئادەملەر بىر - بىرىگە يېقىن يۈرمىگەندە، بىر نەچچە مېتىر ئارقىدا قالسىلا قوشۇندىن چۈشۈپ قېلىپ، ئېزىپ كېتەتتۇق. تاڭ سەھەر بولغاندا قىيىنغا يېقىنلاپ باردۇق. بىز تاغ تۆپىسىدە تۇرساق پەستىكى قارىغايلىقلار ئارىسىدىكى چىغىر يولدا گومىنداڭنىڭ ئىككى ئەسكىرى 30 تۆگە 15 ئادەمنى يۈك تاقلىرى بىلەن ھەيدەپ كېتىۋېتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا مەن 50 چە ئادەم بىلەن ئالدىدا ئىدىم. سوپاخۇنلار ئارقىمىزدا خېلى يىراقتا كېلىۋاتاتتى. مەن ھېلىقى ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇلارنى (گومىنداڭ ئەسكىرىنى) تۇتۇپ، ئۇلاردىن «تىل» ئالماقچى بولدۇم. ئۈچ پارتىزاننى پەسكە چۈشۈرگەنىدىم. ئۇلار يوشۇرۇن بېرىپ كۆزەتسە، ھېلىقى كارۋان بىر قارىغايلىق ئارىسىدىكى بوشلۇقتا توختاپ دەم ئېلىشىپتۇ. ئىككى ئەسكەرنىڭ بىرسى مىلتىقىنى قارىغاينىڭ پۇتىقىغا ئېسىپ قويۇپ، ھەدەپ پوپايكا توقۇشقا كىرىشىپتۇ. يەنە بىر ئەسكەر نېرىدا بىر نېمىلەرنى قىلىۋاتقىدەك. پارتىزانلار شەپە ئالدۇرماي بېرىپ ھېلىقى پوپايكا توقۇۋاتقان ئەسكەرنى گېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. يەنە بىر ئەسكەر تۇيۇپ قېلىپ، ئۆز جېنىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. پارتىزانلار قالغان كارۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ كېلىشكەنىكەن، ئېنىقلاپ كۆرسەك، 15 ئادەم «گۇناھكار» دەپ ھېسابلىنىپ، تۆگىلەرگە ئاش - ئوزۇق ئارتىپ، شۇلارغا ھەيدىتىپ، بايىدىن قوغان قىيىندىكى گومىنداڭچىلارغا يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقانلار ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى



پۇقرالاردىن قىيىن قوغاندا گومىنداڭنىڭ بىر ئاتلىق لىيەنىنى بارلىقىنى بىلدۇق، پەرىزىمىزچە، ھېلىقى قاچقان ئەسكەرنىڭ ئۆز قىسمىغا قاچان يېتىپ بېرىپ خەۋەر بېرىدىغانلىقىنى بەلگىلەشتۇق. چۈنكى ئۇ پىيادە قاچقانىدى. بىز بولساق ئاتلىق ئىدۇق. شۇڭا ئۇ ئەسكەردىن بۇرۇن يېتىپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دەرھال ئاتلاندۇق.

قىيىن قورغانغا كىرىدىغان ئېغىزدا گومىنداڭنىڭ بىر پوتىيى بار ئىكەن، بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئېغىز ئىدى. بۇ پوتەيىنى يوقاتمىغىچە ھېچقانداق جايدىن ئىلگىرىلەپ ماڭغىلى بولمايتتى. شۇڭا مەن ئۆزۈم (سوپاخۇن) بىر بەن ئادەم ئېلىپ باردىم. ئۇ پوتەيىنى ساقلاپ تۇرغان يارمەمەت ياقۇپ ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئەسكەر ئىكەن. پارتىزانلار ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن كىرىپ بۇ ئەسكەرنى قولغا چۈشۈردى. بىر پاي ئوقمۇ چىقىرىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خەتەرلىك ئېغىزدىن نېرى تەرەپتىكى گومىنداڭچىلارغا شەپە ئالدۇرماي ئۆتۈپ كەتتۇق. ئۇ يەردىن خېلى ئىلگىرىلىگەندە گومىنداڭنىڭ ئىككى تەرەپتىكى ئىككى پوتەيىگە دۇچ كەلدۇق. بۇ كوندۈزى ئىدى. ئۇلار بىرنى بىلىپ قېلىپ، بىزگە قارشى ئوق چىقاردى. پۈتۈن كۈن بويى مۇشۇ ئىككى پوتەيدىكىلەر بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدۇق. قاراڭغۇ چۈشكەندە بولسا، ئىككى پوتەيدىكىلەر ئۆزئارا بىر - بىرىنى بىز دەپ چۈشىنىپ، تاڭ ئاتقىچە ئۇرۇشتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تاغ تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ، دەم ئېلىۋالدۇق، ھەر ئىككى پوتەي تازا چىقىمغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قالدۇرۇپ، يانداپ ئۆتۈپ، ئىختىيارى ھالدا قىيىن مەھەللىسىگە كىرىپ باردۇق. يولدا گومىنداڭنىڭ

ئۈچ نەپەر ئالاقىچى (بايدىن چىقىۋاتقان) ئەسكىرىنى تۇتۇ-
ۋالدۇق. ئۇلارنىڭ ئىككىسى خەنزۇ، بىرسى يىرۋوتكا ئىدى.
ئۇلار قېيى قوغىنغا ئالاقە ئېلىپ كېلىۋاتقانىكەن.
ئۇلارنى سوراق قىلىش ئارقىلىق باي شەھىرى ئىچىدە گو-
مىنداڭنىڭ ئىككى پىيادە ئۇيغۇر ئەسكەرلەر لىيەنى، ئىككى
ئاتلىق خەنزۇ ئەسكەر لىيەنى، يەنە ئارىلاش مىللەتتىن تەركىب
تاپقان ئىككى لىيەن بارلىقىنى بىلىۋالدۇق. بايدىكى ھۆكۈ-
مەت - گومىنداڭ ئارمىيەسى دائىرىلىرى ئاخشام قېيىدا
يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپمىغانلىقى مەلۇم بولدى.
بىز قېيى مەھەللىسىگە كىرىپ بارغاندا، يەرلىك ئاھالىلەر
بىزگە گومىنداڭچىلارنىڭ كۆپ قىسمى شەھەر تەرەپكە قېچىپ
كەتتى. قالغانلىرى قومۇشلۇققا كىرىپ مۆكۈندى» دەپ قومۇشلۇقنى
كۆرسەتتى. بىز قومۇشلۇققا يېقىنلاپ بارساق تۆت گومىنداڭ
ئەسكىرىنىڭ قومۇشلۇققا قېچىپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى
ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. ئۇلار قومۇشلۇقنى پانا قىلىپ
بىزگە قاراپ ئوق ئاتتى. بىزنىڭ بىر ئېتىمىز ئۆلدى. بىز
قومۇشلۇققا ھۇجۇم قىلدۇق. ئۇ يەردىن 10 گومىنداڭچى چى-
قىپ، شەھەر تەرەپكە قاچتى. مەن (تېزەك تۆرە) ئۇلارنىڭ
ئارقىسىدىن ئادەملىرىم بىلەن قوغلاپ يۈردۈم. مېنىڭ ئار-
قامدا كېلىۋاتقان ئادەملىرىمدىن بىرسى قېچىپ كېتىۋاتقان-
لاردىن بىرسىنى ئاتقانىكەن، ئۇنىڭ قورسىقىغا
تېگىپ، ئۈچەي - باغرى ئات ئۈستىدە چۇۋۇلۇپ
كېتىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە قېچىپ كېتىۋاتىدۇ. 200
مېتردەك يەرگە بېرىپ «شالاق» قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى،
شۇ ئارىدا مېنىڭ ئېتىممۇ پۇتلىشىپ يىقىلدى. مەن
دومىلاپ كەتتىم. ئۆزۈمنى ئوڭشاپ ئورنۇمدىن تۇرسام ئال-



دىمدا ئاق بوز ئاتلىق بىر گومىنداڭ ئەسكىرى ماڭا مىل-
تىقىنى تەڭلەپ تۇرۇپتۇ. مىلتىقىنىڭ كورژوكىنى ئۈچ قېتىم
باسقانىدى. مىلتىقى ئېتىلمىدى. ئاخىرى ئۆزى قورقۇپ
كېتىپ، ئارقىسىغا قايرىلىپ قاچتى. مەنمۇ ئارقىسىدىن
ئاتلىق قوغلاپ بېرىپ، يېتىشىپ ئېتىلگەندىن تۇتۇۋالدىم.
ناگىنىمنىڭ پايىنىكى بىلەن بېشىغا ئۇرغانىدىم، بېشى
قاناپ كەتتى. تۇتۇۋالدۇق، ئارقىدىكى سەبداشلارمۇ يېتىپ
كەلدى. تۇتقۇنلارنى ھەيدەپ سوپاخۇن قېشىغا ئېلىپ
بارساق، ئۇلارمۇ بىزدىن ئەنسىرەپ تۇرغانىكەن. يەرلىك
ئاھالىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ يىغىلغانىدى. ئۇلار بىز تۇ-
تۇپ ئېلىپ بارغانلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بەردى.

بىز شۇ ھامان توختىماستىن، كېچىلەپ مېڭىپ بايغا
كىردۇق. بايغا كىرىدىغان يەردە گومىنداڭنىڭ بىر پوتەيى
بار ئىكەن. تاڭ سەھەر ۋاقتى ئىدى. پوست ئالمىشىش
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇ پوتەيدىكى ئەسكەرنى يوقاتتۇق-
تە، سوپاخۇن شۇ ھامان بىر بۆلۈك ئادەملەرنى باشلاپ نا-
ھىيىلىك ساقچىغا ئاتلىق باستۇرۇپ كىردى. ئۇ يەرگە نا-
ھىيىلىك شەنجاڭ، فۇ شەنجاڭلىرى قاتارلىق ئەمەلدارلىرى
يىغىلىشىۋالغانىكەن. ئۇلارنى تىرىك تۇتتۇق. ئاخۇنوپمۇ
شۇ ۋاقىتتا بايدا تەرجىمانىكەن. شۇ قېتىمدا قولغا چۈشكەن.
باي ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق، يېقىندا ئېيتىلغان گومىنداڭ
ھەربىيلىرى قېيىدىن قېچىپ كەلگەنلەردىن خەۋەر تۇتۇش
بىلەنلا، شەھەرنى ساقلاشقا بىر يەن ئەسكەر قالدۇرۇپ،
قالغىنى ھەممىسى ئاقسۇ تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. شەھەر-
نى ساقلاشقا قالدۇرغان بىر يەن گومىنداڭچىلار ساڭغا كى-
رىۋېلىپ بىزگە خېلىلا قارشىلىق كۆرسىتىپ باقتى. سوپا-

خۇن ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ئاخىرى ھەممىسىنى يوقاتتى. شۇ جەريانىدا بىزدىن تېكەسلىك، ئابدۇراخمان ئىسىملىك بىر قازاق مەرگىنىمىز قۇربان بولدى.

بىز ئەرتىسىدىن باشلاپ بايدا بىر ھەپتە دەم ئالدۇق. ئاخۇن باي دېگەن قىرغىزنى باي ناھىيىسىگە شەنجاڭ، ياسىن دېگەن ئۇيغۇر كىشىنى ساقچى جۈيجاڭ قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇلارنى قوغداشقا بىر پەي ئەسكەر بەردۇق. ئۆزلىرىمىز قوشۇنىمىزنى رەتكە سېلىپ، پىدائىيلار قوبۇل قىلىپ، كۈچىمىزنى ئۇلغايتتۇق.

بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر ئاخشىمى ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق. تاڭ ئاتقىچە توختىماي يۈرۈپ، تاڭ سەھەردە ياقا ئېرىققا يەتتۇق. ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلار پىلانى توغرىلىق مۇزاكىرە قىلدۇق. يەنى بىۋاسىتە ئاقسۇغا بېرىش كېرەكمۇ ياكى مۇز داۋاندىكى قوغاندا تۇرۇشلۇق گومىنداڭچىلارنى ئۇجۇقتۇرۇش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرە بولدى. چۈنكى، شۇ ۋاقىتتا كۈچاردا گومىنداڭنىڭ بىر ئاتلىق تۇەنى بار ئىدى. مۇزداۋان قوغاندىكى گومىنداڭچىلار تېخى يوقىتىلمىغان. مۇنداق ئەھۋالدا ئاقسۇغا كىرىپ قويساق، كېيىن كۈچار ۋە قوغان تەرەپتىكى گومىنداڭچىلار بىزگە ئارقا تەرەپتىن تەھدىت سېلىپ، چېكىنىش يولىمىزنى توساپ قويياتتى. مۇنازىرىنىڭ ئاخىرىدا مۇزداۋان قوغانغا تېگىش قارار قىلىندى. ئۇ يەرگە بىز كەچ پېشىندە يېتىپ بېرىپ (قوغان ئاغزىدىكى قىزىل بۇلاققا) ئۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئۆي - ئۆيلىرىگە كىرىپ ئورۇنلاشتۇق. قوغاننىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشساق، ئۇ يەردە گومىنداڭچىلار خېلى كۆپ



ئىكەن. بىز ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، ئاقسۇ تەرەپتىن قوغانغا ئۆتىدىغان يولنى كۆزىتىپ ئولتۇرساق، ئاقسۇ تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ ئىككى ئاتلىق ئەسكىرى چىقىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئالاقىچىلار بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدۇقتە، شۇ ھامان بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇلارنى تۇتۇشقا كەتتى. بىرسىنى تىرىك تۇتۇپ ئەكېلىپتۇ، يەنە بىرسى ئاقسۇ تەرەپكە قېچىپ كىرىپ كېتىپتۇ. تۇتۇلغان ئەسكەرنىڭ ئىسمى قادىر ئىدى. (بۇ ھازىرمۇ خوتەن كىرىيە ناھىيىسىدە ھايات بار ئىكەن) بۇنىڭدا ئاقسۇ گومىنداڭ سىلىڭبۇسىدىن قوغاندىكى گومىنداڭچىلارغا چىقارغان خەت بار ئىكەن. خەت خەنزۇچە بولۇپ، بۇ خەتنى مەرھۇم ئاببىاسوپ ئوقۇدى. خەتتە «ھازىر ئوغرىلار باينى ئېلىۋالدى. بىز بۇ يەردە ئېھتىيات بىلەن تۇرۇۋاتىمىز، سىلەرمۇ ھوشيار بولۇڭلار، ئارقىدىن ياردەم چىقىرىمىز» دېيىلگەن. بۇ ئەسكەرنىڭ دېيىشىچە: «مەندىكى بۇ خەت ئادەتتىكى خەت، ھېلىقى قېچىپ كەتكەن ئەسكەردە ئەڭ مۇھىم ئالاقە بار ئىدى» دېدى. بىز ئۇ قاچقان ئەسكەر بۇلۇڭ جام① غا يېتىپ بارىدۇ. ئەتە ئاقسۇغا يېتىپ بېرىپ، سىلىڭبۇسىغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقسۇدىكى گومىنداڭچىلار ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، كۈچ چىقىرىپ بولغىچە، دەرھال قوغانغا ھۇجۇم قىلىپ، قوغاندىكى گومىنداڭچىلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاقسۇدىكى چىقىدىغان گومىنداڭچىلارنىڭ چىقىش يولىنى توسۇش كېرەك. دېگەن قارارغا كەلدۇقتە، شۇ ھامان تولۇق ھەرىكەتكە كېلىپ، مۇزداۋان قوغاندىكى گومىنداڭچىلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىۋەتتۇق. ئۇلار بى-

① جام — ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر كوڭشېسى.

لەن بىر كىچە قاتتىق جەڭ بولدى. بىز ئۇلارنى قوغاندىن ھېچبىرگە مىدىرلىيالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن قوغاننى تاشلاپ، تۈيدۈرماستىن بوزدوك① گە كەلدۇق. ئۇ يەردە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئوبدان ئوزۇقلىنىپ ئېلىپ، توختىماستىن دەرھال تۇز ئاۋات② دىگەن يەرگە بېرىپ، تۇمشۇق دىگەن جايدا ئاقسۇ تەرەپتىن چىققىدىغان گومىنداڭچىلارنىڭ يولىنى توساپ ياتتۇق.

بىز يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، قوغاندىن بوزدۆڭگە كەلگەندە، ئۇ يەردىكى يەرلىك قىرغىزلارنىڭ «ماكتىباي» ئىسىملىك بىر شاگىيوسى بار ئىكەن. ئەسلىدە بۇ گومىنداڭ سىلىڭبۇسىنىڭ ئىشپيونى ۋە يېقىن قول چومىقى ئىكەن. بىز دەسلەپ بۇ ئەھۋالنى بىلمەي، ئۇنىڭدىن بىر ئاز ئاش-ئوزۇق سېتىپ، تەييارلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلساق، ئۇ كۆرۈنۈشتە بىزگە ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، مېھمان قىلىپ، ئاخىرى ئۆزى دەرھال تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ، ئادەملىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، گۆش - ماي، ئاش - ئوزۇق تېپىپ بەرمەكچى بولۇپ چىقىپ كېتىپ، ئەمەلىيەتتە بىزنى ئالداپ، كۈتۈپ تۇرۇشقا مۇئەممەل قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ئاقسۇ گومىنداڭ سىلىڭبۇسىغا بىز توغرىلىق خەۋەر قىلغىلى كېتىپتۇ. بىز بۇ ئىشنى كېيىن بىلىپ قالدۇق. ئۇنى قوغلىماقچى بولۇپ، ئاخىرى قوغلىمىدۇق. چۈنكى، ئۇنىڭسىزمۇ ھېلىقى قاچقان ئەسكەر بىز توغرىلىق ئاللىقاچان

① بوز دۆڭ — ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ قىرغىزلار ئورۇنلاشقان كۆكشىسى.

② تۇز ئاۋات — ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ تۇز كانى.



خەۋەر يەتكۈزەتتى. ماكتىباينىڭ شۇ قېتىمقى كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن گومىنداڭ ئاقسۇ سىلىڭبۇسى ئۇنىڭغا شۇنىڭدىن كېيىن بىر مۇنچە قورال بېرىپ، ئەسكەر ئېلىپ، قوغاندىكى گومىنداڭچىلار بىلەن بىرلىشىپ، جەنۇب بىلەن شىمال چېگرىسىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي بىلەن تاكى 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دۈشمەنلەشتى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ قولغا ئېلىنىپ، خەلق جازاسىغا ئۇچرىدى.

ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك: — بىز تۇمشۇقتا مۆكۈنۈپ ياتقاندا، دەل يېرىم كېچە بولغاندا، دىگەندەك ئاقسۇ تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاتلىق قىسىملىرى چىقىپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى. ئەيھات ...! ئۇ يەردە ئۇلار بىلەن تاڭ ئاتقىچە ناھايىتى قاتتىق ئېلىشىشلار بولدى. تاڭ سەھەر بولغاندا گومىنداڭچىلار چىدىشلىق بېرەلمەي، ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ ئاقسۇغا قېچىپ كىرىپ كەتتى. بىز تەرەپتىن بىرمۇ كىشى چىقىم بولغىنى يوق. بىز بولساق يەنە شۇ ھامان ئاتلىنىپ بوز دۆڭگە كېلىپ، تاماقلىنىپ، يەنە توختىماي مۇزداۋان قوغانغا قاراپ يۈرۈش قىلدۇق. قوغاندىكى گومىنداڭچىلار ئالدىنقى كۈندىكى ئۇرۇشتىن كېيىن بىزنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىمىزنى بىلەلمەي، ھاڭ - تاڭ قېلىپ، ياكى ئۇ يەردىن باشقا تەرەپكە يۆتكىلەلمەي ئالاقزادىلىكتە تۇرغانىكەن. يولداش سوپاخۇن قاسىم ئىسكادرۇننى گومىنداڭنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى قېچىش يولىغا، مېنى (تېزەك تۆرە) سول تەرەپتىكى قېچىش يولىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۆزى بولسا بىر بۆلۈك ئادەملىرىنى ئېلىپ، تاغ تۆپىسىگە چىقتى. تاغ تۆپىسىدىن مۇزداۋان قوغان سىپىل-

نىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر مىدىرىغان جان ئىنىق كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. جەڭ باشلىنىپ كەتتى. سوپاخۇن سىپىل ئىچىدى-
كى ھەر بىر مىدىرلىغان ئادەمنى بىر - بىرلەپ تېرىپ
(ئېتىپ) تۇراتتى. چۈنكى سوپاخۇن ناھايىتى ئۇستا ئاتقۇچ
ئىدى. ئىككى ئەسكەر ئۇ ئاتىدىغان قوراللارغا ئوق سېلىپ
ئاران ئۈلگۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەردىكى گومىنداڭ-
چىلار كازارمىلىرىدىن باش چىقىرالماي قالدى. بىلىشى-
مىزچە، ئۇ يەردە 400 دەك گومىنداڭچى بار ئىكەن. ئاخى-
رى سوپاخۇن مىناميوت بىلەن سىپىلنى بومبىلاپ، قوغانى
پارتلىتىپ، باستۇرۇپ كىرىشكە ھەرىكەت قىلدى. مانا مۇ-
شۇ ۋاقىتتا قوغان ئىچىدىكى گومىنداڭچىلار سىپىلدىن بۆ-
سۈپ چىقىپ قاچتى. ئۇلار بىز مۆكۈنۈپ تۇرغان تەرەپكە
قاراپ ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ كېلىۋاتىدۇ.
لېكىن يېقىنلاپ كەلگەندە بىزنى بىلىپ قالدى - دە، يۈرۈش
يولىنى ئۆزگەرتىپ قۇملۇق تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئۇلار
قۇملۇقتا پېتىراپ، راۋان يۈرەلمەيتتى. ئۇلار قاپتالغا چىق-
قاندا بىز ئورۇنلىرىمىزدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ھۇجۇم قىلدۇق.
شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى 400 دەك گومىنداڭچىلارنىڭ ھەممى-
سىنى قولغا چۈشۈردۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە 70 — 80 دەك مىل-
لىي ئەسكەرلەر بار ئىكەن. ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەپ ئۇلار-
نى ئۆزىمىزگە قارىتىپ ئالدۇق. (ئۆزىمىزگە قوشۇۋالدۇق)
قالغان ئەسكەرلەرنى پارتىزانلارغا قارىتىپ قويدۇق.

لېكىن شۇنىمۇ دېيىش كېرەككى، مۇزداۋان قوغانىنى
ئېلىش بىزگە ئانچە ئوڭايغا چۈشمىدى. گومىنداڭچىلار
سىپىلگە بىزگە قارىتىپ بىر پوتەي قۇرۇۋالغانىكەن.
ئۇنىڭدا بىر ستانكۋاي پىلىميوت شىددەت بىلەن بىزگە ئوق



ئۈزۈپ تۇراتتى. بىز پەقەت ئىلگىرىلىيەلمەيتتۇق. بۇ ئىن-
تايىن مۇھىم پوتەي ئىدى. كېيىن بىلىشىمىزچە، ئۇ پوتەي-
دىكى پىلىميوتچى بىر قازاق ئىكەن. ئۇنىڭ پىلىميوت ئې-
تىش تېخنىكىسى شۇنچە يۇقىرى ئىدىكى، ھەر قېتىم پىلى-
ميوتنى ئىشقا سالغاندا، بىر مېتىر ئارىلىقنى پەرقلەندۈرۈپ،
خۇددى سىزىق سىزغاندەك تەكشى ئاتاتتى. ئەگەر شۇ ئارى-
دا بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئوچۇقلۇقتا بولىدىغان بولسا بىر-
سىمۇ ساق قالمىغان بولاتتى. لېكىن بىزنىڭ ئادەملىرىمىز
ئاللىقاچان ئايرىلىپ، مۆكۈنۈپ بولغانىدى، مەن (سوپا-
خۇن) بولسام تاغ تۆپىسىدە مۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ
پىلىميوت ئېتىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلاتتىم، كۆزىتەتتىم،
ھەيران قالاتتىم. ئاخىرى چىداپ تۇرۇشقا بولمىدى، مەندە
ئوت ئوق بار ئىدى. شۇ ئوقلارنى سېلىپ، پوتەينىڭ كىچىككىنە
ئاغزىغا قارىتىپ بىر نەچچە قېتىم ئاتتىم. كار قىلمىدى.
يەنە بىر نەچچىنى ئاتتىم، بىر ۋاقىتتا پىلىميوت ئېتىشتىن
توختىدى. ئاندىن بىز قوغان سىپىلگە باستۇرۇپ كىرىشكە
مۇيەسسەر بولالىدۇق. سىپىلگە باستۇرۇپ كىرگەندە، ھېلى-
قى پوتەيدىكى قازاقنى ئۆزۈم كىرىپ، گەجگىسىدىن سۆ-
رەپ چىقتىم. قارىغۇدەك بولسام، مەن ئاتقان ئوت ئوقلار
پىلىميوتنىڭ توسالغۇ ئومۇرىنى بىر قانچە يەردىن تېشىپ
ئۆتكەن. لېكىن ئۇنىڭغا تەگمىگەن. ئاخىرى بىر ئوق تو-
سالغۇ تۆمۈردىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تېگىپ، ئېڭىكىنى
تېشىپ چىقىپتۇ. ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئېتىشتىن توختىغانى-
كەن. بىز ئۇنى تىرىك تۇتقاندا ئۇ «مېنى ئۆلتۈرمى-
سەڭلار!!» دەپ شۇنچە يالۋۇرغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭغا رى-
ئايە قىلمىدۇق. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئېتىۋەتتۇق، چۈنكى،

ئۇ بىزگە ناھايىتى جىق ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئىسمىنى قانچە ئەسلىسەممۇ ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن. لېكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى شۇ قېتىمقى جەڭدە بولغانلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. بۇ گەپ ھەتتا باش قوماندانلىقىچە بېرىپ يەتكەن.

ئەسلىدە بىز شۇ كۈنى ناھايىتى چاققان ھەرىكەت قىلغان ئىكەنمىز، ئەگەر يەنە يېرىم سائەت كېچىككەن بولساق ئىشىمىز چاتاق بولار ئىكەن. چۈنكى، شۇ ئارىلىقتا كۇچار تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ بىر ئاتلىق تۈەنى ياردەمگە كېلىپ قالدى. ئۇلار بىلەنمۇ قوغاندا قاتتىق ئېلىشتۇق. ئاخىرى ئۇلار چىداشلىق بېرەلمەي باي تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن بىز قوغاندا بىر ھەپتە دەم ئېلىپ، ئات، ئادەم، ئاش - ئوزۇق، قورال - ياراقلىرىمىزنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ، قوشۇنىمىزنى رەتكە سېلىپ، ئۆزىمىزنى تۈزەشتۇردۇق. بۇ ۋاقىتتا بىزدە مەيلى ئادەم، قورال - جابدۇق، ئاش - ئوزۇق جەھەتتە خېلىلا يېتىلىپ قالغانىدۇق. ئالاھىدە قۇۋۋەتلەنگەنىدۇق. بۇ ئارىلىقتا ئارقىمىزدىن XX باشچىلىقىدىكى بىر بەن، ۋە ئىككى موڭغۇل لىيەن ياردەمگە كېلىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە بىز ئاقسۇغا چۈشۈشكە تەييارلىنىۋاتاتتۇق. ئۇلارمۇ بىز بىلەن چۈشمەكچى بولدى XX راتسىيە ئالغاچ كەلگەنىكەن. ئەمدى بىزنى بىۋاسىتە باش قوماندانلىق شتاب بىلەن ئالاقە باغلىيالايتتۇق. ئەھۋالدىن باش قوماندانلىققا دوكلات قىلىۋەتتۇق. XX باشچىلىقىدىكى ياردەمگە كەلگەنلەرنىڭ بىز بىلەن ئاقسۇغا چۈشۈشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ بىلدۇق، شۇڭا ئۇلارغا مەسلىھەت بەرگىنىمىزدە، ئۇلار ما-



قول بولۇپ قايتىپ كەتتى. تېزەك تۆرەنى مۇزداۋان قوغىنى ساقلاشقا باش زىخۇي قىلىپ قالدۇرۇپ، مەن (سوپاخۇن) ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ يۈردۈم. ئاقسۇنىڭ كونا شەھىرىگە ھېچ توسالغۇسىزلا كىرىپ باردۇق. مېنىڭ قىچقىرتىشىم بىلەن 9 - ئاي ئاخىرى تېزەك تۆرە 60 ئادىمىنى ئېلىپ، ئاقسۇغا يېتىپ باردى. تېزەك تۆرە كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى ئاقسۇدىكى گومىنداڭچىلار بىزگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى. لېكىن بىزمۇ مۇنداق بولۇشىنى بىلىپ، ئالدىنئالا يار تۆپىسىگە چىقىپ بولغانىدۇق. مۆكۈنۈپ ياتساق، يار ئۈستىدىكى تۈزلەڭلىكتىن (بىزنىڭ ئالدى تەرىپىمىزدىن) 300 دەك ئۇزۇن چاپان كىيگەن، مىللىي ئادەملەر مىلتىقلىرىنىڭ پاينىكىنى تەتۈر تۇتۇپ، بىز تەرەپكە قانداقتۇ تەسلىم بولغاندەك ھالەتتە كېلىۋاتىدۇ. ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەرمۇ بىز بىلەن بىللە ئىدى. XX ئۇلارنى كۆرۈپ بىزگە: «ئۇلار پۇقرالار ئىكەن، ئاتماڭلار، بىزگە قوشۇلماقچى ئوخشايدۇ» دەپ بىزنى توسىدى. لېكىن مەن (سوپاخۇن) بۇنىڭ گومىنداڭنىڭ ئالدامچىلىقى، ھىيلە، مىكىردىسى، ئۇلار پۇقرا بولماستىن بەلكى پۇقراچە ياساندۇرۇلغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى دەپ قارايتتىم، بۇ پىكرىمنى XX قا ئېيتسام ئۇ كىشى كۆنمىدى. دېگەنىدەك، ھېلىقى ئۇزۇن چاپانلىقلار ھەممىسى گومىنداڭنىڭ مىللىي ئەسكەرلىرى ئىكەن. خا لىيەنجاڭ (ئۇيغۇر) دېگەن بىر قانخور ئۇلارنى باشلاپ كەلگەنىكەن. ئۇلار ئالدىمىزدىكى زاراتلىق قەبرىلىرىگە يېتىش بىلەنلا، قەبرىلەرنى پانا قىلىپ، مىلتىقلىرىنىڭ ئاغزىنى ئۆرۈپ، بىزگە قارىتىپ، شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. دېمەك، بىز مۇشۇ

يەردە ئالدىنىپ قالدۇق. ئاردىدا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش
بولدى. ئۇلارنىڭ ئاز چىقىشىغا ئۇچراتتىمدۇق، لېكىن بىز-
دىن ئابلەت داۋۇت دېگەن ئىسكادىرون ۋە بىر موڭغۇل
جەڭچى شۇ مەيداندا قۇربان بولدى. بىز بۇ يەردە بىر كې-
چە - كۈندۈز جەڭ قىلدۇق. لېكىن گومىنداڭ ئەسكىرى
ئارقا - ئارقىدىن ياردەمگە كېلىۋېرىپ، بىزدىن نەچچە
ھەسسە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالدى. بىزنىڭ چېكىنىشىمىزگە
توغرا كەلدى. ئەتىسى بىز كونا شەھەرنىڭ يۇقىرى تەرىپى
بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇ يېڭى شەھىرىگە بېرىپ، سې-
پىلنى قورشىۋالدۇق. گومىنداڭچىلار بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ سې-
پىلى ئىچىگە بىكىنىۋالغانىدى، بىز قىزىل كۆۋرۈك①
نى ئىگىلىۋالدۇق.
مۇشۇ ۋاقىت 10 - ئاي ئاخىرى ئىدى، سوپاخۇن مېنى
(تېزەك تۆرە) ئۇچتۇرپانغا بېرىشنى بۇيرۇدى. مەقسەت،
ئۇچتۇرپاننىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ، ئۇ يەرگە تەھدىت سې-
لىش ئىدى، مەن ئاقيارغا② بېرىپ، دەريانىڭ بۇ قېتىدا
تۇرۇپلا دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يار ئۈستىدە كۆرۈنۈپ
تۇرغان گومىنداڭ ئاقيار بازارلىق ساقچى پەيچۇسوسىغا قا-
رىتىپ بىر نەچچە پاي ئوق ئاتتىم. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ
يەرنىڭ سوجاڭى مەھەممەت ئىسمىلىك ئەبلەخ، مىلتىق ئا-
ۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا، قورقۇپ كېتىپ، ئېتىنى يايداق
مىنىپ، بىر نەچچە ئەسكىرىنى باشلاپ، ئۇچتۇرپان شەھىرى-
گە قېچىپ كىرىپ كېتىپتۇ. قالغان ئەسكەرلىرىمىز تەرەپ -

① قىزىل كۆۋرۈك — ئاقسۇدىن قەشقەرگە ئۆتىدىغان كۆۋرۈك. (جا
كۆۋرۈكمۇ دەيدۇ)
② ئاقيار — ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقسۇغا تۇتاش كۆكچىسى



تەرەپكە پىتىراپ قېچىپ كېتىپتۇ. بىز ئاقيار بازىرىغا
كىرىپ، ئەمدىلا يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن سۆزلىشىپ تۇرات-
تۇق، ئارقىمىزدىن ئالاقىچىمىز يېتىپ بېرىپ قالدى. ئۇنىڭ
ئېلىپ كەلگەن خەۋىرىدە مېنى دەرھال ئاقسۇغا قايتىپ
كەلسۇن» دېيىلگەن.
نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ كېتىش كېرەك-
كى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلىغاندىن كېيىن، جە-
نۇبىي شىنجاڭدىكى بىر مۇنچە ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار،
ياشلار، خەلق ئاممىسى ئۆزلىكىدىن ھەرىكەت قىلىپ، بە-
زى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانىكەن. بىز ئاقسۇ ۋە
ئۇچتۇرپان تەرەپكە بېرىپ قايتقاندىن كېيىن گومىنداڭچى-
لار «ئۇغرىلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار گومىنداڭغا قارشى
ھەرىكەت قىلغان ...» دېگەن باھانىلەر بىلەن بىر مۇنچە
كىشىلەرنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇچتۇر-
پاندا، مەرھۇم ئابباسوپنىڭ ئىنىسى ئارتۇق، سىيىت قاتار-
لىق ئالتە، يەتتە زىيالىي، ئاقياردىن بىر نەچچە يەرلىك
ئاھالە، ئاقسۇدا ل. مۇتەللىپ، X X قاتارلىق بىر نەچچە
ئىنقىلابچىلار بار.
ئەسلى سۆزىمىزگە كەلسەك: مەن ئاقسۇغا يېتىپ كەل-
گەندە، بىزنىڭ كىشىلىرىمىز يەنىلا ئاقسۇ سېپىلىنى قورشاپ
تۇرۇپتۇ. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بىر ئەھۋال بار. بىز-
دە قىدىرغىچ دېگەن بىر باتۇر قىرغىز يىگىتى بار ئىدى.
ئۇ سېپىل تېشىدا، سېپىل ئۈستىدە بولسا زومىڭ ۋە ئۇ-
نىڭ ئايالى زورلار ئاشكارە يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ، ناھاي-
تى قاتتىق سۆزلەر بىلەن تىللاشتى.
مەن ئاقسۇغا بارغاندا مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرى

«ئەمدى بىتىم بولىدىغان بولدى. شۇڭا بىز سىنى قىچارتتـ
ۋالدۇق. يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىز غۇلجىغا قايتىدىـ
غان بولدۇق، ئەمدى سەن بوز دۆڭگە بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ
ئەھۋالىنى بىلىپ كەل!» دەپ بۇيرۇدى. ئەمەلىيەتتە ئۇرـ
ۇشمۇ توختىغاندەك بولۇپ قالغان، ھەر ئىككى تەرەپتە
ھەرىكەت خېلـى جىمىپ قالغانىدى. مەن بوز دۆڭنى
چارلاپ قايتتىم، ئۇ يەر تىنچ ئىكەن. مەن شەھەرگە قايـ
تىپ كەلگەندە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قايتىشقا تەييارلىنىۋاتـ
قانىكەن. شۇ ۋاقىتتا بـىزنىڭ نىيىتىمىز شۇنچە ئاق ئىـ
كەنكى: بىتىمغا سادىقلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىز بارلىق
ھۇجۇم خاراكتېرلىك ھەرىكەتلىرىمىزنى توختىتىپ، ھەتتا
قولىمىزدىكى ئاپتوماتلارنى (بىزدە گېرمانىيىكى ۋە سوۋېتىـ
كى ئاپتوماتلار كۆپ ئىدى) دېھقانلارنىڭ بەش ئېشىكىگە
كىرا قىلىپ، ھەتتا ئۇنى ھېچبىر نىقابلىماستىن، خۇددى
ئوتۇن ئورنىدا ئېشەككە يۈكلەپ مۇزداۋان قوغانىغا ماڭـ
دۇرۇۋەتكەنىدۇق. چۈنكـى ئۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت تەـ
رەپ بىلەن گومىنداڭ تەرەپ تەنپەن جوزىسىغا ئولتۇرغانـ
ىكەن. شۇڭا بىز يۇقىرىنىڭ «بىتىم بىر تەرەپ بولغىچە
سورىكىلىشنى توختىتىپ، قايتىڭلار!» دېگەن يوليورۇقىغا ئەـ
مەل قىلىپ، قوغانـغا قاراپ يۈرگەنىدۇق. لېكىن ئاقسۇـ
دىكى گومىنداڭچىلار بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزنى ئەكسىچە «بىزـ
نىڭ ئاجىزلىقىمىز، قورققانلىقىمىز» دەپ چۈشەنگەن، ياكى
ئېغىزدا «بىتىم» قىلىمىز دەپ قويۇپ، ئاستىرتىن ھىلە ـ
مىكرى، نەيرەڭ ئىشلىتىشتەك رەزىل بەت بەشىرىسىنى
ئاشكارىلاپ قويىدى. مەسىلەن: ــ بىز ئاقسۇدىن قايتىپ
كېلىۋېتىپ، ئىشلەنچى① دېگەن جايغا كەلگەندە، ئاقسۇدىـ

① ئىشلەنچى ــ ئاقسۇ كونىشەھەر بىر يېزىسى



كى گومىنداڭچىلار بىزنى ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەلدى. بۇ
ئەھۋالنى كۆرۈپ، بىزنىڭ ئاچچىقىمىز كېلىپ قالدىدە، نەـ
تىجىدە بىز ئارقىغا يېنىپ ئۇلارنى قوغلاپ، قايتا ئاقسۇغا
كىرگۈزۈۋەتتۇق. ئاندىن يەنە مۇزداۋان قوغانىغا قايتىپ
كەلدۇق.

1945 ـ يىلى 11 ـ ئاي مەزگىلى، بىتىم سۆھبىتى
بولۇۋاتقانىكەن. بـىز ئۇرۇشنـى پۈتۈنلەي توختىتىپ، قوـ
غاندىن غۇلجىغا قايتماقچى بولدۇق. ئۇ يەرگە جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن غۇلـجىغا بېرىش ئۈـ
چۈن ناھايىتى نۇرغۇن سودىگەر، ھۈنەرۋەن كاسىپ خەلقلەر
يىغىلىپ قالـغانىكەن. ئۇلارنى سالامەت ئۆتكۈزۈپ كېتىش
ئۈچۈن ئۇزىمىز بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەنىدۇق، ئۇلار
بىر نەچچە يۈز ئادەم ئىدى. لېكىن ئارپىلىق دېگەن يەرـ
گە كەلگەندە گومىنداڭچىلار بىزنى يەنە قوغلاپ چىقتى.
بۇ خەلقلەرنى توغ بەلچى دېگەن يەرگىچە قوغلاپ كەلدۇق.
سوپاخۇن بولسا گومىنداڭچىلارنى توسۇپ قالغانىدى. ئۇ
كىشى قوغلاپ چىققان گومىنداڭچىلار بىلەن قاتتىق ئېلىشـ
قانىكەن. بـىر ۋاقىتتا سوپاخۇن ئارقىمىزدىن يېتىپ كېـ
لىپ قالدى. ئۆزى ناھايىتى چارچىغان، ئۈنى پۈتۈپ كەتـ
كەن، ئاۋازى چىقماي قاپتۇ. شۇڭا ماڭا (تېزەك تۆرەگە)
«ئەمدى مېنىڭ ئاۋازىم چىقماي قالدى. سەن گومىنداڭنى
مۇشۇ يەردە توسۇپ تۇر، بۇ خەلقلەرنى ۋە قوشۇننى مەن
باشلاپ ئۆتۈپ كېتەي» دەپ بۇيرۇق قىلدى. مەن بۇيرۇق
بويىچە، قول ئاستىمدىكى پارتىزانلارنى يىغىپ، توغ بەلچىـ
دە گومىنداڭچىلارنى بىر كېچە توستىم. سوپاخۇن كېتىپ

ئىككى سائەتتىن كېيىن گومىنداڭچىلار قىستىلداپ بېسىپ كەلدى. سودىگەر خەلقلەرنىڭ ئات - تۆگە، ژۈك - تاقىلىرى تېخى تولۇق ئۆتۈپ بولالمىغانىدى. شۇ ئارىلىقتا خەلقلەرنىڭ 50 تۆگە، ژۈك - ماللىرى گومىنداڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە بىزنىڭ قوشۇنىمىز كۆپىيىپ 1700 ئادەم، ئات ۋە قورال - جابدۇقتا يەتكەن. مەن گومىنداڭنى شۇ جايدا توسۇپ بىر كېچە - كۈندۈز سوقۇشتۇم. شۇ ئارىلىقتا ئىسھاقبېك - ماۋلانبېكتىن بىزگە: «تېز قايتىڭلار!» دېگەن تېلېگرام كېلىپ قالدى. بىز شۇتىنچا بارساق، ئىبراھىموپ دېگەن كىشى ئارقىلىق بىزگە كىيىم - كېچەك ئەۋەتكەنىكەن. ھەممىمىزگە ھاردۇق يەتكەنىدى. كىيىم - كېچەك ئالماشتۇرۇپ دەم ئېلىپ، قوشۇنىمىزنى رەتكە سالدۇق.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ كېتىش كېرەككى: — بىز ئاقسۇدىن چېكىنىپ، قايتقاندىن كېيىن بىز توغرىلىق گومىنداڭچىلار ناھايىتى جىق پىتنە - ئىغۋا تارقاتتى. مەسىلەن: قانداقتۇر «ئۇيغۇرلارنى سۈرۈپ، قوغاندىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق... ھەي، ئۇلار بىزگە بەرداشلىق بېرەلمىدى... يەي،...» دېگەندەك، ئەمەلىيەتتە بۇ گەپلەرگە رەددىيە بەرگۈچىلىكىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى بىزنىڭ ئۇ يەردىن (ئاقسۇدىن) چېكىنىشىمىز ھەرگىزمۇ ئۇلارغا «بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىك» تىن، ئەمەس، بەلكى بىتىمگە ساداقەت بولۇش ئۈچۈن، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قايتقانلىقىمىزنى يۇقىرىقى پاكىتلارنىڭ ئۆزى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ھەتتا بىتىمنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتتىكى كېلىشىمدە ئاقسۇدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مىللىي ئارمىيىسىدىن بىر



يېڭى ئەسكەر تۇرغۇزۇشقىمۇ گومىنداڭ تەرەپ ماقۇل بولغان. لېكىن فېۋرال ۋەقەسىدىن كېيىن مەرھۇم ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجىغا قايتتى، شۇندىن كېيىن، گومىنداڭ تەرەپ ئۆزلىرى ماقۇل بولغان يۇقىرىقى كېلىشىمنىمۇ ئىجرا قىلمىدىغۇ؟

ئۇندىن باشقا گومىنداڭچىلار بىزنى يەنە «ئۇيغۇرلار ئاقسۇغا چۈشكەندە ھەممىسى ئەيشى - ئىشرەت ۋە بۇزۇقچىلىققا بېرىلىپ كەتتى. بۇلاڭچىلىق قىلدى، خەلق مال - مۈلكىنى ھەقسىز ئېلىۋالدى. نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلدى. خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى...» دېگەندەك پىتنە - پاساتلارنىمۇ تارقاتتى. بۇ ھەقتە شۇنى دېيىش كېرەككى، بىز خەلق پەرزەنتلىرى ئىدۇق. گومىنداڭ قولىدىن خەلقىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاڭلىق ھالدا ئۇيۇشقان كۈچ بولغاچقا، بەلكى ئەينى ۋاقىتلاردا شۇ قېرىنداشلىرىمىز تارتقان ئېغىر كۈنلەرنى ئۆزلىرىمىزمۇ بىۋاسىتە بېشىمىزدىن كەچۈرگەچكە، بىزدە گومىنداڭچىلارغا بولغان غەزەپ - نەپرەت شۇنچە كۈچلۈك ئىدى. مىڭ ھەسسىلەپ ئۆچمەنلىكىمىز بار ئىدى. غەيرەت شىجائىتىمىز ئۇرغۇپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، ئىش قىلىپ گومىنداڭ تەرەپتە تۇرۇپ بىزگە قارشى قورال كۆتۈرگەن ئىكەن، ئۇلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن جازالايتتۇق.

ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا يۇقىرىنىڭ قايتىش ھەققىدىكى بۇيرۇقى بولمىغان بولسا، شۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ دائىرىسىدىكى گومىنداڭچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپتتۇق. چۈنكى بىزدە شۇنچىلىك ئىشەنچ ۋە غەيرەت بار ئىدى، كەڭ ئەمگەكچى خەلق بىز تەرەپتە ئىدى. كۈچىمىز ئۆزلۈكسىز ئۇلغىيىۋاتاتتى.

ئەمما، بىز تەشكىللىك قوشۇن ئىدۇق. بىزدە يۈكسەك ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بىلەن بىر ۋاقىتتا پولاتتەك ئىنتىزامىمۇ بار ئىدى. شۇڭا بىز شىمالىي شىنجاڭدىن چۈشكەندە، خەلق ئۆزىمىز بىلەن بىللە ھەربىي سوت بىللە چۈشكەن. خەلق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىناۋىتىگە داغ كەلتۈرىدىغان كىچىككىنە يامان ئىشقىمۇ ھەرگىز يول قويۇلمايتتۇق. قاتتىق جازالايتتۇق. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر كونكرېت مىسال ئالايلى: بىز قوغاندىكى گومىنداڭچىلارنى تەسلىم قىلغاندا، ئەسىر بولۇپ كېيىن ئۆزىمىزگە قوشۇلغان ئابدۇل ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئەسكەر باي تەرەپتىن غۇلجىغا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن يولغا چىققان بىر ئەر - خوتۇن، بىر قىزى ئۈچ كىشى ئىككى ئات بىلەن كېلىۋاتقاندا بۇ ئەسكەر ئۇلارنى يالغۇز يەردە ئۇچرىتىپ قېلىپ، تۇسۇپ، بىر ئات ۋە مال - مۈلكىنى تارتىۋاپتۇ. بىز قوغانغا كەلگەندە بۇ ئەھۋالنى بىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز بىلەن بىرگە يۈرگەن ھەربىي سودىمىز ئابدۇلغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئېتىۋەتتۇق. ئۇنىڭ بەنجاڭىنى جازالاپ ئاددىي جەڭچىلىككە چۈشۈرۈۋەتتۇق. چۈنكى بىز ئۇرۇش ئۈستىدە، يۆتكىلىپ يۈرگەچكە قاماپ قويۇش ئىمكانىيىتىمىز يوق ئىدى.

مەيلى رەھبەرلىك ياكى جەڭچىلەر، پارتىزانلارغا بەلگىلىمىسە بويىچە نورما بېرەتتۇق. ھەر كىمنىڭ خالىغىنى بويىچە ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئىگىلەپ ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. شۇنداق بىر كىچىككىنە مىسال ئالايلى: بىز ئۇرۇش ئۈستىدە، ھەر يەردە يۆتكىلىپ يۈرۈپ، كىيىم - كېچەك، ئاياغ - كىيىملىرىمىز تىتىلىپ كەتكەن، ئۆزىمىز ناھا-



يىتى كىرلەپ كەتكەنىدۇق. جىددىيلىكتە يۈرۈپ، ئاچ - توق قېلىپ، ناھايىتى جۇدەپ كەتكەنىدۇق. كىيىملىرىمىزمۇ يىرتىلىپ ئىدى. ھەتتا پۇتلىرىمىزغا يۆگەيدىغان پايتىمىلىرىمىزمۇ قالمىغان. ئەمما بىزدە ماددىي بۇيۇملار يوق ئەمەس ئىدى. بىز ئاش - ئوزۇق ۋە باشقا نەرسە، كېرەك بولغاندا تېگىشىپ، سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن گەزلىمىلەرنى ئۆزىمىز بىلەن ئېلىپ يۈرگەنىدۇق. ئاش - ئوزۇقنى بىز ئەنە شۇ گەزلىمىلەرگە تېگىشىپ ئېلىپ يەيتتۇق. ئاخچىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بىلەن بىللە يۈرگەن سودىگەرلەر، پۇقرالاردا ماتا - چەكمەن، پاختا ۋە باشقا ماللار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئەنە شۇنداق ئەھۋالدىمۇ قايسىبىر رەھبەرلىك ياكى قايسىبىر جەڭچى شۇلاردىن ئۆز مەيلىچە ئاددىيسى پۇتىغا پايتىما قىلىش ئۈچۈن بىرەر پارچە ماتامۇ ئالمىغان، ئاخىرى بىز شۇتىغا بارغاندا ئالدىن يۇقىرىدىن بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن بۇيۇملار بىلەن نورما بويىچە ھەممە ئۈستى - باشلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ چىقتۇق.

چۈنكى بىز خەلق قوشۇنى بولغاچقا، بىزنىڭ ئىچىمىزدە كۆرۈلگەن قىلچە بىر ئەسكى ئىش — بىزنى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىدىن ئايرىپ قويىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتۇق. شۇنداقلا مەرھۇم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، ئىسكەندەر ئەپەندى... قاتارلىق مۈلكى رەھبەرلەر بىز بىلەن بىللە ئىدى. گومىنداڭچىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك پىتنە - پاساتلىرى پەقەت ئۇلارنىڭ جامائەت پىكرى توپلاش ئۈچۈن چىقارغان ئويدۇرمىلىرى ئىدى. ئۇنداق ئىشلار يۇقىرى رەھبەرلىكتىمۇ، تۆۋەندىمۇ كۆرۈلگەن ئەمەس ۋە ئاڭلىغانىمۇ ئەمەسمىز.

## خاتىمە

مەن بۇ ۋەقەلەرنى ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ بۇ ئىككى پىشقەدەم بىلەن 2 - 3 قېتىملاپ ئۇچرىشىش ئارقىلىق خاتىرىلەپ ئېلىپ ئاندىن بىر - ئىككى ھەپتە قايتا يېزىپ رەتلەپ چىقتىم. بىرىنچى قېتىمدا يالغۇز تېزەك تۆرەنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە ئاساسەن خاتىرىلەپ ئالدىم. ئىككىنچى قېتىم تېزەك تۆرەنىڭ ئۆزىنى سوپاخۇن ئاكا بىلەن كۆرۈشتۈرۈش، ھەمدە ئىككى پىشقەدەمنىڭ بۇ ۋەقەلەر ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى دەقەمتە تۇرغۇزۇپ ئاڭلاش مەقسىتىدە، تېزەك تۆرەنى سوپاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردىم.

ئەينى يىللاردا ئاق قار - كۆك مۇزلارنى قۇچاقلاپ يېتىپ، بىر ئاكوپتا جەڭ قىلىشقان، مىلتىق دورىلىرىنى ئوبدان پۇراشقان، لېكىن ئارىلىقتا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىر - بىرىنى كۆرۈشەلمەي، ھەتتا 10 يىللىق ئاپەتلىك يىللاردا دەل يۇقىرىدىكى ئىشلار تۈپەيلىدىن تۆت كىشىلىك گورۇھنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، ھەتتا ھازىر بىر - بىرىنىڭ قەيەردە، ھايات بار - يوقلۇقىنىمۇ بىلىشمەيدىغان، ئىككى مىللەتتىن تەركىب تاپقان بۇ پىشقەدەم سەبداشلار بىر - بىرىنى كۆرگەندە قاتتىق قول سىقىشىپ، قىزغىن قۇچاقلىشىپ، «كېلىڭ، ئولتۇرايلى!» دېيىشىنىمۇ ئۇنتۇشۇپ، خېلى بىر ۋاقىتقىچە بىر - بىرىگە چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتلىرى بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق قارىشىپ، ئارقا - ئارقىدىن ھال ئەھۋال سورۇشۇپ كەتتى. مېنىڭ ئىشارەم بىلەن ئاندىن سوپاخۇن ئاكا تېزەك تۆرەنى ئورۇنغا تەكلىپ قىلىپ، بۇلار يەنە بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئۇھ تارتىشىپ ئاستا - ئاستا ھال - ئەھۋال



سوراشقىلى تۇردى.

چايغا ئولتۇرغاندا ئاندىن بارا - بارا ئەينى يىللاردىكى كەچۈرمىشلىرىدىن سۆزلەر باشلانغىلى تۇردى. مەن بولسام ۋەقەلىكىنىڭ راستچىللىقى ئۈستىدە ئىزدىنەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ پەيتتە مەن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنىڭ تېخىمۇ قىزىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئالدىنقى كۈنى تېزەك تۆرەنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى بويىچە ئاندىن - مۇندىن خاتىرىلەپ ئالغان يازمىلىرىمنى ھەر ئىككىيلەن بار يەردە قايتا ئوقۇپ بەردىم. سوپاخۇن ئاكا بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، نۇرغۇن تەرەپلەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ، توغرا بولمىغان جايلىرىغا كەلگەندە تۈزىتىشلەرنى بەردى. بولۇپمۇ يەر - جاي، ئادەم ناملىرى، ۋاقىت، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت، شارائىت، تەلەپ، ۋەقەلىك ... قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم تۈزىتىشلەرنى بەردى.

ئەنە شۇ قېتىمدىكى ئېنىقلاشتىن كېيىن مەن بۇ ماتېرىيالنى ئىككىنچى قېتىم رەتلەپ يېزىپ چىقتىم. بەزى جايلىرىدىن ئۆزۈم ئانچە قانائەت ھاسىل قىلمايتتىم. شۇڭا گۇمانلىق بولغان تەرەپلەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن 2 - قېتىم رەتلىگىنىمنى يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا سوپاخۇن ئاكا ۋە تېزەك تۆرەلەرگە قايتا ئوقۇپ بېرىپ، ئېنىقسىز جايلارنى قايتا - قايتا سوراپ ئۇ ھەقتىكى چۈشەنچىم ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن ئاندىن ئۈچىنچى قېتىمدا مۇشۇ نۇسخىنى رەتلەپ چىقتىم.

# قەشقەر ۋىلايەتلىك قازاق - قىرغىز ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇش - ئاقارتىش ئەھۋالى

مۇھەممەت ھەسەن تۆرەقول

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى خىزمەتلەرگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتكەن چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدا «فەندىخۇي» (يەنى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما) قۇرۇلدى ۋە بۇ ئۇيۇشمىنىڭ تورتكىسى ئارقىلىق ئالتە بولۇك سىياسەت يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارقا ئارقىدىن جاي - جايلاردا ئوقۇش - ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى. شۇ قاتاردا قەشقەردىمۇ 1934 - يىلى ۋىلايەتلىك قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانىدى. مەزكۇر ئۇيۇشمىدا قىرغىز يۇقىرى قاتلام ئاقساقاللىرىنىڭ قوللىشى بىلەن قادىر جوۋشىباي رەئىسلىكىدىكى توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىجرائىيە ھەيئەت قۇرۇلۇپ ئىش باشلىدى. ئۇيۇشمىنىڭ نىزامنامىسىدا ئۈچ يىلدا بىر قېتىم سايلام ئېلىپ بېرىش بەلگىلەنگەن. ئەگەر ئىجرائىيە ھەيئەت زۆرۈر تاپقاندا ئۈچ يىل بىلەن چەكلەنمەسلىك كېرەك، دەپ بېكىتىلگەنلىكتىن، ئىجرائىيە ھەيئىتى ئارقىلىق ئۇيۇشمىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك رەئىس، مۇ-



ئاۋىن رەئىسلىرى يەڭگۈشلىنىپ تۇردى. ئىككىنچى قېتىمدا ئاتىشبەگ، ئۈچىنچى قېتىمدا ئاپىشبەگ، تۆتىنچى قېتىمدا ئەسەنگەلدى بىلەن تۇرغان قوجامباي، بەشىنچى قېتىمدا ئابدۇقادىر توختاروپ، مۇھەممەت ھەسەن تۆرەقوللار رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلاندى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن رەئىسلەردىن قادىر، ئاتىشبەگ، ئاپىشبەگ، ئەسەنگەلدى قاتارلىقلار شېڭ شىسەينىڭ كوممۇنىزمغا، ئىنقىلابقا، تەرەققىيپەرۋەرلىككە قارشى چىقىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەكسىيەتچىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنى باستۇرغاندا تۈرمىدە قىيىن - قىستاق، ئازاب دەستىدىن قازا تاپتى.

ۋىلايەتلىك قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇلۇغچات، يېڭىسار، ئاقچى ناھىيىلىرىدە ناھىيىلىك قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، سادىق، ساتىبايلار ئۇلۇغچات ناھىيىلىك ئۇيۇشمىغا، ئىسلام قازى، ھامۇت ھاجى، بارات بەگلەر يېڭىسار ناھىيىلىك ئۇيۇشمىغا رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس بولدى. (ئاقچى ناھىيىلىك قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئېسىمدە يوق). يۇقىرىقى ناھىيىلەردىكى قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىلىرى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 38 - يىلغىچە قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، 1941 - يىلى قاراجۇل دېگەن يەردە رايون دەرىجىلىك قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. جاپپار قول، قوۋان، مۇھەممەت تۇرسۇنلار رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

ۋىلايەتلىك قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، 1942 - يىلغا قەدەر تۆۋەندىكى ئورۇنلاردىكى ئۇيۇشمىمىز

قارمىقىدا باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلدى:

1. توگورمەنتى مەكتىپىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەت تۇرسۇن (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىدە).

2. تەرەك مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئۆمەر، موسىرئالى، ئىبرايىلار.

3. ئۇلۇغچات مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىرى ئاقمەت، جورۇبەگ.

4. قىزىلئۆي مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ساتىباي، ئابدۇللا.

5. ئويتاغ، قارا كەچىن، جۇلۇقباش، كوسراپ، قىزىلتو، بۇلۇڭكۆل، ئاقتو قاتارلىق ئورۇنلاردا قۇرۇلغان مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى سايىتبەگ، مۇھەممەت ھەسەنبەگ قاتارلىقلار ئىدى. 1941 - يىلى قەشقەردە مەركىزىي مەكتەپ قۇرۇلۇپ تۇرغانباي مۇدىرلىكنى، ئابدۇقادىر، مۇھەممەت ھەسەنلەر قوشۇمچە مۇئاۋىن مۇدىرلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

ئۇيۇشمىمىزنىڭ قارمىقىدىكى يۇقىرىقى مەكتەپلەرنىڭ راسخوتىنى ئۇيۇشمىمىز زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، ئۇشرە - زاكاتتىن ئېلىنغان ئاشلىق، چارۋا - مال بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تىرىك چارۋا سودا دوگوۋورى تۈزۈپ سودىگەرچىلىك قىلىپ، بۇنىڭدىن كىرگەن كىرىم بىلەن مەكتەپلەر تەمىنلىنىپ تۇرغانىدى.

قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان ۋاقتى 1936 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە بولغانىدى. شۇ ۋاقىتتا قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا قەشقەر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان لى فامىلىلىك بىر كوممۇنىست يولداش (شۇ ۋاقىتلاردا بىز ئۇ كىشىنى بىلمەيتـ



تۇق) بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا مەرھۇم گېنېرال ئىسھاقبەگ قەشقەردە 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بىرىگادا كوماندىرى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، ئۇيۇشمىمىزغا ھەر جەھەتتىن تولۇق غەمخورلۇق قىلغانلىقتىن، قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىمىزنىڭ ئوقۇش - ئاقارتىش ئىشلىرى خېلى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن ھەم بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى تەربىيىلىگەنىدى.

بىرىنچى تۈركۈمدە تۇرغانباي، قوجامباي، ئابدۇقادىر توختاروپلارنى ئۇيۇشمىمىز سوۋېتكە ئوقۇشقا چىقىرىدىغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە سوۋېتكە چىقىرىپ ئوقۇتتى.

ئىككىنچى تۈركۈمدە ئارىن، مۇھەممەت ھەسەن تۆرەقۇل، ئاۋازقۇل، جورۇبەگ، مۇھەممەتجان، ماتى، ماتەش ھەيدەر قاتارلىق ئوقۇغۇچىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، موڭغۇل، قازاق، قىرغىز مەكتەپلىرىدە ئوقۇتتى.

ئۈچىنچى تۈركۈمدە، قەشقەردە قۇرۇلغان قىرغىز مەركىزىي مەكتىپىگە بىر تۈركۈم ياشلارنى ئەۋەتىپ ئوقۇتتى.

شۇ مەزگىلدە ئوقۇغان يولداشلاردىن تاھىر مەمتىلى، ئارىن ئالىمقان، مۇھەممەت ھەسەن تۆرەقۇل، مۇھەممەت تۇرسۇن، ئاۋازقۇل، ماتى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىلىرىنى قوشماقتا.

ھازىر بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرەپلىك ئەزالىرىدىن بولۇپ قالدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتا ئوقۇغان زىيالىيلارنىڭ يەنە بىر قانچىسى شېڭ شىسەي، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ تۈرمىلىرىدە قەتئىيلىك

بىلەن دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىپ، ئازادلىق ئۈچۈن مەرتلەرچە ئۆزىنىڭ ئېزىز ھاياتىنى قۇربان قىلدى. مەسىلەن: ئەسەنكەلدى ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتچى، تەرەققىيپەرۋەر ئاقساقال ئىدى. 1944 - يىلى گومىنداڭ باندىتلىرى ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە ئۇنى ماراسول، ھەيدەر، ئومەش دېگەنلەر بىلەن بىرلىكتە ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي، فاشىستىك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، جادۇدا تۇغراپ ئۆلتۈردى. بىز ھازىر يۇقىرىقى قېرىنداشلىرىمىزنى چوڭقۇر سېغىنىپ، ئۇلارغا سەممىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.



# گېنېرال ئىسھاقبەگ توغرىسىدا ئەسلىمە

ئابدۇقادىر توختاروۋ

## 1 - ئىسھاقبەگنىڭ يۇرتى

ئىسھاقبەگ 1902 - يىلى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ يېغىن يېزىسىدىكى سىمخانا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئادەتتىكى بىر چارۋىدار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە كونا موللامدا ئوقۇپ ساۋادىنى چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىر مەزگىل موللا ئىسھاق دەپ ئاتىلىپ يۈردى.

قۇرامىغا يېتىپ يۇرت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان چاغدا دادىسى ئىسھاقنىڭ ئۆيىنى بۆلەك قىلىپ قويدى. 14 - 15 ياشلىق ئىسھاقنى خەلق بەگلىككە كۆتۈردى. شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي قائىدە - يوسۇن بويىچە ئىسھاق ئۆز قەبىلىسى ئىمان دېگەن يۇرتنىڭ بېگى بولدى. شۇندىن باشلاپ ئىسھاقبەگ دەپ ئاتىلىپ قالدى.

ئىسھاقبەگ ئوتتۇرا بويلۇق، كەڭ گەۋدىلىك، سالماقلىق ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ خۇشاللىقى بىلەن ئاچچىقلانغانلىقىنى ئاساسەن سېزىپ ئالغىلى بولمايدىغان خاراكتېردىكى كىشى ئىدى. بىر نەرسىگە ئاچچىقلانسىمۇ، خۇشال بول-

سىمۇ كۈلۈپ قوياتتى. يىغىن - سورۇنلاردا ئۇششۇقچە سۆزلەشنى خالىمايتتى. ئەمما ئۆز ئارا ئولتۇرۇشلاردا قىزىق، كۈلكىلىك پاراڭلارنى سېلىپ، ئولتۇرۇشنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىگە يول ئېچىپ، كىشىلەرنى ئەيمىنىپ قېلىشتىن خالىي قىلاتتى.

ئۇ ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك ۋە يولسىزلىق ئىشلارغا، فېئوداللىقنىڭ تەسىر كۈچلىرىگە قارشى ئۆز ۋاقتىدا كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلاتتى.

مەسىلەن: شۇ دەۋردە خەلق ئىچىدە تۈزۈم شەكلىدە ساقلىنىپ كەلگەن ئادىتى بويىچە، يۇرتنىڭ بەگلىرى يۇقىرى سىنىپ ۋە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىدىن ئاشمايتتى. شۇنىداقلا قىرغىزلاردا ساقلىنىۋاتقان قەبىلىۋازلىقنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى بىلەن ھوقۇق تۇتقۇچىلار قەبىلە باشلىقلىرىدىن ئاشماي، بىرىدىن بىرىگە ئالمىشىپ تۇراتتى. ئىسھاقبەگنىڭ بۇ خىل شارائىت ئاستىدا تەڭسىزلىككە قارشى كۆرەش قىلىشى بىلەن تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقپەرۋەر، ئادىل، توغرا ئىش قىلىدىغان كەمبەغەللەردىن — مۇسا، ئالپەيىز، ئىسمائىل، ئالقۇل قاتارلىق كىشىلەر بەگلىككە كۆتۈرۈلدى. مۇسا - ساقال دېگەن يۇرتقا، ئالپەيىز - يويۇلغان سۇ دېگەن يۇرتقا، ئىسمائىل - چات دېگەن يۇرتقا، ئالقۇل — ئەتتىك دېگەن يۇرتقا بەگ بولدى.

خەلقلەردە: «توغرا بەگدە تۇغقان يوق، تۇغقانپەرەست بەگدە ئىمان يوق» دېگەندەك، قىرغىز خەلقى - كەمبەغەللەرنىڭ گېپىنى سۆزلەيدىغان توغرا - ئادىل بەگكە ئەمدى يېتىشتۇق، دېيىشىپ يۈردى.



### 2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەن.

ئىسھاقبەگنىڭ يۇرتى — سار بۇلاق دېگەن جايدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان يىللىق نەزىرە مەرىكىسىگە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن ئاتۇش تىجەندىن نىزامىدىن، ئالىم ئاخۇن شاكىرزۇك، قەشقەردىن مۇچىپتىن تۇردى ئاخۇن، مەمتىلى چولاق، مۇھەممەت چاقىلداق قاتارلىق بىر قانچە ئۇيغۇر يولداشلار بېرىپ قالغان. مەرىكە باشقۇرۇۋاتقان ياساۋۇللارنىڭ ياردەمچىلىرى — ئايرىم ئالىقاپ باشلار يولسىزلىق بىلەن ئۇلارنى «مەيداندىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ھەيدەپ چىقارغان ۋە ئۇلارنى ئۇرۇپ قويغان. ئىسھاقبەگ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، كىشى ئۇرغانلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ، مېھمانلاردىن ئەپۇ سورىغان ھەمدە ئۇلارغا ئايرىم ئۆي ھازىرلىتىپ مەرىكىگە قاتناشتۇرۇپ، ئالاھىدە كۈتۈۋېلىپ، مەرىكە تاماملانغاندىن كېيىن، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن يولغا سېلىپ قويغان. بۇ ئەھۋال خەلق ئارىسىدا خېلى ئۇزۇنغىچە ھېكايە قىلىنىپ ئېيتىلىپ يۈرگەن.

### 3. ئىسھاقبەگ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن

ئىسھاقبەگ بولۇپمۇ قىرغىزلارنىڭ مەدەنىيەت — مائارىپى ئارقىدا تۇرغانلىقىغا ئېچىنىپ، شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت — مائارىپ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىغا قارىتا تاغ رايونلىرىغا مەكتەپ سېلىش توغرىلىق ھۆكۈ-

مەتكە ئارقىمۇ - ئارقا تەلەپ قويغان. لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ بەرگەن خىراجىتى بىلەن مەكتەپ پۈتمىگەنلىكتىن، ئىسھاقبەگ مەكتەپ قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە كۆپلەپ تەشۋىق قىلغان، نەتىجىدە بەزىلەر ئۆي - جاي ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارنى مەكتەپ سېلىشقا ياردەم قىلغان، مەسىلەن: كونا ئۈلۈغچاتتىكى شۇدەۋرنىڭ ئىلغار كىشىلىرىدىن بالباي، قابىل، مۇھەممەت يۇنۇس دېگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر - ئىككى ئېغىزدىن تام ئۆيلىرىنى ئېچىپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن 1934 - يىلى كونا ئۈلۈغچاتنىڭ قورغان دېگەن بازىرىدا بەش سىنىپلىق بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىنىپ، چارۋىچىلارنىڭ بىر نەچچە يۈز ئوغۇل - قىز پەرزەنتلىرى تۇنجى قەدەمدە ئېچىلغان شۇ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولغان. مېنىڭ ئانا مەكتىپىممۇ ئەشۇ مەكتەپ ئىدى.

شۇندىن كېيىن جۇڭگو قىرغىزلىرىدىن چەتكە چىقىپ ئوقۇشقا ئىگە بولۇشىمۇ ئىسھاقبەگنىڭ ياردىمى بىلەن بولغانلىقىنى ئەسلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھازىرقى ئۈلۈغچات ناھىيىسى قەشقەرگە قارايتتى. ئىسھاقبەگ ئۈلۈغچات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىدى. ئون ئەتراپىدا ناھىيىسى بار قەشقەر ۋىلايىتىگە تەقسىم بولغان ئاران 7-8 سان ئىچىدە، بىرلا ئۈلۈغچات ناھىيىسى ئۈچۈن ئىسھاقبەگ ئىككى قاراردا قىرغىزلاردىن تۆت نەپەر ئوقۇغۇچىغا سان ئالغان. بۇنىڭدىن بىرسى ئۆتەلمەي، مۇھەممەت تۇردى ئاسانوۋ، تورغان قوجامبايوۋ، مەن (ئابدۇقادىر توختاروۋ) ئۈچىمىز چەتكە چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا سوۋېتكە چىقىپ ئىككى يىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كېلىش



پۈرسىتىگە ئىگە بولدۇق. مانا شۇنىڭدىن ئىسھاقبەگنىڭ قىرغىز خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

## 4. ئىسھاقبەگنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

30 - يىللاردا ئىسھاقبەگ جۇڭگو قىرغىزلىرى ئىچىدە ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىش يولىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ھەم تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇش بىلەن، خەلقنىڭ قەدىرلىشى ۋە ھىمايىسىگە ئىگە بولۇشقا باشلىدى.

دېمەك ئىسھاقبەگ ئۆز دەۋرىدە ئۈلۈغچات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ئۈلۈغچاتتا قۇرۇلغان 1 - تۈمەننىڭ تۈمەنجاڭى، قەشقەردىكى ئاتلىق قىرغىز پولك (ئاتلىق 35 - تۈمەن) قوماندانى، لۈيجاڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى (گېنېرال لېيتېنانت) قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلگەن.

مەرھۇم ئىسھاقبەگنىڭ ئىنقىلاب يولىغا ئاتلىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى، شۇنداقلا ئىنقىلابنىڭ توغرا نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ رايونىنىڭ باشقا جايلىرىدا زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ۋە خەلق ئىنقىلابىي

ھەرىكەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

1929 – 1930 – يىللاردا كونا ئۇلۇغچات يېغىن گۈڭشېلىرىغا قاراشلىق تاغ رايونلىرىدا بىر مەزگىل مەلۇم ساندىكى باسمىچىلار توپلىشىپ ئۆز مەيلىچە يۈرۈشتى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ قىرغىز رايونلىرىدا تۇرۇشلۇق چېرىكلىرى (ئەسكەرلىرى) باسمىچىلارنىڭ بىزنىڭ زېمىنىمىزدا يۈرۈۋېرىشى ھەم نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمايتتى. بۇ جايلاردىكى باسمىچىلارنىڭ كاتتىباشلىرى جانىۋەك قازى، ئايىت مارەك، ماماسالى قازى، ئۇمۇرزاق شىرمات، قوشماق، تۇرغانباي، جۇماغول، بوغۇۋاي دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئىسھاقبەگنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى يوشۇرۇن ئېتىپ تاشلاشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان ئىدى. بۇ ئەھۋالنى باسمىچىلار ئىچىدىكى جۇماغول دېگەن ئادەم دەرھال ئىسھاقبەگكە يەتكۈزۈپ قويغان، چۈنكى جۇماغول باسمىچىلارنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ، ئۇ بۇرۇنلا ئىسھاقبەگنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى قوللايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسھاقبەگ جۇماغولنى باسمىچىلار ئىچىدە تۇرۇۋېرىشنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. جۇماغول مۇھىم پەيتلەردە ئىسھاقبەگكە خېلى ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. ئىسھاقبەگ جۇماغولدىن ھېلىقى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قەشقەرگە بېرىپ، ئۆز ھەرىكىتىنى بىر مەھەل قەشقەر شەھىرىدە داۋاملاشتۇردى. قەشقەر شەھەر ئىچى ئۆستەڭ بويىدىكى قادىر ھاجى، قاۋۇل ئاخۇن، روزاخۇن دېگەن كىشىلەر ئىسھاقبەگنى ئۆيلىرىدە ساقلاش بىلەن ئۇ-



نىڭ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىغا ياردەملەشتى.

ئىسھاقبەگ قەشقەردىن كەلگەندىن كېيىن، ئۆز ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە قوراللىنىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا تاغلاردىكى باسمىچىلار يەنىلا بار ئىدى. باسمىچىلاردىن ماماسالى قازى، يەرلىكتىن ئوبۇلقاسىم قازى، ئاتاقول دېگەنلەر بىرلىشىپ، ئىسھاقبەگ تۇرغان جايغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭىدۇ. ئەمما باسمىچىلار ئىسھاقبەگنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئىسھاقبەگنىڭ يۇرتى سارىبۇلاققا كېلىپ خەلققە پاراكەندىچىلىك سېلىش بىلەن ئىسھاقبەگنىڭ ئۆي - جاي، مال - چارۋىلىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ. ئىسھاقبەگ قوشۇنلىرىدىن قويچىباي قىياس باشچىلىقىدا تەشكىللەنگەن كۈچ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىرى پەستىكى يول بىلەن باسمىچىلارنىڭ ئالدىدىن توراپ چىقىدۇ. يەنە بىرى تاغ ئارىسىدىكى يول بىلەن كەينىدىن قوغلاپ ماڭىدۇ.

ئۇلار ئوقسالۇر گۈڭشېسىغا قاراشلىق توغوچار دېگەن جايدا باسمىچىلار بىلەن توقۇنۇشىدۇ. ئالدىدىن توسۇپ ماڭغانلار باسمىچىلارنىڭ ئۆتەر يولىدىكى كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئىككى كۈچ باسمىچىلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا تىرە - پىرەن قىلىۋېتىدۇ. بۇ سوقۇشتا قويچىباي ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىپ، تاغقا يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقان باسمىچىلارنىڭ ئۈستىدىن تاشلارنى غۇلىتىپ، باسمىچىلارنى پەسكە قوغلاپ چۈشىدۇ.

ئىسھاقبەگ ئۆزىنىڭ يېقىن تاغىسى ئاتاقولنىڭ خائىنلىق قىلغان جىنايىتىگە قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇنى شۇ

مەيداندىلا ئېتىپ تاشلاشقا بۇيرۇق بېرىپ، دەرھال ئىجرا قىلدۇرىدۇ. ئاتاقول بۇرۇن ئىسھاقبەگ تەرەپتە تۇرغان كىشى ئىدى. كېيىنچە ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ باسمىچىلار تەرەپكە ئۆتىۋالغانلىقى ئۈچۈن، يېقىن تۇغقىنىم دېمەستىن ئۇنىڭغا زەربە بەرگەنلىكى ئىسھاقبەگنىڭ ئىنقىلاب مەنپەئەتىنى قوغداشتا چىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تاغ ئارىلىرىغا يوشۇرۇنىۋالغان باسمىچىلار بارغانسېرى ئاجىزلاپ تارقاق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، «ئىت ئۆلىدىغان چېغىدا قېيىشىدۇ» دېگەندەك، ئۇلار ئۆلۈمگە تەن بەرمەي، بۇلۇڭ — پۇشقاقلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، قوي مارىغان بۆرىدەك تېگىپ - قېچىپ يۈرۈشتى.

قىرغىز رايونلىرىنىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، ئىسھاقبەگ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بولۇۋاتقان خەلق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى كۆزەتتى ھەم ئۇنىڭ ئۇنۇملۇك تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئۆز ھەرىكىتى ئۈچۈن ئۈلگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزى تۇرغان جايدىكى ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، خەلقنىڭ ئويغىنىشى ئۈچۈن تەشۋىقات ئىشلىرىنى كۈچلۈك ئېلىپ باردى. شۇ قاتاردا خەلق ئىچىدە ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغان ئىشەنچلىك كىشىلەرنى تاللاش ۋە تەربىيىلەش ئىشلىرىنىمۇ ئېلىپ باردى. مەسىلەن: قىياسبەگ (ئۇلۇغچات يېغىن يېزىسىدىن)، ھاكىم شېرىپ (ئاقتۇ ناھىيىسىدىن)، سايىتبەگ (ئاتۇش تېجەندىن)، قۇربان مۇھەممەت (قەشقەر بەشكېرەمدىن)، ھەسەن كەلدى، شادەت، ئىسمايىل، ماراسولبەگ، ساتىبەگ، چاپاربەگ، ئىمىن ساتىباي، ئىبراي تۇرغان، مۇھەممەت تۇرسۇن ... قا-



تارلىقلار ئىسھاقبەگ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىشەنچلىك ئىنقىلابچىلار ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىسھاقبەگ بىر قانچىلىغان قوراللىق جەڭچىلەرنىمۇ تەربىيىلىدى. بۇ كىشىلەر ئۆز ۋاقتىدا ئىسھاقبەگكە يېقىندىن ياردەملەشتى ۋە ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. بەزىلىرى ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولدى، ھازىر بارلىرى ھەر قايسى سەپلەردە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاتىدۇ.

1933 - يىللىرى ئۇلۇغچاتلىق (قىزىل ئۆيدىن) قىرغىز ئوسمان ئېلى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، قىرغىز رايونلىرىدىن كەڭ كۆلەمدە ئەسكەر ئېلىشقا باشلىدى. ئايرىم بايلار ئۆزلىرىگە ئەسكەر سېلىقى ئۈچۈن كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆز بالىلىرىنىڭ ئورنىغا ئەسكەرلىككە بەردى. بۇنى كۆرگەن ئىسھاقبەگ ئەسكەرلىككە ئۆزۈم بېرىشىم كېرەك، دەپ ئەسكەرلەر قاتارىدا قەشقەرگە كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوسمان ئېلى قەشقەردە باش قوماندان بولغان، يەنە ساۋۇت دامولla قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نى قۇرۇپ، ئۆزى ھۆكۈمەت باشلىقى، قىرغىزلاردىن چىپاق قازى مۇئاۋىن ھۆكۈمەت باشلىقى بولغان ئىدى.

1934 - يىلى ئۈرۈمچى تەرەپتىن گې دېگەن خۇيزۇ قەشقەرگە كېلىپ، پاجىئەلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغاندا، قەشقەردىكى قىرغىز قوراللىق گۇرۇھلار تاغلارغا قېچىپ چىقىدۇ. ساۋۇت داموللا چىپاق قازىنى ئۆز يۇرتىغا (ھازىرقى يېغىن يېزىسىغا) بېرىپ تۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. چىپاق قازى يۇرتىغا بارغاندا ئىسھاقبەگنى ئۆزىگە كاتىپلىققا چاقىرىدۇ. ئىسھاقبەگنىڭ ئويلاپ يۈرگىنى چىپاق قازىنى يېتىم قالدۇ-

روپ، ئۇنىڭ ئوغلى شاپىدائىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. بۇ ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن ئىسھاقبەگ چىپاق قازىغا كاتىپ بولۇپ بىرىشقا ماقۇل بولىدۇ. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىپاقنىڭ ئوغلى شاپىدائىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا كۆپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ئەمما چىپاق قازى شاپىدائىنىڭ ئىسھاقبەگ بىلەن يېقىنلىشىشىغا زادىلا يول قويمايدۇ، بەلكى ئىسھاقبەگكە قارىتا مۇئامىلىسى بەكمۇ سوغۇق بولۇشقا باشلايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىسھاقبەگ شاپىدائىدىن ئۈمىد ئۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ، ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن چىپاق قازىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرگە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىشەنچ تۇرغۇزىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىسھاقبەگ چىپاق قازىنىڭ ئالدىدىن كاتىپلىقتىن بوشۇنۇپ چىقىپ، ئۆزىگە قاراشلىق ئىشەنچلىك بولغان كىشىلەرگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە يېقىن ئارىدا چىپاق قازىنى قورالسىزلاندۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ. چۈنكى چىپاق قازى بولسا «شەرقىي تۈركىستان» چىلار قاتارىدا ئوتتۇرىغا چىققان كىشى بولۇپ، كېيىنكى مەزگىلدە «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ قۇرغۇچىسى ساۋۇت داموللا تەرىپىدىن ئۇنى مەلۇم قوراللىق كۈچلەر بىلەن تاغقا (چېگرا جايغا) چىقىرىپ قويۇشى ئىسھاقبەگنى گۇمانلاندۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل شۇ ۋاقىتلاردا ئۇلۇغچاتنىڭ تاغ ئارىلىرىدا تارقىلىپ يۈرگەن باسمىچىلارنىڭ قالدۇقلىرى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ چىپاق قازىغا ئوخشاش كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ ھەم بىرلىشىۋېلىپ توپىلاڭ چىقىرىپ، خەلققە پاراكەندىچىلىك سېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ خەۋپىدىن ساقلىنىش زۆرۈرلۈكىنىمۇ ئويلىماي



بولمايتتى. شۇڭا ئىسھاقبەگ ئالدى بىلەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە كاشىلا بولىدىغان ئىچكى جەھەتتىكى تۇسالغۇ كۈچلەرنى بىر تەرەپ قىلماي مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، 1934 - يىلىنىڭ باھار پەسلىدە 30 دەك كىشى بىلەن يېرىم كېچىدە چىپاق قارى تۇرغان جايغا بارغان. ئۇلار ئالدى بىلەن پوستتا تۇرغانلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن چىپاق قازىنىڭ 40 تىن ئوشۇق ئەسكىرىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن قورالسىزلاندۇرۇپ، بىر پايمۇ ئوق چىقارمايلا، ئۇخلاۋاتقان چىپاق قازى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى شاپىدائىنى تىرىك قولغا چۈشۈرىدۇ.

چىپاق قازىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆيىگە قايتىمەن دىگەنلىرىگە رۇخسەت قىلىپ، ئەسكەر بولۇشنى خالىغانلىرىنى ئۆز قوشۇنىغا قوبۇل قىلىدۇ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلايدۇ. مانا بۇ ئىسھاقبەگنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەت باشلىنىشىنىڭ دەسلەپكى قوراللىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1934 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىسھاقبەگ يىغىندىن كونا ئۇلۇغچاتقا كېلىپ رەسمىي قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، تاغ ئارىلىرىدا تارقىلىپ يۈرگەن باسمىچىلار ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ خەلققە پاراكەندىچىلىك سالغان ئوبۇلقاسىم قازى، ئەيسا پالۋان باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم يەرلىك ئەكسىيەتچى گۇرۇھلارنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىپ، كۆپلىگەن قوراللارغا ئىگە بولدى.

شۇ ۋاقىتتا سوۋېتتىن ئۆزبېك يۈسۈپجان سادىقوۋ باشچىلىقىدا قىرغىز - ئۆزبېكلەردىن تەركىپ تاپقان بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىسھاقبەگكە ياردەمگە كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئورۇمچى ئەترىتى» دەپ ئاتاپ، ئىسھاقبەگ قوشۇنلىرى

بىلەن بىرلىشىپ چوڭ بىر ئەترەت بولىدۇ. بۇرۇن سوۋېتتىن قېچىپ ئۆتكەن بەزى كىشىلەرنىڭ سۆز تارقىتىشى بىلەن بۇ ئەترەت بىر مەھەل «تۆتىنچى» لەر دەپ ئاتىلىپ يۈردى. ئىسھاقبەگ خەلق، ئەسكەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ «تۆتىنچى» نىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق چۈشەنچە بېرىپ: يولداشلار «تۆتىنچى» دېگەن سۆز يامان سۆز ئەمەس، ئەمما بۇ چەتتىن ئېقىپ كىرگەن سۆز، بىزنىڭ ئەترەتلىرىمىز تۆتىنچى ئەمەس، سەككىزىنچى، دېمەك — سەككىزىنچى دېگەن سۆز ئېلىمىزنىڭ ئۆز سۆزى» دەپ قىسقىغىنە سۆزلىگەن.

مەن شۇ چاغدا ئۇلۇغچات باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، بۇ سۆزلەرنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

شۇ چاغدا «تۆتىنچى» دېگەن سۆزنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ نېمە مەنا بىلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە غۇلغۇلا كۆپەيگەن ئىدى. بۇنىڭغا قارىتا بەزى خەۋەردار كىشىلەر: «سوۋېت ئۆكتەبىر يىللىرىدا، ئىنقىلابقا قارشى ئەكسىيەتچى كۈچلەر پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇلارغا 2 - 3 ئەترەت دېگەن نامنى بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىش چارىسىنى قوللانغان ئىكەن. ئىسھاقبەگ ئەترەتلىرىنىڭ ۋەزىپىسىمۇ باسمىچىلارنى يوقىتىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆرگەنلەر شۇنىڭغا ئوخشىتىپ، ئۇلارنىمۇ شۇلارنىڭ داۋامىغا كەلتۈرۈپ «تۆتىنچى» دەپ ئاتاشقانلىقى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرگەن.

يۇسۇپجان سادىقوۋ دوست - دۈشمەننى ئايرىماي، قا-



لايمىقان ئادەم ئۆلتۈرۈپ، يامان ئىشلارنى قىلىپ چېكىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن ئىسھاقبەگ بۇنىڭغا يول قويماي، بۇ ئەھۋالنى سوۋېت تەرەپكە مەلۇم قىلغان. كېيىن يۇسۇپجان باشچىلىقىدىكى «تۆتىنچى» ئەترەت سوۋېت تەرەپكە قايتىپ كەتكەن. سوۋېتتىن يەنە مەۋلانوۋ باشچىلىقىدا بىر نەچچە قىرغىزلار كەلدى. مەۋلانوۋ ئىسھاقبەگكە مەسلىھەتچى بولۇپ كەلگەن ئىدى.

ئىسھاقبەگنىڭ ئەترەتلىرى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىغاندىن كېيىن، 1934 - يىلى ئەترەت دېگەن نام قالدۇرۇلۇپ، 1 - تۈمەن دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ قوشۇن مۇكەممەل، تەرتىپلىك بىر قوشۇنغا ئايلاندى.

شۇ ۋاقىتتا ئىسھاقبەگنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە ئەسكەرلەرنىڭ ئېيتىشى ئۈچۈن «ئالغا»، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن «ياش غەيرەت» دېگەن ئىككى خىل مارش ناخشىلىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن.

«ياش غەيرەت»

ھەي...ھەي ياش غەيرەت،
ئوقۇپ ئالغا باسايلى.
ئوقۇپ ئىلىم ئۆگىنىپ،
ھۈنەر كانى ئاچايلى.
بىز ياش غۇنچىلار،
قوللاردا قەلەم.
كېلەچەك ئۈچۈن،
باسىمىز قەدەم.
....................
ھەي، قاراڭغۇ كۆرۈنگەن،

ئۇلۇغچاتنىڭ تاغلىرى.
ئۇچار قۇشتەك يېتىلگەن،
بىز ۋەتەننىڭ بالىلىرى.

«ئالغا» ناخشىسىنىڭ تېكىستى خاتىرەمدە قالغان ھەم كۆرۈپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ ئازراق ئېسىمدە قالغان. ناخشىنىڭ ئەسلى تېكىستى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈلگەن. ئەسلىدە بۇ ناخشا تۆت كۇبلېت ئىدى، ئېسىمدە قالغىنى تۆۋەندىكى ئۈچ كۇبلېت بولدى:

«ئالغا»

ئالغا! ئالغا! بىر، ئىككى، ئۈچ،
بىر، ئىككى، ئۈچ، بىرلىكتە كۈچ.
بىزنى توغرا يولغا باشلىغان،
يولباشچىلار ماركس، ئىلىئىچ (لېنىن).
..............................
بىزنىڭ شوئار: ئالىمىز قورال،
يېڭىپ ياۋنى، ئەلنى قوغدايمىز.
ئېلىمىزنى ياۋدىن ساقلاپ (ۋەتەن، خەلقنىڭ
ئاپىتى بولغان)،
دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىمىز.
ئەلنىڭ باتۇر چەكچىلىرى،
يېڭىشكە ئاتلان! ئالغا! ئالغا،
بىر، ئىككى، ئۈچ، بىرلىكتە كۈچ،
كۆتىرىپ تۇغنى، چامدا نىشانغا.

ئىسھاقبەگنىڭ قوشۇنى 1 - تۈمەن بولۇپ تۈزۈلگەندىن كېيىن، تۈمەننىڭ ۋەزىپىسى يەنىلا ھەرقايسى جايلاردا تارقىلىپ يۈرگەن تۇپىلاڭچىلارنى يوقىتىش بولدى. شۇنىڭ بى-



لەن بىللە ئىسھاقبەگ قوشۇنلارنى باشلاپ قەشقەر ئەتراپىدىكى تاغلار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن قىرغىز - ئۆزبېك باسمىچىلارنى يوقىتىشقا ئاتلاندى. چۈنكى بۇ چاغدا ئوسمان ئېلى قولىدىكى زور كۈچىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، ھەر تەرەپتە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، قوراللاندۇرۇپ، باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇنۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى.

ئىسھاقبەگنىڭ قوشۇنلىرى تىرەك، تۇگۇرمىتى تاغلىرىدا ئوسمان بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، ئوسمان بىلەن باسمىچىلارنىڭ ئېلى بىرمۇ - ئەمەسمۇ، دېگەن گۇمانىنى ئېنىق بىر خۇلاسىلەپ چىقالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بىر قانچە قېتىم ئۇرۇشتى. ئوسمان يېڭىلىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىسھاقبەگكە تەسلىم بولدۇ. قالغانلىرى تىرە - پىرەن بولۇپ، جاي - جايلىرىغا قايتىپ كەتتى.

ئوسمان، جان ساقلاش مەقسىتىدە قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ، قەشقەردىكى مامۇت سىجاڭغا قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. مامۇت سىجاڭ ئۇلارنى تۇتۇپ ئوسمان، توختى بەگ قاتارلىق بەش نەپەر ئادەمنى شېڭ شىسەيگە ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئوسماننىڭ ھاياتى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئاخىرلىشىدۇ.

يۈسۈپجان قۇر بېشى باشچىلىقىدىكى يەنە بىر قىسىم ئۆزبېك باسمىچىلار بىلەن تىشەباي، تويچو قۇربېشى باشچىلىقىدىكى قىرغىز باسمىچىلار ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن سارقول - قىزىل تاغ رايونلىرىغا بېرىپ، خەلققە پاراكەندىچىلىك سېلىپ يۈرگەن ۋاقىتتا، ئىسھاقبەگ قوشۇنلىرىدىن بىر تۈركۈم قوراللىق كۈچلەر ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن بارغان. قىرغىز باسمىچىلار تاجىكىستاننىڭ مۇرغاپ

دېگەن يېرىگە بېرىپ سوۋېت ئارمىيىسىگە قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۆزبېك باسمىچىلار قايتىدىن قەشقەرگە كېلىپ، ماموت سىجاڭ، لىيۇسىلىڭ دېگەنلەرنىڭ قولىغا چۈشكەن.

ئىسھاقبەگ يەنە قالدۇق باسمىچىلار ۋە يەرلىك توپىلاڭچىلارنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاش ھەرىكىتىنى داۋالاشتۇرۇپ، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قاقشال (ھازىرقى ئاقچى) تاغلىرىغا يوشۇرۇنۇپ ئالغان ئاخۇنباي لۈيجاڭ (قىرغىز)، ئوغلى يۈسۈپ تۈەنجاڭ، قىدىرمىش، تۇرسۇننىياز قاتارلىقلارنى پۈتۈنلەي بېسىقتۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئىسھاقبەگ قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە كەڭ تارالغان باسمىچىلار ۋە ھەر تۈرلۈك، ھەر خىل ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ھەممىسىنى تارمار قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر پۈتۈنلەي بېسىقتۇرۇلۇپ شىنجاڭ تىنچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسھاقبەگنىڭ 1 ـ تۈەنى شېڭ ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن بىر خەۋپلىك كۈچ بولۇپ قالدى. شۇڭا شېڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ 1 ـ تۈەننى تارقىتىۋەتتى. 1 ـ تۈەننىڭ بىر قىسىم قوراللىرىنى قەشقەر يېڭىشەھەر سىلىڭبۇسى تاپشۇرۇپ ئالدى. بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئۆز قورالى بىلەن مەۋلانوۋ باشچىلىقىدا قەشقەردە يېڭى قۇرۇلغان قوراللىق ساقچى ئورگىنى بولۇپ تەشكىل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسھاقبەگ ئۆلۈغچات ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى. 1937 ـ يىلى قەشقەردىكى ماموت سىجاڭ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇنىياز سىجاڭ بولدى. ئابدۇنىياز خوتەندىكى ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى ھۇجۇم قوزغىدى. شېڭ شىسەي سوۋېتتىن ياردەم سورىغاندا، سوۋېت ھۆكۈمە-



تى يەنىلا ئىسھاقبەگنىڭ قوراللىنىشىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسھاقبەگ ئۆلۈغچاتقا قاراشلىق جايلاردىن كەڭ كۆلەمدە ئەسكەر ئېلىپ، ماخۇسەن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قوزغاش بىلەن بىللە، بىر ئاي ئىچىدىلا ئۇلارنى پۈتۈنلەي تارمار قىلىپ يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ بىرلىككە كېلىپ، شېڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا شىنجاڭ رايونىنىڭ تىنچلىقى بىر قەدەر مۇستەھكەم بولدى.

شېڭ شىسەي ئىسھاقبەگ قوشۇنلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تەقدىرلەپ، ئىسھاقبەگكە «لۈيجاڭ» دېگەن ھەربىي نامنى بەردى ۋە قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن چېگرالىرىنى ئىسھاقبەگكە تاپشۇردى.

ئىسھاقبەگنىڭ قول ئاستىدا ئۈچ تۈەن بولۇپ، مەۋلانوۋ باشچىلىقىدىكى بىر تۈەن خوتەندە تۇرۇپ، شىنجاڭ چېگرىسىنى ساقلىدى. بىر تۈەن قەشقەر كونا شەھەردە ئىسھاقبەگنىڭ قېشىدا تۇردى، يەنە بىر تۈەن ئاقسۇدىن تاشقورغانغىچە بولغان چېگراغا مەسئۇل بولدى.

قەشقەردە تۇرغان تۈەن «35 ـ قىرغىز ئاتلىق پولكى» دەپ ئاتىلىپ (كېيىنچە 35 ـ تۈەن دەپ ئۆزگەرتىلىپ)، بۇنىڭغا ئىسھاقبەگ قوشۇمچە مەسئۇل بولدى.

مەرھۇم گېنېرال ئىسھاقبەگ قوراللىق دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە زور غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ تىنچلىقى، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشى جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر ياراتقاندىن باشقا، قىرغىز خەلقلىرى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى.

1933 ـ يىلدىن باشلاپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆز كوممۇنىستلىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەي

ھۆكۈمىتى ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇردى.

1937 - يىلى «7 - ئىيۇن» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدىكى ئورنى كۈندىن كۈنگە مۇھىم بولۇپ قالدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن نەرسىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلاتتى. پارتىيىمىز شىنجاڭغا قاراتقان خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى يولداش دېڭ فانى ئەۋەتىپ، ئۈرۈمچىدە «8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى» نى قۇردى. شۇندىن باشلاپ شىنجاڭغا كەلگەن كوممۇنىستلار كۈنسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى.

1938 - 1939 - يىللىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئەزاسى چېن تيەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتتى. يولداش چېن تيەنچيۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولۇپ، يولداش دېڭ فانىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىيىتىگە ئاساسەن شېڭ شىسەيگە ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تۈزدۈرۈپ، شەرتسىز ئىجرا قىلىشنى بېكىتتى. كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلار ئاساسىي قاتلام مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتى. قىرغىز رايونلىرىدا بولسا مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كوممۇنىستلار بىلەن يەرلىك ئىلغار كىشىلەر بىرلىكتە خىزمەت



ئىشلىدى. ئۇلار خەلقنىڭ غېمىنى ئويلاپ، ئادالەتلىك بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. قىرغىزلار چېگرا جايلاردا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەرلەردە كۆپ ھاللاردا توپىلاڭ بولۇپ تۇرۇش تۈپەيلىدىن خەلق تۇرمۇشى ئېغىر دەرىجىدىكى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ھەمدە مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتتە بەكمۇ ئارقىدا قالغان ئىدى. شۇڭا ئىسھاقبەگ بۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى قويدى:

(1) كەمبەغەللەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىش؛

(2) قىرغىز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مەلۇم ساندىكى قىرغىز مەكتەپلىرىنى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تولۇق تەمىنلەش؛ ئوقۇغۇچىلارنى ياتاقلاشتۇرۇش، قەشقەرگە بىر قىرغىز باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇپ بېرىش بىلەن بىللە يۇقىرى مەكتەپلەرگە قىرغىزلاردىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش؛

(3) يەرسىز كەمبەغەل چارۋىچىلارغا يەر ۋە باشقا ياردەملەرنى بېرىپ، دېھقانچىلىق قىلىشقا تەشكىللەش؛

(4) كونا ئۇلۇغچاتتىكى يېرىم ناھىيىنى قىزىل ئۆيگە كۆچۈرۈپ كېلىپ، پۈتۈن ناھىيىگە ئايلاندۇرۇش بىلەن خەلققە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ۋە باشقىلار...

شېڭ ھۆكۈمىتى ئىسھاقبەگنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ، ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن بىر نەچچە مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى. ئىسھاقبەگ بۇ ئىشنى قەشقەر قىرغىز ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلىشىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئۈستىدىن نازارەت ۋە رەھبەرلىك قىلىپ تۇردى. قىر-

غىز ئۇيۇشمىسى بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ ۋە پىلانلارنى تۈزۈپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن 4000 تۇياقتىن ئارتۇق قوي، 200 تۇياقتىن ئارتۇق ئۆي كالا ۋە باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرى سېتىۋېلىپ، ھەر بىر كەمبەغەل ئائىلىگە 20 - 30 تۇياقتىن چارۋىنى ھەقسىز تارقىتىپ بەردى. ئۇندىن باشقا يەنە بىنەم يەر ئېچىپ، ھەر قايسى جايلاردىكى كەمبەغەللەردىن 100 دىن ئارتۇق ئائىلىنى شۇ يېڭى ئېچىلغان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر ئائىلىگە بىر جۈپتىن قوش كالىسى، ساپان ۋە 20 تۇياقتىن قوي تەقسىم قىلىپ بەردى. كونا ئۇلۇغچاتقا 300 ئوقۇغۇچىسى بار بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، قىزىل ئۆيگە 500 ئوقۇغۇچىسى بار بىر مەكتەپ سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ياتاقلاشتۇرۇش بىلەن ئىككى مەكتەپتىكى 800 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممە راسخوتلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەمىنلەندى. قەشقەرگە بەش سىنىپلىق 300 ئوقۇغۇچىسى بار بىر باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ، راسخوتنىڭ كۆپ قىسمى ھۆكۈمەتتىن، ئاز بىر قىسمى قىرغىز ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تەمىنلەندى. ئاقتو، قاراجول رايونلىرىدا ھۆكۈمەت ۋە قىرغىز ئۇيۇشمىسى ھېسابىدا بىر قانچىلىغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش شەرتى بويىچە يۇقىرى مەكتەپلەرگە كۆپ ساندا قىرغىز ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن قىرغىز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەشكە باشلىدى.

ئىسھاقبەگ شۇ ۋاقىتلاردا شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت بىلەن دوست بولغانلىقىغا ۋە سوۋېتنىڭ شىڭ ھۆكۈمىتىگە تۇتقان



پوزىتسىيىسىگە قاراپ، شىڭ شىسەيگە قارىتا باشقىچە كۆز قاراشتا بولمىغان ئىدى. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ ئىسھاقبەگكە قارىتا ئەندىشىسى كۈچىيىپ، ئىسھاقبەگنى يوقىتىش نىيىتىنى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرغان ئىدى. نەتىجىدە بارلىق قۇۋلۇق - شۇملۇق ۋە ئالدامچىلىق سىياسەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئالدى بىلەن كۈچنى پارچىلاپ تاشلاش چارىسىنى قوللاندى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىسھاقبەگكە قاراشلىق خوتەندىكى بىر تۈمەن بىلەن ئاقسۇ، قەشقەر چېگرالىرىنى ساقلاۋاتقان تۈمەننىڭ بىرسىنى خوتەن سىلىكىبۇسىنىڭ قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ، «6 - بېيەنچا دۈي (چېگرا چارلاش ئەترىتى)»، يەنە بىرىنى قەشقەر سىلىكىبۇ قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ، «7 - بېيەنچا دۈي» دەپ ئورۇنلاشتۇردى. ئىسھاقبەگنىڭ قېشىدا پەقەت بىرلا تۈمەن قالدى.

ئارقىدىنلا شىڭ شىسەي ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك كوماندىرلىرىنى يېڭى ئورۇنلاشتۇرغان تۈمەنلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەردى. تۈرلۈك باھانىلار بىلەن كونا كوماندىرلارنى بوشاتتى. شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، 1940 - يىلى ئىسھاقبەگنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ تاماققا ئېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىلاجىسىز قالغانلىقتىن بىر مەزگىل ئۈرۈمچىدە تۇختىتىپ تۇرۇپ، كېيىن ئىلى قازاق - قىرغىز ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ ئىلىغا ئەۋەتتى. شۇ يىلى قەشقەردىكى 35 - تۈمەن تارقىتىۋېتىلدى.

شۇ چاغدا ئىسھاقبەگ شىڭ شىسەينىڭ قارا نىيىتىنى سېزىپ، ئۇنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە، سوۋېتكە قارشى مەي-

دانغا ئۆتۈپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسھاقبەگنىڭ شىنجاڭدا (ئىلىدا) تۇرۇۋېرىشى خەۋپلىك ئەھۋال بولۇپ قالدى.

ئىسھاقبەگ قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق ئاخىرى بۇ جايدا تۇرۇۋەرگەندىن كۆرە سوۋېتكە ئۆتۈپ، سوۋېتنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ خەلقىمىزنى دۈشمەن چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ پايدىلىق شارائىت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ 1943 - يىلى ياز ئايلىرىدا ئەھمەت دېگەن كاتىپى بىلەن بالىسىنى ئېلىپ، بىر ھەپتىگە يېقىن جاپالىق يول يۈرۈش ئارقىلىق بىخەتەر ھالدا سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن.



# ئوسمان ئېلى توغرىسىدا ئەسلىمە

مەھەممەد تۇرسۇن

1931 - يىلى قۇمۇلدىن باشلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار گورۇھىنى قاتتىق چۆچۈتتى. 1933 - يىلىنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، تاكى كورلىغىچە قانات يايدى. تۆمۈر ئېلى (دەسلەپتە تۆمۈر تۈەنجاڭ دەپ ئاتىلاتتى) كورلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈزلىنىپ قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئۆلكە ئارمىيىنىڭ دىۋىزىيە باشلىقى جىن شۇجىر (جىشورېننىڭ 4 - ئىنىسى) قورقۇپ كېتىپ دورا يەپ ئۆلۈۋالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قەشقەر دوتەيى ماشاۋۇ (مادوتەي دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قوشۇمچە دىۋىزىيە باشلىقى بولدى. بۇ ۋاقىتتا تۆمۈر ئېلى كۇچا، باي، ئاقسۇنى ئېلىپ، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مادوتەي ئۆزىنىڭ خەنزۇ، خۇيزۇ ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان مىڭغا يېقىن ئادىمىنى تەشكىللەپ، ياڭ چىڭمىن ئىسىملىك بىر خۇيزۇنى تۈەنجاڭ قىلىپ، تۆمۈر ئېلىنى توساش ئۈچۈن مارالبېشىغا ئەۋەتتى. نەتىجىدە ئۇلار تۇمشۇق دېگەن جايدا 47 كۈن قاتتىق ئېلىشىپ. ھۆكۈمەت ئارمىيىسى كۆپ چىقىم تارتتى ھەمدە

تۆمۈر ئېلىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما تۆمۈر ئېلى ئۇلارنىڭ ھىلە - نەيرىڭىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

1933 - يىلى 3 - ئايلاردا مادوتەي ئۈچتۇرپان قاقشال يولىنى توساش ئۈچۈن سوغۇن چازىسى (قاراۋۇللۇق ئورنى) غا ئەسكەر ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئوسمان ئېلى قەشقەر دوتەي يامۇلىدا نەزەربەنتتە ئىدى. مادوتەي خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ ۋە قىرغىزلاردىن تەركىب تاپقان 400 ئەسكەرنى تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا چىڭ توڭلىڭنى يىڭجاڭ (چىڭ ئەسلى قەشقەر كونىشەھەرگە قاراشلىق تويۇن دېگەن جايدىكى چازىدا تۇرىدىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇ شۇ چاغدا چىڭ لويە دەپ ئاتىلاتتى. مۇشۇ قېتىمدا ئۇ تويۇن، تېرەك ۋە قىزىلئۆي قاتارلىق جايلاردىكى قىرغىزلاردىن 200 ئەسكەر ئالغان)، ئوسمان ئېلىنى نەزەربەنتتىن بوشۇتۇپ لىەنجاڭلىققا تەيىنلەپ سوغۇنغا ئەۋەتىدۇ. (سوغۇن ئاتۇشتىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان تار جىلغىنىڭ ئاغزىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى ئەسكەر تۇرۇپ كېلىۋاتقان چازا ئىدى). ئوسمان ئېلىنىڭ قول ئاستىدا ئورازبېك، ئابلابېك، توختىبېك قاتارلىق بىرقانچە داڭلىق سەركەردىلەر بار ئىدى. بۇ چاغدا ئوسمان ئېلى تۆمۈر سىجاڭ بىلەن مادوتەي ئەۋەتكەن ياڭ تۇەنجاڭنىڭ مارالبېشى تومشۇقتا سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ ھەمدە قول ئاستىدىكى ئابلا بەگ، توختى بەگ ۋە ئوراز بەگلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مادوتەيگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۆمۈر سىجاڭ تەرەپكە ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تۆمۈر سىجاڭغا خەت ئەۋەتىدۇ. نەتىجىدە تۆمۈر سىجاڭ بۇلارنىڭ ئىس-



يانىنى ناھايىتى قىزغىن قوللاش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ بىر بايراق ئەۋەتىدۇ. 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېچىسى ئوسمان ئېلى قول ئاستىدىكى ئابلا بەگ، توختى بەگ ۋە ئوراز بەگلەر بىلەن بىرلىكتە ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ، تاڭغا يېقىن چىڭ توڭلىڭ ئەسكەرلىرى ياتقان گازارمىنى قورشىۋېلىپ، ئۇلارنى قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇلار قورشاۋدىن قېچىپ چىقىپ كېتىشكە ئامالسىز قېلىپ، قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ ھەم قوراللىرىنى تامامەن تاپشۇرىدۇ.

3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش شوئارى بىلەن ئاي يۇلتۇزلۇق بايراق كۆتۈرۈپ، پۈتۈن ئەسكەرلىرى بىلەن قەشقەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەيسا، سۇيۇندۇك قاتارلىق تۆت - بەشىمىز ئۇلارغا سويۇپ بېرىش ئۈچۈن قوي ئېلىپ توغرا سۇغا بارساق، ئۇ كۈنى ئەتىگەندە ئوسمان ئېلى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتكەن ئىكەن. شۇڭا بىز ئۇلار بىلەن توغراسۇدا كۆرۈشەلمەي قالدۇق. ئۇ جايدا خېلى كۆپ ئادەملەر بار ئىكەن. ئۇلار ئوسمان ئېلىنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆيلىرىگە قايتىش ئالدىدا قاراجول، جايتۆپە، چىمقورغان، تەڭگىتار قاتارلىق بەش بەگلىكتىن كەلگەن بەگ ۋە ئاقساقاللار ئەسكەرلەرگە كەتكەن قوي ۋە ئوزۇق - تۈلۈكنى ھېساب قىلىپ، ھەرقايسى بەگلىكلەرگە تەقسىم قىلىمىز دەپ توغراسۇدا بىر كېچە قونۇپ قالدى. بىزمۇ شۇلار بىلەن بىللە قونالغۇدا بولدۇق. ئۇلار ئۆز ئارا پاراڭغا چۈشتى. چىمقورغاندىن توختى بەگ دېگەن كىشى كەلپىنگە بېرىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھ-

ۋالىنى ئاغلاپ كەلگەنلىكىنى، قىرغىزلارنىڭ چىڭ لويەنى
ئۆلتۈرۈش قارارىغا كەلگەندىن كېيىن قويۇن ئەيسانىڭ
(قويۇن — ئۇنىڭ لەقىمى) چىڭ لويەنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن-
لىكى، قالغان خەنزۇلاردىن قورال تاپشۇرۇشقا قارشىلىق
قىلغانلاردىن ئۈچ — تۆتىنى ئېتىپ تاشلىغانلىقى توغرىسىدا
سۆزلەپ بەردى. شۇ ۋاقىتتا جايتۆپىدىن سالايبەگ دېگەن
كىشى ئوسمان ئېلى بىر قىمارۋاز ئىكەن، ئۇنىڭ ھەربىي
باشلىقلىققا (تۆگلىكلىققا) سايلىنىشى توغرا بولمىدى، تېرەك-
تىن ئابدۇللا بەگنى ياكى چىمقورغاندىن قۇربانبەگنى ساي-
لىسا ياخشى بولاتتى دېدى. بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ
بۇ ئىش زادى توغرا بولمىدى دېسە، يەنە بەزىلەر ئوسمان
ئېلى ھەربىي باشلىق بولۇپ ئىسلام ئاچىمەن، ئەكسىيەتچى-
لەرگە قارشى كۆرەش قىلىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ-
نىڭ ھەربىي باشلىق بولۇشىغا سالاھىيىتى توشىدۇ، دېيىشتى.
شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىشى ئار-
قىلىق ئوسمان ئېلى رەسمىي ھالدا تۆگلىكلىققا بېكىتىلدى.

ئوسمان ئېلى تۆگلىك بولغاندىن كېيىن چىڭ لويە
(چىڭ دېسىڭ) نى ئۆلتۈرۈپ، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى قوز-
غىلاڭ كۆتۈرۈپ ئىسلام ئېچىش مەقسىتىدە ئاي يۇلتۇزلۇق
بايراقنى كۆتۈرۈپ، سەپ-سەپ بولغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ
زور ھەيۋەت بىلەن ئاستىن ئاتۇشنىڭ شورۇق يېزىسىغا كې-
لىدۇ. بۇ ۋاقىتتا نەچچە مىڭلىغان ئاھالە بۇلارنى داغا-
دۇمباق، كارناي - سۇنايلار بىلەن ئالدىغا چىقىپ قىزغىن
قارشى ئالىدۇ. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، خەلققە:
«بىز ئىسلام ئېچىپ ئەكسىيەتچىلەر ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ،
خەلقنى ئېغىر ئالۋاڭ-ياساقلاردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇق.



بۇ كۆرەشكە قاتنىشىشنى خالىغانلارنى سېپىمىزگە قاتنىشىش-
نى چاقىرىمىز» دەپ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق ئېلىپ بارىدۇ.
يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي زاتلارنى، يۇقىرى قاتلام مۆتىۋ-
ۋەرلىرىنى، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى يىغىپ ھەر خىل
سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، بۇ يولدا ھەممە بىردەك
ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە كۆرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ.
زالىم ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلق ئۈستىدە يۈرگۈزۈ-
ۋاتقان دەھشەتلىك زۇلۇمىدىن غەزەپ - نەپرەتلىرىنى ئىچىگە
سىغدۇرالماي تۇرغان خەلق، ئوسمان ئېلى باشچىلىقىدا
قىرغىز ئەمگەكچىلىرى قوزغىغان ھەرىكەتكە قىزغىن ئاۋاز
قوشىدۇ. ھەممە بىردەك ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ،
نۇرغۇن كىشىلەر ئەسكەرلەر ئۈچۈن مىنىشكە ئات، ئىشلىتىش-
كە پۇل ۋە خىلمۇ - خىل ماددىي نەرسىلەرنى ئىئانە قىلىدۇ.
بولۇپمۇ تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىمار زاتلاردىن سەيپىدىن ئەزىزى،
زەيدىن كارۋان، كىچىك ئاخۇن، ئابدۇللا ئاخۇن، سەلەي
ھاجى، ئىدرىس قاتارلىق كىشىلەر بۇ ھەرىكەتنى قىزغىن
قوللاپ، ئۆزلىرى مال - پۇل چىقىرىپ دەسلەپتە بىر ليەن،
كېيىن بىر تۇەن ئەسكەر توپلاپ ئوسمان ئېلى قوشۇنىغا
قاتناشتۇرىدۇ. بۇ تۇەننىڭ كادىرلىرى ئوسمان ئېلىنىڭ يې-
نىدىكى يېقىن ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىگە ئايلىنىپ، بۇ تۇەن
ئەڭ ئىشەنچلىك تايانچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
ئامما ئىچىدە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ، ھەربىي
كۈچلەرنى كېڭەيتىپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى مۇستەھكەم-
لەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئوسمان ئېلى ئۈستۈن ئاتۇش،
تاقۇت، ئۈچ، مىراۋان قاتارلىق جايلاردا ھەربىي مەشقلەر-
نى كۈچەيتىپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا سى-

ماق ئۈچۈن ئۇلارنى قەشقەر شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىغا بېرىپ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە تېگىپ بېقىش، ھەربىي كۈچلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ئاممىنى قوزغاپ ئادەم كۈچىنى ئۇلغايتىش ... قاتارلىق ئىشلارغا سالاتتى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ ×× كۈنى سەھەردە ئوسمان ئىبلى پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى تۆتكە بۆلۈپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆت دەرۋازىسىدىن بىراقلا ھۇجۇم قىلدۇرۇپ چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا شەھەرنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى. ئەسلىدە ئوسمان ئىبلىنىڭ ئەسكەرلىرىدە قورال - ياراق كەمچىل ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي تەلىم ئېلىشى يېتەرسىز، تەجرىبىسى كەم، توپ - زەمبىرەك قاتارلىق ئېغىر قوراللار بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت تەييارلىق كۆرۈپ مۇداپىئەلىنىشىنى مۇستەھكەم ئىشلىگىنى ئۈچۈن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئۇۋىسى بولغان قەشقەر كونىشەھەرنى يېرىم كۈنگە يەتمىگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىشغال قىلدى.

«قەيەردە ئېزىلىش بولىدىكەن، شۇ يەردە ئېزىلىشكە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلۈك بولىدۇ» دېگەندەك، قەشقەر خەلقى ماتېتەي، ماشياۋۇ قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ جەبىر - زۇلمىنى يەتكۈچە تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇلدىن باشلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئەھۋالىنى ئانچە - مۇنچە ئاڭلاپ، شۇنداق بىر قوزغىلاڭنىڭ بۇ يەردىمۇ كۆتۈرۈلۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان بىر پەيتتە، 1933 - يىلىنىڭ 3 - ئېيىدا ئوسمان ئىبلى باشچىلىقىدىكى قىرغىز ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىسلام ئېچىش شوئارى ئاستىدا زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان ھەرىكىتى پارتلىدى. قىرغىزلارنىڭ توغرا سۇدىن باشلىغان بۇ ھەرىكىتى، باشتىن-



ئاخىر كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. قوزغىلاڭ باشلانغان كۈندىن تارتىپ قوزغىلاڭچىلار قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان كۈنگە قەدەر، ئوسمان ئىبلى قوشۇنىغا قوشۇلغان ئەسكەرلەر سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ باردى. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلاڭنى قوللاش قىزغىنلىقى كۈندىن - كۈنگە ئۆرلىدى. بولۇپمۇ قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىنغان كۈنى قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ھەممە يېزىلىرىدىن ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ كەتمەن، كالتەك، چوماقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىللە شەھەر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇلار ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ سېپىلىدە تۇرۇپ يامغۇردەك ياغدۇرۇۋاتقان ئوقىغا قارىماي كەتمەن، گۈرجەكلىرى بىلەن سېپىلنى قېزىپ يول ياساپ، قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئاتلىق سېپىلغا چىقىشىغا يول ھازىرلاپ بەرگەنلىكتىن ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ، قەشقەر شەھىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوڭۇشلۇق ئىشغال قىلىندى. شۇ كۈنى ئامما تەرەپتىن:

سېپىلگە چىقتۇق ئات بىلەن،
سەۋەبى قازغان ئامما بىلەن
ئوسمان پاشا ئۇلارنى،

يەكتە پاشا قىلۋىغا كەتتى بۇگۈن قان بىلەن، دەپ قوشاق توقۇلغان.

ئەگەر قەشقەردىكى ئېزىلگەن ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلى - كۆكسىدە ساقلانغان

غەزەپ - نەپرەتلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەپ، ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچلەرنىڭ يامغۇردەك ياغدۇرۇۋاتقان ئوقىغا قارىماي بىرىنىڭ ئىزىنى 10 بېسىپ قوراللىق كۈچلەرنىڭ سېپىلگە ئاتلىق چىقىشىغا يول ئېچىپ بەرمىگەن بولسا، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇنداق تېز ئىشغال قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئوسمان ئېلى قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلغانلىق تۆھپىسى بىلەن قەشقەر خەلقى ئالدىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئاممىسى ئۇنى «ئوسمان پاشا» دەپ ئاتىدى.

لېكىن ئوسمان ئېلى يۇقىرى نام، مەنسەپ، ئابرويغا ئىگە بولۇشى بىلەن كۆرەڭلەپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن بولغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ چىرىكلىشىپ، ئويۇن - تاماشا، كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەت بىلەنلا بولۇپ كەتتى. ئۇ 100 گە يېقىن ئۆزىنى قوغدىغۇچى ئەسكەرلەرگە قىزىل ۋە كۆك دۇخاۋىلاردىن كىيىم كىيدۈرۈپ، ھەممىسىگە 11 ئاتار مىلتىق ئاستۇرۇپ، يامۇلغا كىرىپ - چىقىشتا ھەيۋە قىلىپ مىلتىق ئاتتۇرغان، بىكار ۋاقىت تاپسىلا تاغقا چىقىپ ئوغلاق ئويىنايدىغان بولمىغۇر ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭدا ئېزىلگەن خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى، ئىستىقبالى ئۈچۈن داۋاملىق ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت توغرا يېتەكچى ئىدىيە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىش بولمىدى ھەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭدا فېئودال، خوراپاتلىق، شەخسىيەتچىلىك ئىدىيە



كۈچلۈك بولۇپ، ئىلغار تەرەققىيپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۆرمىگەن. مەملىكەت ئىچىدىكى ئېغىر ۋەزىيەتنى، بولۇپمۇ سوۋېت سوتسىيالىستىك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ھەقىقىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەرنىڭ ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى قوزغىلاڭلىرى ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا داۋاملىق ئىزدىنىش، ئىنقىلابنىڭ توغرا يولىدا داۋاملىق مېڭىش، ئۆزىگە توغرا ئىدىيىۋى يۆلەنچۈك تېپىش جەھەتلەردە ئويلىنىپمۇ قويمىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىللە يۈرگەن بەزى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر «بىزگە يۆلەنچۈك بولمىسا، ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارالمايمىز، باشقىلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ كېتىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلىنىشىمىز لازىم، بىز قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن مۇناسىۋەت باغلايلى» دەپ تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ تەكلىپلەرنى رەت قىلدى ۋە ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش تۇتتى. ھەتتا ئۇ «قىرغىز بولسىلا ماڭا ئەسقاتىدۇ» دېگەن ئىدىيە بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قوراللىق قارشى چىقىپ قېچىپ كەلگەن جانىبەك قازى، ئابدۇخالىق، ھادى، قوشمات قاتارلىق قىرغىز باسمىچىلارنى ئۆز تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى قوراللاندۇردى ۋە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئىشلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن باشقا ئىلغار كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز تەسىر - دا-

ئىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئورنىغا ئۇلاردىن نارازى بولۇپ چەتكە قاقتى. مەسىلەن: تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن «قەشقەرنى مەن ئىشغال قىلغان تۇرسام، تۆمۈر سىجاڭ مېنى كۆزگە ئىلمىدى» دەپ نارازى بولۇپ، تاغقا چىقىپ تاماشا قىلدى. تۆمۈر سىجاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئۇلارنى ئۆز يېنىغا تارتماي چەتكە قاقتى. بولۇپمۇ ئۆزىگە قاراشلىق قىرغىز ھەربىي باشلىقلار بىلەن بولغان زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلماي ۋە ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشمەي ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى كۈچلۈك قوزغىدى.

ئوسمان ئېلى قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ لوي، تۇەن، لىيەن، پەيلەرگە ئايرىپ، ئوراز سامسالىنى لۇيجاڭلىققا، ئىساي، ئابدۇللا بەكلەرنى تۇەنجاڭلىققا بەلگىلەپ ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتتى ۋە ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنىمۇ چىڭ تۇتتى. مۇشۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن قىرغىز باسمىچىلارنى ئۆز قاتارىغا كىرگۈزۈپ قوراللاندۇرۇپ، تېگىشلىك ئورۇن ۋە ئابرويغا ئىگە قىلدى. ئوسمان ئېلى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ بىر ئاي ئۆتمەستىنلا تۆمۈر سىجاڭ، مازىخۇيلار قەشقەرگە كېلىپ تۆمۈر سىجاڭ ۋالىي مەھكىمىسىگە، مازىخۇي يېڭىشەھەرگە چۈشتى. شۇ ۋاقىتتا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، تۆمۈر سىجاڭ بىلەن مازىخۇي ئوتتۇرىسىدىمۇ زىددىيەت پەيدا بولدى. تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى سىلىڭ ۋە باش قوماندان



دان دەپ ئاتاپ، ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ باشقۇردى. تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، تۆمۈر سىجاڭ باشچىلىقىدىكى قوراللىق كۈچ، مازىخۇي باشچىلىقىدىكى قوراللىق كۈچ، ئوسمان باشچىلىقىدىكى قوراللىق كۈچ، ئۆزبېك قوراللىق كۈچلىرى قاتارلىق قوراللىق كۈچلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرغان بىر تۇتاش قوماندانلىق بولماي، ھەرقايسىسى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، ئۆز تەسىر دائىرىسىنىلا كېڭەيتىشنى ئويلايدىغان بىر ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوسمان ئېلى تۆمۈر سىجاڭدىن نارازى بولۇپ دەم ئېلىشنى بانا قىلىپ، بىر بۆلۈك ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئۆز يۇرتى قىزىل ئۆيگە تاماشىغا چىقىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا تۆمۈر سىجاڭ مازىخۇينى يېنىغا تارتىپ ئوسمان ئېلىنى يوقاتماقچى بولۇپ، مازىخۇيغا «ئوسمان ئېلى قاچتى، بۇنى قوغلاپ تۇتۇش كېرەك» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. ئۆزى كىچىك ماشىنا بىلەن لەڭگەر دېگەن يەرگە چىقىپ، مازىخۇي ئەسكەرلىرىگە «سىلەر ئوسمان ئېلىنى تۇتماي قاچۇرۇۋېتىپسىلەر» دەپ چالۋاقىغاندا، مازىخۇينىڭ ئەسكەرلىرى «ئۆزەڭ تۇتالماي، بىزنى ئەيىپلەمسەن» دەپ، تۆمۈر سىجاڭنى ئىككى قوۋغۇنى بىلەن بىللە ئېتىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مازىخۇي ئەسكەرلىرى قەشقەر كونىشەھەرنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ، سېپىلنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىۋالىدۇ. تۆمۈر سىجاڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ۋە باشقا قوراللىق كۈچلەر مازىخۇي ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، چېكىندۈرەلمەيدۇ. ئوسمان ئېلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇنى بەزىلەر ئوسمان ئېلى ئۆزى

كەلىدى دېسە، يەنە بەزىلەر قەشقەر خەلقى نامىدىن
چاقىرتىپ كېلىندى دەيدۇ. مەيلى قانداقلا بولسۇن،
ئوسمان ئېلى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مازىخوي ئەسكەر-
لىرى بىلەن بىر نەچچە كۈن قاتتىق سوقۇشۇپ، ئۆز ئىنىسى
ئۆمەر (ئەر دارىن) باشلىق 30 دىن ئارتۇق ئادىمىنى قۇر-
بان قىلىپ، مازىخوي ئەسكەرلىرىنى شەھەردىن قوغلاپ
چىقىرىپ، شەھەرنى قايتا تىنچلاندۇرىدۇ. لېكىن ئوسمان
ئېلى قەشقەرنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى-
نى توغرىسىدا تۆمۈر سىجاڭنىڭ قالغان كىشىلىرى ۋە باشقا
كۆچلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىدى. ھەتتا ئۆز قارىمىقىدى-
كى ئوراز لۈيجاڭ، ئىساي قاتارلىق ھەربىي باشلىقلار
بىلەنمۇ مەسلىھەتلەشمەي، سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەن ھادى
پانسات دېگەننى ئۆز ئورنىغا ۋاقىتلىق قوماندانلىققا بەل-
گىلەپ قويۇپ، ئىنىسىنى ئۆز يېرىگە دەپنە قىلىمەن دەپ
قىزىلئۆيگە چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئىشقا ئوراز سامسالى
نارازى بولۇپ: «مەن لۈيجاڭ تۇرسام، مېنى ئۆز ئورنىغا
قويماي سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەن ئادەمگە پۈتۈن شەھەرنى
تاپشۇرۇپ كەتتى» دەيدۇ. ھادى پانسات ئوسمان ئېلىنىڭ
ئورنىغا ۋاقىتلىق مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، جانىبەك قازىنى
سوۋېتكە تۇتۇپ بېرىشنى ئويلاپ، بەزى سورۇنلاردا: «جانىبەك
قازى ئاتامنى سوۋېتكە قورالغا ساتساق» دېگەن سۆزلەرنى
قىلىپ يۈرىدۇ، دەپ ئۇنى قارىلايدۇ. بۇنى جانىبەك قازى
ئاڭلايدۇ، جانىبەك قازى سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەن باسما-
چىلار ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر ئاي
ئىچىدىلا سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەن قىرغىز باسمىچىلار باش-
لىقلىرىنى ھەم يۈسۈپچان قۇربېشى قاتارلىق ئۆز بېك باس-



مىچىلارنى ئۆزىگە تارتىپ، «ھادى بىزنىڭ ئىچىمىزگە كىر-
گۈزۈلگەن سوۋېت ئىشپىيونى، ئۇ ئوسمان ئېلى بىلەن بىر-
لىشىپ، بىزنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتۇپ بېرىپ قورال ئال-
ماقچى» دەپ ئۇلار بىلەن ھادىنى ئۆلتۈرۈشكە مەسلىھەت
بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئوراز لۈيجاڭ، ئىساي، ئابدۇللا
بەگ، چىپاق قازى قاتارلىق قىرغىز باشلىقلارغا «ئوسمان ئېلى
سىلەرنى دۈشمەن كۆرۈپ، سىلەر تۇرغان يەردە سىلەرگە
مەسلىھەت سالمىدى. سىز ئوراز لۈيجاڭنى ئورنىغا قوماندان
قىلىپ قويماي، سوۋېت ئىشپىيونى ھادىغا قەشقەرنى تاپشۇ-
رۇپ كەتتى» دەپ ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىمۇ
ھادىنى ئۆلتۈرۈشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. ئاندىن
كېيىن ئۇ «ھادى دېمەزغا قارشى يامان ئىشلارنى قىلدى»
دېگەن بەتنامنى چاپلاپ، ئابدۇخالىق دېگەن يەنە بىر باس-
مىچىلار باشلىقى ئارقىلىق ھادىنى ئاستۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، كال-
لىسىنى ھېيتكارغا ئاسىدۇ. ھادى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن
ئوراز، ئىساي قاتارلىقلار ئوسمان ئېلىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ،
ئۇنى سۈرگۈن قىلىشقا مەسلىھەتلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
يۈسۈپچان قۇربېشى قاتارلىق ئۆزبېك قوراللىق كىشىلىرىنى
ئەۋەتىپ، ئوسمان ئېلىنى قورالسىزلاندۇرۇپ قەشقەرگە ئېلىپ
كېلىدۇ ھەم ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى ۋە يېنىدىكى يېقىن
كىشىلىرى بىلەن 1933 - يىلى 11 - ئايدا قاغىلىققا سۈر-
گۈن قىلىدۇ. ئورنىغا ئوراز سامسالى سىجاڭ، ئىساي لۈيجاڭ
بولىدۇ. كېيىن ئوراز سامسالى ساۋۇت داموللىنىڭ «شەرقىي
تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» گە قاتنىشىپ، دۆلەت
مۇداپىئە مىنىستىرى بولىدۇ. ساۋۇت داموللا 1934 - يىلى
1 - ئايدا خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە كەلگەندە قولغا ئېلىن-

ىدۇ. «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقالىيەت جۇمھۇرىيىتى» مۇشۇنىڭدىن باشلاپ ئەمەلدىن قالىدۇ. ئۇراز ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىر ئاز سوقۇشۇپ قىزىل ئۆيگە قېچىپ كېتىدۇ. جانىبەك قازى ئۆز كىشىلىرى بىلەن تاشقورغان ئارقىلىق پاكىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. قەشقەر بولسا لۇسىلىڭ، مامۇت سىجاڭلارنىڭ ئىلكىدە قالىدۇ. ئوسمان ئېلىنىڭ قىرغىز ئەسكەرلىرى ئۆز جايلىرىغا تارقاپ كېتىدۇ.

### ئىسھاقبەگنىڭ ئوسمان ئېلىغا زەربە بېرىشى

ئوسمان ئېلى قاغىلىقتا سۈرگۈن قىلىنىپ، 1934 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە شۇ يەردە تۇرىدۇ. ئۇ شۇ يىلى 4 ـ ئايدا 7 ـ 8 كىشىسى بىلەن پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ قىرغىزلار ئولتۇراقلاشقان رايونىغا يېقىن ئاق دالا دېگەن يېرىدىكى توختىبەك، قۇربانبەك دېگەن قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. ئوسمان ئېلى سۈرگۈندىن بوشانغاندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن ئۆز يۇرتى قىزىلئۆيگە بارماي بۇ جايغا كېلىدۇ؟

جەنۇبىي شىنجاڭ قىرغىزلىرى ئىچىدە چوڭ باغىش دېگەن قەبىلە كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ قەبىلە ئىچىدە ئاسقالى، قانداۋاز دېگەن ئىككى قەبىلە بار. پەيزىۋات ناھىيىسىگە قاراشلىق بەش بەگلىك ئىچىدە قارا جۇل، جايدۆبە، تۈگۈر مىتى، قوراملىق دېگەن جايلاردا ئاسقالى قەبىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان. قەشقەر كونىشەھەرگە تەۋە قىزىلئۆي، كەڭسۇۋەر، تويۇن دېگەن جايلاردا قانداۋاز قەبىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان. ئوسمان ئېلى مانا مۇشۇ قەبىلىدىن ئىدى. ئاسقالى قەبىلىسى ئىچىدە توختىبەك يۇقىرى ئابرويغا ئىگە. ئاكا ـ ئۇكا قۇربانبەگلەر ئۆز ۋاقتىدا بىر نەچچە كىشى بىلەن سوۋغا ـ سالام ئېلىپ ئوسمان ئېلىنىڭ سىجاڭ بولغانلىقىنى مۇبارەكلەپ، «سىزنىڭ سىجاڭ بولغانلىقىڭىز بىز ئۈچۈن باغىش قەبىلىسىنىڭ شەرىپى» دەپ، قەبىلە تۇغقانچىلىقىنى بىلدۈرۈپ سالامغا بارىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوسمان ئېلىمۇ ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ھەم قۇربانبەگلەر بىلەن «بىز بىر تۇغقان قەبىلىلەرمىز، بىز ئۆز ئارا ياردەملىشىپ ياخشىلىق ـ يامانلىق ئىشلاردا بىللە بولىمىز» دەپ قۇرئان تۇتۇشۇپ دوست بولۇشىدۇ ۋە ئۇلارغا ئات مىنگۈزۈپ، تون كىيگۈزۈپ ئۇزىتىدۇ. ئوسمان ئېلى بۇ ۋاقىتتا ئۆز يۇرتى قىزىلئۆيگە بارسا ئۇنىڭ رەقىبى ئۇراز سامسالمۇ شۇ يەردە بولۇپ، ئوسمان ئېلىنىڭ ئۆيىگە مەلۇم قوراللىق پايلاقچىلارنى قويغانىكەن. ئوسمان ئېلى يۇقىرىدىكى «ياخشىلىق، يامانلىقتا بىللە بولىمىز» دېگەن قەسەم بويىچە، قۇربانبەگنىڭ ئۆيىگە بارسام چوڭ باغىش قەبىلىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇراز سامسالدىن ئۆچ ئالالىشىم مۇمكىن، دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، قۇربانبەگ، توختىبەگلەرنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. قۇربانبەگ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ قاراجۇل، جايدۆبە، مەيدان قاتارلىق يەرلەردىكى بەگ، ئاقساقال، قەبىلە باشلىقلىرىنى چاقىرتىپ كېلىدۇ. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن ئوسمان ئېلى مەجلىس ئېچىپ «ئۇراز سامسالى قاتارلىق كىشىلەر ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ، مېنى قاغىلىققا سۈرگۈن قىلدۇردى. خوجىنىياز ھاجى يەكەنگە بارغاندا مېنى چاقىرتىپ كېلىپ كۆرۈشتى. ئۆمەرگە سىز قەشقەرنى پاتىھە قىلغان ئادەم، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى خەلق ئۇنۇتمايدۇ. مەن سىزنى قوللاي-

مەن، سىز قايتىپ بېرىپ ئەسكەرلىرىڭىزنى يىغىپ قەش-
قەرگە بېرىپ ماخمۇت سىجاڭ بىلەن بىللە ئىشلەڭ، سىز-
گە زىيانكەشلىك قىلغانلارنىڭ ئىشىنى ئۆزىڭىز ھەل قى-
لىڭ، دەپ ماڭا ئات، قورال پۇل ياردەم قىلدى ۋە بىر
پارچە خەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قولۇمغا يەنە بىر پارچە بۇي-
رۇقمۇ يېزىپ بەردى. مەن ئۇراز، ئىسايىلاردىن ئۈچۈمىنى
ئالىمەن، ئاندىن قەشقەرگە بېرىپ ماخمۇت سىجاڭنىڭ يې-
نىدا تۇرىمەن. ئاشقالى، قانداۋاز قەبىلىلىرى بىر ئاتىنىڭ
بالىلىرى. مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كەلدىم. قىرغىزلاردا
«يىلتىزى بېرىپ قوشۇلار، شېخى بېرىپ تارىلار» دېگەن
تەمسىلى بار. مەن ئۇزار بىلەن بىرلەشكەندىم، ئاخىرى
ئۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى. سىلەر بىلەن دادام بىر، سى-
لەر ماڭا ياردەم قىلساڭلار» دېگەن سۆزلەرنى قىلىدۇ. مەج-
لىسكە قاتناشقانلار «بىز سىزنى قوللايمىز ۋە بۇيرۇقىڭىز
بويىچە ئىش كۆرىمىز» دەپ ئىپادە بىلدۇرۇشىدۇ. يىغىن
ئاخىرىدا قۇربانبەك، يېزىمىزدىن ئەسكەر بولۇشقا تىزىملانغان
150 تىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىسمىنى ئوقۇپ، مانا مۇشۇ كىشى-
لەر ئۆز ئاتلىرى بىلەن ئۈچ كۈنگىچە تەييار بولسۇن، دەپ ئۇق-
تۇردى. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئەسكەرلىككە تىزىملان-
غانلار جەم بولۇپ ئۇسمان ئېلى، قۇربانبەگلەر زىخۇي، سا-
ۋۇتبەگ، جۇما قاتارلىق ئۈچ كىشى تۇەنجاڭ، دۇبانابەگ
قاتارلىق ئىككى كىشى فۇتۇەنجاڭ دەپ ئېلان قىلىندى.
بۇلار پەي - پەيلەرگە ئايرىلىپ 3، 4 كۈن ھەربىي تەلىم -
تەربىيە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، 200 دىن ئارتۇق ئادەم
بىلەن (مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى «ئو-
راز، ئىسايىلارنى يوقىتىمىز» دەپ ئۇلۇغچات ناھىيە تەرەپ-



كە قاراپ يولغا چىقتى. 3 - كۈنى باي قورت دېگەن
يەرگە بارغاندا، كونا يولدا ئىساي لويجاڭ 20 دەك ئا-
دىمى بىلەن ئوسمان ئېلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەپۇ سوراپ
قورال تاپشۇردى. شۇ ۋاقىتتا ئوسمان ئېلى: «ئىساي!
بىز بىر تۇغقان، بىر قەبىلىنىڭ ئادەملىرى ئىدۇق. سەن
يالغۇز ئۆيلۈك مۇندۇز قەبىلىسىدىن چىققان ئوراز سامسال-
غا ئەگىشىپ سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەن باسمىچىلار بىلەن
بىرلىشىپ مېنى سۈرگۈن قىلدىڭ، سېنى مۇشۇ يەردە ئېتىۋ-
ۋەتسەم بولاتتى. قىرغىزلاردا «ئالدىڭغا تازىم قىلىپ كەل-
سە، داداڭنىڭ خۇنىدىن كەچ» دېگەن ماقال بار. سەن
ئالدىمغا ئەپۇ سوراپ كەپسەن، بۇندىن كېيىن بىرلىشىپ
ئىشلەيلى» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىساي «بىزنى جانىبەك
قازى قاتارلىق باسمىچىلار ئوسمان ئېلى سىلەرگە ئىشەنمەيدۇ،
بىر قەبىلە، بىر تۇغقان بولغان بىلەن سىلەرگە ئىشەنمەي،
سوۋېت ئىشپىيونى بولغان ھادىگە قەشقەرنى تاپشۇرۇپ
كەتتى، دەپ بىزنى ئازدۇردى» دەپ يىغلاپ ئوسمان ئېلىنى
قۇچاقلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئېلى بىلەن ئىساي
ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت يۇيۇلغان بولدى. ئىسايمۇ ئوسمان
ئېلى بىلەن بىرلەشتى. 2 - كۈنى چەلئارت دېگەن داۋاندىن
ئۆتۈپ قىزىلئۆينىڭ ئورۇك دېگەن يېرىگە بارغاندا،
بىزنىڭ كېلىۋاتقىنىمىزنى ئاڭلىغان ئورازسامسالى، ئاسبىك،
مامۇت لېيەنجاڭلار 50 تەك ئەسكىرى بىلەن قاراغانتۇ دېگەن
تاغقا چىقىپ بىز بىلەن سوقۇشاقچى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر
تاپتۇق. ئوسمان ئېلى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەتىسىنى تاڭ
سەھەردىلا ئەسكەرلەرنى ئىستروي قىلىپ، قاراغانتۇ تېغىغا
ھۇجۇم قىلىپ ئوراز قاتارلىقلارنى تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلدى.

ر قوربان زىغۇي ۋە تۈەنجاڭلارنىڭ قۇماندانلىقىدا
ەر تەرەپتىن قورشاپ بېرىپ، ئورازلارغا، ھەمـ
مىز قىرغىز توققانلارمىز، سوقۇشمايلى، قانتۆكۈلمىسۇن،
سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمىز دەپ ۋەكىل
ئەۋەتىپ خىزمەت ئىشلىدى. ئورازمۇ كۈچى يەتمەيدىغانلىـ
قىنى بىلىپ، قوربان زىغۇيدىن ئۆزىنىڭ ھاياتىغا كاپالەتـ
لىك ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن، قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم
بولدى. ئەسلىدە ئوسمان ئېلى ئورازنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى.
لېكىن قۇربان زىخۇي قاتارلىقلار ئۇنى سوراپ قۇتقۇزۇپ قالدى.
ئورازنىڭ ئەسكەرلىرى تارقىتىۋېتىلدى. بىز ئوراز، ئاسىبىك،
مامۇت لىيەنجاڭ قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئېلىپ ئىپقىلىققا بارغىـ
نىمىزدا ئۇلارنىمۇ قويۇپ بەردى. ئوسمان ئېلى ئىپقىلىق
يايلىقىدا بىرئاي يېتىپ دەم ئالدى.

شۇۋاقىتتا ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ كونا ئۇلۇغچات رايونىدا،
ئىسھاقبەگ باشچىلىقىدا سوۋېتنىڭ قوللىشى بىلەن سوۋېتتىن
قېچىپ كەلگەن باسمىچىلارنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاشنى مەقسەت
قىلغان بىر تۈەن قۇرۇلغانىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئىسھاقبەگ ئوسمان
ئېلىغا: «سىز قاشقەرنى ئىشغال قىلغان ھەم خەلققە خىزمەت كۆر-
سەتكەن ئادەم، خەلق ئىچىدە ئىناۋىتىڭىز يۇقىرى، بىز سىزنى ھۆرمەتـ
لەيمىز، بىز ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، بىربىرىمىزگە يار - يۆلەك بو-
لۇپ، ئېزىلگەن پۇقرالارنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن بىرلىشىپ كۆرەش
قىلايلى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە يۆلەنچۈك كۈچ بولمىسا بولمايدۇ.
بىز سوۋېت ھۆكۈمىتىگە يۆلىنىپ سوۋېتنىڭ ياردىمىنى قولغا
كەلتۈرۈشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز.
مەن ئۇلۇغچات تاغلىرىدا سوۋېتتىن قېچىپ ئۆتكەن باسـ
مىچىلارنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاش ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىـ



شىپ خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتـ
قان يەرلىك قارا كۈچلەرنى تازىلاپ، خەلقنى خاتىرجەم قىـ
لىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىمەن. ئەگەر سىز بىز بىلەن
بىرلىشىشنى خالىسىڭىز تېز ئارىدا ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقە
قىلىڭىزلار» دەپ، 6 - ئايلاردا ماتى ۋە تاۋالدى دېـ
گەن ئىككى كىشى ئەۋەتكەنىدى. بۇ كىشىلەر ئەسلىدە ئىسـ
ھاقبەگنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەۋاتقان خېلى ئىلغار زىيالىيلار
ھەم ئوسمان ئېلى بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار
چوقۇم ئوسمان ئېلىغا خىزمەت ئىشلەپ قايىل قىلىدۇ،
دېگەن مەقسەتتە ئەۋەتىلگەنىدى. لېكىن ئوسمان ئېلى بۇ
ئىشقا سەل قاراپ، خەتنى بىرنەچچە كۈن باسۇرۇپ قويىدى.
خەتتە قۇربان زىخۇينىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى، شۇڭا بىرنەچـ
چە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇربان زىخۇي ئوسمان ئېلىدىن
ئىسھاقبەگنىڭ خېتىگە قانداق جاۋاب قايتۇرىمىز؟ دەپ
سورىغان. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئوسمان ئېلى، قۇربان
زىخۇي، ئىساي ... قاتارلىق يېقىن كىشىلىرىنى ئۆز ئۆيىگە
يىغىپ مەسلىھەت قىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بىز بىر بەن ئادەم
مەخسۇس ئوسمان ئېلىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەسكەر
ئىدۇق. شۇ كۈنى مەن ۋە جۇما بارغى دېگەن ئىككىمىز
دېجۇرنى بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا تۇردۇق. ئۇلارنىڭ ئۆي
ئىچىدىكى پاراڭلىرى بىزگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىسھاقبەگ
ئەۋەتكەن ماتى ۋە تاۋالدى دېگەن ئادەم ئىسھاقبەگنىڭ خېتىـ
نى ئوقۇدى. خەت يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك مەزمۇندا بولۇپ،
ئۇ ئاخىرىدا، ئىسھاقبەگنىڭ يېنىدا يەنە سوۋېت ئەۋەتكەن
كىشىلەردىن مەۋلانوپ ۋە يەنە 2 - 3 قىرغىز ئادەمـ
نىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى

ئەسكەرلەر قوربان زىغۇي ۋە تۇەنجاڭلارنىڭ قۇماندانلىقىدا تاغقا ھەر تەرەپتىن قورشاپ بېرىپ، ئورازلارغا، ھەممىز قىرغىز تۇغقانلارمىز، سوقۇشمايلى، قان تۆكۈلمىسۇن، سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمىز دەپ ۋەكىل ئەۋەتىپ خىزمەت ئىشلىدى. ئورازمۇ كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، قوربان زىغۇيدىن ئۆزىنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن، قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى. ئەسلىدە ئوسمان ئېلى ئورازنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى. لېكىن قۇربان زىخۇي قاتارلىقلار ئۇنى سوراپ قۇتقۇزۇپ قالدى. ئورازنىڭ ئەسكەرلىرى تارقىتىۋېتىلدى. بىز ئوراز، ئاسىبەك، مامۇت لىيەنجاڭ قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئېلىپ ئېيىقلىققا بارغىنىمىزدا ئۇلارنىمۇ قويۇپ بەردى. ئوسمان ئېلى ئېيىقلىق يايلىقىدا بىرئاي يېتىپ دەم ئالدى.

شۇۋاقىتتا ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ كونا ئۇلۇغچات رايونىدا، ئىسھاقبەگ باشچىلىقىدا سوۋېتنىڭ قوللىشى بىلەن سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەن باسمىچىلارنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاشنى مەقسەت قىلغان بىر تۇەن قۇرۇلغانىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئىسھاقبەگ ئوسمان ئېلىغا: «سىز قاشقەرنى ئىشغال قىلغان ھەم خەلققە خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەم، خەلق ئىچىدە ئىناۋىتىڭىز يۇقىرى، بىز سىزنى ھۆرمەتلەيمىز، بىز ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، بىربىرىمىزگە يار - يۆلەك بولۇپ، ئېزىلگەن پۇقرالارنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن بېرلىشىپ كۆرەش قىلايلى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە يۆلەنچۈك كۈچ بولمىسا بولمايدۇ. بىز سوۋېت ھۆكۈمىتىگە يۆلىنىپ سوۋېتنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز. مەن ئۇلۇغچات تاغلىرىدا سوۋېتتىن قېچىپ ئۆتكەن باسمىچىلارنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاش ۋە ئۇلار بىلەن بىرلە-



شىپ خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتقان يەرلىك قارا كۈچلەرنى تازىلاپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىمەن. ئەگەر سىز بىز بىلەن بىرلىشىشنى خالىسىڭىز تېز ئارىدا ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقە قىلىڭىزلار» دەپ، 6 - ئايلاردا ماتى ۋە تاۋالدى دېگەن ئىككى كىشى ئەۋەتكەنىدى. بۇ كىشىلەر ئەسلىدە ئىسھاقبەگنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەۋاتقان خېلى ئىلغار زىيالىيلار ھەم ئوسمان ئېلى بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار چوقۇم ئوسمان ئېلىغا خىزمەت ئىشلەپ قايىل قىلىدۇ، دېگەن مەقسەتتە ئەۋەتىلگەنىدى. لېكىن ئوسمان ئېلى بۇ ئىشقا سەل قاراپ، خەتنى بىرنەچچە كۈن باسۇرۇپ قويدى. خەتتە قۇربان زىخۇينىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى، شۇڭا بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇربان زىخۇي ئوسمان ئېلىدىن ئىسھاقبەگنىڭ خېتىگە قانداق جاۋاب قايتۇرىمىز؟ دەپ سۆيلىگەن. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئوسمان ئېلى، قۇربان زىخۇي، ئىساي ... قاتارلىق يېقىن كىشىلىرىنى ئۆز ئۆيىگە يىغىپ مەسلىھەت قىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بىز بىر بەن ئادەم مەخسۇس ئوسمان ئېلىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەسكەر ئىدۇق. شۇ كۈنى مەن ۋە جۇما بارغى دېگەن ئىككىمىز دېجۇرنى بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا تۇردۇق. ئۇلارنىڭ ئۆي ئىچىدىكى پاراڭلىرى بىزگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىسھاقبەگ ئەۋەتكەن ماتى ۋە تاۋالدى دېگەن ئادەم ئىسھاقبەگنىڭ خېتىنى ئوقۇدى. خەت يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك مەزمۇندا بولۇپ، ئۇ ئاخىرىدا، ئىسھاقبەگنىڭ يېنىدا يەنە سوۋېت ئەۋەتكەن كىشىلەردىن مەۋلانوپ ۋە يەنە 2 - 3 قىرغىز ئادەمنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى

ئەسكەرتتى. ماتىنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئوسمان ئېلى «خوش! ئەھۋالنى ئاڭلىدۇق، بۈگۈن بىرلىككە كېلىپ خەتكە جاۋاب قايتۇرايلى» دېدى. بۇ ۋاقىتتا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن: «ئىسھاقبەگ بىلەن بىرلىشەيلى، ئۇ بىز ئۈچۈن پايدىلىق، سوۋېتكە يۆلەنمىسەك بولمايدۇ. ئىسھاقبەگنىڭ تۇتقان يولى توغرا، ئۇ سوۋېتنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باسمىچىلارنى سوۋېتكە تۇتۇپ بېرىشنى ئويلاۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ بىكار ياتماي ئابدۇللا، قولچۇنلارنى سوۋېتكە تۇتۇپ بېرىپ، سوۋېتنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرەيلى»! دېيىشتى. قۇربان زىخۇيمۇ «بىز ئىسھاقبەگ بىلەن بىرلىشىشنى خالايدىغانلىقىمىز توغرىسىدا جاۋاب خەت يېزىپ، ماتى ۋە تاۋالدىنى قايتا ئەۋەتەيلى. يەنە بىر تەرەپتىن بىزمۇ ئۆز ئالدىمىزغا ئىش كۆرۈپ ئابدۇللا قولچۇللارنى سوۋېتكە تۇتۇپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرەيلى. مېنىڭ سوۋېتنىڭ قارا ئالا تاش چازىسى بىلەن ئالاقەم بار. ئۇلار بىزگە بىر كىشى ئەۋەتەكچى، ئۇ كەلگەندىن كېيىن سوۋېت تەرەپ بىلەن يەنە ئايرىم سۆزلىشىپ كۆرەيلى» دېدى. ئوسمان ئېلى قۇربان زىخۇينىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ھازىرچە بىرىنچى قېتىملىق خېتىمىزنى يېزىپ ماتى، تاۋالدىدىن ئەۋەتەيلى، دېدى. شۇندىن كېيىن يىغىندىكىلەر تارقىدى. دەل شۇ چاغدا ئوسمان ئېلى بىرسىگە «ماتى، تاۋالدىغا خەتنى سەن ياز، لېكىن خەتتە ئىسھاقبەگ بىلەن بىرلىشىشكە ئېنىق ۋەدىمۇ بەرمەيلى. ئىبرەت قىلىشىمۇ بولمىسۇن» دېگەن سۆزنى قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۆزلەر ئاڭلانماي قالدى. ئارىدىن 4-5 كۈن ئۆتۈپ، سوۋېتنىڭ ئات بېشى رايونىدىن 30-يىللاردا سوۋېتكە قارشى قوراللىق ھەرىكەت قىلىپ، كولخوزنىڭ كۆپلىگەن چارۋىلىرىنى بۇلاپ شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەنلەرنىڭ باشلىقلىرىدىن ئابدۇللا، قولچۇللانى تۇتماقچى بولۇپ، 200 دىن ئارتۇق ئەسكەر ئاقچى ناھىيىسىگە ماڭدۇق، ئوسمان ئېلى جېيەز بۇلاق دېگەن جايدا تۇرۇپ قالدى. ئوسمان ئېلى قۇربان زىخۇي باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك ئەسكەرلەرنى ئابدۇللا، قولچۇللارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاقچى ناھىيىسىنىڭ ئۆزەڭگۈ قۇۋۇش دېگەن يېرىگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇللا، قولچۇللا ئاللىقاچان سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتالماي ئېپتىلىق يايلىقىغا قايتىپ كەلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، سوۋېتنىڭ قارا ئالاتاش چازىسىدىن تەخمىنەن 45 ياش ئەتراپىدىكى ھېسامىدىن ئىسىملىك بىر قىرغىز كىشى كەلدى. ئۇ توققۇز ئاتار تاپانچىدىن بىرنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ ئادەم ئوسمان ئېلىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، كۈن پاتاي دېگەندە ئوسمان ئېلى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. بۇ ۋاقىتتا ئوسمان ئېلى تاپانچاڭنى ئېتىپ كۆرەي، دەپ ئاسمانغا قارىتىپ بىرنەچچە پاي ئوق چىقىرىپتۇ، ئاخىرىدا يەرگە قارىتىپ كۈرجۈكنى باسقاندا تاپانچىدا قالغان بىر ئوق ھېسامىدىنغا تېگىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېسامىدىن يىقىلىپتۇ، ئوسمان ئېلى بولسا «ئاپلا! بۇ بىر سەۋەنلىك بولدى. تاپانچىدا ئوق قېپقالغانىكەن ئەمەسمۇ»؟، دەپ ئۇ كىشىنىڭ بېشىنى يۆلەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ كىشى بىر كۈندىن كېيىن ئۆلۈپتۇ. كۆپچىلىك بۇ ئىشنى ئوسمان ئېلى قەستەن قىلدى دەپ نارازى بولۇشتى. بولۇپمۇ قۇربان زىخۇي، ئوسمان ئېلىغا ئۆز بېشىنى يەپلا قالماي، بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ چىقىدىغان بولدى، دەپ قاتتىق غە-

زەپلەندى ۋە شۇندىن كېيىن ئۇ ئوسمان ئېلىغا باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالدى. كېيىن ئوسمان ئېلى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە چۈشۈپ، ماخمۇت سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئاي ئەتراپىدا تۇردى. بۇ جەرياندا ماخمۇت سىجاڭ لەڭگەر باغدا ئىككى قېتىم زىياپەت بەردى. ئوسمان ئېلى ماخمۇت سىجاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كەلگەندىن كېيىن بىزگە، ماخمۇت سىجاڭ مېنى تاغ رايونىدا تۇرسەن دېدى» دەپ، 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاۋۋالقى تۇرغان جايى پەيزىۋاتنىڭ ئاقتالا دېگەن يېرىگە قايتىپ باردى.

ئوسمان ئېلى قەشقەردە تۇرغان ۋاقتىدا ماما سالى قازى، يولداش، دېگەنلەر باشلىق ئون نەچچە كىشى ئوسمان ئېلىنىڭ قاتارىغا كېلىپ قوشۇلدى. ئاڭلىساق بۇلار سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەن باسمىچىلار ئىكەن. ئۇلار ئەسلىدە ئوسمان ئېلىنىڭ قىزىلئۆيدە تۇرۇشلۇق ئەيسا ليەنجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر پەي ئەسكەرلىرىدىن بولۇپ، ئىسهاقبەگ بۇلارنى تۇتماقچى بولغاندا، ئۇلار پىيادە قېچىپ قۇتۇلغانلار ئىكەن. ئەيسا ليەنجاڭ بولسا، قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە ئىسهاقبەگنىڭ قولىغا چۈشكەنىكەن. ئوسمان ئېلى بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىسهاقبەگنى دۈشمەن دەپ قارىدى. شۇندىن كېيىن ئوسمان ئېلى ئاقچى ناھىيىسىدىكى ئاخۇنباي دېگەن كىشى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئاخۇنباي ئاقچى ناھىيىسىدە ئەڭ چوڭ قەبىلە باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا مەلۇم قوراللىق كۈچ بولغاچقا، يالغۇز ئاقچى ناھىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ قال-



ماستىن، بەلكى ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىمۇ تەسىرى چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ يەنە ئاقسۇدىكى باي سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە باش ئەگمەي توسۇپ زەربە بېرىپ خىزمەت كۆرسەتكەن يۈسۈپ تۈەنجاڭ دېگەن ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدىمۇ مەلۇم قوراللىق كۈچلەر بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوسمان ئېلى ئاخۇنباي بىلەن بىرلىشىپ ئىسهاقبەگكە تاقابىل تۇرماقچى بولۇپ، ئاخۇنباي بىلەن قۇدىلىشىپ قىزىنى يۈسۈپ تۈەنجاڭغا بەرمەكچى بولدى. ئاخۇنباي بىرنەچچە يۇرتداشلىرىنى باشلاپ، ئوغلى يۈسۈپ تۈەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن 200 گە يېقىن كىشى توي قىلىش ئۈچۈن تۇگۇرمىتىگە كەلدى. ئوسمان ئېلى يۈزدىن ئارتۇق بوز ئۆي (كىگىز ئۆي) تەييارلاپ چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ، قۇدىلارنى قىزغىن كۈتتى. مەقسىتى ئاخۇنباي بىلەن بىرلىشىپ ئىسهاقبەگكە قارشى تۇرۇش ئىدى. لېكىن ئوسمان ئېلى سوۋېتتىن كەلگەن كىشىنى ئېتىپ قويغانلىقى ۋە ئىسهاقبەگنى دۈشمەن دەپ قاراپ، ئاخۇنباي بىلەن بىرلەشكەنلىكى قۇربان زىخۇي، ئىساي قاتارلىق يېقىن كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئوسمان ئېلىغا قارشى ھەرىكەت قوللىنىپ، مەخپىي ھالدا تۇرغات چازىسىدا تۇرۇۋاتقان تۇرسۇن ئېلى ئارقىلىق سوۋېتنىڭ چاتىرئاش چازىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى. ھەمدە ئوسمان ئېلىدىن چەك-چېگرىنى ئايرىپ، ئىسهاقبەگ بىلەن بىرلەشمىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. يەنە ئىسهاقبەگ تەرەپكە خۇپىيانە ئادەم ماڭدۇرۇپ، ئەگەر ئىسهاقبەگنىڭ ئەسكەرلىرى كەلسە كۆرۈنۈشتە ئوسمان ئېلى تەرەپتە تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە قارشى تۇرماي-

دىغانلىقىنى، بەلكى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسھاقبەگنىڭ ئەسكەرلىرى، ئاخۇنباي پۈتۈن ئادەملىرى بىلەن يۇرتىغا قايتىپ بولغاندىن كېيىن بىر كۈن ئۆتۈپلا ئوسمان ئېلى تۇرغان جايغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئائىلە ـ تاۋاباتىنى بىراقلا قولغا چۈشۈرگەن. قارشىلىق قىلغان ئىنىسى شاۋدارنى (ئەسلى ئىسمى ماتې) ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. ئاشپىزى مەھەممەت ئاخۇن دېگەنگە ئوق تېگىپ ئۆلگەن. لېكىن ئىسھاقبەگنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى بىر پايمۇ ئوق ئېتىلمىغان. ئوسمان ئېلى، ماما سالى قازى، يولداش، توختىبەگ، ئوبۇلقاسىم قاتارلىق 20 نەچچە كىشى قېچىپ جېنىنى قۇتقۇزغان. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئوسمان ئېلىنىڭ ھەربىي كۈچىنى تۇتۇپ تۇرغان قۇربان زىخۇي، ئىساي قاتارلىقلار ئوسمان ئېلىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسھاقبەگ بىلەن يوشۇرۇن بىرلىشىۋېلىپ ئىسھاقبەگنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى ئوق ئاتمىغانلىقىدىن بولغان. ئوسمان ئېلى ئەسلىدە ئىسھاقبەگ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ يۈرگەن بولغاچقا، قول ئاستىدىكىلەرگە ئىشىنىپ ئۇلارغا ھوشيار تۇرۇشنى تاپىلاپ، ئىسھاقبەگ ئەسكەرلىرى كېلىدىغان مۇھىم ئۈچ يولغا قاتمۇ ـ قات پوست قويىدۇ. لېكىن ئوسمان ئېلىنىڭ بۇ ئەسكەرلىرى ئىسھاقبەگ تەرەپ بىلەن ئاللىقاچان بىرلىشىۋالغان بولغاچقا، ئۇلار ئوسمان ئېلىغا «سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئىسھاقبەگنىڭ ئەسكەرلىرى كەلسە، ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرىمىز، مۇداپىئەنى چىڭىتىپ قويدۇق» دەپ ئوسمان ئېلىنى ئىشەندۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا ئوسمان ئېلى ئەپيۈن چېكىپ بىخارامان يېتىۋېرىدۇ. لېكىن



قۇربان زىخۇي باشلىق قوماندىرلار ئىسھاقبەگنىڭ ئەسكەرلىرى كەلسە ئوق چىقارمايسىلە، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسھاقبەگنىڭ ئەسكەرلىرى ھېچبىر توسالغۇسىزلا ئوسماننىڭ تۇرار جايىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنى تىرپىرەڭ قىلىۋەتكەن. ئوسمان ئېلى قاچقاندىن كېيىن ئىساي قاتارلىق ئۇلۇغچاتلىقلار ئىسھاقبەگ ئەسكەرلىرىگە قوشۇلغان. قۇربان زىخۇي باشچىلىقىدىكىلەر بولسا ئۆز جايلىرىغا كېتىشكەن. ئاڭلىشىمچە ئوسمان ئېلى ئوپالغا قېچىپ بارغاندا، ئۆزى بىللە قاچقان يولداش دېگەن ئادەم (سوۋېتتىن كەلگەن باسمىچى) ئوسمان ئېلىغا ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىشنى مەسلىھەت بەرگەن، ئوسمان ئۇنى رەت قىلىپ، نېمە بولسا بولسۇن مەن ئۆز ۋەتىنىمدىن كەتمەيمەن، دېگەن. شۇندىن كېيىن ئۇ قەشقەرگە كېلىپ ماخمۇت سىجاڭغا قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولغان، ماخمۇت سىجاڭ يولداش دېگەن ئادەمنى ئېتىۋەتكەن. ئوسمان ئېلى، ماما سالى قازى، توختى بەگ، ئوبۇلقاسىم قاتارلىق يەتتە كىشىنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ ئۆمرى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئاخىرلاشتى.

# قىزىلسۇ قىرغىز مائارىپىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى توغرىسىدا

ئابدۇقادىرۋ توختارۋ

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى قىرغىزلارنىڭ سانى 85841 بولۇپ، بۇلار ئاقچى، ئۇلۇغچات، ئاتۇش، ئاقتۇ ناھىيىلىرىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا تارقاق ياشايدۇ ھەم ئاساسىي جەھەتتىن چارۋىچىلىقتا يۈلىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئوۋزمە، پىلال، قاراكىچىك، لايبۇلاق، جامال تېرەك قاتارلىق يېزىلىرىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىرغىزلارمۇ بار.

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئۆتمۈش دەۋرلەردە تاغلىق رايونلاردا مەكتەپ قۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى يۇلى بار قىرغىزلار ھېچ بولمىغاندا ئۆيلىرىگە موللا تەكلىپ قىلىپ، بالىلىرىنى موللىدا ئوقۇتۇپ ساۋادىنى چىقىراتتى. شۇنىڭدەك ئۆز جايىدا تۇرۇپ كەڭ بىلىم ئۆگىنىش ئىمكانىيىتى يار بەرمىگەن شارائىتتا، بەزىلەر ئىلىم ئىزلەپ باشقا جايلارغا (قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرگە) بېرىپ دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنەتتى. ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرى خەنزۇچىنىمۇ ئۆگىنەتتى. بىر قانچە ئون يىللىق ئۆمرىنى بىلىم ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىپ، بىر قەدەر ئىلىم ئەھلى لاياقىتىگە ئىگە بولغانلار ئەل ئىچىدىنمۇ تېپىلىدۇ.



مەسىلەن: ئاقچى ناھىيىسىدىن 1931 ـ يىلى ئالتە نەپەر ياش ئۆزلىرى ھەرىكەتلىنىپ، ئۇچتۇرپاندا ئېچىلغان خەنزۇچە ئۆگىنىش مەكتىپىدە (شۆتاڭدا) ئوقۇپ، خەنزۇ تىلىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆگىنىپ چىقىش بىلەن بىرگە باشقا دەرسلەرنىمۇ قوشۇپ ئۆگەنگەن.

ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ قىزىلئۆي يېزىسىدىن موللا بابىق دېگەن كىشى ئەسلىدە شائىر بولۇپ، ئۇ ئۆزلۈكىدىن خەنزۇچىنىمۇ ئۆگەنگەن. شۇ ۋاقىتتا ئۇ قەشقەرنىڭ بىر ئەمەلدارى بىلەن بىللە بېيجىڭغا بېرىپ ئۈچ يىل تۇرۇش جەريانىدا، خەنزۇ تىلىنى خېلى مۇكەممەل ئۆگەنگەن. بېيجىڭدىن قايتىشىدا ئىچكى موڭغۇل ئارقىلىق تاشقى موڭغۇل ھەم سوۋېت قىرغىزىستانى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ، چەتئەل بىلىملىرىدىن خېلى خەۋەر تاپقان.

كونا ئۇلۇغچات يېزىسىدىن مەھەممەت جۇما، يېقىندىن شابدان دېگەنلەرمۇ ئۆز ۋاقتىدىكى بىلىمگە ئىنتىلگەن كىشىلەردىن بولۇپ، خەنزۇ تىلىنىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن. شابداننىڭ يەنە رۇسچىدىنمۇ خەۋىرى بولغان.

تېرەك يېزىسىدىن ئىبراھىم ئابدۇللا، ئاتىسى ئابدۇللانىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1933 ـ يىلى سوۋېت قىرغىزىستانىنىڭ نارىن ئوبلاستىغا بېرىپ، بىر مەزگىل ئوقۇپ، ۋەتەنگە قايتقان. شۇندىن كېيىن ئۇ قىرغىز مائارىپىنى يولغا قويۇپ، خەلقنى ئىلىم ـ مەرىپەت يولىغا باشلاپ، ئۆز يۇرتىدا تۇنجى قېتىم (كۆكيار دېگەن جايدا) يېڭى مەكتەپ ئاچقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېقىن ئەتراپىدىكى يۇرتلاردا، مەسىلەن: تويۇن (قىزىل قورغان)، تۆگۈرمىتى، سۇغۇم، قورۇملۇق، مەيدان قاتارلىق جايلاردا يېڭى مەكتەپ ئېچىش ھەرىكىتىنى قوزغىغانىدى.

ئىبراي دەرسلىك قوللانمىلارنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن بىللە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ دەرس ئۆتۈشنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، كەڭ چارۋىچى خەلقلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپ قوينىغا كۆپلەپ جەلپ قىلىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان مائارىپچىلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىبراي ئابدۇللا 1935 - يىلى ئۈرۈمچىگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك قىرغىز - قازاق خەلق ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1937 - يىلى ئۇ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنىپ، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر بىلەن تۈرمىدە ۋاپات بولغان.

يەنە ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ قارا جۇل يېزىسىدىن تۆلۆك تۆرىقان دېگەن كىشى سەككىز يېشىدىن باشلاپ ئۆيىدىكى موللىدا ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، 12 يېشىغىچە يۇرتىدىكى يېڭى مەكتەپتە ئوقۇپ، پەننىي - بىلىم ئۆگەنگەن. ئاندىن كېيىن قەشقەر مەدرىسىدە ئىككى يىل ئوقۇپ دىنىي بىلىملەرنى تولۇقلاش بىلەن بىللە، تارىخىي بىلىملەرنىمۇ قوشۇمچە ئۆگەنگەن.

تۆلۆك 14 يېشىدىن باشلاپ سوۋېتتا (قازان باسمىسىدا) بېسىلغان مىللەتلەر تارىخىغا دائىر كىتابلارنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. كېيىن خوتەن، ئاقسۇ، قارا شەھەرلەرگىچە ئايلىنىپ يۈرۈپ، قىرغىز تارىخىدىن خەۋىرى بار كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، تارىخىي بىلىملىرىنى تېخىمۇ تولۇقلىغان. قىسقىسى تۆلۆك قىرىق يىللىق ئۆمرىنى بىلىم ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىش نەتىجىسىدە، قىرغىز تارىخىغا دائىر تارىخىي بىلىملەر جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلەردىن بولۇپ چىققان.



تۆلۆك تۆرىقان ھازىر ئوبلاستلىق مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمىي ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىش ئىشىغا ياردەملىشىپ، قىرغىز تارىخى (سانجىرىسى) توغرىسىدىكى بىلىملىرى بىلەن ئوبلاستىمىزنىڭ تارىخ — تەزكىرە يېزىش ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ.

## شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى قىرغىز مائارىپىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

قىرغىز مائارىپى 1933 - 1934 - يىللىرى رەسمىي يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىلىمگە تەشنا بولۇپ كەلگەن قىرغىز چارۋىچى خەلقى يېڭى مائارىپنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئېلىش بىلەن بىللە جاي - جايلاردا مەكتەپ ئېچىپ، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپ قوينىغا كىرگۈزۈش دولقۇنىنى قوزغىدى.

يېڭىدىن ئېچىلىۋاتقان مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرى پۈتۈش ئالدىدا، قىرغىز چارۋىچىلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆيلىرىنى بوشىتىپ بېرىش ئارقىلىق ۋاقىتلىق سىنىپلارنى تەشكىللىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇش ئىمكانىيىتى ھەل قىلىنىپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان. ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۆز ئۆيلىرىنى بىراقلا مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلغان. مەسىلەن: كونا ئۇلۇغچاتتىكى قابىل بەك، بالباي، جۇنۇسباي قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ - تۆت ئېغىز ئۆيلىرىنى ئېچىپ، شۇ ئورۇندا يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا چوڭ مەدەت بەرگەن. ئاقچى خەلقىمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن

مال - چارۋا تۇپلاپ، مەكتەپ سېلىشقا ياردەم قىلىشتىن تاشقىرى، بەزى ئىختىساسلىق كىشىلەر، ئۆزلىرىنىڭ كەمبەغەل ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مەكتەپتىكى ياتاق ۋە باشقا راسخوتلىرىنى ھەل قىلىپ بەرگەن. يەنە بەزىلەر مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جىددىي لازىم بولغا ياغاچ - تاش ۋە باشقا نەرسىلەرنىمۇ ياردەم قىلغان. مەسىلەن: ئۇ چاغلاردا مەكتەپلەرنى ئاقارتىدىغان ئاھاك بەكمۇ كەمچىل بولۇپ، ئاسانلىقچە تېپىلمايتتى. بۇ ئىشقا نىسبەتەن خەلق چارە تېپىپ، تۇخۇمنىڭ ئېقىنى سۈيۈن بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈيۈقلۇق ياساش ئارقىلىق مەكتەپ ئۆيلىرىنى ئاقارتقان.

1934 - يىلى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ كونا ئۇلۇغچات ۋە تېرەك يېزىلىرىدا تۇنجى قېتىم مەكتەپ بىنا بولۇپ، ئوقۇش باشلانغان. بۇ كونا ئۇلۇغچاتتا ئىسھاقبەكنىڭ ھەربىي قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەت باشلاۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ، مائارىپنى كۈچەيتىش ۋە گۈللەندۈرۈش جەھەتتە زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنداقلا ئەسكەرلەرنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپ ئېچىلغان.

تېرەك يېزىسىدىكى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ مائارىپنى تونۇش، ئىلىم - مەرىپەتنى سۆيۈشى بالدۇرراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلارمۇ بالىلىرىغا كۆيۈنۈپ ئوقۇتقان. ھەتتا مەكتەپكە يىراق بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ چوشلۇك تاماقلىرىنى مەكتەپكە يەتكۈزۈپ بەرگەن. بەزى كەمبەغەل چارۋىچىلار ئۆيلىرىدە ئاش بولمىغان ئەھۋالدا ئايران (قېتىق)، پىشلاق (سۈتتىن ياسالغان بىر خىل يېمەكلىك) لارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، پەرزەنتلىرى-



نىڭ ئوقۇشتىن ئۆكسۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان.

ئاقتۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق ھازىرقى پىلال ۋە ئۆژمە يېزىلىرىدىن قارىبەك، ھەيدار خىتىپ، ئىسلام قازى؛ چارۋىچىلىق يېزىلىرىدىن شەرىپ بەگ، ئامۇت ھاجى، جولبورس قارى؛ بۇلۇڭكۆل، سۇ بېشى يېزىلىرىدىن چىلبىش قاتارلىق مائارىپسۆيەر كىشىلەر ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى يۇرت - يۇرتلارغا بېرىپ، يېڭى مەكتەپ ئېچىش، بالىلىرىنى مەكتەپكە بېرىش ھەققىدە تەشۋىق قىلغانىدى. شۇڭا ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا جاي - جايلاردا كۆپلىگەن يېڭى مەكتەپلەر مەيدانغا كەلگەن. بولۇپمۇ دېھقانچىلىق يېزىلىرىدىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ تەييار ئۆيلىرىنى مەكتەپ قىلىپ قۇرغاندىن سىرت، ئىختىيارىي ئىئانە توپلاش ئارقىلىقمۇ يېڭى مەكتەپلەرنى سالغان. ئەڭ ئاۋۋال كونا ئۇلۇغچاتنىڭ بازىرى قورغان دېگەن جايدا ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ، تېرەك يېزىسىنىڭ قوتوزقول دېگەن تاغلىق رايوندا ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرى خەلق ئىچىدىكى ساۋادلىق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىنغان. يەنە بەزى ئوقۇتقۇچىلارنى ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە تاللاپ ھەل قىلغان. بۇلار ھەم ئوقۇغان ھەم ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بولۇپ، ئۇلار رۇشتى سىنىپ — دەپ ئاتالغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلغان مەكتەپلەر 1934 - يىلى باشلانغان بولۇپ، بۇ مەكتەپلەر: ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ قىزىلئۆي، تويۇن (قىزىل قورغان)، بوستان تېرەك، بورى توقاي، چىمگەن قاتارلىق ئورۇنلىرىدا قۇرۇلغان.

ئاقچى ناھىيىسىنىڭ قولانسېرىق، ساپار باي، يامانسۇ،

سۇمتاش، قاراچىي ۋە ئۈچ دېگەن جايلىرىدا بولغان.

ئاقتۇ ناھىيىسىدىمۇ 1935 - يىلدىن 1936 - يىلىغا قەدەر مەكتەپ قۇرۇش باشلىنىپ، قاشئېرىق، كۆسالا، قارا كېچىك، بۇلۇڭكۆل، سۇ بېشى، چارلۇڭ، لايبۇلاق قاتارلىق ئورۇنلاردا قۇرۇلغان. بۇ يېزىلاردىن تاشقىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، دېھقانچىلىق يېزىلىرىدىمۇ يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىغان. بۇ مەكتەپلەر ئىككى يىل ئىچىدىلا 27 مەكتەپكە يەتكەن.

چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، يۇقىرىقى ئېيتىلغان مەكتەپلەردە بىردىن سىنىپ، بەزىلىرىدە 3 - 2 سىنىپ بولغان، ئوقۇغۇچى سانى ھەر بىر سىنىپتا 45، 40، 35 گە يەتكەن.

1938 - يىللىرىغا كەلگەندە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ خىراجەت سەرپ قىلىشى بىلەن رەسمىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى باشلانغان. بۇ قىرغىزلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ياتاقلاشقان ۋاقىتلىق مەكتەپلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بولۇپ، 1936 - يىلدىن 1938 - يىلغا قەدەر يېڭى سېلىنغان مەكتەپلەرنىڭ پۈتۈشى بىلەن، بۇرۇنقى ۋاقىتلىق مەكتەپ بولۇپ كەلگەن (قۇرۇلغان) خەلقنىڭ ئۆيلىرى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن.

1938 - يىلدىن باشلاپ، كونا ئۇلۇغچاتتا بەش سىنىپلىق 160 ئوقۇغۇچىسى بولغان بىر مەكتەپ، قىزىلئۆينىڭ بازىرىدا 2 سىنىپلىق 300 ئوقۇغۇچىسى بولغان بىر مەكتەپ، تاشقورغان بازىرىدا 6 سىنىپلىق 180 ئوقۇغۇچىسى بولغان بىر مەكتەپ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن سېلىنغان. بۇ مەكتەپلەر ئۈچ ئورۇندا بولۇپ، بارلىق راسخوتى (تە-



مىنات، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپىلىرى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى...) ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەمىن ئېتىلگەن. ھەممە ئائىلىسى يىراق بولغان ئوقۇغۇچىلار ياتاقلاشتۇرۇلغان.

1941 - يىلى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن قەشقەر شەھىرى ئىچىدە ۋىلايەتلىك قىرغىز مەكتەپ دېگەن نام بىلەن 240 ئوقۇغۇچىسى بولغان سەككىز سىنىپلىق بىر مەكتەپ سېلىنىپ، ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپنىڭ بارلىق راسخوتلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ھەل قىلىنغان. بۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى شەھەر ئىچىدىكى قىرغىز ئەسكەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئاساس قىلىپ، يەنە ئاقتۇ، ئاتۇش يېزىلىرىدىكى قىرغىز پەرزەنتلىرى قوشۇمچە ئوقۇغان.

خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قارمىقىدا بىر قانچە ئورۇندا دارىلئازىن، دارىلئېتام مەكتەپلىرى قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بارلىق راسخوتلىرى ئۇيۇشما تەرىپىدىن ھەل قىلىنىپ بېرىلگەن.

1937 - يىلدىن باشلاپ، مەكتەپلەر شەنلى ۋە خۇيلى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلغان بولۇپ، شەنلى مەكتەپلەرنىڭ بارلىق خىراجەت - راسخوتلىرى ھۆكۈمەتتىن ھەل قىلىنسا، خۇيلى مەكتەپلىرىنىڭ خىراجىتى، ۋە راسخوتلىرى ئۇيۇشما تەرىپىدىن ھەل قىلىنغان.

دېمەك، 1933 - 1934 - يىللاردىن باشلاپ يولغا قويۇلغان قىرغىز مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولغان. 1938 - 1939 - يىللاردىكى سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قىزىلسۇ دائىرىسىدىكى چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى قىرغىز باشلانغۇچ مەكتەپلىرى خېلى كۆپەيگەن. باشلانغۇچ مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنى قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلار-

دىكى مەكتەپلەرگە كۆپلەپ ئەۋەتىش ئارقىلىق، ئوتتۇرا مەكتەپ ھەمدە سىفەن مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش بىلەن ئوقۇتقۇچى مەسىلىسى بىر قەدەر ھەل بولغان. دەرسلىك ماتېرىياللارنى ئۇيغۇر ۋە قازاق دەرسلىكلىرىدىن قىرغىزچىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن، دەرسلىكلەر قىرغىزچە ئۆتۈلۈش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان.

قىرغىز تىلى دەرسلىكلىرى (ئوقۇش ماتېرىياللىرى) شۇ ۋاقىتلاردا سوۋېتتىن كەلگەن لاتىنچە ۋە ئىسلاۋيانچە يېزىقتىكى ئوقۇتۇش قوللانمىلىرىدىن پايدىلىنىپ، قىرغىز كونا يېزىقى بويىچە قايتىدىن تۈزۈلگەن ۋە قەشقەر (جەنۇبىي تيانشان) گېزىتىنىڭ تاش باسمىسىدا باستۇرۇش ئارقىلىق چارۋىچىلىق رايونىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قوللانما سۈپىتىدە تارقىتىپ بېرىلگەن. نەتىجىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرى ھەل قىلىنغان.

1935 ـ 1937 ـ يىللاردا بەش نەپەر ئوقۇغۇچى چەت ئەلگە (سوۋېتكە) ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ۋەتىنىمىزگە قايتىپ كېلىپ قىرغىز مائارىپىنىڭ يېڭىمۇ يۈكسىلىشىگە ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشقان.

قىرغىز باشلانغۇچ مائارىپى شېڭ شىسەي دەۋرىدە بىر قەدەر تەرەققىي قىلغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

① 1930 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، شىنجاڭدا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق، ھەمكارلىق سىياسىتىنى يولغا قويغانىدى.

شۇڭا شۇ ۋاقىتلاردىكى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە ھەر ساھە ئىشلىرىنى (ھەر خىل ئىسلاھاتلارنى) يولغا قويۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولغان. بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپىنى ئىلگىرى سۈـ



رۈشى، ھەم تېزراق تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئاساسلىق رول ئوينىغان. چۈنكى، تىل-يېزىق جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلىرى بولغان قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەردە بېسىلغان ھەر خىل تىلدىكى ئوقۇش ماتېرىياللىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا قولايلىق بولغان ھەمدە بىر قەدەر ئۈنۈملۈك بولغان.

دېمەك، بۇ مەندىن ئېيتقاندا شۇ چاغلاردىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىيال جەھەتتىكى ياردىمى بىر مەھەل ياخشى بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رولى خېلى زور بولغان.

② شېڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىدە چېن تيەنچۇ ۋە ماۋزېمىن قاتارلىق يولداشلار بولغانلىقتىن، بۇ يولداشلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مائارىپىغا، بولۇپمۇ قىرغىز مائارىپىغا ۋە ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇرۇن بىرمۇ مەكتىپى بولمىغان كۆچمەن چارۋىچى قىرغىز خەلقى بىر قانچە ئون يېڭى مەكتەپلەرگە ئىگە بولغان.

③ ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەتلەردە ۋە قىرغىزلار ئولتۇراقلاشقان ناھىيىلەردە قىرغىز، قازاق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى تەسىس قىلىنىپ، قىرغىز خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، يۇقىرىقى ئۇيۇشمىلارنىڭ رولى كۆرۈنەرلىك بولغان. شۇ قاتاردا شىنجاڭدىكى كوممۇنىستىك ھەرىكەتنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ. ئىلغار ياشلارنىڭ ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىدىكى سالمىقى زورىيىشقا باشلىغان.

④ بارلىق قىرغىز مەكتەپلەردە قىرغىز تىلىدا دەرس ئۆتىلىشى، شۇنىڭدەك باشقا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان قىرغىز ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان. سۈرئىتىمۇ تېز بولغان.

⑤ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مائارىپنى سۆيۈشى ۋە مائارىپنى قىزغىن قوللىشى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمۇ كۆرۈنەرلىك بولغان. شۇ مۇناسىۋەتلىك مائارىپ خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. بۇ ھال مائارىپ ئىشلىرىنىڭ زور دەرىجىدە يۈكسىلىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

### گومىنداڭ دەۋرىدىكى قىرغىز مائارىپىنىڭ ئەھۋالى

گومىنداڭ دەۋرى — قىرغىز خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا چېكىنىش دەۋرى بولدى. چۈنكى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بەرمىدى. سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىدا باراۋەرلىك يولغا قويۇلمىدى. قىرغىز مائارىپىغا سەل قاراپ، خىراجەت بەرمىدى. شۇڭا، مائارىپ ئىشلىرى چېكىنىش يولىغا ماڭدى. شۇ سەۋەبلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى بەكمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. مەسىلەن: ئۆز ۋاقتىدا ئاقچى، ئاتۇش ناھىيىلىرىنىڭ قىسمەن تاغلىق رايونىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىرەر نەرسە تەقسىم قىلىنسا، پەقەتلا ئىدارە كادىرلار كۆزدە تۇتۇلغان. يەنى بولسا پەقەت كادىرلارغىلا ئۇقتۇرۇش قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار چەتكە قېقىلغان. مۇبادا قاتنىشىشقا توغرا كەلسە، رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىنلا قاتناشقان.



مەكتەپلەردە ئۆز ئانا تىلىدا دەرس ئۆتۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقى پەسەيگەن. دېمەك، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى مائارىپنى كەمسىتىش، ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرۇش، تىللاش، سوراقتا تارتىش، جەرىمانە قويۇش، پارا ئېلىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن بىزار بولۇش، ئاتا - ئانىلىرى ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىققان.

ئوقۇتقۇچىلارغا كەلسەك جەمئىيەتتىكى ئورنى تۆۋەنلەپ، تۇرمۇشتا ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغاچقا، مەكتەپتە ئىشلەپ جان بېقىش ئىمكانىيىتى قالمىغان.

شۇڭا شېڭ دەۋرىدە قۇرۇلغان يېڭى مەكتەپلەر بۇزۇلغان ھەمدە تاقىلىپ ۋەيران بولغان. بىراق، ئاز ساندىكى مەكتەپلەر قالغان بولسىمۇ، ئىسمى بار، جىسمى يوق قۇرۇق شەكىلگە ئايلانغان. پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىلا قىرغىز مائارىپى يۈكسىلىپ، غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدى.

## 2. ئۈچتۇرپاننىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئەھۋالى

ئۈچتۇرپان ناھىيىسى تارىخىي ئۇزۇن، يېرى مۇنبەت، خەلقى ئەمگەكچان، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئەۋزەللىكىگە، پايدىلىق ھاۋا كېلىماتىغا، تەبىئىي گۈزەللىككە ئىگە بولغان سەككىز شاخىلىق چوڭ ناھىيە ئىدى. ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسىمۇ ئۈچتۇرپانغا قارايتتى. ئۇيغۇر، قىرغىز، خۇيزۇ، خەنزۇ، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھاكىمىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار شەن يامۇل، شىتەي يامۇل، مادى لەڭزە، خارجى ئىشلار باجخانىسى قاتارلىق ئورگانلارنىڭ قولىدا ئىدى.

شەن يامۇل: شەن يامۇل (شەنجىڭفۇ) چوڭ ھوقۇقلۇق ئورگان بولۇپ، ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. شەنجاڭنى ئامبال دەپ ئاتايتتى.

شىتەي يامۇل: شىتەي يامۇل — يىڭ دەرىجىلىك پىيادە قىسىم ئىدى. شىتەي (يىڭجاڭ) كوچالىق ئۇيغۇر مەمتىمىن ۋاڭ ئىدى. ئۇنى ۋاڭ غوجام دەيتتى. تەيجىسى (مەسلىھەتچىسى) ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. ئۇنى تاجى غوجام دەپ ئاتايتتى. لەنجاڭ دەرىجىلىك ئەمەلدارنى لوپى دەپ ئاتايتتى. كېرەم لوپى، رەجەپ لوپى، ئىمىن لوپى دېگەن لوپىلىرى بار ئىدى. ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلىرى ئۇيغۇر بولۇپ، خەنزۇ، خۇيزۇ ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى.
چاقماقلىق قارا مىلتىق، قوغۇشۇن ئوقلۇق توققۇز ئاتار، يەتتە ئاتار، بىر ئاتار ۋە پولات ئوقلۇق بەش ئاتار مىلتىق قىلىچلار بىلەن قوراللانغانىدى. ۋەزىپىسى ناھـ



يىنى مۇداپىئە قىلىش، ئۈچتۇرپان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىلىقىدىكى بەدەل چېگرىسىنى ساقلاش ئىدى.

مادى لەڭزە: مادى لەڭزە يىڭ دەرىجىلىك ھەربىي ئاتلىق قىسىم بولۇپ، دارىن (يىڭجاڭ) خۇيزۇ مافىڭ جاڭ ئىدى. ئۇنى مادارىن ھاجى دەپ ئاتايتتى. ئەسكەرلىرى خۇيزۇ، ئۇيغۇر، خەنزۇلاردىن ئىدى. پولات ئوقلۇق شىلەنجور، سامبا، تۇتۇڭ نامىدىكى بەش ئاتار، قوغۇشۇن ئوقلۇق توققۇز ئاتار، يان قورال، قىلىچلار بىلەن قوراللانغانىدى. ئۇ دالا ئارمىيىسى بولۇپ، قەيەرگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇ يەرگە بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەيتتى.

خارجى ئىشلار باجخانىسى: شىنجاڭ رايونى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا سودا كېلىشىمى بولغانلىقتىن، سودىگەرلەر سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن مال ئالماشتۇرۇپ كىرگەن - چىققان ماللار ئۈچتۇرپاندا سېتىلىدىغان بولغاچقا، خارجى ئىشلار باجخانىسى قۇرۇلغانىدى. بۇ باجخانا مۇشۇ ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىدىن باج ئالاتتى.

يەرلىك باجنى شەن يامۇل ئۆزى باشقۇرۇپ، بايلارغا كۆتۈرە بېرىش ئارقىلىق يىغىۋالاتتى.

### 3. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى يەرلىك قوراللىق كۈچلەر ۋە نۇرھاجىمنىڭ ھاكىمىيەت ئىگىلىشى

1933 - يىلى ئەتىياز پەسلىدە خوجىنىياز ھاجىم ئەسكەرلىرى بىلەن قارا شەھەر، كورلا تەرەپكە يېتىپ كەلگەندە، كوچادا تۇرۇشلۇق تۆمۈر ئېلى كوچا خەلقىنى قوزغاپ ئەسكەر تەشكىللەپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇغـ

گان ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىك سەپ تۈزۈپ ئۇرۇش قىلغان.
كۇچادىن باشلاپ ئاقسۇ رايونىنى ئىشغال قىلغانىدى.
ئۇچتۇرپاندىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر قوزغىلاڭچىلارغا قار-
شى سوقۇشقا باردى ۋە يېڭىلىپ ئۇچتۇرپانغا قېچىپ كەلدى.
ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خەنزۇ ئەمەلدارلار ئاقسۇ تەرەپكە
قېچىپ كەتتى. ئالتە ئائىلىلىك كونا سودىگەر خەنزۇلارنى
نۇر ھاجىم، مادارىن ھاجىم باشلىق يۇرت چوڭلىرى كېپىل-
لىك قىلىپ مۇھاپىزەت قىلدى ۋە خاتىرجەم ساقلاپ قالدى.
دەل مۇشۇ چاغدا ئۇچتۇرپانغا ما فۇيەننىڭ ئەسكەرلى-
رى چىقىپ سوقۇشمايلا ئۇچتۇرپاننى ئىشغال قىلدى. ئۇچ-
تۇرپاندىكى ئىككى يىلك ئەسكەر ۋە قوراللارنى تىزىملاپ، ئۇ-
لارنىڭ خىل يېڭى قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، بىر قىسىم ناچار
قوراللار بىلەن قالدۇرۇپ قويدى. سا بىگرىن، سىۋ ۋازى
موللا دېگەن ئىككى خۇيزۇ ئادەمنى ئامبال (ھاكىم) بەلگى-
لەپ، ئىش تاپشۇرۇپ قايتىپ كەتتى.
خوجىنىيازھاجىمنىڭ ئەسكەرلىرى كېلىپ يېڭى ھاكى-
مىيەت قۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان
ئۇچتۇرپان خەلقى، ما فۇيەننىڭ ئەسكەرلىرى كېلىپ ھېچ-
قانداق يېڭى ئۆزگىرىش قىلىپ بەرمىگەنلىكىگە غەزەپلىنىپ
غۇلغۇلا قىلىشتى. ئۇلار بىر يېتەكچى كىشىنىڭ قوراللىنىپ
جاھاننى ئۆزگەرتىشكە يېتەكچىلىك قىلىشىنى ئارزۇ قىلىشتى.
دەل مۇشۇ كۈنلەردە يېڭى - كونا ئەمەلدارلار پالەچ بولۇپ،
ھۆكۈمەتسىزلىك كۆچەيگەنىدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدى-
لانغان ئۆزبېك ئابدىقادىر ئاقساقال تۆمۈر سىجاك بىلەن
ئالاقىلىشىپ، بىر بۆلۈك قورال ئېلىپ، 20 گە يېقىن ئەس-
كەر تەشكىللەپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. قىرغىزلاردىن قول-



بىلەك ئاقچى ۋە يامانسۇ رايونلىرىدىكى پالۋان مالچى قىر-
غىزلارنى ئۆز قورال، ئاتلىرى بىلەن ئەسكەرلىككە ئېلىپ،
قىرغىز رايونلىرىدا ئىش ئېلىپ باردى. قوچى يېزىلىق (ھا-
زىرقى يېڭى ئاۋات) كەنجى شاگىي، شاگىيلىق سوپىتى بى-
لەن ئۆز تەۋەسىدىكى پالۋانلارنى قورال ئاتلىرى بىلەن ئەس-
كەر قىلىپ، ئۆز دائىرىسىدە ئىش ئېلىپ باردى. نۇر ھاجى-
نىڭ كۆيئوغلى ئابدۇۋايىت ئەسلى قۇمۇللۇق بولغانلىقتىن،
كۇچادىكى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر ئاز قو-
رال ئېلىپ كېلىپ ئون ئەتراپىدا ئەسكەر توپلاپ، ئۆزى
بىلگەن سەنەم بىلەن يۈرگەنىدى. ئۇ باشباشتاقلىق ھا-
دىسىلەرنى كۆرگەن ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ غەزىپى قوزغىلىپ،
خاتىرجەمسىزلىنەتتى.
بۇ ۋەزىيەتنى ئۇققان غوجىنىياز ھاجىم كۇچاغا نۇر
ھاجىمنى چاقىرتىپ، ئۇچتۇرپاننىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا نۇر
ھاجىمنى مەسئۇل قىلىپ، يېڭىچاڭلىق ئۇنۋان بىلەن قولىغا
بۇيرۇق يېزىپ بەرگەن، ھەربىي مەمۇرىي، سىياسىي، تەشكى-
لىي ئىشلار ھەققىدە يوليورۇق كۆرسەتكەنىدى.
نۇر ھاجىم ئۇچتۇرپانغا قايتىپ كېلىپ يۇرت چوڭلىرى،
يېڭى - كونا ئەمەلدارلارغا خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بۇيرۇقىنى
يەتكۈزگەندىن كېيىن ھەممە ئېتىراپ قىلىپ قوللىدى. شۇن-
دىن ئېتىبارەن كونا ھەربىيلەر بارلىق ھەربىي ئەشيالىرى
قورال، ئوق - دورىلارنى رەت بويىچە ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرى
بىكار بولدى. نۇر ھاجىم شەھەر ئىچىنى ئاساس قىلغان
ھالدا خەلق ئەسكەرلىكىگە پىدائىي قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى
جاكالىدى. بۇ ۋەزىيەتنى ئۆتەشكە تەشنا بولۇپ تۇرغان 15
ياشتىن 60 ياشقىچە سودىگەر، ھۈنەرۋەن، كاسىپ، تىجارەتچى-

لەر بەس - بەستە ئەسكەرلىككە يېزىلىپ، بىر نەچچە كۈن ئىچىدە 600 - 700 ئەتراپىدا ئەسكەر ھازىرلاندى. بىر يىڭ ئىككى لېيەن. بىر مۇھاپىزەتچى ئاتلىق دۈيدىن ئىبارەت خەلق قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ئۇلارغا قورال تارقىتىپ بېرىلدى.

نۇرھاجىم يىڭجاڭ بولدى. شتاب ئورنى ئۆز قورۇسىدا بولۇپ، ئاتلىق مۇھاپىزەت دۈي شۇ جايغا ئورۇنلاشتى. 1- لېيەنگە تۇرسۇن ھاجىم لېيەنجاڭ بولدى. 2 - لېيەنگە قاسىم ھاجى لېيەنجاڭ بولدى. ئۇلارنىڭمۇ ئىش ئورنى ئۆز قورۇسىدا بولدى. كازىم ئەپەندى (ئەسلى تۈركىيىلىك ھەربىي ئادەم. سوۋېت - تۈركىيە سوقۇشىدا سوۋېتكە ئەسىرچۈشۈپ، كېيىن تۈرمىدىن قاچقان. شىنجاڭغا ئۆتۈپ ئۈچتۇرپاندا تۇرۇپ قالغان) يىڭنىڭ قوماندانى ھەم مۇھاپىزەت دۈينىڭ دۈيجاڭى بولدى. ئۆز ئالدىغا ئەسكەر ئۇيۇشتۇرغان ئابدىقادىر ئاقساقال، قۇلبەك، كەنجى شاڭيې، ئابدۇۋايىت دېگەنلەرمۇ نۇر ھاجىمنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچتۇرپاندا 1000 گە يېقىن جانلىق خەلق قوشۇنى شەكىللەندى.

كونا ھەربىي تۈزۈم بىكار قىلىنىپ، مەمۇرىيەت ئىسلاھ قىلىندى، ئۆزبېك مىرزىجان ئاقساقال شەنجاڭ بولدى. يېزا سۇڭجاڭلىرى، شاڭيېلار تەرتىپكە سېلىندى. نامۇۋاپىق ئالۋاڭ سېلىقلار بىكار قىلىنىپ مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى. بۇ قۇدرەتلىك خەلق قوشۇنىنى ۋە ئىسلاھ قىلىنغان مەمۇرىيەتنى كۆرۈپ خەلق خۇرسەن بولۇپ، خاتىرجەم بولدى.

خەلق قوشۇنلىرى خەلقتىن ھېچقانداق سېلىق ئىقتىساد، ماددىي نەرسىلەر ئالمىدى. باش شتابتىن تارتىپ ئاددىي ئەسكەرلەرگە قەدەر پۈتۈن راسخوتلىرىنى ئۆز ئىقتىسادىدىن سەرپ قىلدى. ھەتتا قوغۇشۇن ئوقلۇق مىلتىق



لارنىڭ ئوق - دورىلىرىنىمۇ ئۆزلىرى ياساپ تەييارلىدى.

شەھەر ئىچىدىكى ئىككى لېيەن، بىر دۈي ئەسكەر بىر لېيەن بولۇپ، كازىم ئەپەندىنىڭ قوماندانلىقىدا كاناي چېلىشى بىلەن بىر يەرگە توپلىنىپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىككى سائەت جەڭگىۋار ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىپ، كەچتە ئىككى سائەت قارىغا ئېتىش مەشىقى ئېلىپ باراتتى. ھەر ئايدا ئىككى قېتىم قورۇقلۇق، سۇ، پاتقاق، جاڭگال ئارا ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ، باشقا ۋاقىتتا قوراللىرىنى ئىش ئورۇنلىرىغا ئېسىپ قويۇپ ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھەربىي خىزمەتكە كىرىشكەندە خۇددى مۇنتىزىم ھەربىيلەردەك جەڭگىۋار ھالەتتە تۇراتتى.

كازىم ئەپەندى قوماندانلىق قىلغاندا ھەربىي فورما بىلەن پاگون، كاكار، تاقاپ، قىلىچ، ناگان ئېسىپ ھەيۋەت بىلەن مۇنتىزىم ھەربىي قائىدە بويىچە مەشىق قىلدۇراتتى. لېيەنجاڭ، پەيجاڭ، بەنجاڭلارمۇ ئوفىتسېرلىك قەددى - قامىتى بىلەن قوراللىنىپ، ئۆز ئەسكەر سەپلىرىدە تۇراتتى. بۇلار نۆۋەت بىلەن شەھەر ئىچى ۋە سىرتلىرىنى كېچە - كۈندۈز گۈزەت قىلىپ باقاتتى. يېزا، رايونلاردا تەشكىللەنگەن ئەسكەرلەر ئۆز جايلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. بۇ ھەيۋەتلىك خەلق قوشۇنى ئەل قەلبىدە ياخشى تەسىر قالدۇرغانىدى.

## 4 - خوجىنىياز ھاجى ئۈچتۇرپانغا كېلىشىنىڭ ئالدى كەينىدە

خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچىيىپ، ئاقسۇنى سوقۇشقا ئېلىپ بارغانىدى. ئاقسۇ ۋە كونىشەھەردە ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئۇيـ

غۇلاردىن باي لۈجاڭ (كېيىن سىجاڭ دەپ ئاتالدى) ماجىسا قوشۇنىدىن بۆلۈنۈپ كېتىپ، سوقۇشقانىدى. نەتىجىدە ماجىسا يېڭىلدى. ئەسكەرلىرى ئۆلدى، ئەسىرگە چۈشتى، قاچتى. ماجىسا يىگىرمىگە يېقىن ئەسكىرى بىلەن ئۇچتۇرپان تەرەپكە قېچىپ، ياكۆۋرۈك يېزىغا كەتكەندە قولغا چۈشتى.

نۇرھاجىم ماجىسانىڭ ئۇچتۇرپان تەرەپكە ماڭغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەسكەرلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كازىم ئەپەندى قوماندانلىقىدا ياكۆۋرۈك يېزىنىڭ ئىلغىچى دۆڭ دېگەن يېرىنى ئاساسىي بازا قىلىپ تۇرۇپ، ياكۆۋرۈك يېزىنى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە ماجىساغا ئەلچى ئەۋەتتى. ماجىسا تەسلىم بولۇپ، شۇ مەيداندا قوراللىرىنى تاپشۇردى.

نۇرھاجىم قوراللارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي، ماجىسانى ئۆز ئاتلىرىغا مىندۈرۈپ مۇھاپىزەت ئاستىدا باي لۈيجاڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. جاھىللىق بىلەن باشباشتاقلىق قىلغان بىر ماجىسا ئەسكىرى، ئوق چىقىرىپ ئۇچتۇرپان تەرەپكە ماڭغانلىقتىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ غەلىبىدىن كېيىن نۇرھاجىم جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، مۇداپىئەدە تۇردى.

6 - 7 - ئايلار ئىدى. باي سىجاڭ سوقۇش غەلىبىسىدىن كېيىن ئەسكەر كۈچىنى كۆپەيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوي ئۆتكۈزۈپ قورال ئالىدىغان كېلىشىمگە ئاساسەن، قورالنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغانغا كۈيئوغلى ئەمەتخان لۈيجاڭنى 20 ئەسكەر بىلەن ئۇچتۇرپانغا چىقارغانىدى. قوراللارنى نۇرھاجىمنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ئاقسۇغا يەتكۈزۈپ بېرىش تەلىپى بويىچە، نۇرھاجىم كازىم ئەپەن-



دى باشچىلىقىدا 30 ئەسكەرنى ئەمەتخان لۈيجاڭغا قوشۇپ ئۇچتۇرپان بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى بەدەل ئېغىزىغا چىقىرىپ، 2، 3 تىن ساندۇق ئارتقان 30 - 40 ئات بىلەن بەش ئاتار سېرىق قونداقلىق مىلتىق ئوقلىرىنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، ئاقسۇغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. باي سىجاڭ نۇرھاجىمغا بۇ مىلتىقتىن بەش دانە ھەدىيە قىلىدۇ.

بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن ۋەزىيەت يەنە ئۆزگىرىدۇ.

باي سىجاڭ خوجىنىيازھاجىمنىڭ كۈچىدىن ئەۋەتكەن ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. بۇنىڭدا باي سىجاڭ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قېشىغا بېرىپ سوقۇشقا قاتنىشىش، نۇرھاجىم ئاقسۇغا كېلىپ تۇرۇش بەلگىلەنگەنىدى.

نۇرھاجىم ئۇچتۇرپاننى ئىككى لەنجاڭغا تاپشۇرۇپ ئاتلىق مۇھاپىزەت دۈيىنى ئېلىپ ئاقسۇغا بارىدۇ. باي سىجاڭ ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ يېڭى قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، خوجىنىيازھاجىمنىڭ قېشىغا ماڭىدۇ.

ئەپسۇسكى باي ناھىيە ئەتراپىدىكى ياقا ئېرىق سوقۇشىدا باي سىجاڭغا ئوق تېگىپ ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىيازھاجىم ئاقسۇغا كېلىپ، ئۈچ كۈن تۇرۇپ نۇر ھاجىم بىلەن ئۇچتۇرپانغا كېلىدۇ. شۇندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئاقسۇغا كېلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم ئۇچتۇرپاندا 4، 5 كۈن تۇرۇپلا ئاقچى ناھىيە قاقشال يولى بىلەن قەشقەرگە يۈرۈپ كېتىدۇ.

مېڭىش ۋاقتىدا نۇر ھاجىمغا بىرگە مېڭىشنى ئۇقتۇرغانىدى. نۇرھاجىم ئارقىدىن يېتىپ بېرىشقا ۋەدە بېرىدۇ. ھاجىم ۋەدە بويىچە ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ يۇرت چوڭلىرىغا قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت سالىدۇ: قات-

ناشقۇچىلار ھاجىمنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ قەشقەرگە بارماسلىقنى، خوجىنىياز ھاجىمغا خەت يېزىپ ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇشنى ۋە نۇر ھاجىمنىڭ خاتىرجەملىكىگە كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى مەسلىھەت بېرىدۇ.

نۇرھاجىم خوجىنىياز ھاجىمغا بىر پارچە خەت بىلەن قولىدىكى يېڭى خىل قوراللارنى تەييارلاپ، ئوغلى ئەبەيدىم ئارقىلىق ئۈچتۇرپاننىڭ باشاغما يېزىسىدا كېتىپ بارغان خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئارقا سەپ لىنىيە باشلىقى ئوسمان ھاجىمغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ھەممە نۇر ھاجىمنىڭ كۆيئوغلى ئابدۇۋايىتمۇ خوجىنىياز ھاجىغا ۋەدە بېرىپ، ئالغان قوراللارنى تاپشۇرۇپ بېرىپ قەشقەرگە بارمايدۇ.

خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئارقا سەپ لىنىيىسى ئاقچىنىڭ قارا بۇلاق دېگەن يېرىگە بارغاندا، قۇلبەك تاغ ئارىسىدىن ماراپ بېرىپ بىر بۆلەك مىلتىق ئوقلارنى بۇلاپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋاللاردىن خوجىنىياز ھاجىم خەۋەر تېپىپ، قاتتىق رەنجىپ غەزەپلىنىدۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى كېلىپ، ئارقىدىنلا قۇلبەك تاغدىن چۈشۈپ، ماجۇڭيىڭلار بىلەن بىرلىشىدۇ. نۇرھاجىم قارشىلىق بىلدۈرمەي يۇرت چوڭلىرى بىلەن قارشى ئالىدۇ. قۇلبەك ئۈچتۇرپانغا تۇەنجاڭ بولىدۇ. نۇرھاجىمنىڭ ئەمىلى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. قوراللىرى تاپشۇرۇۋېلىنىپ ھېچقانداق تەھدىتكە ئۇچرىماي، خاتىرجەم ياشايدۇ. نۇر ھاجىمنىڭ باشچىلىقىدا بۇ ئەسكەرلەر ئۈچۈن بايلاردىن ئىئانە توپلاپ رەخت، پۇل، چارۋا ھەدىيە قىلىپ خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى ساقلاپ قېلىنىدۇ. ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاقسۇغا كېتىـ



دۇ. ئۈچتۇرپان قۇلبەككە قالىدۇ. ئۇ شەھەرگە ئورۇنلىشىپ، تەمناتلىرىنى شەنجىڭفۇدىن ئېلىپ ئۈچتۇرپاننى ساقلاپ ياتىدۇ.

قۇلبەك 10 ، 15 كۈندىن كېيىن كېچىدە بىر قانچە ئەسكىرى بىلەن نۇر ھاجىمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۈچتۇرپانغا بىر بۆلۈك ئۇيغۇر ئەسكەرلەر كېلىۋېتىپتۇ، سىز ھازىر ئالدىغا بېرىپ قايتۇرۇڭ، بولمىسا شەھەر قانغا بويىلىدۇ، كۆيدۈرۈلىدۇ، دەپ تەھدىت سالىدۇ. ھاجىم بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىپ، شەھەر ۋە خەلقنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېيتىدۇ. قۇلبەك شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كېتىدۇ.

نۇرھاجىم ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن يوشۇرۇن ساقلاپ قالغان سەككىز ئەتراپىدا قوراللىق مۇھاپىزەتچى مەخپىي ئەسكەرلىرىگە مۇداپىئەدە تۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ.

كېلىشۋاتقانلار ياقۇپ فۇگۇەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئىكەن (ياقۇپ فۇگۇەن خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئاقسۇ رايونىدا رازۋېتكا قىلىپ يۈرگەن ئادىمى بولۇشى مۇمكىن). قۇلبەك بۇ كېچىنى جىددىي ھەربىي ھالەتتە ئۆتكۈزۈپ، ئەسكەرلىرىنى شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تۇمشۇق تاغدىن تارتىپ جىگدىلىك، يالغۇز ئۈرۈك يېزىلىرىغىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياقۇپ فۇگۇەن ئەسكەرلىرىنى كىرگۈزمەي يوقاتماقچى بولىدۇ.

ياقۇپ فۇگۇەن 200 ئەسكەرنى باشلاپ كېچىلەپ مېڭىپ ئىككىنچى توخو بىلەن يالغۇز ئۈرۈككە يېتىپ كەلگەندە، قۇلبەك ئەسكەرلىرى توسۇپ ئوق چىقارغان، ئىككى تەرەپ سوقۇشقان. قۇلبەك ئەسكەرلىرى 10 ، 15 مىنۇتلۇق

جەڭگە بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىپ، شەھەرنىمۇ تاشلاپ ئاقچى تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ياقۇپ فۇگۇەن ئەسكەرلىرى قوغلىغان پېتى ئۈچتۇرپان چېگرىسىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. بىر سائەت ھەربىي ھالەت بولىدۇ. پۈتۈن شەھەر ئىچىدىكى قىرغىز ئائىلىلىرى ئاقتۇرۇلىدۇ. قولبەك ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قانچىسى ئۆلدى ۋە ئەسىرگە چۈشتى. يۇقرا قىرغىزلار ئامان قالدى. بىر سائەتتىن كېيىن ھەربىي ھالەت توختاپ، شەھەر تىنچلىنىدۇ. نۇرھاجىم باشلىق يۇرت چوڭلىرى سالامغا كىرىپ، خەلقنىڭ ئامانلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىئانە توپلاپ ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدۇ. نۇر ھاجىم قولىدىكى قورالنى مەخپىي ھالدا بۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاقسۇدىن بىر بۆلۈك ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلەرنىڭ چىققانلىق خەۋىرى ئاڭلىنىدۇ. ياقۇپ فۇگۇەن ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا قوشۇن تارتىپ ماڭىدۇ. ئاچتاغ يېزىغا بارغاندا ئىككى تەرەپ بىر سائەت ئەتراپىدا سوقۇشۇپ، ياقۇپ فۇگۇەن ئاقيار يېزىسىنىڭ قۇرۇق ئۆزۈم يولى ئارقىلىق ئاۋات ناھىيىسىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىرىدۇ. بۇلارمۇ يۇقىرىقىدەك قائىدە - يوسۇن بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ.

كۆپچىلىك خەلق، يۇرت باشلىقلىرىنىڭ مۇنداق قىلىشى بۇ بۇلاڭچىلىق، قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەلقنى ۋە خەلق مۈلكىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ چارىسى ئىدى. ئۈچتۇرپاننىڭ سودا تىجارەت ئىشلىرى تازا گۈللەنگەچ جايلار سودىگەرلەر، يۇرت چوڭلىرىغا ئىئانە بېرىش ھېچقانچە ئېغىر توختىمايتتى.

ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىر ھەپتە تۇرۇپ قايتىدۇ. قولبەك تاغلارنى پانا قىلىپ، جان بېقىپ يۈرىدۇ. ناھىيىنى شەن-



جاڭ مىرزىجان ئاقساقال، نۇر ھاجىم، يۇرت چوڭلىرى بىرلىكتە باشقۇرىدۇ. 15 ، 20 كۈندىن كېيىن بىر تۈمەن ئاق ئورۇس ئەسكەر كېلىدۇ. شۇندىن باشلاپ تۇراقسىز ھەربىي ھالەت تۈگەيدۇ.

بۇ مەزگىلدە شەنجاڭ مىرزىجان ئاقساقال بىر كېچىدە قېچىپ كەتتى. ئاقچى يولى بىلەن قەشقەرگە بېرىپ ھىندىستانغا كەتكەن ئىكەن. ئۇندىن كېيىن نۇرھاجىم، يۇرت چوڭلىرى كېڭەش ئارقىلىق، مەششاباي دېگەن ئادەمنى شەنجاڭ قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

ئاق ئورۇس ئەسكەرلەر 30 كۈن ئەتراپىدا تۇرغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرتۈمەن ئاتلىق قىزىل ئارمىيىسى كېلىدۇ. ئاق ئورۇس ئەسكەرلەر ئاقسۇغا يۆتكىلىپ كېتىدۇ. قىزىل ئارمىيە 10 ، 15 كۈن تۇرۇپ ئاقيار يېزا قۇرۇق ئۆزۈم يولى ئارقىلىق مارالبېشىغا ئەكېلىنىدۇ. مېڭىش ۋاقتىدا نۇر ھاجىمنى ۋە ئوغلى ئابدۇۋايىت ئاخۇننى بىرگە ئېلىپ كېتىپ، خاڭگوڭنىڭ تەڭ دېگەن جايىدا ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. ھاجىمنىڭ بالىلىرى ئىزدەپ بېرىپ جەسەتنى يۆتكەپ كېلىپ، قولتوغ مازارغا دەپنە قىلىدۇ. نۇر ھاجىم 72 يېشىدا، ئوغلى ئابدۇۋايىت ئاخۇن 45 يېشىدا ۋاپات بولغان ئىدى. شۇ چاغدا، ھاجىمنىڭ ئوغلى ئابدۇۋايىت ئاخۇن دېھقانچىلىقتىن باشقا ئىشقا ئارىلاشمىغان بىر يۇۋاش ئادەم ئىدى. ھاجىمنىڭ كۈيئوغلى ئابدۇۋايىت ئاخۇن ئەسكەر تۇتقان ئادەم ئىدى. ئىسىم ئوخشاش بولۇپ قالغانلىق ئۈچۈن كۈيئوغلىنىڭ ئورنىغا ئوغلى كېتىپ قالدى، دېگەن ھەسرەت گەپلەر بولغان ئىدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، قەشقەردىن خوجىنىياز ھاجىم-

نىڭ ھەربىي قوشۇنى ئىچىدىن يېڭىچە دەرىجىلىك ئىبراھىم دېگەن ئادەم، بىر پەي ئەسكەر بىلەن كېلىپ ئۇچتۇرپانغا شەنجاڭ بولىدۇ. بىرگە كەلگەن ئوسمان ھاجىم خارجى باجخانىسىغا باشلىق بولىدۇ. بۇ ئىككەيلەن قولبەكنى تاغ ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن يېرىدىن تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈردى. يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان ھۆكۈمەتسىزلىك، قالايمىقانچىلىقلار تۈگەپ، ئاخىرىدا شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتى تىكلىنىدۇ.

## 5 - نۇر ھاجىمنىڭ بىر قانچە ئىشلىرى

نۇر ھاجىم ئاق كۆڭۈل، خەلقپەرۋەر، نەزەر دائىرىسى كەڭ، يىراقنى ئويلايدىغان ئادەم ئىدى. ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقنى ئىگىلەپ تۇرغان بىر يىل جەريانىدا خەلققە سېلىق، ئالۋاڭ - ياساق سالغان ئەمەس. ھەربىي شتابىنى ئۆزىنىڭ شەخسى قورۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بارلىق خىراجىتىنى ئۆز ئىقتىسادىدىن سەرپ قىلغان. قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ خىراجەتلىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش چارىسىنى يولغا قويغان. ھەر قانداق كىشىنىڭ خەلقتىن سېلىق ئېلىش، خەلقنى بۇلاپ - تالاشقا قەتئىي يول قويمىغان ئىدى.

مىللەتلەر ئارا ھاكىمىيەت تالىشىدىكى جىددىي ھەربىي ھالەت مەزگىللىرىدە، چارە - تەدبىر ئىزدەپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەملىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش، ئوت قويۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشلىرى بولمىغان ئىدى. خەلق ئىچىدە «جىددىي



خەتەرلىك كۈنلەردە ئۇچتۇرپاننىڭ تىنچ ئۆتۈشى، خەلقنىڭ خاتىرجەم بولۇشى نۇر ھاجىمنىڭ، خەنزۇ لى شاڭزۇڭ، خۇيزۇ مافىڭجاڭنىڭ بىرلىك كاپالىتىدىن بولدى». دېگەن گەپلەر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

ھاجىم ئىش باشلىغاندا ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ بىرلىكتە ئىش كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىي ھالەت ۋە ئالدىدىن كېلىدىغان پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىمانە توپلاش ئۇسۇلى بىلەن دۈشمەننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، خاتىرجەملىكنى ساقلاپ قالغان ئىدى.

شۇنداق بىر ئىش يادىمدا بار. بىر كۈنى ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇۋايىت:

— دادا 72 ياشقا كىرگەن ئۆمۈرلىرىدە ئەمەل تۇتۇپ نېمە قىلىلا؟، ئۆز دۆلىتىمىز ئۆزىمىزگە يېتەمدىغۇ؟! - دېگىنىدە ھاجىم:

— بۇ توغرا، لېكىن مەن بۇ ئىشنى ئەمەل دەپ قىلىۋاتمايمەن، پەقەت خەلق ئۈچۈنلا قىلىۋاتىمەن. خەلقنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆردۈم. ئۆلسەم يەنە خەلق يەرلىكىمگە ئاپىرىپ قويىدۇ. مەن بۇ يۇرتقا كىچىك كەلگەن. بايلارغا يىللىقتا تۇرۇپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. خەلقنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بارا - بارا باي بولدۇم. بالا - چاقىلىق بولدۇم. ھەرەمگە باردىم. مانا مۇشۇ دۆلەتنى ئۇچتۇرپان خەلقى بەردى. مېنى ھۆرمەتلىدى. نامىم چىقتى. مەنمۇ خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بەرمىسەم بولامدۇ؟ مەن قىلمىسام باشقا بىرسى قىلىدۇ. خەلققە بىرەر ئاپەت كېلىپ تۇرۇپ قويارمىكىن دېگەن ئەندىشىدە بۇ ئىشنى ئۈستۈمگە ئېلىۋاتىمەن - دېگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى.

يەنە مۇنداق ئىشلارمۇ بولغان ئىدى:

1 - يۇقىرىدا ئابدىقادىر ئاقساقالنىڭ ئەسكەر توپ-

لاپ ھوقۇق ئىگىلىگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. نۇر ھاجىم كۇچادىكى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قېشىغا بېرىپ قايتىپ كەلگەن كۈنلەردە، ئابدىقادىر ئاقساقال ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، شەھەر ئىچىدە ئۇزۇندىن بىرى تۇرۇپ تىجارەت قىلىپ كەلگەن جاڭ لويى، ياڭ شەنسىڭ، جاڭ سىيى، لى شاڭزوڭغا ئوخشاش ئالتە ئائىلىك خەنزۇلارنى قورۇسىغا يىغىۋېلىپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىسەن، خەتمەڭنى (سۈننەت قىلىسەن) دەپ قىستىغان. ھەم پەيجاڭ دەرىجىلىك بىر ئادىمى جاڭ لويىنىڭ ئۆيىگە كېچىسى بېرىپ، بالا - چاقىلىرىنى قورقۇتۇپ بۇلىماقچى بولغان. جاڭ لويى نۇر ھاجىمغا بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان، ھاجىم دەرھال تەكشۈرۈپ، ئاقساقالنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىغا تەنبىھ بېرىپ. خەنزۇلارنى ئۆز ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ، 20 ئۇيغۇر ئەسكەرنى ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويغان.

2 - ئۇچتۇرپاندا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ نۇر ھاجىم يېڭىجاڭ بولغان مەزگىلدە، ئاقسۇدىن ماجۇڭيىنىڭ بىر ھەربىي كوماندىرى، كۇچالىق ئۇيغۇر نەجمىدىن ھاجى بىر ئەسكەر بىلەن بىللە مۇپەتتىش دېگەن نام بىلەن ئۇچتۇرپانغا قوراللىق كەلگەن، ھاجىمغىمۇ ئۇقتۇرماي ئالتە ئائىلىلىك خەنزۇنى تەكشۈرىمىز دېگەننى باھانە قىلىپ، ياڭ شەنسىڭنى ئېتىپ تاشلاپ، مال مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلغان. بۇ ۋەقەنى نۇر ھاجىم ئاڭلاپ دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىپ تۇتۇپ كەلگەن. سوراقتىن كېيىن ئىقرار نامىسىنى ئېلىپ، قورال ئاستىدا ئاقسۇغا ماڭدۇرۇپ، يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان.

3 - ياقۇپ فۇگۇەن قولبەك بىلەن سوقۇش قىلغاندا، ئەسىرگە چۈشكەن تۆت نەپەر قىرغىز ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، نۇر ھاجىم بىر



دانە دۇربۇن، بىر نەچچە تال مىلتىق ھەدىيە قىلىپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن ياقۇپ فۇگۇەن ئالدىغا بېرىپ، تۆت نەپەر قىرغىزنى ئۆلۈمدىن سوراپ قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. ياقۇپ فۇگۇەن بۇنىڭ ئورنىغا سولاقتىكى ئادەم ئۆلتۈرگەن بىر قاتىلنى دارغا ئاسقان.

4. ماخۇسەن ئەسكەرلىرى بىرىنچى قېتىم ئۇچتۇرپانغا كەلگەندە، خۇيزۇ ياشلاردىن ھادىل ئاخۇن، مالىك قاتارلىق 14 كىشىنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئەسكەرلەر قەشقەر مارالبېشىغا بارغاندا قېچىپ كېلىپ، ئاقسۇدا باي سىجاڭغا تۇتۇلغان. باي سىجاڭ بۇلارنى مەخپىي ئەۋەتىلگەن رازۋېتكىچى دەپ سولاپ قويغان. باي سىجاڭ ئاقسۇدا نۇر ھاجىمنى قالدۇرۇپ، ئۆزى باي تەرەپكە مېڭىش ئالدىدا، بۇ 14 كىشىنى ئېتىپ تاشلاش مەقسىتىنى نۇر ھاجىمغا ئېيتقان. ھاجىم بۇلارنى كۆرۈپ «ئۇچتۇرپانلىق ئادەملەر ئىكەن، مەجبۇرى تۇتۇپ كېتىلگەن ئىدى، مەن كېپىل» دەپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ ئۆزى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئادەم قوشۇپ ئۇچتۇرپانغا ماڭدۇرۇۋەتكەن.

5 - نۇر ھاجىمنىڭ ئۆز ئەسكىرى بولغان سوۋۇتقا ئايمىغىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىبراھىم رەڭ دېگەن كىشى، بىر خۇيزۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىر جۈپ ئالتۇن زىرە، كىيىم - كېچەكلىرىنى تارتىۋالغان. بۇ ئايال ھاجىمغا ئەرز قىلغان، ھاجىم ئىبراھىم رەڭنى پۈتۈن ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق سوراق قىلىپ، شۇ مەيداندىلا مالنى ئايالنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ، ئىبراھىمنى قوشۇندىن قوغلاپ چىقىرىپ پۈتۈن ئەسكەرلەرگە ئىبرەت قىلغان.

بۇ ئەمەلىي پاكىتلار نۇر ھاجىمنىڭ ئاق كۆڭۈل، خەلقپەرۋەر كىشى ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

# «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ تەشكىللىنىشى توغرىسىدا

شەرىپ خۇشتار

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى 11 ماددىلىق تىنچلىق بېتىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىدىن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرەپ ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىغا قاتناشقان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كۆپچىلىك كېڭەش ئەزالىرى، ئاقسۇ، خوتەن، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ قىسمەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم ھەر مىللەت ئىلغار كۈچلىرىمۇ غۇلجىغا كەتتى. مۇنداق شارائىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە بولغان ئازادلىق ھەيئىتى، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى، شىنجاڭ خەلقچىللار بىرلەشمىسى قاتارلىق



تەشكىلاتلارنىڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر بىر مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيەتلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەشۇ تەشكىلاتلارنىڭ ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ بىرلىكىنى ئاساس قىلىپ، 1948-يىل 1-ئاۋغۇستتا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى.

(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئىتتىپاق دەپ ئېلىنىدۇ).

بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى، شىنجاڭنىڭ بارلىق مىللەت ۋە سىنىپلارنىڭ ئىلغار كىشىلىرىنى «ئىتتىپاق» ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىنقىلابىي ئىتتىپاقلىق روھى بىلەن تەربىيىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جاھانگىرلارغا ھەم ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە، شۇنداقلا يەرلىك مىللىي ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۆرەش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ ئاسمىنىنى چاڭ - توزاڭدىن، خەلقىمىزنى مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەركىن، باراۋەر، تەڭ ھوقۇقلۇق، خەلقچىل ھاكىمىيەت تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

«ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پروگراممىسى ئورنىدا قوبۇل قىلىنغان مۇراجىئەتتىكى يۇقىرىدىكى سىياسەتلەر بويىچە تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىندى.

«ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى:

1 - ئىتتىپاقنى تەشكىل قىلىش، كېڭەيتىش، مۇستەھ-

كەملەش ۋە ئۇنىڭغا تەشكىل ئاساس يارىتىش جەھەتتە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى. ئىتتىپاق تەشكىلى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغان 1948 - يىلى 1 - ئاۋغۇستىن باشلاپ، 1949 - يىلى مايغىچە بولغان جەريان ئىتتىپاقنىڭ تەشكىلىي دەۋرى بولغان ئىدى. ئىتتىپاق شۇ جەرياندا تەشكىل خىزمەتلەرنى ئىشلەپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىن باشقا ئومۇمىي ۋەزىپىلەرنىمۇ ئىشلىدى.

يولداش ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىق قىلغان ئىتتىپاق مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ ۋە ئەزالارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، ئىتتىپاق بىر ئۈچ ۋىلايەت تەشكىلاتىغا، بىر ھەربىي تەشكىلاتقا، بىر بىۋاسىتە رايونلۇق تەشكىلاتقا، 29 ناھىيىلىك تەشكىلاتقا، 755 يەرلىك تەشكىلاتقا (بۇ تەشكىلاتلار پەقەت ئۈچ ۋىلايەتتىلا بولغان) ۋە 77.394 نەپەردىن ئارتۇق ئەزاغا ئىگە بىر سىياسىي تەشكىلاتقا ئايلانغان ئىدى.

2 - ئىتتىپاق ئەسلىدىكى ھەر قايسى تەشكىلات ۋە جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەم ھەر مىللەت، ھەر تەبىقىدىكىلەرنىڭ بىرلىكىنى ئاساس قىلىپ، خەلق پىرونتى تەشكىل قىلىندى (ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىلا). ئىتتىپاق تەشكىل قىلىنغىچە بار بولغان ھەر قايسى تەشكىلات، جەمئىيەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى ھەم بارلىق ئەزالىرى ئۆز تەشكىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىتتىپاق سېپىگە ئۇيۇشتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ تەركىبىدە ھەممە مىللەتتىن بولغان، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ خەلقچىل تەبىقىلىرى جەلب قىلىندى.

ئىتتىپاق شۇنىڭ بىلەن بىرلىكسەپ شەكلىنى ئالغان كەڭ ئاممىۋى تەشكىلاتقا ئايلاندى. تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلار ئۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى:



ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ كەسىپ ئايرىما سانى

خىزمەتچى 5617 نەپەر، ئىشچى 6718 نەپەر.
دېھقان 28.683 نەپەر، چارۋىچى 10.865 نەپەر.
سودىگەر 1909 نەپەر، ھۈنەرۋەن 3301 نەپەر.
ئوقۇغۇچى 5086 نەپەر، ئۆي خىزمەتچىسى 5214 نەپەر.

ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ جىنسىي ئايرىما سانى

ئەرلەر 69.508 نەپەر، ئاياللار 7.780 نەپەر،

ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ مىللەت ئايرىما سانى

ئۇيغۇر 20.763 نەپەر، قازاق 44.234 نەپەر.
قىرغىز 1.025 نەپەر، موڭغۇل 4.768 نەپەر.
رۇس 1.643 نەپەر، تاتار 9.87 نەپەر.
ئۆزبېك 843 نەپەر، شىۋە 587 نەپەر.
خەنزۇ 769 نەپەر، خۇيزۇ 1.400 نەپەر.
سولون (داغىر) 312 نەپەر، باشقىلار 8 نەپەر.

(بۇ سانلىق مەلۇماتلار 1950 - يىلنىڭ بېشىدىكى ئىستاتىستىكا بولۇپ، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىتتىپاق كونپىرىنسىيىسىدە بەرگەن سىياسىي دوكلاتى، 1950 - يىل ئىيۇل نەشرى. 27، 28 - بەتلىرىدىن ئېلىندى)

3 - ئىتتىپاق ئۆز خىزمىتى جەريانىدا، گومىنداڭ ئەكسىل ھەرىكەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت سىياسىتى ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا ھەم ئۇنىڭ خوجايىنى بولغان ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىگە قارشى ئىزچىل تۇرۇپ كۆرەش ۋە تەشۋىق ئېلىپ باردى.

4 - ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى بىلەن بىرگە ئىتتىپاقنىڭ مەقسىتى ئوچۇق - ئاشكارا شەرھىلەنگەن 12 ماددىلىق مۇراجىئەتنامە

ئېلان قىلدى. (بۇ مۇراجىئەتنامە 1949 - يىلى 1 - يانۋار ئىتتىپاق ژۇرنىلىنىڭ 4 - سانىدىمۇ ئېلان قىلىندى. مۇراجىئەتنامىنىڭ بېسىپ تارقاتقان ئەسلى نۇسخىسى 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە بۇلانغان — ئاپتور). بۇ مۇراجىئەتنامىنىڭ سۆز بېشىدىلا، شىنجاڭدا تىنچلىق خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى-خەلق ئالدىدا بۇ ئۇلۇغ مۇقەددەس ۋەزىپىلەرنى خەلقنىڭ ئۆزىگە تايىنىپ تۇرۇپ، خەلق خاھىشلىرىنى ھەل قىلىش مەسىلىسىنى ئۆز زېمىنىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، دەپ يېزىلغان ئىدى.

5 - ئىتتىپاق ئىنقىلاب جەريانىدا كۆرۈلگەن مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، مىللىي مەسىلىگە توغرا ۋە قەتئىي مۇئامىلە قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا سالغان مىللىي زىتلىق ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىكلەرنى يوقىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئەمەلدىكى باراۋەرلىكىنى ۋە دوستانە بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇردى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ 1949 - يىلى مايدا ئىتتىپاق مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئەت نامىدىن بەرگەن مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى دوكلاتى بىلەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە زور يۈرۈش بولدى.

6 - شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاق مەركىزىي تەشكىلات ھەيئىتى:

1949 - يىل 4 - ئاۋغۇست كۈنى 30 - سانلىق مەجلىس ئېچىپ، مەجلىستە تۆۋەندىكىچە قارار چىقاردى.

1 - مىللىي زىددىيەتچىلىك ئوتىنى ياققۇچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەرىكىتى، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئۇتۇقلىرىغا قارشى قارىتىلغان ۋە بىزنىڭ خەلقچىل يولىمىزدا، پۈتۈنلەي



شاڭ بولىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت، دەپ تونۇلۇپ ھۆكۈم قىلىنسۇن.

2 - مىللەتنى ھاقارەتلەش، مىللەتنى بوزەك قىلىش، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى مەسخىرە قىلىشقا ئوخشاش ھەرىكەتلەر قەبىھ جىنايەت دەپ تونۇلسۇن.

3 - مىللىي زىددىيەتنىڭ ئوتىنى ياققۇچى ئۇنسۇرلارغا قارشى ئەمەلدە، سۆزدە كۆرەش ئېلىپ بېرىش، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە ئىتتىپاقنىڭ ھەربىي ئەزالىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب ئۇتۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇقەددەس ۋەزىپىلىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەمەلىي ئىش تەجرىبىسىدە، بۇنىڭغا قارشى رەھىمسىز كۆرەش ئېلىپ بېرىش تاپشۇرۇلسۇن.

4 - مۇستەملىكچىلەر تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن مىللىي زىددىيەتچىلىك ئۇرۇقلىرىنىڭ زەھەرلىك تۇخۇمىنى ئارىدىن سىقىپ چىقىرىپ خەلق ئېڭىنى، مىللەتلەر ئارا دوستلۇق ۋە بىرلىك روھىدا تەربىيە قىلىش ئىشلىرىدا ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ زېرىكمەي ئىشلەشلىرى ۋە تەلىم - تەربىيە، تەشۋىق - تەرغىب خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئۇنى داۋاملىق رەۋىشتە ئېلىپ بېرىش تاپشۇرۇلسۇن. (بۇ قارار 49 - يىل ئىتتىپاق ژۇرنىلىنىڭ سېنتەبىر 9 - سانىنىڭ 20 - بېتىدە ئېلان قىلىنغان).

7 - ئىتتىپاق، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىنقىلابى توغرىسىدا ئۆگىنىش تېزىسى تۈزۈپ چىقىپ، ئەزالار ئىچىدە كەڭ ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تەشۋىق تەرغىب قىلدى، گېزىت ژۇرناللاردا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيە غەلىبىسىنى بېسىپ تارقاتتى. بۇ ئارقىلىق خەلق ئام-

مىسىدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىنقىلابى ۋە كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە بولغان تونۇش ئۆستى.

ئىتتىپاق بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەپ، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە زېمىن ھازىرلىدى.

8 - ئىتتىپاق ئادىل، ئىنچىلىق، توغرا، خەلقچىللىق ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ باردى ۋە ئەزالىرىنى شۇ روھ بىلەن تەربىيىلىدى.

9 - ئىتتىپاق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە جاھانگىرلارنىڭ ئاگېنتلىرىغا، خەلق ئارىسىغا يوشۇرۇنغان رېئاكسىيون ئۇنسۇرلارغا، پان ئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمگە، چوڭ مىللەتچىلىك ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ئىزچىل كۈرەش قىلدى، ھەم ئەزالىرىنى شۇ روھتا تەربىيىلىدى.

10 - ئىتتىپاق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ گومىنداڭ ۋەيران قىلىۋەتكەن خەلق ئىگىلىكىنى قايتىدىن تىكلىدى ۋە ھېچ قانداق ئاساسى بولمىغان مالىيە ئىقتىسادىنى تىكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، بازار باھالىرىدىن مۇقىملاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلدى. ئىتتىپاق، ئىرىشچانلىق ۋە ئىقتىساتچانلىق بىلەن مالىيە باشقۇرغانلىقىدىن، ئۆلكە ئازاد بولغاندا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە، 130 مىليون 400 مىڭ يۈەن ① (ئۆلكە پۇلى) تاپشۇرۇپ، ئىتتىپاق باشقۇرغان مالىيە ئىقتىسادنىڭ غەلىبىسىنى نامايەن قىلدى.

11 - ئىتتىپاق مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ خەلقنىڭ مەدەنىي مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ياخشى ئاساس ياراتتى. مەسىلەن: 29 ناھىيە (ناھىيىلىك ئىتتىپاقلار) سەنئەت كورۇكىنى ياكى ناھىيە سەنئەت ئۆمىكى تەشكىل قىلىپ، تارىخىي دىراما، ئىتتىپاقلىق، بىرلىكنى كۈيلەيدىغان ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرىنى ئويناش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئەدەبىيات سەنئەتكە بولغان ئارزۇسىنى قاندۇردى.

① سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 50 - يىللاردىكى سىياسىي دوكلاتىدىن ئېلىندى.



يەنە، مەزكۇر ناھىيىلەردىكى ناھىيىلىك ئىتتىپاقلار ياشلارنىڭ ساز ئۆگىنىش ھەۋىسىنى قاندۇرۇش، كۆپلەپ سەنئەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ساز ئۆگىنىش كۇرسلىرى تۈزۈشتۈرۈپ، 1644 نەپەر ساز ھەۋەسكارلىرىنى يېتىشتۈردى.

ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، ۋىلايىتىدە ۋە بىر قانچە نۇقتىلىق ناھىيىلەردە بۇغالتىرلىق كۇرسى ۋە مەخسۇس ئۆگىنىش ئورۇنلىرى تۈزۈشتۈرۈپ، 3846 نەپەر بۇغالتىر خادىمى تەربىيىلەپ ئىتتىپاقنىڭ ھەرقايسى تەشكىلىي ئورۇنلىرىدىكى بانكا، مالىيە، باجخانا، سودا، قاتناش قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھېسابات خادىملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قامدىدى.

يولداش ئەخمەتجان قاسىمى بىۋاستە باشچىلىق قىلغان ئىتتىپاق تەشكىلىي، يالغۇز مەكتەپ مائارىپ خىزمىتىنى ئىشلەپلا قالماستىن ئاممىۋى ساۋات چىقىرىش ئىشىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. جۈملىدىن ھەربىر ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزا قىشلاق تاغ رايونلىرى، دېھقان، چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان ئەڭ يىراق ۋە چەت جايلارغىچە ئىتتىپاق باشچىلىقىدا كەچ كۇرسلار ئېچىپ، ھەرمىللەت ئەر - ئايال كىشىلىرىدىن 22.000 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ساۋات چىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

ھەربىيلەر ئىچىدە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىپ ساۋات چىقىرىش ئىشى چوڭ ھەرىكەتكە ئايلانغان، جاي - جايلاردىكى مىللىي قىسىم ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ھەربىيلەر ساۋاتلىق بولغان.

يەنە، ئىتتىپاق باش ئىجرائىيە ھەيئىتى ئىلاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىلى - چۆچەك قاتارلىق جايلاردا شوپۇرلۇق كۇرسلىرى ئېچىلىپ، تېز ئۆگىنىش ۋە تېز ئۆگىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شوپۇر ۋە رېمونت خادىملىرى بولۇپ 413 نەپەر كىشىنى يېتىشتۈرگەن.

12 - ئىتتىپاق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، ئىجارە ھەققىنى مۇۋاپىق ھالدا ئازايتتى. ۋە قىشلاق بانكا (يېزا ئىگىلىك بانكا) سىي قۇرۇپ، دېھقانلارنى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىگە ئىگە قىلدى.

13 - ئىتتىپاق، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنى يولغا قويۇپ، خەلق سوتى ۋە ھەربىي سوت قاتارلىق ئورگانلارنى تەسىس قىلىپ، خەلقنىڭ جان ۋە مال مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. يەنى ھەر خىل سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جىنايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى توسىدى. دۆلەت ۋە خەلق مۈلكىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزگەن ھەر قانداق جىنايى خاراكتېرلىك ئىشلارغا زەربە بەردى. (چارە كۆردى)

14 - ئىتتىپاق يەنە «ئىتتىپاق» ناملىق ئورگان ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەشۋىقات قورالى قىلدى. ئىتتىپاق ئۆزىگە توغرا يول تاللىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ژۇرنالنىڭ 1 - بېتىگە «ئىتتىپاق سېپىگە ئۇيۇشۇڭلار»، دېگەن شوئارنى ياز دۇرغانىدى.



ئىتتىپاق بۇ بىر قاتار ئىشلارنى پەقەت ئۈچ ۋىلايەتتىلا قىلالىغان بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە قاراتقان ئىدى.

ئىتتىپاقنىڭ يەتتە ۋىلايەتتىمۇ ئەزالىرى بار ئىدى. بىراق ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن كەڭرى ھەرىكەت قىلالىغان ۋە قىلالمايتتى. پەقەت ئىتتىپاقنىڭ مەقسىتى، نىشانى، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا تەشۋىق - تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ باراتتى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىتتىپاق تەشكىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، بىر يىللىق تارىخىي خىزمەتلەر جەريانىدا نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدى. خەلقنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇردى. پۈتۈن خەلقنى بىر مەركەزگە ئۇيۇشتۇرۇپ، جاھانگىرلىك ۋە باشقا ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش بىلەن جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە ماسلىشىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىتتىپاق كۈتكەن تاڭ ئېتىپ ئارزۇ - تىلەكلەر ئەمەلگە ئاشتى. ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ ۋەكىللىرى يەتتە ۋىلايەتتىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن قىسىملىرىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشتەك ئۇلۇغ ئىشنى غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇردى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىتتىپاق باش ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق (دەيلى) رەئىسى مەرھۇم

ئەسئەت ئىساقوۋ ئىتتىپاق ئىجرائىيە ھەيئىتىگە ۋەكالىتەن جۇڭگو گوڭچەنداڭى ۋە ماۋجۇشىغا تېلېگرامما يوللاپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئىتتىپاق تەشكىلى ۋە پۈتۈن ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ئىرادە ۋە ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ماۋ جۇشى ئەسئەت ئىساقوۋاغا، پۈتۈن ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ئىجرائىيە ھەيئىتى ھەم شىنجاڭ خەلقىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن مىننەتدارلىق جاۋاب تېلېگرامما يوللىغان (شۇ كۈندىكى خەلق گېزىتىدىمۇ ئېلان قىلىنغان). يولداش ماۋزېدۇڭ، «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بولۇشى شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازادقىلىشنى ئىلگىرى سۈردى» دېگەن ئىدى. ئازادلىق ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى قوراللىق قوشۇندىن تارتىپ بارلىق ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى بىر گەۋدە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىتتىپاقمۇ ئۆزىنىڭ باش ئورگىنى - ئىتتىپاق باش ئىجرائىيە ھەيئىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ ئەينى چاغدىكى، ج، ك، پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىش باشلىدى.

ئىتتىپاق باش ئىجرائىيە ھەيئىتى ئالدى بىلەن شىنجاڭ بويىچە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى سېپىدىن باشلاپ تاكى ئۇنىڭ يېزىلىق تارماقلىرىغىچە ھەممىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۆز تەشكىلىنى قۇرۇپ ئۆز دائىرىسىنى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتتى.

① ئەخمەتجان قاسىمى بېيجىڭگە يىغىنغا بېرىش ئالدىدا، ئەسئەت ئىساقوۋ ۋەزىپە ئۆتىگەن.



ئىتتىپاق، ئۆلكە، شەھەر، ۋىلايەت، ناھىيە يېزا قىشلاقلارغىچە ئۆزىنىڭ تەشكىللىرىنى قۇرۇپ، ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىچىدىلا بىرقانچە يۈزمىڭلىغان ئەزا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا جۇڭگو ئىنقىلابىي، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شان شەۋكىتى ھەم ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى ۋە ئۆگىنىشكە چاقىردى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىتتىپاقنىڭ بىرمۇنچە ياش ئەزالىرى سالاھىيىتىگە قاراپ جۇڭگو يېڭى دېموكراتىزىملىق ياشلار ئىتتىپاقى (ھازىرقى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى) غا، يەنە بىرمۇنچىلىغان ئەزالىرى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندى.

ئىتتىپاق، ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، باش ئىجرائىيە ھەيئىتى قۇرغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە «ئالغا» گېزىتى ۋە «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ ئورنىنى باسقان «ئالغا» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن فاڭجېنلىرىنى، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى.

«ئالغا» گېزىتىنى تارقىتىۋېتىپ، قەشقەر ۋە كورلا قاتارلىق جايلارنىڭ ئاخباراتچىلىق ۋە مەتبەئەچىلىك ئىشىغا ئادەم كۈچى ۋە تېخنىكا جەھەتتە ئاساس يارىتىپ بەردى. «ئالغا» ژۇرنىلى بولسا ئاخىرقى ھېسابتا قىممەتلىك نەزەرىيىۋى ژۇرنالغا ئايلىنىپ ھازىرمۇ داۋاملىق نەشر قىلىنماقتا.

ئۆلكە ئازاد بولۇش بىلەن تەڭ شىنجاڭ بىلەن ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەر يورۇشۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا، يەتتە ۋىلايەتتە كۆپ سانىدىكى ئىلغار كۈچلەرمۇ بار ئىدى.

«كادىر ھەممىنى ھەل قىلىدۇ»، ھەممىنى ھەل قىلىدىغان كادىر مەسىلىسى ھە دېگەندە قىيىن ئىدى. مۇشۇنداق نۇقتىلىق پەيتتە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىلغار زىيالىيلار جۈملىدىن ئاساسەن ئىنتىپاقنىڭ **جاي**-جايلاردىكى ئەزالىرى، خىزمەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئالدى.

دېمەك ئازادلىقتىن كېيىنكى پۈتۈن مىللىي كادىر (ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىنتىپاق ۋە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەربىيىسىدە يېتىشلىگەن سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە كىشىلەر ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن شىنجاڭدا ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، ئىقتىسادنى تەرتىپكە سېلىپ، جەمئىيەتنى نورمال ئىزغا سېلىۋالغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدىمۇ، ئىنتىپاق سابىق ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى باشقۇرۇپ كەلگەن ئون مىڭلىغان مەكتەپ، يۈز مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنى، جەمئىيەتتىكى بارلىق مەدەنىي-مائارىپ ئورگانلىرى، كۇلۇبلار، خەلق باغچىلىرى، باللار يەسلىسى، باللار باغچىلىرى، دارىلئاجىزىن، دارىلئىتاملار، بوغالتىرلىق ۋە سەنئەتچىلەر يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى قاتارلىق ئورۇنلارنى باشقۇرۇپ ۋە تەمىنلەپ، ھۆكۈمەتنى ناھايىتى زور ئىقتىسادىي بېسىمدىن خالى قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە يېقىندىن ياردەملەشتى.

ئىنتىپاق يەنە ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە پائال ئاۋاز قوشۇپ، زور مىق-



تاردا ئىئانە توپلىدى.

ئىنتىپاق 1954 - يىلى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئاياقلاشتۇرغاندا، ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مىللىي ئۇسلۇب ۋە ئۇيغۇر مىمارچىلىقى، نەققاشچىلىقى ئالاھىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۈرۈمچى نەنمېندىكى مەشھۇر «ئۇيغۇر تىياتىرى» (ھازىرقى خەلق تىياتىرى) بىناسىنى سالدۇرۇپ، مۇكەممەل پۈتتۈرۈپ، تولۇق جاھازلاپ، ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆز قولىدىكى كۆچمەس مۈلۈك (ئۆي-ئىمارەت، جاھازلار) ۋە باشقا ئىقتىسادنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا كادىرلىرىنىمۇ ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئادا قىلدى.

ئىنتىپاق ۋەزىيەت ئېتىبارى بىلەن تارقىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پارتىيىگە، خەلققە، جەمئىيەتكە يەتكۈزگەن ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرى تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالىدۇ ۋە كىشىلەر قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

بىز بۇ ئەسلىمە بىلەن، ئىنتىپاقنى قۇرغۇچى ۋە پائال خىزمەت كۆرسەتكەن ھەرقايسى يولداشلارنىڭ مەرھۇملىرىنى ياد ئېتىمىز، ھاياتلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

# «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قىسقىچە ئەسلىمە

مۇھەممەد روزى

ئاپرېل ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى داۋالغۇپ تۇرغان ئىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ قالدۇق ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە قارشى كارامەت ئىشلار بولۇۋاتاتتى. سۇڭ جوڭشەن ئەپەندى باشچىلىق قىلغان شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ ئىلغار ئىدىيە تەسىرلىرى، جەۋرى - زۇلۇمنىڭ دەستىدىن خارلانغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئويغىنىشقا باشلىدى. شۇڭلاشقا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياڭ زېڭشىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە گىلاۋ خۇيچىلارنىڭ سىياسىي ئىسيانلىرى ئارقا - ئارقىدىن بولۇپ تۇردى.

1928 - يىلى كۈز ئايلىرىدا ياڭ زېڭشىنىڭ ئورۇمچىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. جىن شۇرېن ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى.

ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلقى تېخىمۇ ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىدىن بىر قىسىم ھەربىي - ئوفىتسېرلەرنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىدۇ. شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ تەكلىپى بىلەن 1930 - يىلى شىنجاڭغا چىققان ئىدى. ئۇ، 1931 - يىلى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىدە سەنمۇجاڭ بولغان، 1932 - يىلى جىن شۇرېن-



نىڭ ئەمرى بىلەن قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قومۇلغا بېرىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان. شىنجاڭدا تەڭسىزلىك، مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي زىددىيەت بارغانسېرى كۈچەيگەنلىكتىن، قومۇلدا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى كۈنسايىن ئۇلغىيىپ كېتىدۇ. تۆت يىل داۋام قىلغان بۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى لىڭشىتىپ قويىدۇ. بۇنى كۆرگەن شېڭ شىسەي قومۇلدىن قايتىپ كېلىپ، ھىيلىگەرلىك بىلەن 1933 - يىل 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىنى قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە ياراشتۇرۇشى بىلەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ، يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئۆزى ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابىي ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى، خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇسى بويىچە بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا، ھەر مىللەتتىن بىر قىسىم ئىلغار زاتلارنى جەلپ قىلىپ ئاتالمىش يېڭى ھاكىمىيەتكە ئالماشتۇرۇپ، بەزى يېڭىلىقلارنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ھۆكۈمەت تەركىبىدە نۇرغۇنلىغان نازارەتلەر، ئىدارىلەر، مۇئەسسەسەلەر، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى قۇرۇلىدۇ.

1934 - يىلى ئابدىراخمان رەھىمىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇش تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىدۇ. 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى رەسمىي ئېچىلىدۇ. يىغىندا ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىگە ئابدىراخمان رەھىمى سايلىنىدۇ. بۇ يىغىندا يەنە ئۇيۇشمىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئۇ-

يۇشما قارمىقىدا بىر قانچە ئىش باشقۇرۇش باشقارمىلىرى تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇيۇشما قارمىقىدا بىر گېزىت چىقىرىش مۇھىم كۈنتەرتىپكە قويۇلۇپ، نەشرىيات باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، نەشرىيات مۇدىرلىقىغا شاۋۇدۇن زۇنۇنى، باش مۇھەررىرلىككە قادىر ھاجى ھاشىم، ياردەمچى مۇھەررىرلىككە، ھەيدەر ئەپەندى بېكىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئەدەبىي ھەپتىلىك گېزىت — «يېڭى شىنجاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنىدۇ. بۇ گېزىت 1 - سانىدىن 18 - سانىغىچە ماقالىلىرىنى لازىغا يېزىپ، شافىراگرافتا بېسىپ تارقاتقان ئىدى. بۇ چاغدا گېزىت ھازىرقى پايدىلىنىش خەۋىرى گېزىتىنىڭ چوڭلۇقىدا، يەنى سەككىز فورمات چوڭلۇقىدا ئىككى بەت بولۇپ چىقاتتى. ئۇ، بەزى ئايلىرى 100 نۇسخا، بەزى ئايلىرى 200 - 300 نۇسخا تىراژدا تارقىتىلاتتى.

1935 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن، يەنى 19 - سانىدىن باشلاپ، چۆچەكتىن كەلگەن ۋەلى ئەخمەت دېگەن كىشى گېزىتنى تاش مەتبەئەدە ھازىرقى گېزىتنىڭ چوڭلۇقىدا يەنى تۆت فورمات ئىككى بەت قىلىپ چىقىرىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغقا يەتكەندە گېزىتنىڭ تىراژى 500 نۇسخىغا يەتكەن ئىدى. باشقا ئىشلار قاتارىدا مەتبۇئاتچىلىقمۇ شۇ زاماننىڭ شەرت - شارائىتىغا مۇۋاپىق ھالدا يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، بىر قەدەر تەرەققىي قىلىشقا باشلايدۇ. ئالتاي، چۆچەك، ئېلى، قەشقەر، ئاقسۇ ۋە كورلىلاردىمۇ قول يازمىلار بىلەن گېزىت چىقىرىلىدۇ. بۇ گېزىتلەر شۇ چاغدىكى بىر قىسىم دېموكراتىك ۋە مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن خەلقنى ۋە مىللەتنى ئويغىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىناقلىقىنى، بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچ، ھۆرمەتنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدا تەشۋىق



ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىزنىڭ گېزىتكە بولغان ئىشەنچى ۋە قىزىقىشىمۇ بارغانسېرى ئاشىدۇ. ھەرقايسى جايلاردا گېزىت - ژۇرناللارنىڭ چىقىرىلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاڭ - پىكرى كۈندىن - كۈنگە كۆتۈرۈلۈپ، گېزىت - ژۇرنال ئوقۇيدىغان كىشىلەرمۇ كۆپىيىدۇ، شۇ چاغدا مەلۇم بىر مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن تەھرىر بۆلۈمىمىزگە مۇنداق مەزمۇندا بىر پارچە خەت كەلگەن ئىدى.

«بىز ھازىر گېزىت - ژۇرنالنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئوقۇش قورالى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەكتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەكتەپتىكى 180 نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى گېزىتكە مۇشتەرى بولدۇق. دەرستىن چۈشكەن چاغلاردا گېزىت ئوقۇپ مۇزاكىرىلىشىمىز. ھازىر بىز گېزىت ئوقۇشقا شۇنداق قىزىقىمىزكى، گېزىت چىققىچە ئالدىراپ تاقىلداپ كېتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن گېزىتنى كۈنلۈك قىلىپ چىقىرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

گېزىت، بىرىنچىدىن، ئادەمنىڭ ئاڭ - پىكرىنى ئاچىدۇ، ئىككىنچىدىن، دۇنيا ۋەزىيىتىدىن تولۇق خەۋەردار قىلىدۇ، ئۈچىنچىدىن، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن مەقسەتلىرىنى ۋە خەلق تۇرمۇشىدا بولغان يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى تونۇشتۇرىدۇ. بىز ئوقۇغان دەرسىمىزدىن بىر ھەسسە ساۋاتقا ئىگە بولساق، گېزىتتىن بىر نەچچە ھەسسە مەلۇماتقا ئىگە بولىدىكەنمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق كىشى ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرۇشنى خالىسا، گېزىتكە مۇشتەرى بولۇشى كېرەك. خۇسۇسەن مۇئەللىملەر، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۆلىمالىرىمىز گېزىت - ژۇرناللارنى قازا قىلماي ئوقۇش بىلەن گېزىت ئوقۇيالمايدىغان كىشىلەرگە ئېرىنمەي ئوقۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى چۈشەندۈرۈشلىرى كېرەك.»

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى گېزىتىنى خەلقنىڭ تەلىپى بويىچە كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاش ئۈچۈن بار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. 1935 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئېچىلغان ئۇيۇشمىنىڭ ئومۇمىي ھەيئەتلەر مەجلىسىدە تۆۋەندىكىچە قارار چىقىرىلغان ئىدى.ھازىردىن باشلاپ مەنبەئە خادىملىرىنى تەييارلاش؛ گېزىتنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاپ، بەت سانىنى كۆپەيتىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا چىقىرىپ تۇرۇش؛ جايلارغا باردىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە جايلاردىكى ئۇيۇشمىلار ئارقىلىق مۇشتىرىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش؛ مۇخبىرلار تورى تەشكىل قىلىپ، ئۇلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، گېزىت ئەتراپىغا يېڭىدىن - يېڭى قەلەم كۈچلىرىنى توپلاش؛ جايلاردىكى گېزىتخانىلار بىلەن بولغان ئالاقىنى چىڭىتىپ، ئۇلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش؛ گېزىتلەردە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، مەدەنىي - مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى — سانائەت، سودا، تەنتەربىيە، سەھىيەدىن، ئەخلاق، ئىنتىزام، پۇل - مۇئامىلە، كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش، مەدەن كانلىرىنى ئېچىش، يېزا ئىگىلىكىنى يېڭى ئۇسۇلدا، يېڭى ماشىنىلار بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەدەبىيات ۋە سانايى نەپىسە ئىشلىرىنى، خارجى ئاخباراتلارنى، شەھەر - يېزىلاردا، يۇرت ئارىسىدا بولغان ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا خەلققە يەتكۈزۈپ تۇرۇش؛ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلىپ، ئۇنىڭغا پائال ياردەملىشىش؛ مەكتەپلەردە تام گېزىتى چىقىرىشقا باشلامچىلىق قىلىش؛ ئوقۇغۇچىلارغا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چىڭىتىش تەربىيەسى بېرىش، تىرىشىپ يەن -



بىلىم ئىگىلەش، تەرتىپ - ئىنتىزامنى كۈچەيتىش ۋە يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا ماقالا، شېئىر، قوشاق يېزىش، نۇتۇق سۆزلەش، دېكلاماتسىيە ئېيتىشقا ئۇيۇشتۇرۇش؛ يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيۇشمىنىڭ مەقسەت ۋەزىپىلىرىنى، بولۇپمۇ تەشۋىقات ئىشلىرىنى يولغا قويۇش؛ ئۇرۇمچى مەدەنىيەت كلۇبى يېنىدا بىر قىرائەتخانا تەشكىل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل كىتاب، گېزىتلەرنى قويۇش؛ ئاساسلىق گېزىت قارمىقىدا ئايدا بىر قېتىم چىقىدىغان بىر ژۇرنال نەشر قىلىش؛ چىقىرىلىدىغان كىتاب - ژۇرناللارنى مائارىپ نازارىتىدە تەشكىل قىلىنغان تەكشۈرۈش ھەيئىتىگە مەلۇم قىلىپ، ئۇلارغا مەدەنىي ئاقارتىش جەھەتتىن ماسلىشىش، ئۇندىن باشقا يەنە ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن «يېڭى شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن گېزىتنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىكىگە تۆۋەندىكى كىشىلەر تەيىنلەنگەن ئىدى: ئابدۇللا داموللا، مەنسۇر ئەپەندى (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىپ، شېڭ شىسەيگە مەسلىھەتچى بولغان، بۇ كىشىنى باشقىلار سىياسىي رەھبەر دەپمۇ ئاتايتتى)، بۇرھان ئەپەندى، ۋەلى ئەخمەت ئەپەندى، سابىت ئەپەندى، شاۋدۇن ئەپەندى، ئېلى ئەپەندى، رەقىبجان ئەپەندى، ئىلھامجان ئەپەندى، نىغمەت خەلپىتىم، تۇردى ئەپەندىلەر گېزىت مۇھەررىر ھەيئەتلىرى، مەنسۇر ئەپەندى بولسا، مەسئۇل مۇھەررىر بولغان ئىدى.

1935 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن باشلاپ، گېزىت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالدۇرۇلغان مىق - مەتبەئەدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» دېگەن نام بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەننىي ھەم ئەدەبىي نەشر ئەپكارى بولۇپ

2000 نۇسخىدىن كۆپرەك تىراژدا تارقىتىلىشقا باشلىدى. گېزىت مىق-مەتبەئە بىلەن چىققاندىن كېيىن، خەلقىمىز ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر بىلىم ئېلىش سەھىپىسى، جەمئىيەتتىكى يېڭى-يېڭى ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىدىغان ۋە ئۇچۇر بېرىدىغان خەۋەرچىسى قىلىۋالدى. شۇڭلاشقا تەھرىر بۆلۈمىگە گېزىتنى مەدھىيىلەيدىغان خەتلەر كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى. گېزىت ئاشىنالىرىدىن بىرىسىنىڭ خېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» — سەن ھۆكۈمەتنىڭ نەشىر ئەپكارى، سەن نۇر ياغدۇرغۇچى، ئازادلىق تېڭى. سەن ئەركىنلىك مەيدانى، بىرلىك دەستۇرى، سەن سائادەتلىك ھاياتنىڭ خۇشخەۋەرچىسى، سەن مەدەنىيەت ئوچىقى.

نەمۇنىلىك ئەركىن يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش، ئالتە سىياسەتنى تۇرمۇشقا تەدبىقلاش، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى پۈتۈن خەلقىمىزگە ئۇختۇرۇش سېنىڭ تىلىكىڭ، سېنىڭ توپ مەقسىتىڭ! سېنىڭ بىلەن يۇقىرىقىلارنى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ. سەن ئارقىلىق جاھانگىرلارنىڭ شۇملۇقلىرىنى پاش قىلغىلى بولىدۇ. سېنىڭ بىلەن مىللەتلەر دوستلۇقى مۇستەھكەملىنىدۇ.

يېڭى شىنجاڭنى جۇڭخۇانىڭ ئايرىلماس نەمۇنىلىك بىر ئۆلكىسى قىلىپ قۇرۇش، مەزلۇم مىللەتلەرنى ئاچكۆز جاھانگىرلارنىڭ تۆمۈر پەنجىسىدىن قۇتقۇزۇش يولىدا كۆرەش قىلىش سېنىڭ گىگانت بۇرچىڭدۇر. سەن بىزنىڭ يول كۆرسەتكۈچىمىز، سەن بىزنىڭ سۆيگۈمىز.»

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن شىنجاڭدا «جاھانگىرلىككە قار-



شى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەمىر قىلىش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇقنى چىڭىتىش، پارىخورلۇقنى يوقىتىش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش» تىن ئىبارەت ئالتە سىياسەت يولغا قويۇلغان ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ چاغدا چىققان گېزىتلەرنىڭ بەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئاساسەن مۇنداق بولاتتى: 1-بەتكە — ئالتە سىياسەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى، ئىجراسى توغرىسىدا يېزىلغان چوڭ-چوڭ ماقالىلار، ئوبزورلار، ئۆلكىنىڭ مۇھىم خەۋەرلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ سۆزلىرى ۋە يىغىن خەۋەرلىرى، خىزمەت دوكلاتلىرى بېرىلەتتى؛ 2-بەتكە — دېھقان-چارۋىچىلىق، قۇرۇلۇش خەۋەرلىرى ۋە بۇ ھەقتە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلار، ئىلمىي لېكسىيىلەر بېرىلەتتى؛ 3-بەتكە — مائارىپ، سەھىيە، سانايى نەپىسە ھەققىدە يېزىلغان خەۋەر، ماقالىلار بېرىلىشتىن تاشقىرى، پات-پات بۇ بەتنىڭ بىر قىسمىغا ئەدەبىي ئەسەرلەر بېرىلەتتى. 4-بەتنىڭ بىر قىسمىغا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى، بىر قىسمىغا خەلقارا خەۋەرلەر، ئىئانە توپلاش خەۋەرلىرى، ئۇختۇرۇش، ئېلانلار بېرىلەتتى.

1936-يىلىغا كەلگەندە «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» «تىيانشان» نامى بىلەن چىقىۋاتقان خەنزۇچە گېزىت بىلەن بىرلەشتى. گېزىتنىڭ رەھبەرلىك بەزىسى قايتا تەشكىللىنىپ، ۋاڭ باۋچيەن (3-ئىنتېرناتسىئونالدىن ئەۋەتىلگەن كىشى ئىدى) گېزىتخانىنىڭ باشلىقى، مەنسۇر ئەپەندى مۇئاۋىن باشلىقى، ئايۇپ مەنسۇر باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلەندى. تەھرىر بۆلۈمىدە ئەسئەت ياقۇپ، خەلىل ساتتار، ۋەلىخان

قاتارلىق كىشىلەر ئىشلەيتتى. 36 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە باش مۇھەررىرلىككە مەرۇپ سەئىدى تەيىنلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئابلىز شىرىپى، قاسىم پەرسا، ئىبراھىم شامساق دېگەن كىشىلەر گېزىتخانىغا تەقسىم قىلىنىپ، تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىدى. گېزىتخانا نەشرىيات بۆلۈمىگە بەدىردىن، مايناپ بەكمىتوپ دېگەن كىشىلەر، مەسئۇل بولۇپ، گېزىتنى ئۈرۈمچى شەھىرىگە نامان ئاكا تارقىتاتتى. باسما ئىشلىرىغا ئىمىنجان دېگەن كىشى مەسئۇل بولۇپ، نابۇر بۆلۈمىدە ئەخمەت يۈسۈپ، تۇرسۇن كىبىر، مۇسا سايىت، مۇقاش، ئەكرەم، مەنسۇر، تۇردى دېگەن كىشىلەر ئىشلەيتتى.

ئەينى يىللاردا مەتبەئە تېخنىكىسىنى تولۇق بىلىدىغان ئىشچىلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىش شارائىتى ناھايىتى ناچار بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئىشچىلار يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلەتتى. 30 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى مەتبەئە ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ۋەكىللىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى زور بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنە نۇرغۇنلىغان مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرى ئالدۇرۇلدى. ئىشچىلار تىزىش، بېسىش، سىنكوگراف، ئىستىرائىپ تېخنىكىسىنى تېز ئىگىلەپ، گېزىتنىڭ سۈپەتلىك چىقىشىغا ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇش ئۈچۈن تىرىشقان ئىدى. سىنكوگراف تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن نۇربۇساقوپ، خالىق، مەمتىمىن توختى، قاسىم روزى قاتارلىق يولداشلار گېزىتنى ھەر خىل فوتو سۈرەتلەر بىلەن سۈپەتلىك چىقىرىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز بىجانىدىللىق



بىلەن ئىشلەيتتى. مەتبەئە تېخنىكىسى ئەيسا ئاكا. ئەخمەت سەمەتلەر گېزىتخانىغا كەلگەندىن كېيىن، گېزىتنىڭ بېسىلىش سۈپىتى تېخىمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىدى ۋە زور بىر تۈركۈم ئاخباراتچى ۋە مەتبەئە ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن 1936 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى ئاخبارات، تېخنىك كادىرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچتى. 1 ـ قارارلىق كۇرستا ئۇيغۇرلاردىن غوپۇر توختى، ئىسمايىل نەمەتلەر ئوقۇدى. 2 ـ قارارلىق ئوقۇغۇچىلار پۈتۈنلەي خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئىدى. 3 ـ قارارلىق كۇرسقا 12 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇلار كېيىنچە شىنجاڭ ئاخبارات، مەتبەئە خادىملىرى ۋە تېخنىكلارنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد قوشۇنى بولۇپ قالدى. نۇرغۇنلىرى شىنجاڭنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىپ، ھازىرغىچە كىشىلەر تەرىپىدىن ئەسلەنمەكتە.

مەن بۇ ئەسلىمەمدە ئاساسەن شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مائارىپنىڭ تەرەققىياتى، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۆرەش تەشۋىقاتى ساھەسىدە ئوينىغان رولى جۈملىدىن كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭدىكى ھەر خىل سىياسىي كۈچلەرنىڭ كۆرەشلىرى ھەققىدە ئېسىمدە قالغان ئىشلارنىلا بايان قىلماقچىمەن. بۇ پەقەت باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتە تەپسىلىراق بىرەر ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقىشى ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ياڭ زېڭشىڭ، جىن شۇرېنلار شىنجاڭدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى نادانلىقتا قالدۇرۇشنى مەقسەت قىل-

غان ئىدى. شۇڭا شىنجاڭدا ئاز بىر قىسىم دىنىي مەكتەپنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىرەر بىلىم ئېلىش يۇرتلىرىمۇ يوق ئىدى. ئىككىنچىدىن مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك، بىر - بىرىگە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چېچىپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى سۈركىلىشتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى قوغداپ كەلگەنىدى. لېكىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىلىرىنىڭ ۋە بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك زاتلارنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭدا يېڭى دەۋرنىڭ باشلىنىشىدىن بىشارەت بېرىلدى. مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق، بىر - بىرىنى كەمسىتىش، بىر بىرىگە ئىشەنمەسلىككىنى تۈگىتىش زامان تەلىپى بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گېزىتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى.

1936 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چىققان گېزىتتە «جاھاندىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئەڭ يامان زىيانلىقراقى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ھوقۇقسىزلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىق» دەپ يېزىلغان بولسا، گېزىتنىڭ ئەدەبىيات بېتى قىسمىدا:

مىللىتىم نادان قېلىپ، ئىشلە خەلقىم سەن ھارماي،
كۆرگەن كۈنىڭنى ئۇنۇتما. غەپلەت ئىچىگە پاتما.
بولدى شىنجاڭ ئىتتىپاق، ئەمدى سەن بۇرۇنقىدەك،
بىر - بىرىڭدىن ئايرىلما. بىر - بىرىڭنى ئالدىما.
(زەينىدىن ئابدىۋاھىدوف).

گېزىت يۇقىرىقىدەك شېئىر ۋە نەسرى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ بېسىش ئارقىلىق شىنجاڭ خەلقىنى مەرىپەتكە، ئۆملۈككە، بىرلىشىپ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشقا چاقىرىق قىلاتتى.

شىنجاڭ خەلقىنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىگەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرى مائارىپنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى پەننى مەكتەپلەرنى كۆپلەپ قۇرۇشقا تىرىشقانىدى. بۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىقتىسادىي يېتىشمىگەنلىكتىن خەلقتىن ئىئانە توپلاش يولى بىلەن بەزى ئىشلار قىلىناتتى. بولۇپمۇ شۇ چاغدا «يېڭى شىنجاڭ گېزىتى» نى باشقۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قارمىقىدا ئورغۇنلىغان يېڭى پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى. جايلاردىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارمۇ گېزىت تەشۋىقاتىنىڭ رولى بىلەن ئۆز پۇلىغا 4 ، 5 سىنىپلىق مەكتەپلەرنى سېلىپ بەردى. گېزىتتە بېسىلغان مەدەنىي ئاقارتىش تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى يوللار ئېچىلدى. بەزى ئىلگىرىلەشلەر كۆرۈلدى. مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالدۇرۇلدى، ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى، ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى يېڭىلاندى ۋە تەكشۈرۈپ تۈزۈلدى، پات - پات يىغىنلار ئېچىلىپ، ھەرقايسى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرى ئېلىناتتى. مەكتەپلەر ئۈچۈن ئوقۇش كىتابلىرى، خەرىتە، پارتا، قارا تاختا ۋە باشقا كېرەكلىك جاھازلار ھازىرلىنىپ، ئوقۇش شارائىتى يېتىلىنىپ تۇراتتى. ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ دارىلفۇنۇن مەكتىپى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى تاماملىنىپ، 1936 - يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشلىنىپ كەتتى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىمۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى ئېچىلغانىدى ۋە مۇئەللىملەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، بىلىمىنى ئاشۇرۇش يولغا قويۇلدى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن جايلاردا كەچكى كۇرسلار

كەينى - كەينىدىن مەيدانغا كەلدى. بۇ ھەقتىكى خەۋەر - ماقالىلار گېزىتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيتتى. ئەدەبىيات بېتىدىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق شېئىر - قوشاقلار بېسىلغانىدى:

ئۇ جاھالەت ۋاقتى كەتتى، ئۆلكىمىزدە ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىشقا،
ئىلىم - بىلىم ۋاقتى يەتتى. سىياسىي ئاڭ پىكرىمىزنى ئارتتۇرۇشقا.
ئىلىم ئىرفان سۈيى بىلەن، ئۆلكىمىزگە ئىلىم - ھۈنەر توشقۇزۇشقا،
ۋەتىنىمىزنى سۇغار ئەمدى. ئەمدى بىزلەر ئوقۇيمىز ھەم ئىشلەيمىز.
(ۋەلى خان) (ئابدۇكېرىم سابىر)

بۇ شېئىر - قوشاقلار ئەينى ۋاقىتتا خەلقنى ئويغىتىش، ئىلىم ئېلىش، ھۈنەر سەنئەت ئىگىلەش، ئىتتىپاقلىشىشقا ئۈندەش رولىنى ئوينىغانىدى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى خەۋەر - ماقالىلارغا ھەر سان گېزىتنىڭ كۆرۈنەرلىك جايلىرىدىن ئورۇن بېرىلەتتى. شىنجاڭ خەلقىنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، پىلە قۇرۇتىدەك ئىچكىرىلەپ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى بېسىۋالغانلىقى ۋە تاجاۋۇزچىلار ئايرىم ئۆلكىلەردە قورچاق ھاكىمىيەتلەرنى قۇراشتۇرغانلىقىغا قارشى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلەيتتى ھەمدە خەلق ئاممىسىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات تەربىيىسى بېرەتتى، شىنجاڭ خەلقىنى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلقنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرىشىگە ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇش ئۈچۈن دەۋەت قىلاتتى.

1935 - يىلى قىش پەسلىدە ياپون جاھانگىرلىكى ئىچ-



كى موڭغۇلىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، سۈيۈەن سوقۇشىنى قوزغىدى. 37 - يىلىنىڭ ئەتىيازلىقى ياپون جاھانگىرلىكى شىمالىي جۇڭگودا ئەسكەر كۆپەيتىپ، 29 - ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، «7 - ئىيۇل» لوگوچياۋ مۇداپىئە ئۇرۇشى باشلاندى. 1937 - يىل «7 - ئىيۇل» قانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى ئويغاندى. 13 - ئاۋغۇستتىن باشلاپ، پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە ئاتلاندى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاق بولۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غالجىرانە تاجاۋۇزىغا قارشى قەھرىمانە كۈرەشكە ئاتلىنىپ، ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگونى مۇنقەرز قىلىش خام - خىيالىنى تارمار قىلىپ، مۇداپىئەدىن تىركىشىش باسقۇچىغا ئۆتتى. بۇ چاغدا گېزىتتە ئاساسەن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرىشىگە ئائىت خەۋەر - ماقالىلەر مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. گېزىتنىڭ تىراژىمۇ كۆپىيىپ 5000 دىن ئاشتى. گېزىتنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» بولۇپ چىقىشقا باشلىدى. «شىنجاڭ گېزىتى» بۇ چاغدا ئاساسەن مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى، شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى ۋە تاس سىنىڭ تارقاتقان خەۋەر - ماقالىلىرىنى ئىشلىتەتتى.

مەن 1941 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گېزىتخانا تەرىپىدىن ئېچىلغان ئاخبارات تېخنىك كادىرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ 3 - قارارىغا ئوقۇشقا كىرگەن ئىدىم. بۇ چاغدا گېزىتخانا ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ چىققىنىغا بىر يىلدىن سەل ئاشقانىكەن. گېزىتخانىدىمۇ بەزى يېڭىلىقلار

كۆرۈلۈۋاتقانىكەن. گېزىتخانىنىڭ باشلىقى يەنىلا ۋاڭ باۋچيەن دېگەن كىشى بولۇپ، گېزىتخانىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىدە يەنئەندىن كېلىپ، گېزىت چىقىرىش ئىشىغا ياردەملىشىۋاتقان بىر قانچە كوممۇنىست يولداشلارمۇ بار ئىكەن (بۇلارنىڭ كوممۇنىست ئىكەنلىكىنى كېيىنچە بىلگەن ئىدۇق). بۇلاردىن مېنىڭ ئېسىمدە پەقەت لى بېيەنجىاڭ ۋە ۋاڭ يى دېگەن كىشىلەرلا قاپتۇ، چۈنكى بۇ كىشىلەر بىز بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشاتتى ۋە بىزگە ئۆز قېرىنداشلىرىدەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلار دائىم بىرلىكتە ئۆگىنىش قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇشى ۋە قىزغىن ئوچۇق چىراي يۈرۈشلىرى بىزنى قىزىقتۇراتتى. مەن ئىدارىغا كىرىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىنكى بىر كۈنى، دائىم كۆزەينەك تاقاپ يۈرىدىغان ئوتتۇرا بوي، جۈدگرەك كەلگەن لى بېيەنجىاڭ دېگەن كىشى ھازىرقى دۆڭدىكى كورپۇس ئۆيىنىڭ ئالدىدا مېنى كۆرۈپ، سەمىمىي مېھرىبانلىق بىلەن قانچە ياشقا كىردىڭ؟ ئېتىڭ نېمە؟ دەپ سورىدى. مەن 14 ياشقا كىرگەنلىكىمنى ۋە ئىسمىمنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، مېنىڭ دۈمبەمگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، خۇددى ئۆزىنىڭ بالىسى ياكى ئىنىسىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مېھرىبانلىق بىلەن «ياخشى ئۆگەن، سەن تېخى كىچىك ئىكەنسەن، سىلەر قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار» دەپ ئەكىلىتىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ ئادەمنى كۆرسەم قورۇنمايدىغان ۋە ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ تېچلىق سورايدىغان بولۇپ قالدىم. ئارىدىن يەنە بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئاخشىمى بىزنىڭ ياتاققا كىرىپ، بىر قانچىمىز بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئاۋۋال بىزنىڭ ئۆگىنى-



شىمىزنى، تۇرمۇش ئەھۋالىمىزنى سورىدى. ئۇ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى ماركسىزمنىڭ داۋلىلىرىنى چۈشەندۈردى، گومىنداڭنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مىللىي بىرلىك سەپىنى بۇزغانلىقىنى غەزەپ بىلەن سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئىنقىلابنىڭ بەزى داۋلىلىرىنى چۈشىنىۋالدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار بىزگە ھەر دائىم دېگۈدەك ئىنقىلابىي شېئىرلارنى ئۆگىتەتتى. بىر كۈنى يولداش ۋاڭ يى بىزگە «لىيەنخې چىلەي» دېگەن شېئىرنى ئۆگەتتى. ئۇ، بۇ شېئىرنى بىزگە شۇنداق ئىشتىياق بىلەن ئۆگەتتىكى، بىز ئۆگىنىۋالغىچە بىزدىن ئايرىلمىدى. بەزىلىرىمىزنىڭ تىلى كەلمىسە، ھەرگىز خاپا بولمايتتى، سەمىمىي كۈلۈپ تۇرۇپ، قايتا - قايتا ئۆگىتەتتى. ئۇلار ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلسا، ئىنتايىن بېرىلىپ قىلاتتى، بىز ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىستىلىدىن رازىمەن ئىدۇق.

42 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، ئۇلار بىز يەنئەنگە قايتىدىغان بولدۇق، دەپ بىز بىلەن يىغلىشىپ تۇرۇپ خوشلاشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈنۈپ ئوقۇيدىغان كىتابلىرىنى، ئىشلەتكەن قەلەم قاتارلىقلىرىنى بىزگە سوۋغا قىلىپ قالدۇرغانىدى. كېيىن بىلسەك، ئۇلار يەنئەنگە كەتمەي، شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە سولۇنۇپتۇ، بىز بۇنىڭغا قاتتىق ئېچىندۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ سەمىمىي قېرىنداشلارچە قىلغان مۇئامىلىسى ۋە بىزگە بەرگەن تەربىيىسى ھازىرمۇ ئېسىمدىن چىقمىدى. مەن ئۇلارنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن.

ئۇيغۇرچە، قازاقچە، روسچە گېزىت تەھرىر بۆلۈملىرى بىلەنمۇ، خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمىدىكى كوممۇنىست يولداشلار قويۇق ئارىلىشاتتى ۋە ئۇلار بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ،

تەشۋىقات نىشانىسى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ تۇراتتى. شۇڭا گېزىتتە بېرىلگەن ماقالە، خەۋەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ بېيىپ بارغانىدى. ئۇيغۇر، قازاق گېزىتىگە ھامۇت مەمەتوۋ دېگەن كىشى مەسئۇل بولۇپ. ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە پولات قادىرى، ئۇيغۇر سايرانى، ئەسئەت تاھىر، بەدىردىن، ئەمەت زىيا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، خەلىمە ھەلىموۋ، رەۋەيدۇللا، توختايوپ، پەرىدە قاتارلىق كىشىلەر ئىشلەيتتى. كېيىنچە نۇرسادىروۋ، تۇرسۇن ۋاھىدىلار كېلىپ قوشۇلدى. قازاق تەھرىر بۆلۈمىگە شەمسى دېگەن كىشى مەسئۇل بولۇپ، تەھرىر بۆلۈمىدە غەزىز سارمۇللا، نەزىر، غېنىنەزات شاكىرىم، ئامانتۇر (قىرغىز)، قوسبەك، شېرىپخان قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. بۇ چاغدا مەتبەئە ئىشلىرىمۇ خېلى تەرەققىي قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر مۇنچە سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى كېلىپ مەتبەئە ئىشلىرىغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلاتتى. گېزىتخانا شۇ زامانغا نىسبەتەن مەلۇم تېخنىك قۇرۇلمىغا ئىگە نۇرغۇنلىغان باسما ماشىنىلىرىنى ۋە ھەر خىل ھەرپ نۇسخىلىرىنى ئالدۇرغانلىقتىن، گېزىتنىڭ بېسىلىش سۈپىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە گېزىتلەر «شىنجاڭ گېزىتى» دېگەن نام بىلەن چوڭ تۆت بەتلىك بولۇپ، روسچە گېزىت «بىلىيوتىننى» دېگەن نام بىلەن كىچىك تۆت بەت بولۇپ چىقاتتى. بۇ گېزىتلەرنىڭ ھەر قايسىنىڭ ئايرىم - ئايرىم تەھرىر بۆلۈملىرى بولۇپ، شۇ چاغدىكى تەشۋىقات پىلانلىرىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، ھەر قايسى تەھرىر بۆلۈم مەسئۇللىرى ئىدارە باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىر يەرگە يىغىلىپ، مەسلىھەتلىشىپ، بىرلىكتە بېكىتەتتى. چوڭ ئوخشاشلىق، قىسمەن



ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يەرلىك ماقالىلارنى ۋە بەت ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ھەر قايسى تەھرىر بۆلۈملىرى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلاتتى. بۇ چاغدا گېزىتنىڭ تىراژى 10 مىڭدىن ئېشىپ، مۇشتەرىلىرىمۇ ئاۋۇدى. بولۇپمۇ گېزىتتىكى ماقالە، خەۋەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازىدىغان مىللىي ئاپتورلار كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيدى، گېزىتنىڭ ئەدەبىيات بېتىگە شىنجاڭنىڭ بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدىكى زىيالىيلار ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلىدى. ئىنقىلابىي قۇربان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت يۈرەك شائىرى ل. مۇتەللىپ، گېزىتنىڭ ئەدەبىيات بېتىگە مەسئۇل تەھرىر بولغاندىن كېيىن، «ئەدەبىيات گۈلزارى» مەخسۇس بېتىنى چىقىرىپ، زىيالىيلارنىڭ ئالقىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە تېخىمۇ سازاۋەر بولدى. ل. مۇتەللىپ گېزىتخانىدا پائالىيەتچانىدى، ناھايىتى قىزغىن ئىدى. ئۇ ئەدەبىيات بېتىنى ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى كەچتە نابۇر سېخىغا كېلىپ، بەت ياسىتىش، ئىشچىلارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىش ۋە قىزىق چاقچاقلارنى قىلىپ، ئىشچىلار بىلەن ئىچىكىپ كەتكەن ئىدى. بىر كۈنى ئەدەبىيات بېتىنى ياسىغان بەنچىك يولداش بەتكە بىر ئاز شېئىر كەملەپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مۇتەللىپ بەنچىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى ھەر قانچە قىلىپ تولدۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ، بەنچىكنىڭ ئۈستىلى ئۈستىدىلا:

«مەرىپەت ئىزدە، ئېرىنمە،
سەرىپ ئەتكىن كۈچۈڭنى.
بۇياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى،
ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى»، دەپ بىر كۇپ-

لىت شېئىر يېزىپ كەم ئورۇننى تولدۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇندىن باشقا مۇتەللىپنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە تەشكىللىشى بىلەن گېزىتخانىدا بىر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. مۇتەللىپ يازغان «شامشاق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «پىرخون» ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى كۆرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «تاڭ ئالدىدىكى كۆرەش» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى گېزىتخانا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچىنىڭ ھەرقايسى كۇلۇبلىرىدا ئويناپ چىققان ئىدى، ئاساسلىق روللارنى مۇتەللىپ ئۆزى ئالاتتى. بۇ سەھنە ئەسەرلىرى خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆرەشكە چاقىراتتى، بىلىم ئېلىشقا ئۈندەيتتى. ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش — جۇڭگو خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدىكى بىرىنچى ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش رولىنى ئوينايتتى، خەلقنى ئىنقىلابى روھ بىلەن تەربىيىلەيتتى. بۇ خىل ئىنقىلاۋىي كەيپىياتتىن چۆچىگەن جاھالەت كۈچلىرى ل. مۇتەللىپنى بۇ قايىنام - تاشقىن مۇھىتتىن چەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاقسۇغا يۆتكىۋەتتى.

1941 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى گېتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزۈشكەن 10 يىللىق تىنچلىق شەرتنامىسىنى شەرمەندىلەرچە يىرتىپ تاشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەڭ كۆلەملىك چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم باشلىدى. بۇ چاغدىكى شىنجاڭ گېزىتىدە ئاساسەن شەرقتە ياپون جاھانگىرلىكىگە، غەربتە گېتلېر گېرمانىيىسى بىلەن موسسولىنى باشچىلىقىدىكى ئىتالىيە فاشىستلىرىغا قارشى خەلقئارا خەۋەرلەر كۆپلەپ بېرىلىپ تۇردى. بۇ ھالەت تا 1943 - يىل



شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىنىڭ ساختا قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئاتقانغا قەدەر داۋاملاشتى. 43 - يىلى يېڭى يىلدا بىر ماقالە ئېلان قىلىندى. گومىنداڭنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئادەملىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى پائالىيەتلىرى خەۋەر قىلىندى. بۇ ماقالىدا ئوچۇقتىن - ئوچۇق كوممۇنىزمغا قارشى تەشۋىقات باشلىنىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلغار زىيالىيلارغا زەربە بېرىش باشلىنىپ، كىشىلەر تۇتۇلۇشقا باشلىدى. ئۈيغۇر سايرانى، ئۆتكۈر، نۇر سادىروۋ قاتارلىق كىشىلەر بىراقلا تۈرمىگە تاشلاندى. ئۇلار تۈرمىدە بۇرۇن گېزىتخانىدا ئىشلىگەن كوممۇنىست يولداشلار بىلەن ئۇچرىشىپ، بەزىلىرى بىر كامېردا ياتتى. مەسىلەن: ئۈيغۇر سايرانى بۇرۇن گېزىتخانىدا ئىشلەپ كېيىن دارىلفۇنۇنغا يۆتكەلگەن گوجىگۈزى، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنغا مۇئەللىم بولغان يى جەن، گۇڭگەن ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن ليۇخېفىڭ دېگەن كىشىلەر بىلەن بىر كامېردا يېتىپ ئۇلار بىلەن ناھايىتى يېقىن سىرداش بولۇپ كەتكەن ئىدى. گېزىتكە نىسبەتەن گومىنداڭنىڭ ناھايىتى قاتتىق نازارىتى بولۇپ تۇرسىمۇ، بۇ چاغدىكى گېزىت سەھىپىلىرىدە ئەينى زاماندىكى سىياسىي كۆرەشلەر، ھەر خىل سىياسىي قاراشلار، بارلىق ئاسارەتلەر، كىشىلەرنىڭ پارلاق كېلەچەك ئۈچۈن بولغان ئارزۇ - ئارمانلىرى بايان قىلىناتتى. گېزىتىمىز ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى ئارزۇ قىلغان كىشىلەر ۋە نەپسانىيەتلىك بىلەن تولغان چىرىك جەمئىيەتكە قارشى ئىلغار ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىپ، كەڭ ئاممىنى پارلاق كېلەچەك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىراتتى. كىشىلەردە گېزىت تەشۋىقاتى ئارقىلىق چىرىك، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان جەمئىيەتكە ئۆچمەنلىك ۋە كەلگۈسى يېڭى جەمئىيەتكە نىسبەتەن مۇس-

تەھكەم ئىشەنچ تۇرغۇزغان ئىدى.

1944 - يىلى ئازادلىق، ئەركىنلىك، تەڭلىك - باراۋەرلىك ئۈچۈن قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي پۈتۈن شىنجاڭغا ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتتى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرى تېزلا تارقاپ، خەلق ئاممىسىنى ئويغاتتى. تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار كۈچلەر تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى قانات يايغۇزۇۋەتتى.

1945 - يىلىغا كەلگەندە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىشپىيون - جاسۇسلىرى ئىگىلىۋالدى. ھەرقايسى تەھرىر بۆلۈملىرىگە بولۇپمۇ گېزىتچىلىكنىڭ مۇھىم ھالقىلىرىدىن بىرى بولغان باسما زاۋۇتىغا ئىشپىيون - جاسۇسلار ھەر خىل ناملار بىلەن كىرىۋالدى. ئۇلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى چەكتىن ئېشىپ، كىشى تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. شۇڭلاشقا 1945 - يىلى 9 - ئايدا مۇئاش تارقىتىشتىكى ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن باسما زاۋۇتتىكى بارلىق ئىشچىلار ئىش تاشلىدى. باسما زاۋۇتىدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، رۇس، تاتار، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەت ئىشچىلىرى ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلدى، بۇ ئىش شۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەخمەتجان ئەپەندىگە ئاڭلانغاندىن كېيىن، ئۇ: «مەتبەئە ئىشچىلىرى سانائەت



ئىشچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئاڭلىق ئىشچىلار قوشۇنى، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى ناھايىتى توغرا بوپتۇ. بۇنى مەن قوللايمەن. ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئۇلارغا ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر ئىستاكان سۈت، تۆت چاقماق قەنت، تويغىچە بولكا بېرىش لازىم» دېگەن.

1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالاندى. 11 ماددىلىق بىتىمدە «خەلققە مەتبۇئات ئەركىنلىكى بېرىلىدۇ» دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نى ئايرىپ چىقىشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭغا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تۈرلۈك يوللار بىلەن قارشىلىق قىلدى. لېكىن گېزىتخانىدىكى ئىلغار زىيالىيلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى شىنجاڭ گېزىتىنى ئايرىپ چىقىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. گېزىتخانىدىكى خادىملارنىڭ بۇ ھەرىكىتى جەمئىيەتتىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاخىرى 1946 - يىل 12 - ئايدا ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نى چىقىرىۋاتقان بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر پۈتۈن بىر يۈرۈش مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنى ئايرىپ، نەنلىياڭغا كۆچۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر سايرانى ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ باشلىقى، تۇرسۇن ئىسرائىل باش مۇھەررىر، قالى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» شۇندىن ئېتىبا-

رەن ئۆزىنىڭ بۈيۈك تەشۋىقات يۈرۈشىنى ئۆزگەرتىپ،
ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى سىڭدۈرۈلگەن «ۋۇكسى»
(سوۋېت ئىتتىپاقىدا شىنجاڭ ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان
ئىلمىي، نەزەرىيىۋى، پەن - تېخنىكىغا ئائىت ماقالىلار) ۋە
ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىنى، جۇڭگو
كومپارتىيىسىنى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تونۇشتۇرىدىغان،
تەشۋىق قىلىدىغان بىردىن - بىر ئىنقىلابىي گېزىتكە ئايلاندى.
ئۇيغۇر ، قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئايرى-
لىپ چىققاندىن كېيىن، كۈندىلىك گېزىت بولۇپ چىقىشقا
باشلىدى، ئۇنىڭ خادىملىرىمۇ تولۇقلاندى. مەزمۇنى بېيى-
دى، سەھىپىلىرىمۇ كۆپەيدى. بۇنىڭدىن شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقى ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇيغۇر ، قازاق
تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» شىنجاڭدا تىنچلىق ئورنىتىش،
دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش ۋە 11 بىتىمنى قوغداپ، ئۇنىڭ
ئىجراسىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق جەمئىيەت كەيى-
پىياتى ۋە تەرتىپنى ياخشىلاشتا ئىجابىي رول ئوينىدى. بۇ
ئىككى تىلدىكى گېزىت خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسى-
نى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىنقىلابىي ئۈمىدۋار روھى ھالىتىگە
زور ئىلھام بولدى. بولۇپمۇ ياشلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتى-
تۇرۇپ، ئۇلارنى ئىنقىلابىي ئىدىيە بىلەن تەربىيىلىدى. بۇ
ياشلار ئارىسىدىن كېيىنكى چاغلاردا نۇرغۇن ئىنقىلاۋىي
ئەدىپلەر، ئاخباراتچىلار، ژۇرنالىستلار، جەمئىيەت ئەربابلىرى،
جامائەت ئىچىدە زور تەسىرگە ئىگە زاتلار يېتىشىپ چىق-
تى. بۇلار ئارقىلىق بىز «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ شانلىق
تەرەققىيات تارىخىنى - شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى-
نى ئويغىتىپ، خەلقنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ ھاكىم



مۇتلەقلىق زوراۋانلىقىغا قارشى كۈرەشتە، ئىنقىلابىي تەشۋىقات
ئىشلىرىدا ئوينىغان تارىخىي رولىنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز.
دۆلىتىمىز خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆز-
دە تۇتۇپ ھەمدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ تارىخىدىن بۇيان دا-
ۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يېقىنلىق، ئۇرۇش - تالاش، قىرغىن-
چىلىق، پاراكەندىچىلىكتىن دەستىدىن تارتقان ئازاپ - ئو-
قۇبەتلىرىگە تېزدىن خاتىمە بېرىپ، تەڭلىك، باراۋەرلىك
ئاساسىدىكى تېنچ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى
ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 بىتىمنى ئۇيغۇر ، قازاق تى-
لىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ھارماي - تالماي تەشۋىق قىل-
دى ھەمدە ئۇنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆر-
سەتتى. گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر - قازاق تىلى-
دىكى« شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ بۆلۈنۈپ چىقىش توغرىسىدى-
كى قارارىدىمۇ: «ئۇيغۇر - قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گې-
زىتى» ئۆلكىمىزنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
نىشانىنى تەشۋىق قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمان-
لىرىنى ئىجرا قىلىشقا ياردەم بېرىش، خەلقنىڭ سىياسىي
ئېڭىنى ۋە مەدەنىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت
قىلىشى لازىم...» دېيىلگەن ئىدى. ئۇيغۇر ، قازاق تىلى-
دىكى «شىنجاڭگېزىتى» بۇ قاراردىن قىلچە چەتنىمەي ئۆز
ئىشىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇردى. لېكىن شىنجاڭدا ئۆتكەن
ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتلەر دېموكراتىيىنى، خەلقنىڭ مەتبۇ-
ئات، سۆز ئەركىنلىكىنى بوغۇپ ئۇلارنى نادان، قالاق ھا-
لەتتە قالدۇرۇپ، ئۆز مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇ-
رۇنۇپ ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر، قازاق

تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 11 بېتىدە ئوتتۇرىغا
قويۇلغان ھوقۇقلارغا ئاساسەن، خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئارمان-
لىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە، خەلقنىڭ مەتبۇئات ئەركىنلىك
ھوقۇقلىرىنى تەمىن ئېتىشكە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
چىداپ تۇرالماي ئۇيغۇر - قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گې-
زىتى» گە تۈرلۈك بېسىملارنى ئىشلەتتى. مەسىلەن، گومىنداڭ
مەسئۇلتىنى ئۈلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جۇشىسى قىلىپ تەيىن-
لىدى. جايلاردا بۇنىڭغا قارشى نامايىشلار قىلىندى. بۇ
پائالىيەتلەر گېزىتتە تەشۋىق قىلىندى، مەسئۇتنى پاش
قىلىدىغان، ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان ماقالىلار بېسىلدى.
جايلاردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ خەلققە قىلغان زور-
لۇق - زومبۇلۇقلىرىنى پاش قىلىدىغان ماقالىلار ئارقا -
ئارقىدىن گېزىتكە بېرىلدى. بۇنىڭغا گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرى چىداپ تۇرالماي ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرمەك
بولۇپ، ئۇيغۇر ، قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ
باشلىقى ئۇيغۇر سايرانىنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈر-
دى. بۇ ئىش ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن ھۆكۈمەت تەركىبى-
دە تۇرۇۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمغا ئۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن،
ھەربىيلەرنىڭ بۇھەرىكىتىگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىلدى
ۋە بۇ ھەقتە ھەربىيلەر بىلەن ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى
ئوتتۇرىسىدا بىر مەزگىل خېلى كەسكىن جەڭگى - جېدەللەر بولدى.
ئاخىرى ئۇيغۇر سايرانىنى قولغا ئېلىش توغرا كەلگەندىمۇ،
بۇنىڭغا ھەربىيلەرنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ ئورۇنسىزلىقى ئوتتۇر-
غا قويۇلۇپ، بۇئىش يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا
تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەسئۇت ھۆكۈمەت-
نىڭ جۇشىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
ئورگان گېزىتى بولغان ئۇيغۇر، قازاق «شىنجاڭ گېزىتى» بۇ



خىل ماقالىلارنى بېسىشنى توختاتىمسا، ئۇيغۇر ، قازاق
«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ
مۇئاشىنى توختىتىدىغانلىقىنى ئۇختۇردى ۋە گومىنداڭ جىڭ-
بىيسىلىڭبۇسىدىن مەخسۇس كىشىلەر كېلىپ، گېزىتنىڭ بې-
سىلىشىنى نازارەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەھۋال جىد-
دىي تۈس ئالغاندىن كېيىن، يۇقىرىقىدەك ماقالىلار قاتتىق
كونترول قىلىنىپ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر ئاز ئازلىدى.
شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئاخىرى 11 بېتىم-
نى ئۇزۇل - كېسىل بۇزغانلىقتىن، ئۇيغۇر ، قازاق تىلى-
دىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باشلىقلىرى بىر قىسىم كى-
شىلەر بىلەن 1947 - يىلى 9 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابىي ھۆكۈمىتى تەرىپىگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. لې-
كىن ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە قال-
غان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتى يوشۇرۇن ھالەتكە
كۆچتى. ئۇلار شۇ چاغدا ئۇرۇمچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرى-
ۋاتقان «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» بىلەن ئالاقە باغلاپ،
(گېزىتخانىدىمۇ خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى بار
ئىدى) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى پائال تەش-
ۋىقات ئېلىپ باردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىلمى-
شىنى پاش قىلىدىغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلاۋىي تەرىپىدىن چىقىرىلغان گېزىت - ژۇرناللارنى
يوشۇرۇن تارقاتتى. بۇ چاغقا يەتكەندە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
ئۇيغۇر -قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە پولات قا-
دىرنى باشلىق، نەزىر (قازاق)نى مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ
تەيىنلىدى. گېزىتتە كومپارتىيەنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى-
نى قارىلايدىغان، ئەيىپلەيدىغان ماقالىلار كۆرۈلۈشكە باش-
لىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ۋالىي، ھاكىملىرى ۋە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قىلغان زۇلمى ئۈستىدىن قىلغان ئەرز - شىكايەتلىرى ۋە ھەققانى تەلەپلىرى گېزىتتە بېرىلمەيلا قالماي، بەلكى يەتتە ۋىلايەت خەلقىغە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلىرى كۈچىيىپ كەتتى. گېزىت خەلق نەزىرىدىن چۈشۈپ كىشىلەر ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭ تىراژىمۇ 300 - 400 نۇسخىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ چاغدا پولات قادىر بەزى مۇناسىۋەتلىك تەھرىرلەر بىلەن سۆزلىشىپ گېزىتنىڭ تىراژىنى كۆپەيتىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەن بولسىمۇ، ئۈنۈملۈك بىر تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي يەنە بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار ھەر خىل شەكىللەر بىلەن كىنايە ئارقىلىق بولسىمۇ، ئۆز ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەپ تۇردى.

1948 - يىلى 11 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە قايتىدىن تەشكىل قىلىنىپ، بۇرھان ئەپەندى رەئىس بولدى. ئەخمەتجان قاسىم، مەمتىمىن بۇغرا، يولۋاس، ئابدىكېرىم خان مەخسۇملار مۇئاۋىن رەئىس بولدى. (يولۋاسنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يولۋاس بىلەن ئابدىكېرىم خان مەخسۇم ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرمىدى.) بۇ چاغقا كەلگەندە ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا يۈسۈپ سەئىدى باشلىق بولدى، ئۇزۇنغا قالماي، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇرھان ئەپەندى ئۆزىنىڭ كاتىپى ئوشۇر ئېلىنى تەيىنلەپ، يۈسۈپ سەئىدىنى ئۆزىنىڭ كاتىپى قىلىۋالدى. ئوشۇر ئېلى گېزىتخانىغا باشلىق بولغاندىن كېيىن، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن



«يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلار ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئاشكارا ئېلان قىلىنىشتىن سىرت، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى گېزىتتىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا غەلىبىلىك كىرىشى، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدىكى ماقالىلارمۇ كەڭ تەشۋىق قىلىندى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ بۇرۇنقى باشلىقى ئۇيغۇر سايرانى، قالى، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش مۇھەررىر ئەنۋەر لوقمانلار ھۆسۈيۈن ئەبەيدۇللا، ئابلىز نازىرى، ئەيسا يۈسۈپ، خېنىت توھپى قاتارلىق تەھرىرلەرنى ئابدۇسالام، مەمىت، تۇرسۇن قاتارلىق ئىشچىلارنى باشلاپ ئۇيغۇر - قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە قايتا كېلىپ خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى.

1950 - يىلى 8 - ئايدا دىڭ لىچۈن، يۈۋسىن يولداشلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خەنزۇ تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» بىلەن بىرلىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتىگە ئايلاندى. «شىنجاڭ گېزىتى» ئاخبارات خىزمىتىگە قاتناشقان بۇ يولداشلار ئادەم قىس، شەرت - شارائىت ناچار ئەھۋال ئاستىدىمۇ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا خەلققە يەتكۈزۈپ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەرەققىياتى، پارتىيىنىڭ ئاخبارات، تەشۋىقات ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردى.

# تارباغاتاي مائارىپىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئەسلىمە

ئابلىمىت ھاجىيوپ

پۈتۈن مەملىكىتىمىز دائىرىسىدە مائارىپ خىزمىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇۋاتقان، ئىلىم - پەنگە قىزغىن يۈرۈش قىلىنىۋاتقان، مائارىپچىلارنىڭ تارىخىي ئورنى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر پەيتتە، مەن تارباغاتاي مائارىپىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا دائىر بەزى ئەھۋاللارنى تولۇق بولمىسىمۇ ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن. يېتەرسىز جايلىرىنى يولداشلارنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(1)

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان نادانلىق، جاھالەت، دىنىي خۇراپاتلىق ۋە فېئودالىلىق ئېكىسپىلاتاتسىيە، خەلقىمىزنى بېسىپ تۇرغان تاغ ئىدى. ئەينى زاماندا، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ - مەدە-



نىيەت ئىشلىرىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

لېكىن شۇ چاغلاردا، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا، بولۇپمۇ ياۋروپا ئەللىرىدە سانائەت ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى بىلەن يېڭى مائارىپ، يېڭى مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا كەشپىياتلىرى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭ تەسىرى شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان كىشىلەرنى ئويغاتتى ۋە ھەيران قالدۇردى. تارباغاتاي خەلقى ئىچىدىن چىققان بەزى مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەردىن ئۆمەر ھاجى، ھەسەنباي، موللا ئىسلام، مەخسۇت باي، نىياز ئىسھاقى، قاسىم ئاخۇن تاشكەن قاتارلىقلار، ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن كەشپىيات ۋە يېڭىلىقلارنى، ئۇلار يولغا قويغان يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرىنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە، ئۆزلىرى چەتئەللەرگە بېرىپ يېڭىلىقلارنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رۇسىيەگە، بەزىلىرى گېرمانىيەگە، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگە، تۈركىيە ۋە ئەرەب دۇنياسىغىچە بېرىپ، دۇنيانىڭ سانائەت تەرەققىياتى ۋە يېڭى مائارىپنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى كوردى. چوڭقۇر تەسىرات ئالدى، ئۆگەندى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مائارىپنىڭ زامانىۋى تەرەققىيات بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرمىغاندا جەمئىيەتنى ھېچقانداق تەرەققىياتقا ئېرىشتۈر-

گىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئىشنى مائا-
رىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشلىغان ئىدى.
ئەينى زاماندىكى چۆچەك ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى
شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە چاررۇسىيە، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن
كېيىن سوۋېت رېسپۇبلىكىلىرىدىن ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن
كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك تا-
تار، خەنزۇ، خۇيزۇ، رۇس، داغۇردىن ئىبارەت ھەرمىللەت-
تىن تەركىب تاپقان تەرمە خەلقلەر بولۇپ، ئاھالە نوپۇسى
30 نەچچەمىڭ ئىدى. (يەرلىك خەلق ئانچە كۆپ
ئەمەس ئىدى). بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سودا - تىجارەتچىلەر،
زىيالىيلار - مائارىپچىلار، دوختۇرلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق تېخنىكىسىدىن خەۋىرى بار كىشىلەر، قول ھۈنەرۋەنلەر
ۋە باشقا ئىختىساسلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت
سەۋىيىسى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن خېلى يۇقىرى ئىدى. بۇ
كىشىلەر چۆچەككە كەلگەندە ئۆز جايلىرىنىڭ بەزى ئىلغار نەر-
سىلىرىنى مەسىلەن: ئىلغار مەدەنىيىتىنى، ئىقتىسادى ساھەدى-
كى بەزى يېڭىلىقلارنى، مائارىپ ئىشلىرىدىكى يېڭىلىقلارنى
ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار-
نىڭ تەرەققىيات ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىش ۋە مائارىپنى راۋاج-
لاندۇرۇش ئىدىيىسى خېلى كۈچلۈك ئىدى. ھەرمىللەت
خەلقىنىڭ ئىچىدىن چىققان ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زات-
لارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تارباغاتاينىڭ مائارىپ، مەدە-
نىيەت، ئىختىسادى - سانائەت قۇرۇلۇشلىرىدا ئوخشىمىغان
دەرىجىدە تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىغان ئىدى.
جۈملىدىن مەخسۇتباي چۆچەكتە مەخسۇس سودا شىركىتى
قۇرغان. بۇشىركەت ئەۋۋەل چاررۇسىيە كېيىن سوۋېت ئىتتىپا-



قى بىلەن سودا تىجارەت قىلاتتى. 1910 - يىللىرى روس-
يىنىڭ شەمەي (سېمىپالاتىنىسكى)، قازان شەھەرلىرىگە سودى-
گەرچىلىك بىلەن بېرىپ، قازان تاتارلىرىنىڭ، ئۆز ۋاقتى-
دىكى مەدەنىيىتى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر-
نىڭ مەدەنىيىتىدىن يۇقىرى ھەمپەرقلىق بولغانلىقىنى كۆر-
گەندىن كېيىن بىر قىسىم تاتار زىيالىيلىرى بىلەن ئۇچرى-
شىپ، خەلقىمىزنىڭ نادانلىق ۋە نامراتلىق ئەھۋاللىرىنى
سۆزلەپ بېرىپ، قانداق قىلىپ خەلقىمىز، مىللىتىمىزنى مە-
دەنىيەتلىك قىلىپ نامراتلىق ھەم نادانلىقتىن قۇتقۇزغىلى
بولىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرغاندا، تاتار
زىيالىيلىرى بىر مۇنچە ياخشى تەكلىپلەرنى بەرگەن.
مەخسۇتباي شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلغار كى-
شىلەر بىلەن كۆپلەپ پىكىر ئالماشتۇرغان ھەمدە خەلقىمىز-
نى قانداق قىلىپ نادانلىقتىن، نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش
چارىلىرىنى مەسلىھەتلەشكەن ۋە ئىزدىنىشكە باشلىغان.
20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، چۆچەك خەلقى-
نىڭ تىرىشچانلىقى، ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر
بىلەن زىيالىيلارنىڭ باش قاتۇرۇپ پىلانلىشى ۋە ھەر خىل
تەدبىرلەرنى ئويلاپ تېپىشى بىلەن يېڭىچە مەكتەپلەر ئارقا-
ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. 1910 - يىلى چۆچەك-
تىكى ئۆمەرھاجى (تاتار) چۆ-
چەك قىزىل مەسجىت يېنىدا ئۈچ سىنىپلىق يېڭىچە مەكتەپ
ئېچىپ 100 گە يېقىن ئوقۇغۇچىنى مەكتەپكە قوبۇل قىلىپ
ئوقۇتقان. ئوقۇتقۇچىلار كەمچىل بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئوغلى
ئابدۇراخمان بىلەن بىر قانچە ئوقۇغۇچىنى قازانغا ئەۋە-
تىپ ئوقۇتۇپ كېلىپ ئۆمەرھاجى ئۆزى ئاچقان مەكتەپكە

ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەيىنلىگەن. كېيىن بۇ مەكتەپ «ئۇمەرد-
يە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان ئىدى. سوفىيە ئاۋىستاي 1912-
يىلى دوربىلجىنگە كېلىپ ئۆزى ئولتۇرغان قورودا مەكتەپ
ئېچىپ بالىلارنى ئوقۇتقان، كېيىن بۇ مەكتەپنى كېڭەيتىپ
كۆپلەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، فەتھولبايان ئەپەندى، ئەخ-
مەت ئەپەندىلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1917 - يىلى مۇھەم-
مەت شەفىق ئەپەندى جايىرغا (دوربىلجىن ناھىيىسىگە قا-
راشلىق قىشلاقتا) كېلىپ بىر تەرەپتىن قازاق خەلقىگە ئى-
مامەتچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قازاق بالىلارنى
ئوقۇتقان. بۇ كىشىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئەخمەتشەفىق ۋە ئەمىن
شەفىقلار ئاتا-ئانىسىنىڭ خىزمىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، 1918-1919-
يىللىرى جايىر ھەم دوربىلجىنلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ
نۇرغۇنلىغان بالىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. 1910 - يىل-
لاردا مۇھەممەتجان ئەپەندى قوشتولغايغا كېلىپ، ئۆز ئال-
دىغا مەكتەپ ئېچىپ، بالىلارنى يېڭىچە ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ
يېتىشتۈرگەن ئىدى. 1920 - يىلى قازاندىن كەلگەن ئەخ-
مەت بەدىئى ئەپەندى ۋە تالىغا ئاۋىستايلار، قوشتولغاي
ھەم دوربىلجىنلەردە مەكتەپ ئېچىپ ئۆزلىرى ئوقۇتقۇچىلىق
قىلىپ، نۇرغۇنلىغان بالىلارغا بىلىم بەرگەن ئىدى. شۇ مەز-
گىلدە ئاتۇش ئىكساق مەكتىپىگە قازاندىن تەكلىپ قىلى-
نغان سالاھىدىن ئەپەندى، مۇكەررەمە خانىم، موشفىدە ئاۋىس-
تاي قاتارلىق مائارىپچىلار چۆچەككە كېلىپ، ئازىش ئىك-
ساقتا يېتىپ بارالماي، چۆچەكتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ تار-
باغاتاي مائارىپىغا نۇرغۇن ئەجرە سىڭدۇرگەن ئىدى.
مەخسۇتباي روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سودا -
تىجارەت بىلەن موسكۋاغا بارغان، قايتىش سەپىرىدە قا-



زاندىن موھىببۇللا ھەببۇللىن ئەپەندى، گۈلەندەم ئاۋىس-
تاي. ئەلى ئەپەندى، ھىسامىدىن ئەپەندى، شامى ئەپەندى،
فەھىيمى ئەپەندى قاتارلىق ئالتەنەپەر ئوقۇتقۇچىنى چۆچەك
ئارقىلىق شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن. موھىببۇللا ئەپەندى بى-
لەن گۈلەندەم ئاۋىستاينى تۇرپان ئاستانىغا، ئېلى ئەپەندى
ئىبراھىموۋنى تۇرپان بازىرىغا، ھىسامىدىن ئەپەندى بىلەن
فەھىيمى ئەپەندىنى چۆچەككە ۋە شامى ئەپەندىنى ئۈرۈم-
چىگە ئەۋەتكەن. بۇلار بارغان جايلىرىدا مەكتەپ ئېچىپ
بالىلارنى يېڭىچە ئوقۇتقان. موھىببۇللا ئەپەندى، 1921 -
يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، گۈلەندەم ئاۋىستاي 1925 -
يىلى چۆچەككە قايتىپ كېلىپ دەسلەپتە ئەخمەتجان سەي-
پۇللىننىڭ قوروسىدا مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان،
كېيىن تەرەققىي قىلىپ ئۆزىنىڭ قوروسىدا مەكتەپ ئېچىپ
بالىلارنى ئوقۇتقان. شۇ جەرياندا، ھەر قايسى مىللەتتىن
نۇرغۇنلىغان ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.
يېتىشتۈرۈلگەن ئايال ئوقۇتقۇچىلاردىن: ماھىبە ئىسھاقى،
ئامىنە قول موھەممەدوۋا، مەغمۇرە ئىسھاقى، رەشىدە سەيفى،
غىلمىنۇر، مۇقەددەس غۇلام قارى، مۇنىرە ئابدۇلىتىپوۋا،
تائىبە ئىسھاقى، خالىدە خاناپىنا، مۇھەببەت نازارىۋا
قاتارلىق 60 نەپەردىن كۆپرەك ئايال ئوقۇتقۇچىلار جەمى-
ئىيەتكە خىزمەت قىلىپ ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان ئىدى. بۇ
مەكتەپ كېيىن تېخىمۇ كېڭىيىپ، مەخسۇتباي مۇھىتىلارنىڭ
قوروسىغا يۆتكىلىپ، چۆچەكتىكى ياشلارنىڭ ھەقىقىي بىلىم
يۇرتىغا ئايلانغان ئىدى. «گۈلەندەمىيە» دەپ ئاتالغان مەك-
تەپ، گۈلەندەم ئاۋىستاي مەكتىپىنىڭ تەرەققىياتىدۇر. گۈلەن-
دەم ئاۋىستاي ھەببۇللىنانىڭ، مائارىپ ۋە مەكتەپكە سىڭ-

دۇرگەن ئەمگىكى، تۆككەن تەرى چۆچەك خەلقىنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدۇ. گۈلەندەم ئاۋۇستاي ھەبىبۇللىنا ئۆزىنىڭ تارىخى ۋەزىپىسىنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلىپ، 1955 - يىلى بالىلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن.

ھېسامىددىن ئەپەندى باۋدىن 1934 - يىلى ئاپرىل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن گۇچۇڭدىن چۆچەككە كېلىپ، ئاتاقلىق ژۇرنالىست نىياز ئىسھاقنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىت ئىدارىسىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلەپ، كېيىن مائارىپ ساھەسىگە يۆتكىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمەتلىرىدە ئىشلەپ، نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، كۆپلىگەن ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققان ئىدى. ئۇ 1958 - يىلى 8 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چەتتىن بىر قانچىلىغان ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىندى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ خىراجەتلىرى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، مەكتەپ ئاچقان ھەم ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلغان كىشىلەر تەرىپىدىن بېرىلەتتى.

(2)

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەردە يېڭىچە مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. مەسىلەن: قوپۇقتىكى خەلق مەكتىپى، ساۋەندىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى، دوربىلجىندىكى ئۇيـ



غۇر ۋە قازاق مەكتىپى، شىخودىكى ئۇيغۇر مەكتىپى، (تۇرسۇن ئەپەندى ئوقۇتقۇچى ھەم مۇدىر بولغان)، چاغانتوقايدىكى باشباي مەكتىپى (ھاجى ئۆمەر ئەپەندى مۇدىر ھەم مۇئەللىم بولغان) قاتارلىق مەكتەپلەردە ھەر يەر - ھەر يەردىن كەلگەن زىيالىيلار، ھەر مىللەت ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرى، بار ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، بەزى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ۋە مائارىپپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قوللىشى، ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، يېڭىچە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپلەر ئېچىش، بالىلارنى تەربىيىلەش، بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغان ئىدى.

1928 - يىلى تۈنجى قېتىم ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت تەمىناتىدا ئېچىلغان مەكتەپ تۇران مەكتىپى ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ نامى «تۇران ئىڭسۇلىگى» (تۇران تۈزلەڭلىكى) ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ مەكتەپمۇ نۇرغۇن ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. بۇ مەكتەپتە تاتار تىلى، رۇس تىلى، خەنزۇ تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ تىلدا دەرس ئۆتەتتى. مىرتىمىر جامالى، سۇلتان خانافىن، سەئىت غىلى ھەزرەت، ھىسام باۋدىن، زارىف ئىمام، پېتىر ئىۋانوچ (تۈركىيىدە تىلشۇناسلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئىكەن) مىن خىن ئىستپانوۋىچ قاتارلىقلار ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئاساسەن 1930 - يىللاردىن باشلاپ كېڭىيىشكە ۋە راۋاجلىنىشقا باشلىغان. مەسىلەن: چۆچەكنىڭ ئۆزىدىلا ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن مەكتەپلەر: (1) چۆچەك سىرتىدىكى قازاق چوڭ مەكتىپى. ئۇنى، قازاق خەلقى ۋە ئەل باشلىقلىرى بىرلىكتە پۇل چىقىرىپ سالدۇرغان. بۇ مەكتەپ ئۆز زامانىدا

نىسبەتەن خېلى مۇكەممەل ۋە ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بىلەن جاھازلانغان. ھازىر بۇ مەكتەپنىڭ بىر قىسمى تىراكتور پونكىتى قىلىۋېتىلىپتۇ.

(2) دورت ئۆۋۈل قازاق مەكتىپى. بۇ مەكتەپ دۆرت ئۆۋۈل خەلقى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان.

(3) قازاق قىزلار گىمنازىيىسى — بۇ مەكتەپ قازاق بايلىرى ۋە ئەل باشلىقلىرى تەرىپىدىن سېلىنغان.

(4) پالتا بايۋۇ مەكتىپى. ئىمىر ھەسەن باي پالتا بايۋۇ تەرىپىدىن سېلىنغان.

(5) ئۆزبېك لەمۇنە مەكتىپى، ئۆزبېك خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزبېك مەدەنى - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن سېلىنغان.

(6) تاتار مەكتىپى. تاتار خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن تاتار مەدەنى - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن سېلىنغان.

(7) مەخسودىيە مەكتىپى. مەخسۇت ھاجى سەئىت قارىيىف تەرىپىدىن سېلىنغان.

(8) مەھمۇدىيە مەكتىپى. بۇ مەكتەپنىڭ نامى 1945-يىلى مەھمۇدىلكاشغەرى دەپ ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. ھازىر بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى باشقا مەكتەپلەرگە تارقىتىۋېتىپ، مەكتەپنىڭ نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەنزۇ قىزلار مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلىپتۇ.

(9) چۆچەك خەلق مەيدانىدىكى ئەرلەر گىمنازىيىسى،

(10) خەنزۇ ئەرلەر مەكتىپى.

(11) خەنزۇ قىزلار مەكتىپى.

(12) رۇس مەكتىپى.

(13) سېپىل ئىچىدىكى شىۋە - سولۇن مەكتىپى.



(14) مولوتوۋ نامىدىكى سوۋېت گراژدانلار ئوتتۇرا مەكتىپى (گراژدانلار جەمئىيىتى ياستىۋاتقاندا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ماددى ياردەم بەرگەن). بۇ مەكتەپ خېلى ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بىلەن جاھازلانغان مۇكەممەل مەكتەپ ئىدى.

(15) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا، چۆچەكنىڭ سىرتىدا موڭغۇل ياتاقلىق مەكتىپى قۇرۇلغان بولۇپ، مۇدىرى ئوشۇرچاپ ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە دارلىما جىزىن مەكتىپى ئېچىلىپ. يېتىم - ئىگىسىز بالىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ قاتارغا قوشقان ئىدى. يۇقىرىقىدەك مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىسىدىن مەيدانغا كېلىش بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۇزۇن مۇددەت تەشنا بولۇپ كەلگەن بىلىم - مەرىپەتكە ئېرىشىشكە باشلاپ، بۇ مەكتەپلەردە نۇرغۇنلىغان ھەر مىللەت ياش ئۆسمۈرلىرى ئوقۇپ، بىلىم ئېلىپ، پەن - تېخنىكا ئىگىلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ جەمئىيەتكە ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى ۋە قوشماقتا؛ شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان ئوقۇتقۇچىلار يېتىشىپ چىقىپ، مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ھەر مىللەت باللىرىنى ئوقۇتۇپ، ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ بىلىم ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ۋە ئىگە قىلماقتا. ئە يىنى زاماندا، مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان، بىلىملىك كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتە نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈرگەن ۋە تەر تۆككەن پېشقەدەم زىيالىيلارنى تارباغاتاي خەلقى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ. سىدىق مۇھەممەت، خەمىت ۋەكىلى، ئەخمەتغەلى سېيتباييېۋ، قاسىم بېك، باۋدىن نورىيېۋ، مەريەم تۇردىبايېۋا قاتارلىق 100 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ھەم زىيالىيلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى، زىيالىيلار ئوقۇغۇچ-

لارنى بىلىملىك، ئەدەپ-ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىش-
تۈرگەندىن باشقا، ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە ئېچىلغان ئو-
قۇتقۇچىلار كۇرسلىرىغا دەرس بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەر-
بىيىلەپ بىلىمىنى ئاشۇرغان. ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش
ئۈچۈن ئەمگەك سىڭدۈرگەن، تارباغاتاينىڭ مائارىپ تەرەق-
قىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان كىشىلەر بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا گىمنازىيە ۋە ئورتا مەكتەپ-
لەرنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىغا ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىسقا
مۇددەتلىك كۇرسلىرىغا دەرس بېرىشكە باشقا ئىدارىلەردە
ئىشلەۋاتقان زىيالىي ۋە بىلىملىك كىشىلەرنى تەكلىپ قىلى-
دىغان ئىدى. ئۇلار، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى
ھەل قىلىشتا خېلى چوڭ رول ئوينىغان ئىدى.

چۆچەكتە يەنە ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، خەنزۇ، تاتار، رۇس
مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار تەرىپىدىن
تەمىنلىنىدىغان مەكتەپلەرمۇ بار ئىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقى-
دىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن چۆچەكنىڭ ئۆزىدىلا ئىسەن شاڭيۇ
مەكتىپى، نۇرىدىن مەكتىپى، ئۇزۇن ياغاچ مەكتىپى، قارا-
دۆڭ مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەر بار ئىدى. ئومۇمەن مە-
دەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ
ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىمۇ خېلى بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەر
ئوقۇش ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىر تو-
تاش پروگراممىسىغا ئاساسەن دەرس ئۆتەتتى. لېكىن ئوقۇت-
قۇچىلارنىڭ مائاشىنى، مەكتەپنىڭ خىراجەتلىرىنى ئۇيۇشمىلار
ئۆزلىرى بېرەتتى. بۇ خىراجەتلەر ئاساسەن ۋەخپە يەرلەردىن،
ئوشرىدىن كىرگەن ئاشلىق ۋە باشقا كىرىملەردىن بولاتتى.



ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن ئېچىلغان
ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى پۈتتۈرۈپ چىققان ئو-
قۇغۇچىلار ئىچىدىن نەتىجىسى ياخشى بولغان بىر قىسمىنى
ئۇيۇشمىلار قارمىقىدىكى مەكتەپلەرگە، يەنە بىر قىسمىنى
ناھىيىلەردىكى مەكتەپلەرگە، ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەيىنلەپ ئە-
ۋەتىلەتتى. ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى پۈتتۈرۈپ
چىققان قىزلاردىن چەت ناھىيىلەرگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئە-
ۋەتىش ئىشلىرى چۆچەكتە خېلى بۇرۇنلا يولغا قويۇلغان
ئىدى. ئەينى زاماندا، خەلقلەرنىڭ خېلىلا بىر قىسمى ئۆز
قىزلىرىنى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بەرمەيتتى. لېكىن خەلق
ئارىسىدا باللارنى، بولۇپمۇ قىزلارنى ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت
بېرىش ھەققىدە تەشۋىق - تەرغىب ئىشلىرى كۈچەيتىلگەن-
دىن كېيىن، قىز باللارنىمۇ مەكتەپلەرگە ئوقۇتۇشقا كۆپلەپ
بېرىدىغان بولغان ئىدى. بەزى دىنىي ئادەتلەر تۈپەيلىدىن
قىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۆز قىزلىرىنى چەت
ناھىيىلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتىشكە يول قويۇشمايتتى.
1936 - 1937 - يىللىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن قىزلاردىن بىر
قىسمىنى ناھايىتى تەسلىكتە ساۋەن، دۆربىلجىن، شىخو قاتارلىق
ناھىيىلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەپ ئەۋەتكەن ئىدى.
بۇلار ناھىيىلەرگە بېرىپ خىزمەت ئىشلىگەن، نەتىجىلىرى
كىشىلەرنى قايىل قىلغاندىن كېيىن دىمەك ئوقۇتقۇچى قىز-
لارنىڭ رولى خېلى چوڭ بولغان ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا چۆچەكتە بەزى دىنىي مەكتەپلەرمۇ ئې-
چىلغان ئىدى. مۇرات ئەپەندى، گۈلسۇم ئاۋىستاي، سەئىت
ھالى ھەزرەت، غەززە ئاۋىستاي قاتارلىقلار دىنىي مەكتەپ
ئېچىپ باللارغا دىنىي دەرس ئوقۇتقان. شۇنداقتىمۇ يېڭى-

چە مەكتەپلەرنىڭ كۆپلەپ ئېچىلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە بۇ مەكتەپلەرگە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ كۆپلەپ جەلپ قىلىنىشى نەتىجىسىدە دىنىي مەكتەپلەرنىڭ رولى ئانچە چوڭ بولماي قالغان ئىدى. دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بارغانچە ئازلاپ كەتكەنلىكتىن، بەزى دىنىي مەكتەپلەر بارا - بارا ئەمەلدىن قېپقالغانىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتا يېڭىچە مائارىپقا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان تۈرلۈك پەننىي كىتابلارنىڭ تارقىلىشىغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن كىشىلەرگە، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئوقۇتقۇچى بولغانلارغا نىسبەتەن قارشىلىق كۈچلۈك ئىدى. 1937 - يىلى 8 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 2 - تۈركۈم ئوقۇپ قايتقان ستۇدېنتلار «بەختىيە» چېگرىسىدىن ئۆتۈپ چۆچەككە كەلگەندە، ئۈرۈمچىدىن خەۋەر قىلىپ، ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشكە ماشىنا ئەۋەتىلمەيدۇ. ھارۋا بىلەن كەلسۇن دېيىلگەنلىكتىن، بۇ ئوقۇغۇچىلارنى 20 نەچچە بىرىچكا ھارۋا بىلەن يولغا سالغان ئىدى. ھارۋا بىلەن ماناسقا يېتىپ كەلگەندە، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا بەش دانە چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى ئەۋەتىپ، يۈك - تاقلىرىنى ھارۋىدا قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى ماشىنا بىلەن كەلسۇن دېيىلگەنلىكتىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۆزلىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن. ئارقىدىن ماڭغان ھارۋىلار سانجىغا يېتىپ كەلگەندە 11 ھارۋىدىكى ھەرخىل پەننىي كىتابلار، ماتېرىياللار، ئوقۇتۇش ئەسۋابلىرى ۋە باشقا كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرگە ئوت قويۇلۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سوۋېت



ئىتتىپاقىدىكى ئوقۇش جەريانىدا يىققان ئوقۇش ماتېرىياللىرىدىن، كىتابلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

مۇشۇ ۋاقىت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، 1938- يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە تارباغاتاي ۋىلايىتىدە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىنىڭ(فەندىخۇي) تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇيۇشمىلىرى ۋە ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلار تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىئانە پۇل، كىيىم - كېچەك توپلاش ھەرىكىتىنى قوزغاپ ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، شۇ ھەزگىلدە تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە ئىئانە قىلىنغان نەق پۇل، كىيىم - كېچەك، ئالتۇن - كۈمۈش، زىننەت ئەسۋابلار (ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن زىرە، تىللا پۇل) ۋە كۈمۈش يامبۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى توپلاپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتكەن. بۇ نەرسىلەرنى ئەينى زاماندىكى پۇلغا سۇندۇرغاندا، 500 مىڭ دوللاردىن كۆپ بولغان ئىدى. دېمەك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇ ساھەدىكى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان ئىدى.

(3)

1934 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە چۆچەك ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە خەيبۇجە باشلىق، مەخمۇتجان ئىلھامجانوۋ مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ، بۇلارنى جاللات شېڭ شىسەي تۈرمىگە تاشلىغان ئىدى.

1938 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە مائارىپ ئىدارىسىغا لىۋخەييەن باشلىق بولغان (بۇ كىشى كوممۇنىستلار پارتىيىسىنى ياقلايتتى). بۇ كىشىنىڭ خىزمەتتىن بوشىتىلىپ نەزەر بەنت قىلىپ قويۇلغان ئىدى. مۇئاۋىن باشلىقى مەسئۇت خالىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان بولۇپ، بۇنى خىزمىتىدىن يۆتكەپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ تۈرمىگە تاشلىغان ئىدى. 1941 - يىلى 22 - ئىيۇندا، گېرمانىيە فاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، 2- دۇنيا ئۇرۇشى باشلاندى. شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمدارى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭ، جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، مائارىپ ۋە مەكتەپلەردە ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىق باشلاندى. نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى، زىيالىيلار خىزمەتتىن ھەيدەلدى، قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. دەرس پروگراممىلىرى ئۆزگەرتىلدى. ئوقۇتقۇچى، زىيالىيلارنىڭ قولىدىكى پەننىي كىتابلار ۋە دەرسلىكلەر يىغىپ ئېلىنىپ كۆيدۈرۈلدى ياكى «ئىسكىلاتقا» تاشلاندى. بۇنىڭغا قارشى چىققان ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىلار جازالاندى. قىسقىسى، مەكتەپلەردە ئاق تېررورلۇق ھۆكۈم سۈردى. ھېسامىدىن ئەپەندى، مىرزا ئەخمەت، يۇنۇسخالى، ئابلىز نازىرى، تاڭ سىگۇاڭ قاتارلىق نەچچە ئونلىغان ئوقۇتقۇچى، زىيالىيلار قاماققا ئېلىندى.

1943 - يىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە ۋاڭ داۋىن باشلىق بولغان ئىدى. بۇ ئۇچىغا چىققان گومىنداڭ پەرەست، ئۆتۈپ كەتكەن چوڭ خەنزۇ مىللەتچى ئىدى. بۇنىڭ دەستىدىن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مائارىپى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ۋە



مەكتەپلىرى ئىنتايىن ئارقىدا قېلىپ، يوقىلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ دەرس پروگراممىسىدىن دۇنيا تارىخى، دۇنيا جۇغراپىيىسى قاتارلىق دەرسلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاسسىمىلاتسىيەلەشتۈرۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دەرسلەرنى ئۆتتى. ئۇ كۆكزىنىڭ «ئەدەپ، ئەخلاق، دىيانەت، نومۇس» دېگەن تۆت خېتىنى دوسكىغا يېزىپ، سىنىپقا ئېسىپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە شۇنى سۆزلەپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ھېچ بىر ئىلگىرى باسمىدى. ئەمەلىيەتتە «ئەدەپ، ئەخلاق، دىيانەت، نومۇس» دېگەن بىر نىمىلەرنىڭ ئورنىغا ئاچ - يالىڭاچلىق، نومۇسسىزلىق، پارىخورلۇق، ئەيشى - ئىشرەت، كەيىپ - ساپا ھۆكۈم سۈردى. نەتىجىدە مائارىپ ئىشلىرى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە كەينىگە چېكىندى.

گومىنداڭ شەنداڭبۇسى چۆچەكتە 1943 - يىلى 1 - ئايدا قۇرۇلۇپ، 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۆچەك ئازاد قىلىنىش بىلەن ئاغدۇرۇلغان، ئۇنىڭ چۆچەكتە ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى ئىككى يىلدىن ئاشمايتتى. لېكىن مۇشۇ يىل ئىچىدە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ خىزمىتى بەك ئارقىدا قالدى. خەلق تۇرمۇشى قىيىنلاشقانلىقىدىن باللىرىنى مەكتەپكە بېرەلمەيتتى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپلەرگە كەلمىگەنلىكى، دەرسلىك كىتابلار يوق بولغانلىقى، مەكتەپ خىراجەتلىرىنى ئەمەلدارلار خىيانەت قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇئاشلىرى بېرىلمىگەچكە، مەكتەپنى تاشلاپ كېتىپ قالغانلىقىدىن بىر قانچىلىغان مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچى يوق، ئوقۇغۇچى بولسا ئوقۇتقۇچىلار يوق، مەكتەپلەر يېپىلىپ

قالغانىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چۆچەكتىكى ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان سودا 1943 - يىلىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ توختاپ قالغانلىقى، جەنۇب شىنجاڭ يولى توسۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك ماللارنى كەلتۈرىدىغان مەنبە يوق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان بازار يوق ئىشلەپچىقىرىش بەك تۆۋەنلەپ كەتتى. كىيگۈدەك كىيىم، يېگۈدەك نان تېپىش قىيىن بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى بەك ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. چۆچەكتىكى گومىنداڭنىڭ چوڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى، ۋالىيسى، شەنجاڭلىرى، ئىدارە باشلىقلىرى قاتارلىقلار پارىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېچە - كۈندۈز بىر يەرگە يىغىلىشىۋېلىپ قىمار ئويناپ، ئەيشى - ئىشرەت كەيپى - ساپا بىلەن شۇغۇللىنىشسا، گومىنداڭنىڭ ئەسكەر، كىچىك ئەمەلدارلىرى ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلىشقا ئوخشاش رەزىل قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1943 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ، ئىلغار ياشلار، زىيالىيلار - ئوقۇتقۇچىلار خەلق ئاممىسى بىلەن بولۇپمۇ مۆتىۋەر كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ھەر ساھە ھەر قايسى كەسىپ خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ باردى، بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇرغان، خەلق ئاممىسىنى قوزغاش، ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تەشۋىق - تەرغىب خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن



چارۋا مال، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى چېگرىدىكى سودا پونكىتىغا يوشۇرۇنچە ئېلىپ بېرىپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئايرىباشلاش بىلەن چېگرىدىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىلىرىنى، تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، خەلق ئارىسىدا تارقىتىش، تەشۋىقى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ خەلقنى ئويغىتىش، قوزغاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يۈرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىدا باشلانغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلابىي قوراللىق ھەرىكەتكە ماسلىشىپ، مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلارنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ مۇستەبىت ئەمەلدارلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۆچەكنىڭ ئازاد قىلىنىشىغا ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشتى.

(4)

چۆچەك ئازاد قىلىنىپ ئەتىسىدىن (8 - ئاينىڭ بىرىدىن) باشلاپ ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىشلىرىغا كىرىشىلدى، باشقا مەمۇرى ئورگانلارنى تەسىس قىلغان قاتاردا، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا فوزە يىل ئىسلامۇۋ، مۇئاۋىنلىرىغا ئىسمائىل داموللا، مەخسۇت خان قىزىر ئوفلى تەيىنلەندى. بۇلار چۆچەك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن دەرھال خىزمەتكە كىرىشىپ، ئالدى بىلەن مەكتەپلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقتى، چۆچەك گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئازاد قىلىنىشى بى-

لەن ئوقۇتقۇچى ھەم زىيالىيلارنىڭ بىر قىسمى ھەر ساھەدىكى كەسىپلەرگە ئورۇنلىشىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسمى ھەربىيگە قاتنىشىپ فرونتقا كەتكەن ئىدى. بار ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇپ كېلىپ مەكتەپلەرنى دەرھال ئېچىشتى، ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ دەرس باشلاشتى، بىرىنچى قەدەمدە بار بولغان مەكتەپلەرنىڭ باشلىقلىرى تولۇقلاندى، قايتىدىن تىكلەندى. لېكىن ۋەيران بولۇپ يىقىلىپ چۈشكەن مەكتەپلەرنى تىكلەش، يولغا قويۇش ئاسانغا چۈشكىنى يوق. قىسقىسى مەكتەپلەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا توغرا كەلدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتى ئازاد قىلىنىش بىلەن ئىلىدىن چۆچەككە كەلگەن ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبىرى كىشىلەر، چۆچەكتە ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىشلىرى ئۈستىدە ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقى سىرتىدا، مائارىپ ئىشلىرىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كېچىكتۈرمەي مەكتەپلەردە ئوقۇش باشلاش، بار بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ، ئىنقىلابنىڭ مەقسەت ۋە تەلەپلىرىنى چۈشەندۈرۈش ھەققىدە ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۇچۇق يوليورۇق بەرگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى بىر تەرەپتىن فرونتقا ياردەم بېرىش خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن مائارىپ خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش ۋە يولغا قويۇشقا كىرىشكەن ئىدى. (1) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار ئېچىلدى. بۇ كۇرسلارنى پۈتتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىسى كەم ئورۇنلار تولۇقلاندى. (2) 1947 – 1948 -



ئوقۇش يىلىدا، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا، بىر يىل مۇددەت بىلەن مەخمۇدۇلكاشىغەرى مەكتىپى يېنىدا، بىر قارار ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلىپ، 100 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنى تەربىيىلەپ چىقىلدى. (3) دەرسلىكلەر تەييارلاندى، تۈزۈپ چىقىلدى ۋە تولۇقلاندى. مەكتەپ مۇدىرلىرى بىلەن باش قوشقان تۈرلۈك يىغىنلار ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، بىرلىككە كەلگەن پروگراممىلار تۈزۈلدى. (4) ھەر قايسى مەكتەپلەر يېنىدا، ئاتا - ئانىلار كومىتېتلىرى قۇرۇلدى، بۇ، مەكتەپ خىزمەتلىرىنى ياخشىلاش، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى يىغىش، كەم مۈلۈكلەرنى تولۇقلاش، مەكتەپلەرنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇش، مەكتەپلەرنى ئىسسىتىشقا ئوخشاش خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە كۈچلۈك ياردەمچىلىك رول ئوينىدى. 1948 - يىلى مەخمۇدولكاشقىرى مەكتىپى يېنىدا قۇرۇلغان ئاتا - ئانىلار كومىتېتى (ئەخمەت ئاخۇن باشچىلىق قىلغان) مەكتەپنىڭ ئىككى سىنىپىنى تاختايلاتقان، بارلىق ئىشىك - دېرىزىلىرىنى سىرلىتىپ، بارلىق بۇزۇلۇپ كەتكەن جايلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇپ بەرگەن. 1948 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە مەخمۇدولكاشقىرى مەكتىپىدە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلار ئېچىلىپ رەسمىي ياتاقلىق مەكتەپكە ئايلانغان ئىدى. شۇ يىللىرى ئاتا - ئانىلار كومىتېتى 100 كىشىلىك كارىۋاتنى ئۆزلىرى تەييارلاپ بەرگەن. بۇنداق ئەھۋاللار باشقا مەكتەپلەردە ھەم يولغا قويۇلغان ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى، تارباغاتايدىكى ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى مائارىپ خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمى-

پەت بەرگەن ئىدى. ئۇلار مائارىپ خىزمىتىنى ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قارىغاچقا، قايسى ناھىيە ئازاد قىلىنسا، شۇ ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇشقا دەرھال كىرىشەتتى. چۆچەك ئازاد قىلىنىش بىلەن ھەربىيگە قاتنىشىپ ئالدىنقى سەپكە كەتكەن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مەسئۇللىرىدىن قايتۇرۇپ كېلىشكە بولىدىغانلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆز ئورۇنلىرىغا قويغانىنىڭ سىرتىدا، كۇرس پۈتتۈرگەنلەردىن كەم ئورۇنلارنى تولۇقلاپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويغانىدى. شۇنىڭدەك ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ تۇرغان، مەسىلىلەر بولسا، ۋاقتىدا ھەل قىلغان. ھەمدە ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسلاردا تىل - ئەدەبىيات، سىياسەت، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، پېداگوك ۋە رۇس تىلى دەرسلىرى ئوقۇتۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ سۈپىتى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئۇلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئىنتايىن تېزلىكتە كۆپىيىپ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر، سىنىپلار بارلىققا كېلىشكە باشلىغان ئىدى. بۇنداق مەكتەپ، سىنىپلار ۋىلايەت ھەم ناھىيىلەردە بولسۇن، كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە نەمۇنىلىك روللارنى ئوينىغان ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقتىدا، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن تەشكىلاتلار ۋە كىشىلەر دېموكراتىيە ئىتتىپاقى، ئىن-



قىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ۋە باشباي، م روزىيېۋ. قاسىم ئاخۇن، ئىسمائىلوۋ، ئالىمجان، ھاكىمبايوۋغا ئوخشاش كىشىلەر ئاز ئەمەس ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى پات - پات چۆچەككە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كېلىپ تۇراتتى، ھەر قېتىم كەلگەندە، بىر قانچە مەكتەپلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاش، مائارىپنىڭ ساغلام يۆنىلىش بويىچە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ ۋە تەكىتلەپ، چۆچەك خەلقىنىڭ ۋە كەڭ مائارىپچىلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى 1947 - يىلى قىشتا چۆچەكنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، مەخمۇدۇلكاشغىرى مەكتىپىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارغا: «ئوقۇتقۇچىلار كېلەچەككە پايدىلىق ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، تەلىم - تەربىيىنىڭ نۇقتىسىنى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە قارىتىش كېرەك» دېگەن لېنىننىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: ئوقۇتقۇچىلار، دوختۇرلار، سەنئەتكارلار، ئىنژېنېرلار، تېخنىكلار، قوماندانلار ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچىلار ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر، دەپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، تىرىشىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى. ھەمدە «ياش ئۆسمۈرلەرگە بېرىلىدىغان تەربىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى ئەنە شۇ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىشقا قارىتىلغان بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز تەلىم - تەربىيىنىڭ سىياسىي نىشانىسىنى تولۇق مۇھاكىمە قىلىپ

چۈشەنگەن بولۇشلىرى لازىم» دەپ ئېنىق قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپ ئىچىگە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى قىزىل پىلاكاتقا يېزىپ، ئېسىپ قويۇلغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ ۋىلايەتتە مەدەنىي - مائارىپ ئورگان خادىملىرىنىڭ رولىنى كۈچەيتىشى، مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، خىزمەت مەسئۇلىيىتى ۋە بىلىم ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، تەلىم تەربىيە نىشانى، مەزمۇنى ۋە تەلەپلىرى ھەققىدىكى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، دەرسلىك پىلان - پروگراممىلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تەلىم - تەربىيىنىڭ سۈپىتى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەنگەن ئىدى.

ھەر يىلى ئەتىيازدا بىر قېتىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلمىي كونفىرىنسىيىسى ئېچىپ، شۇ بىر مەزگىللىك ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، كېيىنكى ئوقۇتۇش يىلى ئۈچۈن يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشىنىڭ ئىجابىي تەدبىرلىرىنى بەلگىلەيتتى، ياخشى ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى باھالاپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئوردىن، مېداللىرى بىلەن ۋە تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەقدىرنامە، ماددىي بۇيۇملىرى بىلەن مۇكاپاتلاپ تۇراتتى. 1947 - يىلى 8 - ئايدا ئېچىلغان كونفىرىنسىيىگە قاتناشقان 200 نەپەرگە يېقىن ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىن بىر نەچچىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئوردىن مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغىنىنىڭ سىرتىدا، 40 نەپەرگە يېقىن ئوقۇتقۇچى ۋالىي



مەھكىمىسىنىڭ تەقدىرنامىسى ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلانغان ئىدى. بۇنداق كونفىرىنسىيىلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش بىر تەرەپتىن مەكتەپلەرنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ياخشىلاشقا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى، ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى ۋە خىزمەت ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن پايدىلىق بولغان ئىدى.

ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، نەتىجىسى ياخشى بولغان مەكتەپ ھەم ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلاش، تەقدىرلەش ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈپ تۇراتتى. 1946 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە ھەر يىلى 8 - ئايدا، ۋىلايەت بويىچە بىر قېتىمدىن سېلىشتۇرۇش - باھالاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئۆتكەندىكى ئوقۇتۇش خىزمىتىنى خۇلاسىلاپ، ئوقۇتقۇچىلار يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارغا مۇكاپات، تەقدىرنامىلار بېرىلەتتى.

ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ۋە بۆلۈملىرىدە مەكتەپلەرنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان ئىنسپېكتورلار تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ رولى خېلى زور بولغان ئىدى. ئىنسپېكتورلارنى تاللىغاندا، بىرى، كەسپىي، بىلىم ئىقتىدارى، ئىدىيە، خىزمەتتە ئىستىل تەرەپلەردىن يۇقىرى تەلەپ قويۇلاتتى، يەنە بىرى ئىنسپېكتورلارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي بىلىمىنى ئاشۇرۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش خىزمەتلىرىنىمۇ خېلى ياخشى ئىشلىگەن ئىدى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. مۇشۇ ساھەدە ئەجىر سىڭدۈرگەن پېشقەدەم

ئوقۇتقۇچىلارنى گىمنازىيىلەردە تونۇشتۇرۇش، مۇكاپاتلاش ھەققىدە بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان ئىدى.

1947 - يىلىدىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ستاژىغا قاراپ مائاش بەلگىلەش يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بەزى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇئاشى ۋىلايەت ۋالىيلىرى، ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ مۇئاشىدىن يۇقىرى بولغان ئىدى. بۇ تەدبىرلەر ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسى ئىچىدە يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى مۇۋاپىق ياخشىلانغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە ئاشتى. مائارىپ، مەكتەپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا زور ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلدى. نەتىجىدە 1948 – 1949 - ئوقۇش يىلىدا، ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 23.000 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ۋىلايەت نوپۇسىنىڭ 13% دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. بۇ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئەينى زاماندا زور دەرىجىدە تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن مەكتەپلەر يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىشىلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى ھازىر جەمئىيەتتە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ۋە ئىشلىمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەققەتەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى ئاز ئەمەس، دېمەك ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنىڭ بىلىم مىراسلىرىنى، ھازىر ھاياتبار يولداشلارنىڭ تۆھپىلىرىنى ھەققەتەنمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.



# ئالتاي مائارىپىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە

**مۇھەممەتقۇربان ئەزىز يارى**

20 - ئەسىر دۆلىتىمىزنىڭ بۇرژۇئازىيە پەننىي مائارىپى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي ئەتكەن دەۋر بولسىمۇ، شىنجاڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى (جەمئىيەت بازىسى) قالاق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بولۇپ، سانائەت بىخى تولىمۇ ئاجىز ئىدى. ئۇنىڭ فېئودالىزم خاراكتېرىدىكى جەمئىيەت بولغىنى ئۈچۈن مائارىپ ساھەسىدىكى فېئوداللىق تەسىرىمۇ ئىنتايىن زور ئىدى. بۇ ھال ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى مۇقەررەرلىك بولسا، سوبيېكتىپ جەھەتتە 1912 - يىلى شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان بىردىن بىر ھۆكۈمران فېئودال چىناۋنىڭ ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىل داۋامىدا خەلقنى مەڭگۈ نادانلىق ئاستىدا تۇتۇشتەك ئەكسىيەتچىل سىياسەتنى ئىزچىل يۈرگۈزدى. ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئورنىغا چىقىۋالغان جىن شۇرېن ھەممە جەھەتتە ياڭغا ۋارىسلىق قىلدى. ياڭ، جىن ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنىڭ ئۇزۇن

يىللىق ئاسارىتى شىنجاڭنىڭ جۈملىدىن ئالتاينىڭ پەننىي
مائارىپىنىڭ بەرپا بولۇشىغا زور توسالغۇلۇق قىلدى.
ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېنلار شىنجاڭغا ھۆكۈمران-
لىق قىلغان مەزگىللەردە ئالتاي خەلقى قالاق چارۋىچىلىق
ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان كۆچمەنلىكتە تارقاق تۇرمۇش
ئۆتكۈزگەچكە، دىنىي ئاساس قىلغان كونا مائارىپمۇ شىنجاڭ-
نىڭ باشقا جايلىرىغا سېلىشتۇرغاندا خېلى ئارقىدا ئىدى.
ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىستىبدات ياڭ زېڭشىننىڭ «...
مەن خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ
ئىتتىپاقلىشىپ قېلىشىدىن ناھايىتى قورقىمەن، مائارىپ بىلەن
كۆزى ئېچىلىپ قېلىشىدىن تېخىمۇ قورقىمەن. مىللەتلەر ئاڭ
سەۋىيىلىك بولۇپ ئىتتىپاقلىشىۋالسا، ئۇلارنى باشقۇرماق
تەس، نادان ھالەتتە بۆلۈنۈپ تۇرسا، ئىدارە قىلماق ئاسان.
شۇڭا، قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن كۈچ تەكچۈكلۈكنى ساق-
لاش مۇۋاپىق ......» ① دېگەن خەلقنى نادانلىق ئاسارىتى-
دە قول قىلىش سىياسىتىنىڭ بېسىمىدا، شىنجاڭدا پەننىي ما-
ئارىپنىڭ بەرپا بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
ھەممىگە ئايانكى، فېئوداللىزم جەمئىيەت مائارىپىنىڭ
بىردىن بىر ھۆكۈمران ئىدىيىسى دىنىي خۇراپات ئېتىقادچىلىق
كۆز قارىشى بولۇپ، قايسى مىللەتنىڭ بولمىسۇن شۇ مەز-
گىللەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەكتەپلىرىدە ئوقۇلىدىغان
دەرسى پەقەت نوقۇل ھالدىكى دىنىي دەرستىن ئىبارەتتۇر.

1 - ئالتاينىڭ دەسلەپكى دىنىي مائارىپى ئىدى

ئالتاي خەلقى 19 - ئەسىردە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى
ئاساس قىلغان تولۇق فېئوداللىق تۈزۈمدىكى تارقاق كۆچ-

① ئىزرومانىڭ 330 - بېتىگە قاراڭ



مەنلىك جەمئىيەتتە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوقۇش - ئو-
قۇتۇش ئۇسۇلىمۇ فېئوداللىستىك تۇراقسىز قالاق دىنىي مائا-
رىپ ئۇسۇلى ئىدى. مەيلى شەھەر، جىلغا، يېزا - قىشلاقلار-
دا بولسۇن ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىنى پەقەتلا ئۆ-
زىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن دىنىي ئىلىم بىلەن تەربى-
يىلەيتتى. ئۇسۇل جەھەتتە باي، مۆتىۋەر ئائىلىلەر دىنىي
موللىلارنى ياكى دىنىي بىلىمدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار
كىشىلەرنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ باللىرىنى ئو-
قۇتاتتى ياكى ئاۋۇلدا دىنىي مەكتەپ ئېچىپ چارۋىچىلارنىڭ
باللىرىنى ئوقۇتاتتى. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەممە باللارنى
سەۋىيە ئايرىمايلا بىر ئۆيگە يىغىپ ئۇستەل، ئورۇندۇقسىز -
لا، داق يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ ئوقۇتۇشتەك قالاق ئۇسۇل ئىدى.
مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان كەمبەغەل چارۋىچى-
لارنىڭ ئەۋلادى ئوقۇشسىز قاپقارا نادانلىقتا ئۆتەتتى. ئۇ
چاغدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇلىدىغان دەرس نوقۇل ھال-
دىكى دىن دەرسى بولۇپ، كونكرېتنى مەزمۇنى؛ ئىسلام
دىنىنىڭ قائىدىلىرى، ئاللانىڭ ئەمر - پەرمانلىرى، تاھا-
رەت ئېلىش، ناماز ئوقۇش قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە دىنىي
ئەخلاق، ئۇششاق سۈرە، ھەپتىيەك، قۇرئان ئوقۇش، ھەدىس -
شەرىپ قائىدىلىرىنى ئۆگىنىش، ئەڭ يۇقىرىسى سەرىپ
نەھۋى، ئەبجەت قائىدە، مەزمۇنلىرىنى ئوقۇپ ئۆگىنىشتىن ئى-
بارەت ئىدى. ئەنە شۇنداق دىنىي مەرىپەتنى ئۆزىنىڭ تەر-
بىيە ئاساسى قىلغان ھەر خىل شەكىلدىكى دىنىي مەكتەپلەر-
نى شەھەر، بازار، يېزا - قىشلاقلاردا خەلق ئىچىدىكى تە-
رەققىيپەرۋەر زاتلار، دىنىي ئەرباپلار، موللىلار ھەر بىر ئەل-
نىڭ قەبىلىلەردە تۇرۇپ شۇ قەبىلە دائىرىسىدىكى خەلق-

نىڭ باللىرىنى ئوقۇتاتتى.

ئەنە شۇنداق دىنى مائارىپ ئالتايدا تۇنجى قېتىم 1829 - يىلى شاھى مەنسۇر ئىسىملىك بىر ئۆزبېك دىنى ئەرباب ئوغلى مۇھەممەت مۇھتىنى ئەگەشتۈرۈپ روسىيەدىن كېلىپ ئالتاي قازاق خەلقى ئىچىگە ئورۇنلىشىپ، ئالتاي ناھىيەسىنىڭ بالباغاي دېگەن جايىدا ئاچقان دىنى مەكتەپتىن باشلانغان. شاھى مەنسۇر ئاچقان بۇ مەكتەپنىڭ تەربىيەلەش نىشانى ۋىلايەتكە قارىتىلغان. ناھىيەلەردىن بۇ مەكتەپكە بىرىنچى قېتىم كېلىپ ئوقۇغانلار بۆكە ھاجى، ماكسالىما، مەمى بەيسى، نۇرتازا، ئۆمۈرتاي، ئىمامباي جانگىر، سەبىت، قۇۋانبايلار بولۇپ، بۇلار ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز ناھىيە ۋە يۇرتلىرىغا قايتىپ بېرىپ دىنى مەكتەپلەر ئېچىپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان ئىدى.

1876 - يىلىغا كەلگەندە چەتتىن مىرزاقان ئىسىملىك بىر موللا كۆكتوقاي ناھىيەسىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، ئەرەب، پارس تىلىنى ئاساس قىلغان بىر دىنى مەكتەپ ئېچىپ ناھىيە دائىرىسىدە ھەر — بىر قەبىلىدىن ئوقۇغۇچى يىغىپ ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئىسلام دىنى قائىدىلىرىنى ئاساسلىق دەرس قىلىپ ئوقۇتقان. كېيىنكى چاغدا كۆكتوقاي خەلقى ئىچىدە ئابروي تاپقان ئاقىتقاجى بۇرۇن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان.

1900 - يىلىغا كەلگەندە ئالتاي ناھىيەسىنىڭ قىران (بىتەۋ ئۆرگە) دېگەن يېرىدە مەمى بەيسى قورۇك شىنكەر موللا، ئۆزبېك ئابدۇللانى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ «ئاباقىيا مەكتىپى» ① نامىلىق دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن بىر مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتۇش ئىشىنى ئېلىپ بارغان.

① ئاباق كېرەي مەكتىپى مەنىسىدە



1905 - يىلىغا كەلگەندە بورچىن ناھىيەسىدە ئۆمۈرتاي گۇڭ ئابدۇللا ئىسىملىك بىر تاتار موللىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆز ئاۋۇلىدا «ئۇسولى جەدىت» نامىلىق بىر مەكتەپ ئېچىپ، پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن بىر قەدەر يېڭىچە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان.

تەخمىنەن 1920 - يىللىرى بولسا كېرەك، مەمى بەيسى سىيىتقازى مۇئەللىم، نۇردۇن ئابدۇلفەللاقى (بۇكىشى ئۇيغۇر بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ زىيالىيلىرىدىن ئىدى) قاتارلىق مۇئەللىملەرنى تەكلىپ قىلىپ ئۆز ئاۋۇلىدا دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپ ئېچىپ، ئالدىنقى نۆۋەت قىرانىدا (بىتەۋ ئۆرگەدە) ئاچقان ئاباقىيا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان. مۇشۇ مەزگىلدە ئالتاي شەھىرىنىڭ دۆڭ بازىرىدا خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتىدىغان «شۆتاڭ» نامىلىق بىر مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپتە ئالتايدىكى خەنزۇ ئەمەلدارلىرى ۋە سودىگەرلىرىنىڭ باللىرى ئوقۇيتتى.

28 - 1927 - يىللىرى بولسا كېرەك، ئالتاي شەھىرىدە توختى قارى ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر كىشى ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ، بىر دىنى مەكتەپ قۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ باللىرىنى يىغىپ ئوقۇتقان.

1930 - يىلىغا كەلگەندە نۇردۇن ئابدۇلخەللاقى، ئاقچورىن موللا، بىلال ھەزرەت ئىسىملىك زاتلار ئالتاي شەھىرىدە ئالدىنقى نۆۋەت توختى قارى تەشەببۇسكارلىقىدا قۇرۇلغان مەكتەپنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپتە ئوقۇتىلىدىغان دەرسلەر تىل، ھېساب، تارىخ، خور، دىن دەرسلىرى بولۇپ، بىر قە-

دەر يېڭىچە ئۇسۇلدا يەرلىك مىللەت بالىلىرىنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. شۇ مەزگىلدە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن قابا، جېمىنەي، بۇۋرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدىمۇ ھەر خىل كۆلەمدىكى دىنى مەكتەپلەر بارلىققا كەلگەن. يېزا - قىشلاق، قىر - سەھرالاردا بولسا، ھەر بىر قەبىلىلەرنىڭ مەسچىتلىرى يېنىدا ياكى ئاۋۇللاردا خەلق ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر مۆتىۋەر زاتلاردىن شەرىپقان، مەمى بەيسى، بۇقات، مەنكەي، مۇقاي ئاقچال، رازدان ئىمام، ئەززالىڭ، قولجاقازى، ماخمۇت ئۆمۈرتاي ئوغلى، قۇسايىن ئىمام، ئاقىتقاجى، قابىل تەيجى، مۇقاش، سۇلايمان قازى، سەيپۇللا ئىسلام قاتارلىق كىشىلەر ئۆز دائىرىلىرىدە دىنى بىلەن پەننى بىرلەشتۈرگەن مەكتەپلەرنى تەشكىللەپ، ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇش ئىشىنى ئېلىپ بارغان.

## 2 - ئالتايدا پەننىي مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى

1917 - يىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا غەلىبە قىلغان ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگوغا جۇملىدىن شىنجاڭغا نىسبەتەن ئىجابىي تەسىرى زور بولدى. روسىيە پرولېتارلىرى ئۆز ئازادلىقى ئۈچۈن چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىگە قارشى قوزغىلىپ ئىنقىلاپ ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىلدە ۋە ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان قاتارلىق ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلىرىدىن زور بىر تۈركۈم قېرىنداشلار ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن شىنجاڭغا كەلگەن. شۇ چاغدا قازاقىستان-



دىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئالتايغا كەلگەن ئىدى. تارىخى ۋەقەلىك ھەم ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋەت سەۋەبى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېقىپ كەلگەن بۇ، زور بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىچىدە ئوتتۇرا مەلۇماتلىق زىيالىي ۋە مەلۇم دەرىجىدە جەمئىيەت خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە زاتلار، مائارىپ خادىملىرى بولۇپ، بۇلار كېيىن جايلاردا خەلق مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا بىر ئاساسىي كۈچ بولۇپ رول ئوينىدى.

دەسلەپ نۇردۇن ئابدۇلخەللاقى، ئابدىراخمان ئەپەندىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يەرلىك تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن ئابدىراخمان ھاجى، موللاخۇن شائىزۇڭ، ئابدىرېيىم قارى ھاجىلار كېڭىشىپ سارسۇمبىدە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرىدە) پەننىي ئاساس قىلغان، ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتىدىغان يېڭىچە پەننى مەكتەپ تەسىس قىلىندى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغانلار نۇردۇن ئابدۇلخەللاقى، قۇسايىن مازاقوۋ، ئاقچورىن موللىلار بولۇپ، ئوقۇتىلىدىغان دەرسلەر: ئانا تىلى، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، تەنتەربىيە. خور، رەسىم ۋە دىن دەرسلىرى ئىدى.

1920 - يىلغا كەلگەندە چابدان قەمبەروۋ، سەلىمجانا زاقوۋ، كەرىم دۇسابايۇۋلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىدا ئالتاي شەھىرىدە قازاق تىلىدا ئوقۇتىلىدىغان پەننىي مەكتەپ تەسىس قىلىنىپ، قازاق ياش ئۆسمۈرلىرىنى تۇنجى قېتىم پەننىي مەكتەپتە يېڭىچە ئوقۇتۇش ئىشى باشلاندى. ئۇ چاغدا ئۆزىمىزنىڭ مىللىيچە يېڭى مائارىپ ئاساسىمىز بولمىغاچقا، سوۋېت قازاقىستانىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ شەكلى كۆچۈرۈپ قوللىنىلدى. ئالتاي شەھىرىدە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى پەننى ئوقۇتۇشتەك يېڭى مائارىپ پائالىيىتى ناھايىتى تېزلىك-

تە ناھىيىلەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، ناھىيىلەردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ شەرت - شارائىتلىرىغا ئاساسەن يېڭىچە ئوقۇتۇش شەكلىدىكى بازار، يېزا - قىشلاق مەكتەپلىرى تەدرىجىي ھالدا كەينى - كەينىدىن دېگۈدەك بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

## 3 ـ ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى ئالتاي مائارىپى

1931 - يىلى قۇمۇل دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ قۇمۇلدىكى يەرلىك فېئودال ئەمەلدار شامەخسۇت ۋاڭ ۋەكىللىكىدىكى جىن شۇرېننىڭ ئىستىبداتلىق ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلىڭى، ناھايىتى تېزلىكتە شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، شىنجاڭدا ياشىغۇچى ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرى تۇشما تەرەپتىن جىن شۇرېننىڭ ئىستىبداتلىق قارا ھاكىمىيىتىگە قارشى شىددەتلىك كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. شۇ چاغدا جىن شۇرېننىڭ ھەربىي قوماندانى بولۇپ تۇرغان شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، ھىيلىگەرلىك بىلەن قوزغىلاڭچىلارنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ 1933 - يىلى 12 - ئاپرېل كۈنى جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدىكى ئىستىبداتلىق ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەينى باش يادرو قىلغان يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىگە جاكالىغان سىياسىتى: جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن دوست بولۇش، مىللەتلەر بارابەر بولۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى



قوغداش، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئىدى.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ جاكالىغان ئالتە بۈيۈك سىياسىتى، ئۈچ مۇھىم ۋەزىپە، سەككىز خىتاپنامىسىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى جىن شۇرېن ئىستىبدات ھۆكۈمىتىگە سېلىشتۇرغاندا ئىلغار ئىدى. شۇڭا شۇ چاغدا جۇڭگو جۇڭياڭ ئۇنى قوللىدى ۋە ھەر جەھەتتىن يار-يۆلەكتە بولدى، جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەزالىرىنى شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىپ، شىنجاڭنى ھەقىقەتەن ئىسمى-جىسمىغا لايىق يېڭى شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

شۇ چاغدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، شېڭ شىسەينىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن دوست بولۇش دېگەن سىياسىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى يادرو قىلغان سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ قوللىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

جۇڭگو جۇڭياڭنىڭ قوللاپ يار-يۆلەكتە بولۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى دەسلەپ ئىلغارلىق يۆنىلىشىنى بويلاپ ئىش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدا خېلى ياخشى ئىشلارنى قىلدى. مەسىلەن: ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپلا جەمئىيەت ئامانلىقىنى يولغا قويۇش بىلەن تەڭلا بۇزۇلغان ئىقتىسادنى تۈزەش ئىشىنى ئېلىپ باردى. ئارقىدىنلا ئىگىلىكنى يولغا قويۇشنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانىنى يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ خەلق

ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى بولغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە ئىلگىرىلەش يولىغا سالدى ۋە باشقىلار. ئىقتىسادىي بازىستا كۆرۈلگەن مەلۇم دەرىجىدىكى تەرەققىيات جەمئىيەتنىڭ ئۈستى قۇرۇلمىسىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. جۇملىدىن مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىدىمۇ بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا زور ئۆزگىرىشلەر ياساپ، ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپلىرى بەرپا قىلىنىپ، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇلدى ۋە نوقۇل ھالدا دىنىلا ئوقۇپ پەنگە قارشى تۇرىدىغان كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا خاتىمە بېرىلدى. جەمئىيەتنىڭ ھەممە بۆلۈك - پۇچقاقلىرىدا جۇملىدىن ئالتايدىمۇ پەننىي ئاساس قىلغان يېڭىچە مائارىپ مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى.

1933 - يىلى 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، ئالتاينىڭ باش ۋالىيسى ھەم جىڭبى سىلىڭى شەرىپقان كۆگەدايۇۋ (بۇ كىشى ھەققىدە مۇقاش جەكە ئوغلى ئۆتكەندە «شەرىپقان كۆگەدايۇۋ توغرىسىدا ئەسلىمە» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ، شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ 18 - سانىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرغانلىقتىن، مەن بۇ ماقالامدا ئۇ كىشى ھەققىدە ئالاھىدە توختالمىدىم) ئوقۇمۇشلۇق مائارىپپەرۋەر ئىلغار زات بولغاچقا، ئالتاينىڭ پەننىي مائارىپىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ، خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يېڭى مائارىپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىئانە توپلاپ، ئۆزى قول سېلىپ ئالتاي شەھىرىدە ئالتە سىنىپلىق يېڭى تىپتىكى قازاق مەكتەپ بىناسىنى سالدۇرۇپ، تۇنجى قېتىم قازاق تىلىدا يېڭىچە مائارىپ تۈزۈمىدىكى زامانىۋى



باشلانغۇچ مەكتەپنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭدەك موڭغۇل تىلىدىكى، رۇس تىلىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، ئالتاي شەھىرىدە سانى ئانچە جىق بولمىغان موڭغۇل، رۇس مىللەتلىرى ئۈچۈنمۇ يېڭى مائارىپ تۈزۈمىدىكى پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى يارىتىپ بەردى. ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى، خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئوقۇش - ئوقۇتۇشنىڭ سان - سۈپىتىنى ياخشىلاشقا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدى. ھۆكۈمەت مالىيەسىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەش سىنىپلىق مەخسۇس قىزلار مەكتىپىنى سالدۇرۇپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشىغا لازىملىق ئەسۋاب - ئۈسكۈنە ۋە مۇئەللىملىرىنى تولۇقلاپ ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، ھەر مىللەتنىڭ مەكتەپ يېشىدىكى قىزلىرى ئۈچۈن يېڭىچە ئوقۇش شارائىتىنى يارىتىپ بەردى. ئالتاي شەھىرىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە تېز ۋاقىت ئىچىدە بۇرچىن، قابا، جېمىنەي، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيەلىرىدىمۇ قازاق تىلىدىكى زامانىۋى باشلانغۇچ مەكتەپلەر بارلىققا كېلىپ، ئۇنىڭ يېزا قىشلاقلارغا تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن يېزا - قىشلاقلاردىمۇ خەلق ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ھەرىكەتكە كېلىپ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، ھەر بىر قەبىلىلەر ئاساسىدا كەينى - كەينىدىن يېڭى مائارىپ تۈزۈمىدىكى قاۋۇل - قىشلاق باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ خەلق ئاقارتىش ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى.

12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئالتاي جەمئىيىتىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە ئەگىشىپ، ئالتاي شەھىرىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇ-

راخمان ھاجى، موللاخۇن شاگزۇك، ھوشۇر ھاجى، ئابدۇرېـ
يىم قارى ھاجى، مەممەت شاگزۇك، ئىمىن قۇربانى، ماـ
مۇت ياقۇبباييۇۋ، ئابدۇراخمان ئەپەندى، ئابلا شاگزۇك
(خۇيزۇ) قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى «نەشىر مائاـ
رىپ جەمئىيىتى» ناملىق بىر ئورگان تەسىس قىلىپ
ئۆزلىرى شۇ جەمئىيەتنىڭ دائىملىق ئەزالىرىدىن بولۇپ،
مائارىپ ئۈچۈن ياردەم يىغىش ئۇسۇلى بىلەن كىتابـ
توپلاپ، ئۆزلىرى مەبلەغ چىقىرىپ 10 سىنىپلىق (ئوغۇللار
ئۈچۈن ئالتە سىنىپ، قىزلار ئۈچۈن تۆت سىنىپ) يېڭىچە كىلـ
دىكى بىر مەكتەپ بىناسى سېلىپ مەكتەپكە لازىملىق
پارتا، ئورۇندۇق، ئۇستەل، دوسكا قاتارلىق جاھازلىرىنى
تولۇقلاپ 1936 - ئوقۇش يىلىدىن باشلاپ ئالتاي شەھىرـ
دىكى ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرىنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ
باردى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە
ئەرزىيدۇكى، مۇشۇ مەكتەپ بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل
بولغان ئىمىن قۇربان، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا
ئۆزىنىڭ شەخسى جاھاندارچىلىق ئىشىنى ئىككى يىل
پۈتۈنلەي تاشلاپ قويۇپ، ئۆز تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن
قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلماي، قولىدا بارىنى ئائىلىسىدە
خىراجەت قىلىپ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش ئىشىنى باشقۇرغان،
مەكتەپ بىناسىنى پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى يېـ
ڭى مەكتەپ بىناسىغا كىرگۈزۈپ قويۇپ ئاندىن ئۆزىنىڭ
شەخسى ئىشىنى ئىشلەشكە كىرىشكەن.
«نەشىر مائارىپ جەمئىيىتى» قارمىقىدا مەكتەپ ئۈچۈن
خىزمەت قىلىش بىر دۇكىنى تەشكىل قىلىپ كىتاب، دەپـ
تەر، قېرىنداش، قەلەم، قەغەز، سىيا، سىركول، سىزغۇچ،



تەنتەربىيە ئەسۋابلىرى قاتارلىق ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىـ
رىغا لازىملىق تاۋار بۇيۇملىرى بىلەن سودا - تىجارەت
قىلغاچ ئۇيغۇر مەكتىپىنى لازىملىق بۇيۇملار بىلەن تەمىنـ
لىگەندى. تاشقىرى دۇكاننىڭ تىجارىتىدىن قىلىنغان
پايدا كىرىمىنى ئوقۇ‌تۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىـ
ياجى ئۈچۈن ئىشلەتكەن. خەلق ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر
زاتلارنىڭ ئىستىخبىلىك ھالدا تەسىس قىلغان «نەشىر
مائارىپ جەمئىيىتى» شۇ مەزگىلدە ئالتاي ئۇيغۇر مەكتەـ
پىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ مۇستەھكەملىنىشى، ئوقۇش -
ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ سان - سۈپەت جەھەتتىن تەدرىجىي
ياخشىلىنىپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئوينىغان رولى
زور بولغان.
1935 - يىلىغا كەلگەندە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭـ
دا ياشىغۇچى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆرۈپچىدە ئايرىم -
ئايرىم ھالدا ئۆلكىلىك مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى،
جايلاردا ۋىلايەتلىك شۆبە ئۇيۇشمىلىرىنى تەسىس قىلدى.
بۇ ئۇيۇشمىلار ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ئۆز مىللىتىنى مەـ
دەنى ئاقارتىش ئىشىغا دائىر دائىملىق پائالىيەتلەرگە تەشـ
كىللەپ، خەلق ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى،
ياشلارنى، سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى ئۇيۇشما ئەتراپىغا
يىغىپ، ئۇيۇشما ئورگانى ئىچىدە مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس
ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىپ، شۇ ئاپپاراتلارنىڭ مەسئۇللىـ
قىدا بازارلاردىكى ۋە يېزا - قىشلاقلاردىكى مەكتەپلەرگە
ئىگىدارچىلىق قىلىپ، يېتىم - يېسىر، ئىگىسىز قېرىلارنىڭ
ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنى دارىلئاجىزنى ۋە دارىلـ
تاملارغا جەلىپ قىلىپ باشقۇردى. خەلق ئىچىدە مەدەنىيەتـ

ۋقتىدە تەشۋىق - تەربىيە ئىشلىرىنى كەڭ بېرىپ، شەھەر، چەك، يېزا - قىشلاقلاردىكى ـرنىڭ بىنا ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىدىن پايدىلىنىپ كەچـ ـت ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىنى، خەلق ھەۋەسكارلىرى كۇرژۇكلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇيۇشمىلارنىڭ خىراجەت مەنبەسى ئۆشرە، زاكاتتىن توپلانغان مەبلەغ، ۋەخپى يەرلەرنىڭ كىرىمى ۋە خەلقتىن توپلانغان ئىختىيارى ياردەم كىرىمىدىن ئىبارەت ئىدى.

1936 - يىلىغا كەلگەندە مەكتەپلەردىن مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ (完校) شەرتىگە توشقانلىرىنى ھۆكۈمەت قارىمىقىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بارلىق خىراجەتلىرىنى ھۆكۈمەت مالىيەسىدىن چىقىم قىلغاندىن تاشقىرى، مۇكەممەل مەكتەپ شەرتىگە توشمىغانلىرىنى ھەر مىللەتنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ داۋاملىق باشقۇرۇشىدا قالدۇرۇپ، بارلىق خىراجىتىنى ئۇيۇشمىلار كىرىمىدىن تەمىنلەپ كەلدى. ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنى شەنلى (县理) مەكتەپ، ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنى (会理) مەكتەپ دەپ ئاتىدى.

ئالتايدا 1935 - يىلى مائارىپ ئىدارىسى، كېزىتخانا، قازاق ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىر ۋاقىتتا تەسىس قىلىنىپ، ئۇيۇشمىلار ئۆز دائىرىسىدە كاتىبات بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، مەدەنىي ئاقارتىش بۆلۈمى، سانايى نەپىسە بۆلۈمى، تەشۋىق - تەرغىپ بۆلۈمى قاتارلىق ئورگانلارنى تەسىس قىلىپ، ھەر قايسى ئۆز دائىرىسىدە تېگىشلىك پائالىيەتلىرىنى يۈرگۈزدى.



قازاق ئۇيۇشمىسى دەسلەپ قورۇلغاندا شەرىپقان، مەنكەي، رازدان ئىمام، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ، مۇقاش جەكە ئوغلى، خاپىز، قۇسايىن مازاقوۋ، قاجىنابى، غالىم قۇسايىنى، مۇسۇلمانبەك قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىللىنىپ تۇنجى سايلامدا رەئىسلىككە ۋالىي شەرىپقان، كېيىنكى چاغلاردا مەنكەي، رازدان ئىمام، دەلىلقان سۇگۇربايېۋلار نۆۋەت بىلەن سايلىنىپ ئىش باشقۇردى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مامۇت ياقۇببايېۋ، مىنەۋەر ئابدۇللا ھاجىيېۋ، يۈسۈپ ئىمىن ھاجى، ئىمىن قۇربانى، قاسىم بەختىيارى، مامۇت قارى ھاجى، كىپەر باي، ھوشۇر ھاجى، مۇھەممەت تۆمۈربايېۋ، خالىق ساقى، مەھەممەت ئەلىيېۋ، باۋدۇن يۈسۈپ جامالدىن، غەنى ھەسەن قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، زىيالىيلاردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، مامۇت ياقۇببايېۋ، يۈسۈپ ئىمىن ھاجى، مىنەۋەر ئابدۇللا ھاجى قاتارلىق مۆتىۋەر زاتلار ئىلگىرى - كېيىن رەئىسلىككە سايلىنىپ ئىش بېجىرىپ كەلدى.

ئۇيۇشمىلار ئالتاي ۋىلايىتى دائىرىسىدە قازاق، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۆشرە، زاكات يىغىش، ئىئانە توپلاش ئۇسۇلى بىلەن مەبلەغ جۇغلاپ، ئۇيۇشما خىزمەت قوروسى سېلىپ ئۇيۇشما دائىرىسىدە قىرائەتخانا، چايخانا، بىلىيارت، شاخمات، دامكا قاتارلىق مەدەنىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى ياش ھەۋەسكارلاردىن سەنئەت كۇرژۇكى، ۋالىبول كوماندىسى ئۇيۇشتۇرۇپ قەرەللىك مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇ زاتلارنى تاللاپ مۇكاپاتلاش يولى بىلەن ئاممىنى تەربىيىلەشنى ئېلىپ باردى.

ئالتاي ۋىلايەتلىك قازاق ئۇيۇشمىسى ئەتراپىغا

لىك بولۇش ھەققىدە تەشۋىق - تەربىيە ئىشلىرىنى كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىپ، شەھەر، يېزا - قىشلاقلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ بىنا ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىدىن پايدىلىنىپ كەچلىك ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىنى، خەلق ھەۋەسكارلىرى كۇرۇژوكلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇيۇشمىلارنىڭ خىراجەت مەنبەسى ئۆشرە، زاكاتتىن توپلانغان مەبلەغ، ۋەخپى يەرلەرنىڭ كىرىمى ۋە خەلقتىن توپلانغان ئىختىيارى ياردەم كىرىمىدىن ئىبارەت ئىدى.

1936 - يىلىغا كەلگەندە مەكتەپلەردىن مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ (完校) شەرتىگە توشقانلىرىنى ھۆكۈمەت قارىمىقىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بارلىق خىراجەتلىرىنى ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن چىقىم قىلغاندىن تاشقىرى، مۇكەممەل مەكتەپ شەرتىگە توشمىغانلىرىنى ھەر مىللەتنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ داۋاملىق باشقۇرۇشىدا قالدۇرۇپ، بارلىق خىراجىتىنى ئۇيۇشمىلار كىرىمىدىن تەمىنلەپ كەلدى. ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنى شەنلى (县理) مەكتەپ، ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنى (会理) مەكتەپ دەپ ئاتىدى.

ئالتايدا 1935 - يىلى مائارىپ ئىدارىسى، گېزىتخانا، قازاق ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىر ۋاقىتتا تەسىس قىلىنىپ، ئۇيۇشمىلار ئۆز دائىرىسىدە كاتىبات بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، مەدەنىي ئاقارتىش بۆلۈمى، سانايى نەپىسە بۆلۈمى، تەشۋىق - تەرغىپ بۆلۈمى قاتارلىق ئورگانلارنى تەسىس قىلىپ، ھەر قايسى ئۆز دائىرىسىدە تېگىشلىك پائالىيەتلىرىنى يۈرگۈزدى.



قازاق ئۇيۇشمىسى دەسلەپ قۇرۇلغاندا شەرىپقان، مەنكەي، رازدان ئىمام، دەلىلقان سۇگۇربايۇۋ، مۇقاش جەكە ئوغلى، خاپىز، قۇسايىن مازاقوۋ، قاجىنابى، غالىم قۇسايىنى، مۇسۇلمانبېك قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىللىنىپ تۇنجى سايلامدا رەئىسلىككە ۋالىي شەرىپقان، كېيىنكى چاغلاردا مەنكەي، رازدان ئىمام، دەلىلقان سۇگۇربايۇۋلار نۆۋەت بىلەن سايلىنىپ ئىش باشقۇردى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مامۇت ياقۇببايۇۋ، مىنەۋەر ئابدۇللا ھاجىيۇۋ، يۈسۈپ ئىمىن ھاجى، ئىمىن قۇربانى، قاسىم بەختىيارى، مامۇت قارى ھاجى، كىپەر باي، ھوشۇر ھاجى، مۇھەممەت تۆمۈربايۇۋ، خالىق ساقى، مەھەممەت ئەلىيۇۋ، باۋدۇن يۈسۈپ جامالىدىن، غەنى ھەسەن قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، زىيالىيلاردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، مامۇت ياقۇببايۇۋ، يۈسۈپ ئىمىن ھاجى، مىنەۋەر ئابدۇللا ھاجى قاتارلىق مۆتىۋەر زاتلار ئىلگىرى - كېيىن رەئىسلىككە سايلىنىپ ئىش بېجىرىپ كەلدى.

ئۇيۇشمىلار ئالتاي ۋىلايىتى دائىرىسىدە قازاق، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۆشرە، زاكات يىغىش، ئىئانە توپلاش ئۇسۇلى بىلەن مەبلەغ جۇغلاپ، ئۇيۇشما خىزمەت قورۇسى سېلىپ ئۇيۇشما دائىرىسىدە قىرائەتخانا، چايخانا، بىلىيارت، شاخمات، دامكا قاتارلىق مەدەنىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى ياش ھەۋەسكارلاردىن سەنئەت كۇرۇژوكى، ۋالىبول كوماندىسى ئۇيۇشتۇرۇپ قەرەللىك مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇ زاتلارنى تاللاپ مۇكاپاتلاش يولى بىلەن ئاممىنى تەربىيىلەشنى ئېلىپ باردى.

ئالتاي ۋىلايەتلىك قازاق ئۇيۇشمىسى ئەتراپىغا

ئۇيۇشقان ئەر ـ ئايال ھەۋەسكارلار شۇغا، قىزجىبەك، قالقامان مامىر، سۇلۇ چاش، سىلاڭقىز، مازاسىز مېھمان قاتارلىق پيەسسە ۋە درامىلارنى ئوينىدى ھەم مۇددەتلىك مەزگىللەردە كونسېرت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئەر ـ ئايال ھەۋەسكارلىرىنى تەشكىللەپ شۇ چاغدىكى يېڭى مائارىپ ۋەزىيىتى ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىدا بارلىققا كەلگەن ھەر خىل مەزمۇندىكى (يېڭىچە مائارىپنىڭ ئەھمىيىتى، ئىستىقبالى، پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى قاتارلىق مەزمۇندىكى) پيەسسە، كامېدىيىلەر ۋە بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ، سامساق ئاكاك قايىنايدۇ، غېرىپ ـ سەنەم قاتارلىق پيەسسە، كامېدىيە، ئوپېرالارنى ئويناش ھەم مۇددەتلىك مەزگىللەردە كونسېرت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا مەدەنىيەتلىك بولۇش ھەققىدە تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى.

ئۇيۇشمىلار خەلق ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن پايدىلىنىپ ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ ساۋاتسىزلارنى كەچ كۇرسلاردا ئوقۇتۇپ، ئاممىلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە ئۇيۇشمىلار ئۆز كىرىمىنىڭ 60% نى مەكتەپ باشقۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش، غېرىپ ـ غۇرۋا، ئاجىز ـ مېيىپ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتەك ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىي مەشغۇلاتلار ھەم خەلق پاراۋانلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلدى.



ئالتاي مائارىپ ئىدارىسى، قازاق، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىشلىگەن يەنە بىر ئالاھىدە ئىشى شۇ بولدىكى، ياپون فاشىزىمىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئۇيۇشما خادىملىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تەشۋىقات ئۆمەكلىرى تەشكىللەپ ئالتاي شەھىرى، ھەر بىر ناھىيە بازىرى ھەتتا يېزا ـ قىشلاقلارغىچە خەلق ئارىسىغا بېرىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئەمەلىيىتىدىن ئېلىپ يېزىلغان قىسقا مەزمۇنلۇق پيەسسەلەرنى ئويناش، شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىش، كونسېرت نومۇرلىرى كۆرسىتىشتەك جانلىق تەشۋىق ئېلىپ باردى. خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئالدىنقى سەپتىن خەت ئارقىلىق ھال سوراش بىلەن شۇ چاغدا دۆلەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «ئالدىنقى سەپكە خەي ـ پايپاق ياردەم قىلىش»، «ئالدىنقى سەپكە ئات ياردەم قىلىش» پائالىيەتلىرىگە ماسلىشىپ، شىنجاڭ خەلقى نامىدىن ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەن 10 كۆرەش ئايروپىلانىنى سېتىۋېلىشتا ئالتاي خەلقى ئۆز ھەسسىسىنى قوشقاندىن تاشقىرى، كۆپلىگەن تۆگە، ئات، كالا، قوي، پۇل قاتارلىق ماددىي ياردەملەرنى توپلاپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ، ياپون فاشىستلىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىغە قارىتا كۆيدۈرۈپ تۈگىتىش، قىرىپ تۈگىتىش، بۇلاپ تۈگىتىشتەك ۋەھشىيانە تاجاۋۇزىغا قارشى ئالىي جاناب خىسلەت، باتۇرانە غەيرەت، ئۇلۇغ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدا تۆھپە قوشۇش بۇرچىنى ئادا قىلدى.

1934 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلغىچە (ئالتايدا گومىنداڭ پارتىيىسى قۇرۇلغىچە) بولغان مەزگىل ئالتاي مائارىپىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلغان مەزگىلى بولدى، سەۋەبى بىر مەزگىللەردە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ خىزمىتىگە شەرىپقان گۆگەدايۇۋ، بۇقات، چوفومىڭ (چوفومىڭ پارتىيىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرىدىن بولۇپ، 30 ـ يىللاردا ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان، 41 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئالتايغا مۇئاۋىن ۋالىي قوشۇمچە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن، 42 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىڭ شىسەي قاماققا ئېلىپ كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتكەن) قاتارلىق ئىلغار زىيالىي، تەرەققىيپەرۋەر زات، مۇنەۋۋەر كوممۇنىست رىياسەتچىلىك قىلغانىدى.

1939 ـ يىلىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە بىر قەدەر تاكامۇللاشقان باشلانغۇچ مەكتەپلەر 44 كە يەتتى، بۇنىڭدىن ئالتاي شەھىرىدىكى قازاق مەكتىپى، ئۇيغۇر مەكتىپى، قىزلار مەكتىپى، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي، بۇرۇلتوقاي، بازىرىدىكى مەكتەپلەر، يېزا ـ قىشلاق مەكتەپلىرىدىن ئالتاي ناھىيە مەمىي بەيسى ئاۋۇلىدىكى ئۈلگە مەكتىپى، بورچىن ناھىيە بېقاجى ئاۋۇلىدىكى جەمىس مەكتىپى، قابا ناھىيە چىبار ئايغىر ئېلىدىكى قىزىل قايىڭ مەكتىپى، (شەرىپقان نامىدىكى مەكتەپ)، جېمىنەي ناھىيە لاستى مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەر بىر قەدەر تاكامۇللاشقان يۇقىرى سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپلىرى بولۇپ يېتىشتى.

يېڭى پەننىي مائارىپنىڭ ۋىلايەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك تېز قانات يېيىشى، 30 ـ يىللاردا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار كەم بولۇش مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ زىددى-



يەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى يۇقىرىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1935 ـ 36 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كامال ئىبراھىم، قابباس شەي، ماقات، تۇرسۇنتاي، ئابدىكېرىم، پاتقې، ئەنۋەر مەمىيۇۋ، زارىپ، سىيىتقازى، ئەسئەت ئەبەھەجىن ئوغلى، ئەيتكەن جوشى ئوغلى، چېتەي قاتارلىق ياشلارنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئالتاينىڭ ئۆزىدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 ـ سىنىپىنى تۈگەتكەن ئەر ـ ئايال ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىدا تەربىيىلەپ ئىشلەتتى، ئىلمىي سەۋىيىسى ئۈستۈنرەك ئوقۇتقۇچىلاردىن چابدان قەمبەرۇۋ، سەلىم جانازاقوۋ، نۇردۇن ئابدۇلخەللاقى، كەرىم دۇسابايوۋ، قوسايىن مازاقوۋ، مۇقاش جەكە ئوغلىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىدا بىر يىللىق قىسقا مۇددەتلىك سىفەن ئېچىپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئەر ـ ئايال ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ ئىككى سىنىپ ياش مۇئەللىم تەربىيىلەپ چەت قىسىم ئېھتىياجلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئالتاي قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولغان شەرىپە، سەلىمە، گۈلجامالىلار شۇ قىسقا مۇددەتلىك سىفەندە تەربىيىلىنىپ چىققان تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچىلار ئىدى.

1939 ـ 40 ـ ئوقۇش يىللىرى ئالتاينىڭ ھەر بىر ناھىيىلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلاردىن تاللاپ، مۇقامەتبېك، نازىم، پاتوش، سەلىم، زىياش، خامىت، جانىمقان ماغاۋ، ئەشرەپ، ماۋكەن توقۇلوۋ، غېنايات، جارقان، غېنۋار، ئاغزام، جاراكە، ۋەلى، سۈگۈەنخۇا، خەن يۈۋىن، قويچان، قۇرمان، ئورۇمقان، ئومارقان، كەجەي، ياسىن، با-

رات، داۋۇت، ئۆمەر، نىياز، ئەيسابااي، مۇرات، خەبىپ، قا-
ناپىيا، يۇسۇپ توختى، كۈلايزا، قانىپا، دۆك گازى، مۇنىرە
قاتارلىق ياشلارنى ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىگە ئەۋەتىپ
تەربىيىلەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلىدى.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى ھەر ساھەنىڭ
خادىملارغا بولغان ئېھتىياجىنى، بولۇپمۇ ئىختىساسلىق كەسپىي
تېخنىك خادىملارغا بولغان ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇپ باردى،
مۇشۇنداق ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن 1935 - يىلىدىن باش-
لاپ ئالتايدىن بادەلخان، قاپىنان، جوتا، قاناتباي، ئابدى-
قان، سەلىمقان، كاكىم، قاسەن، تۈركىستان، شايزادا، ئەيىت-
كە، ئاقان، جاقاي، خەمىت، مۇگال، ماناپ، قايراش قا-
تارلىق ياشلارنى مۇددەتلىك تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۆلكە مەرك-
زىي ئورۇمچىدە ئېچىلغان ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتىپى،
مالدوختۇرلۇق مەكتىپى، توپوگرافىيە مەكتىپى، مەدەنىيەت
كادىرلىرى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى قاتارلىق ئوقۇش يۇرتلىرى-
رىغا ئەۋەتىپ تەربىيىلەندى. يەرلىك چارۋىچىلىق، مالدوخ-
تۇرلۇق، ئاگرانوم، ماشىنىسازلىق كەسىپلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا
لازىملىق تېخنىك خادىملارنى شۇ چاغدا ھۆكۈمەتلەر ئارا
تۈزۈلگەن توختام بويىچە ئالتايغا كېلىپ ئىشلەۋاتقان سو-
ۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ ئىككى نۆۋەت
قىسقا مۇددەتلىك كۇرس (بىرىنچى قېتىم ئالتە ئايلىق كۇرس،
ئىككىنچى قېتىم بىر يىللىق كۇرس) ئېچىپ خېلى بىر تۈر-
كۈم باشلانغۇچ سەۋىيىلىك مالدوختۇرلىرى ۋە دېھقانچىلىق
ئىشلەپچىقىرىشقا ئېھتىياجلىق تېخنىك خادىملار يېتىشتۈرۈلدى.

ئۆلكىلىك باش ئورگانلار ئالتاينىڭ تەرەققىيات تە-
لىپىگە ئاساسەن چەتتىن ئوقۇپ كەلگەن ۋە شىنجاڭ ئىنىستى-



تۇتى، دارىلمۇئەللىمىنى، گىمنازىيە قاتارلىق مەكتەپلەرنى
پۈتتۈرگەن ياش زىيالىيلاردىن ئەنۋەر خانبابا، نۇسرەت شە-
ھىدى، باۋۇدۇن يۇسۇپ، جامالىدىن، ئەلى، خالىق ساقى،
ياسىن خۇدابەردى، ئابدىكېرىم ماخمۇدوۋ، تىنىسبەك، ئەنە-
تەي، جاڭ يۇ، مالەنچى، ياڭ × ×، لي ۋىنخا، ما × ×،
جاۋ × ×، مۇھەممەت نەزەر، ئىسمەتوللا مەسۇم، ئىمىن نى-
ياز، ئىسمايىل تۇردى، روزى ئېزىز، تۇردى سەلەي، غەنى
ھەسەن، ئالىمجان، ئىبراھىم قۇربان، ئىسرائىل، مۇھەممەت
قۇربان، مىرخەت ناسىروۋ، غوجارا، قويچىباي، سىمباي، غوجا
قاسىم، يۇسۇپ پولات ھاجىيوۋ، ئابزال مىراكبەرى، قاسىم-
خان، مىرشانوۋ، شەرىپجان، ئىمىن، ۋېكتور، ئىستىپان، ئى-
ۋان، ئابدىرىشىت قاتارلىق خادىملارنى ئەۋەتتى. ئەشۇنداق
قاتلاممۇ قاتلام تەربىيىلەنگەن ۋە يۆتكىلىپ ئەۋەتىلگەن خا-
دىملار ئالتاي مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ۋە خەلق ئى-
گىلىكىنىڭ ھەر ساھەسىدە ئاساسلىق كۈچ بولۇپ ئۆز رولىنى
جارى قىلدۇردى. مەسىلەن: قابىباس سىرى قازاق مەكتىپىنىڭ
مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى، باۋۇدۇن يۇسۇپ ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ
مۇدىرى ۋە ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ ئىشلىدى،
خالىق ساقى دەسلەپتە مائارىپ ئىدارىسى مەكتەپلەر بۆلۈ-
مىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشما مۇئاۋىن رە-
ئىسى، ئۇيغۇر مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى، جاڭ يۇ ۋە-
لايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەلىم - تەربىيە بۆلۈمىنىڭ
مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىدى، ئابدىكېرىم ماخمۇدوۋ، جىمىنەي،
قابا مەكتەپلىرىدە مۇدىر بولۇپ ئىشلىدى. تىنىسبەك قابا
ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىدى،
شەرىپجان ئالتاي ۋىلايەتلىك مالدوختۇرخانىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ

ئىشلىدى. ما ×× جىمىنەي ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىدى. ئەنۋەر خانبابا ئالتۇن كان ئىدارىسىدە ئىشلىدى، ئەلى سۇ ساھەسىدىكى ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلىدى، ئىمىن ھاۋارايى تېخنىكى بولۇپ ئىشلىدى.

ئالتاي تارىخىدا خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىتقىچە مائارىپ ئىدارىسى بىلەن گېزىتخانا بىر بەنزە ئىككى ئاپپارات شەكلىدە بولۇپ، گېزىت، ژۇرنالچىلىقمۇ مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان كېلىشىمىدىكى توختامغا ئاساسەن، 1935 - يىلى 12 - ئايدا ئالتاي ۋالىيسى شەرىپقان مۇقاش جەكە ئوغلىنى زايسانغا (سوۋېت تەرەپكە) ئەۋەتىپ، گېزىتچىلىك باسما ماشىنىسىنى ئالدۇرۇپ، شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن باشلاپ «شىنجاڭ ئالتاي» ناملىق گېزىتنى چىقىرىلدى. 37 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ «يېڭى ئالتاي» ناملىق ژۇرنال چىقىشقا باشلىدى. گېزىت، ژورنالچىلىق (نەشرىياتچىلىق) ئىشىدا 1935 - يىلدىن 1950 - يىلىغە قەدەر جاپالىق ئەمگەك سىڭدۇرۇپ ئالتاي گېزىت، ژۇرنالچىلىق (نەشرىياتچىلىق) خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا تۆھپە قوشقانلار مۇقاش جەكە ئوغلى، غالىم قۇسايىن ئوغلى، ئاسقار تاتاناي ئوغلى، ماقات، مىرزاقمەت، مۇسۇلمانبەك، كۈنگەي، ماغاز رازدان ئوغلى، چورتانباي قاتارلىق يولداشلاردىن ئىبارەت.

### 4 - ئالتاي ياش پەننى مائارىپىنىڭ ۋەيران بولۇشى

شىڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە «ئىلغار» بولۇپ كۆرۈنگەن بىلەن، ئۇنىڭ ماھىيىتى



ئالدامچى، ھىيلىگەر، پۇرسەتپەرەس، قانخور ئەكسىيەتچى مىلىتارىست ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھامان ئىلغارلىقنىڭ دۈشمىنىدۇر.

شىڭ شىسەي 1937 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپلا خەلق ئىچىدىكى ھەر مىللەت ئىلغار زاتلارنى (خەنزۇ ئىلغار زاتلارنىمۇ)، ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنى (خەنزۇ زىيالىيلارنىمۇ) يۈزلەپ، مىڭلاپ ھەتتا ئون مىڭلاپ تۈرمىلەرگە تاشلىدى، ئۆلتۈرۈپ يوقاتتى. ئالتايدىن شەرىپقان كۆگەدايۇۋ، چو فومىڭ، بوقات، چابدان قەمبەرۇۋ، سەلىم جانازاقوۋ، كەرىم دوساباي، ماۋكەن توقۇلوۋ، ئابدىرېشىت قاتارلىق مۆتىۋەر زات، زىيالىي ۋە ياش ئوقۇتقۇچىلارنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ يوقاتتى. بۇلارنىڭ ئىسسىق قېنى ئالتاي خەلقىنىڭ پەننىي مائارىپىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش ئىنقىلابىي جېڭى يولىدا ئاقتى. شۇڭا، گەرچە ئۇلارنى جاللات شىڭ شىسەي ۋەھشىلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرۈپ يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇلار ئالتاي ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات، ئالتاي ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز پەرزەنتلىرى دەپ ھامان ئەسلەيدۇ.

فاشىست گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزگەن ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، 1941 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇشتۇمتۇت تاجاۋۇز قىلدى. بۇ چاغدا شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن دوست بولۇش» دېگەن سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا باشقىچە يول تۇتتى. 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچىدە چوڭ داغدۇغا بىلەن گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى (سىڭ داڭبۇسى)، 10 ۋىلايەتتە ۋىلايەتلىك

شۆبە داگېبۇلىرى بىر ۋاقىتتا قۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي شىنجاڭ ئۆلكىلىك داگېبۇنىڭ ئالاھىدە خادىمى بولۇپ بەلگىلەندى. 43 - يىلىنىڭ فېۋرال ئايلىرى بولسا كېرەك، دوبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي زالىغا (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق داڭۋېنىڭ غەربىي زالى) شېڭ شىسەي شىنجاڭ دارىلفۇنۇن، دارىلمۇئەللىمىنى، گىمنازىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئىدارە جەمئىيەتتىكى زىيالىيلارنى يىغىنغا چاقىرىپ پۈتۈن كۈن ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ: مەن ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۇزۇن يىل ئۆگەندىم ھەم تەتقىق قىلدىم، ھازىر ئۇنىڭ خاتالىقىنى ھېس قىلدىم. ئۆتكەندە سىلەر ماركسىزم - لېنىنىزم نۇقتىئىنەزەرى بىلەن ماڭا ئەگەشكەن، ئەمدىلىكتە سەنمىنجۇيى نۇقتىئىنەزەر بىلەن ماڭا ئەگىشىشىڭلارنى جاكالايمەن، دەپ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. شىنجاڭدا گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، شېڭ شىسەينىڭ ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈپ جاڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشى، ئوخشاشلا شىنجاڭ مائارىپى جۈملىدىن ئالتاي ياش پەننى مائارىپى ۋەيرانچىلىقىنىڭ باشلىنىشى بولدى.

1944 - يىلىغا كەلگەندە ئالتاي مائارىپى تەلتۆكۈس دەپسەندە قىلىنىپ، مەكتەپلەردە دەرس توختاپ، مەكتەپلەر گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ ياتىقى ۋە قىمارخانىسىغا ئايلىنىپ قالدى. مائارىپ خادىملىرى، زىيالىيلارنىڭ بىر قىسمى چىگىل، كۆكتوقاي، جېمىنەي ناھىيىلىرىگە ئىگىلەپ ئۇ يەرنى بازا قىلىپ، گومىنداڭ بىلەن قوراللىق جەڭ قىلىۋاتقان پارتىزان ئەترەتلىرىگە قوشۇلۇپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى، بىر قىسمى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن تۈرمىلەرگە تاشلاندى، ئاز بىر قىسمى خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ كەسپ ئالماشتۇرۇپ، تۈرلۈك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەتتى، ئايرىملىرى ۋەزىيەتنىڭ ھەر خىل دەھشەتلىك بېسىمى ئالدىدا ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەپ، ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈدى



## 5 - ئالتاي مائارىپىنىڭ ۋەيرانچىلىقتىن كېيىن ئىزىغا چۈشۈشى

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىكى دەھشەتلىك بېسىمى ۋە رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاقىتىنى - تاق قىلىپ، ئاخىرى ئۇنىڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ قىلىشقا ئېلىپ كەلدى. ئالدى بىلەن ئىلى، ئالتاي، چۆچەك خەلقى 1944 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ باتۇرلارچە كۆكرەك كېرىپ قوزغىلىپ چىقىپ، 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىلى، ئالتاي، چۆچەك ۋىلايەتلىرىنى گومىنداڭدىن ئازاد قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت يەرلىك ھۆكۈمىتىنى قۇردى. ئالتاي ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى. ئالتايغا ئوسمان باش ۋالىي، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ بىرىنچى مۇئاۋىن ۋالىي، قوشۇمچە مىللىي ئارمىيە 5 - ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى، شەمشى مۇئاۋىن ۋالىي قىلىپ تەيىنلەندى. 46 - يىلى ئوسمان ئاسىيلىق قىلىپ گومىنداڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، دەلەلخان سۇگۇربايېۋ باش ۋالىي بولدى. ئالتايدا قۇرۇلغان يەرلىك

ھۆكۈمەت دۈشمەننى يوقىتىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، باشقا ساھەنىڭ خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تەڭلا ۋىلايەت، ناھىيىلەردە مائارىپ ئىدارىلىرىنى قايتىدىن تەسىس قىلىپ ئىشقا چۈشۈرۈپ، ئالتاينىڭ ۋەيران بولغان مائارىپىنى ئىزىغا سالدى. بۇ خىزمەتتە مەرھۇم دەلىلقان سۇگۇربايۋۇنىڭ ئوينىغان رولى زور بولدى، بۇ ھال ئالتاي مائارىپىنىڭ ۋەيرانچىلىقتىن كېيىن ئىزىغا چۈشۈشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ۋىلايەت مەركىزى سارسۇمبىدە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرىدە) ۋە بۇرچىن، قابا، جېمىنەي، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىدىمۇ بۇرۇن بار بولۇپ كېيىن ۋەيران بولغان مەكتەپلەرنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مائارىپ خادىملىرىنىڭ خىزمىتى بىلەن تۇرمۇشىنى مۇئەييەن بەلگىلىمىلەر بويىچە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ تۈزۈمىنى ئاساس قىلىپ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى.

1945 - يىلى 9 - ئايدىن 1949 - يىلىنىڭ 9 - ئېيىغىچە ئالتاينىڭ مەركىزى سارسۇمبىدە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرىدە) مۇكەممەللەشكەن ئەرلەر بىرلەشمە مەكتىپى (قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇ مەكتىپى)، قىزلار بىرلەشمە مەكتىپى (قازاق ئۇيغۇر)، رۇس مەكتىپى، موڭغۇل مەكتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ۋىلايەت بويىچە يېزا - قىشلاق، كەنتلەردىمۇ بۇرۇن بار بولۇپ كېيىن ۋەيران بولغان مەكتەپلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغاندىن تاشقىرى، تەرەققىيات ئەھۋالىغا قاراپ ئېھتىياجلىق بولغانلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئوقۇتقۇچىلارنى سۈپەت



جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە ئىلمى بىلىم يۇرتىغا (ئىلمى بىلىم يۇرتى تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيىلىك مەكتەپ) ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن تاللاپ ئەۋەتىپ، تولۇق ئوتتۇرا بىلىمگە ئىگە ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈلدى.

ئۈچ ۋىلايەت يەرلىك ھۆكۈمىتى يېتەكچىلىك قىلغان قىسقىغىنە بەش يىلدا ئالتاينىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا زور تەرەققىيات كۆرۈلمىسىمۇ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مۇستەھكەملەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەرلەر بىرلەشمە مەكتىپى ئىچىدە ئىلگىرى - كېيىن ئۈچ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مائارىپنىڭ تۇنجى بىخى يارىتىلدى. بۇ سىنىپ «ئېرەكچە سىنىپ» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. بۇ بىر خىزمەتكىمۇ مەرھۇم دەلىلقان سۇگۇربايۋۇ ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى، بۇندىن باشقا يەنە دەلىلقان سۇگۇربايۋۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىككى يۈرۈش سىترولۇق مۇزىكا ئەسۋابلىرى (گىتار، ئىسكىرىپكا، ماندالىن، بالالايكا)، بىر يۈرۈش دوخوۋوي ئوركېستىر ئالدۇرۇپ، كىنولار ئالدۇرۇپ، مەدەنى - مەرىپەت، تەشۋىق - تەرغىب ئىشلىرىنى يولغا قويدى. مەكتەپ ۋە مەدەنى مۇئەسسەسەلەر جايلاشقان كوچىغا مەدەنىيەت كوچىسى دەپ نام بەردى.

## 6 - ئالتاي مائارىپىدىكى يۈكسىلىش

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىندى. شۇ كۈندىن باشلاپ شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئورنىتىلىپ، شىنجاڭ تارىخىدا يەر جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1950 -

يىلى 4 - ئايدا ئالتايدىكى ئۈچ ۋىلايەت يەرلىك ھۆكۈمىتى
تەركىبى ئۆزگەرتىلىپ، ئالتاي شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ۋىلايىتى قىلىپ قايتا قۇرۇلدى. 1950 -
يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئالتاي
يەرلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ ئالتايدا كوممۇنىستىك پارتىيىسى-
نىڭ رەھبەرلىكى رەسمى تىكلەندى. ئالتايدا پارتىيىمىز
رەھبەرلىكىنىڭ تىكلىنىشى ھەممە ساھە ئىشلىرىغا ئوخشاش-
لا ئالتاي مائارىپى يۈكسىلىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېساب-
لىنىدۇ. ئالتاي مائارىپى پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىگە
مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىنلا يىلدىن - يىلغا زور - زور يۈك-
سىلىشلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. مەسىلەن: 1953 - يىلى
ئالتاي بىرلەشمە ئەرلەر مەكتىپى، قىزلار مەكتىپى ئاساسىدا
ئالتاي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى بارلىققا كەلدى، ئارقىدىنلا
ئالتاي ناھىيىسىدە بىر خەنزۇ تىلىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ،
يەنە مىللىي تىلدا بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يېڭىدىن
قۇرۇلدى، بۇرۇنقى مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن بۇر-
چىن، قابا، جېمىنەي، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي ناھىيىسىدى-
كى مەكتەپلەر شەرت - شارائىت ھازىرلاپ كەينى - كەينىدىن
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ يېتىشتى. يېزا - قىشلاق
مەكتەپلىرىدىن ئالتاي ناھىيە مەمىبەيسى ئاۋۇلىدىكى ئۈل-
گە مەكتىپى، قابا ناھىيە چىبار ئايغىر ئېلىنىڭ شەرىپقان
نامىدىكى مەكتەپ، جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ لاستى مەكتىپى
كۆزەۋچېدىكى قازىبەك ئىلى مەكتىپى، بۇرچىن ناھىيە بې-
قاجى ئاۋۇلىدىكى جەمىس مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەر تو-
لۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلىرى بولۇپ يېتىشتى.
ئازادلىقتىن كېيىن ئالتايدا مىللىي مائارىپ تېز سۈر-



ئەتتە راۋاجلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى كېڭەيدى، سۈپىتى
زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، مەكتەپلەر كېڭەيدى، ئوقۇتۇش
ماتېرىياللىرى، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلاندى. ئوقۇش-
ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشىلىنىپ، زامانىۋىلاشتى. مانا بۇلار
پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدە ئالتاي مائارىپىدىكى شەكلى مىللىي،
مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ھەقىقىي يۈكسىلىشتۇر.
ئالتاينىڭ مائارىپ تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، يېرىم
ئەسىر ئىنچىل ھالدا ئالتالاي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى جەر-
يانىدا ئەقلىي ئەمگىكى بىلەن جاپالىق ئىشلەپ، ئۆز ھەسسى-
سىنى قوشقان تۆھپىكار مائارىپچى زەكىي قاتارلىق پېشقەدەم
مائارىپچىلارغا سالام يوللايمىز، شەرەپ پارتىيىمىزگە مەنسۇپ.

# مەرىپەتپەرۋەر ھېزىم ئاخۇن توغرىسىدا

يۇسۇپجان ئەيسا

گۈزەل ئىلى دەرياسى بويىدا تۇرۇپ، ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ ئېتىكىگە كۆز تىكىپ قارىغاندا «ئاخورتام» (شىۋەچە ئولسون) چوققىسى ئاستىدا، شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن قەدىمدىلا تونۇش بولۇپ كەلگەن جاغىستاي يېزىسىنىڭ بۈك - باراقسان باغۇ - بوستانلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

جاغىستاي دېگەن بۇ نام تىلغا ئېلىنغاندا، كەڭ زىيالىيلار «جاغىستاي زىيالىيلار ماكانى» دېسە، ئەمگەكچان خەلق، «جاغىستاي ئاشلىق ماكانى» دېيىشىپ تەبرىكلىشىدۇ.

دېمىسىمۇ جاغىستاي يېزىسى بىر ئەسىر زىيالىيلار ماكانى بولغان ھەم شۇنداقلا ئالتۇن ئاشلىق، كۆمۈر، ئالتۇن ۋە رەڭلىك مېتال كېنى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

30 - يىللاردا شائىر نەزەر غوجا:

ئەي جاغىستاي، ئالدىڭ ساي:
ئويناشقا بەك قولاي،
تاغ تاشلىرىڭ.
ئوغلاق قوزا مالغا باي،
ئىدىرلىرىڭ.
ئالتۇن ئاشلىق مەدەنگە باي.

دېگەن چاراڭلىق مىسرالاردا شېئىرلار يازغان ئىدى.

1900 - يىلدىن باشلاپ جاغىستاي يېزىسىدا، ئۇيغۇر



ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان، نەزەر غوجا (ئۇيغۇر ئوغلى ئابدۇرېھىم ئەيسا (بۇلبۇل)، مويدۇن يۇنۇس قاتارلىق ئاتاقلىق يازغۇچى شائىرلار، ئىمىر ئاخۇنۇم ۋە ئوغلى ھېزىم ئاخۇنۇم، مىراموللا، ئەيسا داموللا قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلار يېڭىچە مائارىپقا ئۇچۇر قىلىپ، نەتىجىدە 1930 - يىللىرىدىن بېرى، جاغىستاي يېزا مائارىپى غۇلجا شەھىرى شۇنداقلا پۈتۈن ئىلى رايونىدىكى مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆرەشچان باتۇر ئوغلى، ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپمۇ ساۋاد چىقىرىشنى مۇشۇ يېزىدىن باشلىغان ئىدى.

يېڭى مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى تۆۋەندىكىچە: جاغىستاي يېزىسى جۇغراپىيە جەھەتتىن سوۋېت چېگراسىغا يېقىن بولۇپ، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىپ كېلىش ئىشى قويۇق ئىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشتىن كېيىن، بېرىپ - كېلىش ۋە مەلۇم مەزگىل ئولتۇراقلىشىپ قېلىش نەتىجىسىدە، كىشىلەر رۇس مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن، بىلىم ئېلىش ۋە بەلكى ئالىي بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولغان ئىدى.

مەسىلەن: ئوسمان يۇنۇس ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنى (ساكو)، نەزەر غوجا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنى، ئابدۇرېھىم ئەيسا، مويدۇن يۇنۇس، خۇداۋەردى تالىپ، توختى خوجا زاھىرى قاتارلىقلار ئالمۇتىدا ۋە رۇس ئالىي تېخنىكومىنى، ئىمىر ئاخۇنۇم، مىراموللا، ئەيسا داموللا قاتارلىق كىشىلەر قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگەتكەن ئىدى.

نەزەر غوجا«ئۇيغۇر ئوغلى»تەخەللۇسى بىلەن شېئىرىيەت

ساھەسىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە نامچىقارغان ئىدى.

يۇقىرىقىدەك ئامىللار سەۋەبىدىن يېزا خەلقى يېڭىلىقنى خالايتتى .

ئىككىنچى تەرەپتىن پۈتۈن يېزا خەلقىنىڭ 90% دېگۈدەك تاش مەمەت (تاشلاڭ) جەمەتى بولۇپ، تاش مەمەت ئەۋلادىدىن سېلىم دېگەن كىشى يۈز بېگى بولۇپ، سېلىم يۈز بېگىمۇ تەرەققىيپەرۋەر كىشى ئىدى.

يېزىدا ئىككى مەسچىت بولۇپ، يۇقىرىقى مەسچىت، تۆۋەنكى مەسچىت دېيىلەتتى. جۈمە نامىزى يېزا بويىچە يۇقىرىقى مەسچىتتە ئوقۇلاتتى، شۇڭلاشقا بۇ مەسچىت ئاساسىي مەسچىت بولۇپ، ئىمام، قازى ئورنىدا سانىلاتتى.

1900 - يىلى ئىمىر ئاخۇنۇم قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگىتىپ، جاغىستاي يېزىسىغا قايتىپ كەلدى ۋە يۇقىرىقى مەسچىتكە ئىمام بولدى.

1905 - يىلى يۇقىرىقى مەسچىت يېنىدىكى ئۈچ ئېغىزلىق ۋەخپە ئۆيىنى مەكتەپ قىلىپ ئېچىپ، دەسلەپكى يىلدىكى بىر سىنىپتىن كۆپەيتىپ ئۈچ سىنىپقا يەتكۈزدى ۋە كېيىنچە تاھىر ئىمام دېگەن كىشى ئوقۇتۇش ئىشىغا ياردەملىشىپ مۇئەللىم بولدى. ئوقۇغۇچىلار كۈندىلىك بېرىلىدىغان دەرسلەر، دىن، تىل، ئىملا، ھېساب قاتارلىق دەرسلەر بولۇپ، بۇ مەكتەپ 1905 - يىلدىن 1925 - يىلغىچە داۋام قىلدى. ئوقۇغۇچىلار دىننىي دەرستە ئۇششاق سۈرىلەرنى ياد بىلگەندىن سىرت، قۇرئان يېزىقىنى تونۇش، پەننىي جەھەتتە ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى تولۇق بىلىش بىلەن ھېسابتا تۆت ئەمەلنى تۈگىتىش بىلەن تاماملىنىپ، شۇ ۋاقتىدىكى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنىڭ دىننىي ۋە پەننىي ساۋادى چىقاتتى. ئىمىر ئاخۇنۇم بالىلار-



دىن ئوقۇش پۇلى ئالمايتتى. بايلار ئۇنىڭ بىنەم يېرىنى ھەيدەپ، خامانىنى تېپىپ زىرائەتنى يىغىپ بېرەتتى. ئوقۇيدىغانلار ئوغۇللار بولۇپ، قىزلار ئوقۇيالمايتتى.

يېزا نوپۇسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، 1910 - يىلى سېلىم يۈزبېگى تۆۋەندىكى مەسچىت يېنىغا يېڭىدىن ئۈچ ئېغىزلىق مەكتەپ سالدۇردى. شۇ يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگىتىپ كەلگەن مىراموللا مۇئەللىم بولدى. 1915 - يىلى غۇلجاشەھىرىدىن ئەيسا داموللا چىقتى، بۇ كىشىمۇ مۇشۇ مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇپ، كۈندىلىك بېرىلىدىغان ئاساسىي دەرسلەر دىن، تىل، ئىملا، ھېساب، ئىسلام، تارىخ، جۇغراپىيە بولدى. بۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى ئۇياق - بۇياقتا كېتىپ تۇرغانلىقتىن تۇراقسىز بولۇپ مىراموللا، ئەيسا داموللامدىن كېيىن مۆمۈن ئىمام، توختاخۇن ئىمام، راجىپ ئاخۇن، ھوشۇر موللا مەشۇ تالىپ قاتارلىق كىشىلەر مۇئەللىم بولدى. بۇ مەكتەپ 1910 - يىلىدىن 35 - يىلىغىچە داۋام قىلدى. ھەر ئىككى مەكتەپنىڭ ئوقۇش، تەرتىپ - ئىنتىزاملىرى كۈچلۈك ئىدى. مۇئەللىمدىن سوراقسىز دەرستىن قېلىشقا بولمايتتى، ھەربىر دەرس ۋاقتى 50 مىنۇت بولۇپ، ئون مىنۇت تەنەپپۇس بولاتتى. ھەركۈنى ئىككىدىن بالا دېجورنىي بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار كېلىشتىن بۇرۇن سىنىپلارنىڭ تازىلىقىنى قىلاتتى. سىنىپ كىلاسكومى بولاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماكا چېكىشى، ئوشۇق ئويناش قاتارلىق يامان ئىشلار قاتتىق چەكلىنەتتى.

1925 - يىلى ئىمىر ئاخۇنۇم ۋاپات بولدى، ئوغلى ھېزىزەم ئاخۇن ئىمام بولدى. ھېزىزەم ئاخۇن ئەقىللىق، زېرەك، ئەخلاقىي پەزىلەتلىك كىشى ئىدى. ئۇستا رەسسام ئىدى.

ھېيزىزەم ئاخۇن يېزا خەلقى ئىچىدە چوڭ ئابرويلۇق بولۇپ، يېڭىلىق تەرەپدارى ئىدى. ئۇ ئىمام بولغاندىن كېيىن دادىسى ئۆمەر ئاخۇنۇم باشقۇرۇپ كەلگەن ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپنى ئۆزگەرتىپ، تۆۋەنكى مەسچىتتە ئوقۇپ چىققان بالىلارنى قوبۇل قىلدى. مەكتەپ مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، كۈندىلىك ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر پەننىي ئاساس، دىنىي قوشۇمچە قىلدى. تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ، دىن قاتارلىق دەرسلەر بولدى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن يۇقىرى ئوقۇش ئورنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن قايتىپ كېلىپ دېھقانچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن بولدى.

1933 - يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭدا مائارىپ ئىشلىرى بىر مەزگىل ئۇچقاندەكلا تەرەققىي قىلدى. جاغىستاي يېزىسىدىمۇ يېڭىچە تەرەققىيات يولى باشلاندى.

1934 - يىلى غۇلجىدا بىرىنچى قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلدى. كۇرسقا ھېيزىزەم ئاخۇنۇمدا ئوقۇپ چىققان يېزا ياشلىرىدىن ھەسەل تۆلىگەن، ئويلام بەھرام، نىياز جەپەرى، ئۆمەرجان قادىرى، ئىسمايىل موللا، خەيرىدىن، شەيخىدىن قاتارلىق 13 كىشى ئوقۇشقا چۈشتى. ھېيزىزەم ئاخۇنۇم تېرىغان مائارىپ گۈللىرى ئېچىلىپ مېۋە بېرىشكە باشلىدى. شۇ يىلى ئەسلىدىكى ئىككى مەكتەپتىن باشقا يېزىدا مەشھۇر تالىپ ئۆز ئىقتىسادى بىلەن تاۋالى ئۇستا دېگەننىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ، بىر سىنىپ بالا قوبۇل قىلىپ پەننىي دەرس ئوقۇتتى.

ئابدۇرېھىم ئەيسا، ئوسمان يۈنۈسلار نۇردۇن قەمبەرنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى بىر سىنىپ مەكتەپ قىلىپ، ھېيزىزەم ئاخۇنۇمدا ئوقۇپ چىققان جەمئىيەتتىكى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى يىغىپ پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتتى. تىل، ھېساب، تا-



رىخ، جۇغراپىيە، ئەخلاق، قول ئىشى، گىمناستىكا قاتارلىق 5 - سىنىپ دەرسىنى ئۆتتى. ئوقۇغۇچىلار بىر خىل پورما كىيدى. گىمناستىكا ۋە ۋالىبول، ۋاسكېتبول قاتارلىق تەنتەربىيە ئىشلىرى يولغا قويۇلدى. ھەپتىسىگە بىر قېتىم ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پورمىسى بىلەن بارابان، سوناي چېلىپ شېئىر ئېيتىپ، پۈتۈن يېزا كوچىلىرىنى ئايلاندى. يېزىدىكى يەتتە ياشتىن تارتىپ 70 ياشقىچە خەلق ئوقۇغۇچىلارنى ئالاھىدە قىزغىن قارشى ئېلىپ، بالىلار ئەتىدىن كەچكىچە مەكتەپ ئەتراپىدىن كەتمەس بولدى.

1935 - يىلى ھېيزىزەم ئاخۇنۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىدا 12 سىنىپلىق مەكتەپ، 200 كىشىلىك چوڭ كۇلۇب سېلىندى. مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن قۇدرەتۇللا ھاجى ئۆزىنىڭ چوڭ بېدىلىك قورۇقىنى ھەقسىزلا بەردى. ئىسكەندەر ھاجى، مىرا ھاجى، سەبرىدىن شاڭيۇ، ئەمىردىن شاڭيۇ، بەراخۇن ئاكىلار يېتەرلىك ئىقتىسادىي ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىپ ياردەم قىلدى. يېزا خەلقى خالىسانە ئەمگەك قىلىپ مەكتەپ ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتۈپ، مەكتەپتىن تارتىپ كۇلۇبنىڭ ئۈستەل، ئورۇندۇق، پارتىلىرى تەييارلاندى. مەكتەپ ئالدى چوڭ مەيدان بولۇپ رېشاتكىلاندى. توپ ئويناش ۋە تورنىڭ مەيدانلىرى ياسالدى. ھېيزىزەم ئاخۇنۇم باشلىق مەكتەپ ئاتىلار كومىتېتى قۇرۇلدى. يېزىدا ھېيزىزەم ئاخۇندەك دىنىي زاتنىڭ مەكتەپ، مائارىپ ئىشىدا پۇت تىرەپ تۇرۇشى، يېزا مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئاجايىپ رول ئوينىدى. مەكتەپ شۇ يىلى كۈزدە ئېچىلدى، ئوغۇل، قىز بولۇپ بىرىنچى سىنىپتىن ئالتىنچى سىنىپقىچە 12 سىنىپ بالا توشتى. كۇرسنى پۈتتۈرگەن ھەسەل تۆلىگەن، ئويلام بەھرام، نىزام جەپەرى، ئۆمەرجان قادىر، ئىسمايىل موللا، خەيرىدىن، شەيخىدىن، توختى غوجا زاھىرى، خۇدا-

ۋەدى، تالىپ قاتارلىق يولداشلار يېزىغا قايتىپ چىقىپ مۇئەللىم بولدى. ھەسەل تۆلىگەن مەكتەپ مۇدىرى، ئويلام بەھرام ئىلمىي مۇدىر بولدى. پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار پورما كىيىپ بارابان سوناي چېلىپ، شېئىر ئوقۇپ كوچا ئايلاندى. يېڭى كۇلۇبتا، «خىيالى تېۋىپ»، «پەرھات شېرىن»، «غۇنچەم»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق سەھنە ئويۇنلىرى ئوينىلىپ، خەلقنىڭ ئالاھىدە ماختىشىغا ئېرىشتى، سەھنىدە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى، شۇنداقلا ئەينى زاماندا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېيتقان ناخشا، دېكلاماتسىيە ئېيتىلىپ، كونسېرت نومۇرى كۆرسىتىلدى.

مەسىلەن:

بىز چىقتۇق سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا،
كومسومول يولداشلار ئىزىدىن.
ئەمدى سىلەرگە دوكلات بېرىمىز،
تۇرمۇشىمىزنىڭ ئىزلىرىدىن،
ئەي نورۇزباي كۆردۈڭمۇ؟
بۇقان ئىچكەن بايلارنى،
قانچە ئىزدەپ باقىدۇ،
تاپالمايدۇ يوللارنى،
ھايدا - ھايدا ياپون قانخورنى، جۇڭگودىن ھايدا.

دېمەك بۇنداق دېكلاماتسىيەلەردە، بىرىنچىسىنى پورما كىيگەن پىئونېرلار ئورۇندىسا، ئىككىنچىسىنى ئىشچى بىلەن يوغان قورساق تەييار تاپ باي، ئۈچىنچىسىنى قەھرىمان جۇڭگو ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر، بىلەن ياپون ئالۋاستىلىرى قىلىپ ياسانغانلار ئەينى قىياپىتىدە ئورۇنداتتى. يېڭى مەكتەپ ئېچىلىش بىلەن يېزىدىكى ئەسلىدە بولغان مەكتەپلەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، قوشۇلۇپ كەتتى.



1936 - يىلى 2 - قېتىملىق غۇلجىدا ئېچىلغان ئوقۇغۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئىبراھىم ئىسكەندەر، ئىسھاق ئىبراھىم، ئەزىم ئىبراھىم، مەھمۇت ھاشىرى قاتارلىق ئىككى كىشى ئوقۇشقا چۈشتى، شۇنداقلا شۇ يىلقى كۇرە سىفەن بىرىنچى قاتارىغا ئەمەت ئەمىردىن، ئەخمەت يۇنۇس قاتارلىق ياشلار ئوقۇشقا كىردى.

يۇقىرىقى يولداشلار كۇرسا ۋە سىفەن مەكتىپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ھەممىسى دېگۈدەك جاغىستاي مەكتىپىگە چىقىپ مۇئەللىم بولدى. ئەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن ھەسەن تۆلىگەن غۇلجا تاتالىيە مەكتىپىدە، ئابدىرېھىم ئەيسا تۆتدەرۋازا ھۈسەينىيە (ھازىرقى 2 - ئوتتۇرا)، ئوسمان يۇنۇس ھەيرانباغ مەكتىپىگە، توختى غوجا زاھىرى شەيىق مەمەت مەكتىپىگە، خۇداۋەردى تالىپ ئايدۇڭ مەكتىپىگە مەكتەپ مۇدىرى بولدى. ئويلام، بەھرام مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ 37 - يىلى غۇلجىدىكى ھۈسەينىيە مەكتىپىگە ئىلمىي مۇدىر بولدى. ئىسمائىل موللا خەيرىيە، شەيخىدىنلەر مەدرىس يېنىدىكى مەكتەپكە، ئۆمەرجان قادىرى ھۈسەينىيە مەكتىپىگە مۇئەللىم بولۇپ غۇلجا شەھەرئىچىدىكىمەدەنىي مائارىپ ئىشلىرى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى. تاتالىيە، ھۈسەينىيە مەكتەپلىرى نۇقتىلىق مەكتەپلەردىن بولۇپ، شۇندىن باشلاپ جاغىستاي يېزا ياشلىرى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، «جاغىستاي زىيالىيلار ماكانى» دېگەن شەرەپلىك نام تارقالدى. 1937 - يىلى كۇرە سىفەن 2 - قارارىغا جاغىستاي مەكتىپىدىن، غىياس ئىسكەندەر، غوجا باۋۇدۇن تۇرسۇن، نەسىردىن سەبىردىن، ئەمىردىن نەسىردىن، ئىمىرەمزى ئايۇپ، ئۆمەرجان شېرىپ، ئىمام مەمەت مۇسا، مەسئۇت، ھاشىرى قاسىم ھېيتاخۇن، ئىلى ئەكبەر، بەراخۇن قاتارلىق يولداشلار، ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە ئابدۇرازاق

ئوسمانوپ، ئەخمەت سەيىردىن، ئوسمان ئۆمەر، ئىلىم ئەيسا، ئاۋدۇن قادىر، مەھمۇتجالار، مەمەت ئىدرىس قاتارلىق يولداشلار ئوقۇشقا كىردى.

بۇلار مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئابدۇرازاق ئوسمانوپ تاتالىيە مەكتىپىگە ئىلمىي مۇدىر، مەسئۇت ھاشىرى سۈيدۈن مەكتىپىگە مۇدىر، ئىلى ئەكبەر، غوجا باۋۇدۇن، قاسىم، ئىمىرەمزى، نەسىردىن قاتارلىق يولداشلار غولجا شەھەر ئىچىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنىپ، قالغان يولداشلار چاپچال، قىزىل كۆرە، نىلقا قاتارلىق جايلاردىكى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىندى. 1938 - يىلى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە ئابلىمەت روزى، ئەيىنەن ھوشۇر، كۆرە سەنەن 3 - قارار 7 - سىنىپىگە غوجاخمەت توختى، ئاسىم مەسۇم، جالالىدىن راشىدىن، رىزايىپ توختى، ئۆمەرجان ئەيسا، يۈسۈپ ئىلياس قاتارلىق يولداشلار ئوقۇشقا كىردى.

1940 - يىلى ئىلى مىللەتلەرگىمنازىيىسىگە يۈسۈپجان ئەيسا، ئەخمەت داۋۇت، تىيىپ داۋۇت، ئەبەيدۇللا يۈنۇس، ئابلىز خۇسورى، ئىبراھىم بىلال، كەشپۇللا ئەخمەت، غىلاجىدىن سابىت قاتارلىق يولداشلار؛ 1941 - يىلى رەيھان نەزەرغوجا، ئەلاخان يۈنۈس، ھاجەر قادىرى قاتارلىق يولداشلار ئوقۇشقا كىردى. بۇلار ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر قىسمى يەنە غۇلجىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، قالغىنى چاپچال ناھىيىسىدىكى قاينۇق، قوغۇنچى، كان قاتارلىق يېزا مەكتەپلىرىگە تەقسىم قىلىندى.

دېمەك يۇقىرىدا بىز ئىسمىنى ئاتاپ كۆرسەتكەن 100گە يېقىن زىيالىي ياشلار، ئەينى زاماندا ھىزىزەم ئاخۇنۇمدا ئوقۇپ بىلىم ئالغان يولداشلار بولۇپ، بۇلار شۇ دەۋردە ئوقۇش يېشىدىكى ناھايىتى ئازلا قىسمى ئىدى. يېزا نوپۇس-



نىڭ 90% ئەتراپىدىكى ساۋاتلىق كىشىلەر ساۋاتىنى ھىزىزەم ئاخۇنۇمدا چىقارغانىدى.

ھىزىزەم ئاخۇنۇم شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەر كىشى ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرگە يۈرۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىق تەرغىب ئىشلىرىنى قىلاتتى، ئالدىنقى سەپتىن ھال سوراش ھەرىكەتلىرىدە، تەشۋىق تەرغىب قىلىپ ئالدى بىلەن ئۆزى باشلامچى بولۇپ، ئات - كالا ياردەم قىلغانىدى.

مەرىپەتپەرۋەر ھىزىزەم ئاخۇن ئىمرى 1946 - يىلى ۋاپات بولدى. بىراق ئۇ قۇرۇپ كەتكەن يېزا مائارىپى تېخىمۇ پورەكلەپ مېۋە بەردى.

1948 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرىي - قەدىردان ئۇستاز ئەخمەتجان قاسىمى، ئالاھىدە چىقىپ يېزا مەكتىپىنى كۆزدىن كەچۈردى. «كىشىلىك جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىنىڭ مېھنىتىدىن ئۇلۇغ مېھنەت يوق» دېگەن بېغىشلىمىنى يازدى. «بىز ئەمدى تاشپاقىدەك ئۆمىلەپ يۈرمەيمىز» دەپ، سىنىپ چىش تاختىسىدىكى تاش پاقا، ئېشەك، ئات ھارۋىلارنى چىقىرىۋەتتى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشى ۋە بېغىشلىمىسى يېزا خەلقىگە، يېزا مائارىپىغا بولغان ئالاھىدە غەمخورلۇقى بولۇپ، يېزا خەلقى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام كۈچ بېغىشلىدى. شۇ يىلى ئۈچ سىنىپلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىلدى. بۇنىڭغا جاغىستاي، قاينۇق، قوغۇنچى، ئورتە، كان، مازا، سوپۇم بۇلاق قاتارلىق يېزا مەكتەپلىرىدىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇدى.

1950 - يىلى يەنى ئازادلىقتىن كېيىن، يېزا مائارىپى

پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنى بويىچە تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى.

1950 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى، تىيەنجىن، نەنكەي، ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا شەرىپىدىن ئۆمەر، شۆكۈرخان، نەسرىدىن ئەمىردىن قاتارلىق ئونلاپ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشقا كىرىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شۇندىن باشلاپ ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، سانائەت ئىنستىتۇتى، تىببىي ئىنستىتۇت، مائارىپ ئىنستىتۇتى، مالىيە ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي بىلىم ئورۇنلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك مائارىپ قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ.

جاغىستاي يېزا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە 15 نەپەر، سانائەت شۆيۈەنىدە ئۈچ نەپەر، پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدە تۆت نەپەر، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلەر بار.

يۈسۈپجان ھاشىر، زايىر، تۇرسۇن نىزام، نەسرىدىن ئەمىردىن، ئابلا ھاشىم قاتارلىق يولداشلار غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەردە مۇدىر بولۇپ ئىشلەپ، شەھەر مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشىلىماقتا.

جاغىستاي يېزىسىدىكى مائارىپ ئىشلىرى ئازادلىقتىن كېيىن چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئەسلىدىكى 12 سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ يەنە بەش ئورۇندا شۆبە باشلانغۇچ مەكتەپكە، ئۈچ سىنىپلىق ئوتتۇرا مەكتەپ 10 سىنىپلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە تەرەققىي قىلىپ، مەكتەپتە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ 100



دىن ئارتۇق كىشى ئىشلىمەكتە.

ھەر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلار قاتنىشىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ نىسپىي سانى غۇلجا ۋىلايىتىدىكى نۇقتىلىق مەكتەپلەر سانىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ ياكى تەڭلىشىۋاتىدۇ.

مەسىلەن: 1986 - يىلقى بىر سىنىپ 50 ئوقۇغۇچىدىن 28 نەپىرى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ۋە ئالىي تېخنىكوملارغا ئوقۇشقا تەقسىم قىلىندى. بۇ نەتىجە ئەلۋەتتە ئادەتتە يېڭى ئىش بولمىسا كېرەك.

ھازىر جاغىستاي يېزا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ، ئالىي تېخنىكومدا ئوقۇپ بىلىم ئېلىۋاتقان قانچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا بېيجىڭ، تيەنجىن، خاربىن، شاڭخەيدىمۇ بىر قانچىلىغان ئوقۇغۇچى ئوقۇۋاتىدۇ.

شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىككى نەپەر يولداش ئوقۇشقا كەتتى.

«زىيالىيلار ماكانى» دەپ نام ئالغان يېزا خەلقى، بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك ئۇلۇغ قۇرۇلۇش دەۋرىدە، ئۆز يېزىسىدىن چىقىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن يازغۇچىلار، شائىرلار، دوختۇرلار، ئىنژېنېرلار ۋە پەن ئىگىلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، جامائەت ئەربابلىرى بىلەن ۋە ئۇلار ياراتقان يېڭى تۆھپىلەرنى كۆرگەندە ئالدى بىلەن مۇشۇنداق بەختلىك دەۋرگە يەتكۈزگەن پارتىيىگە، ھۆكۈمىتىمىزگە چىن دىلدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا يېرىم ئەسىر يېزا مائارىپىغا كۆچەت تىكىپ ئەجىر قىلغان مەرھۇم مەرىپەتپەرۋەر شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەر ھەمزىدەم ئاخۇنۇم ئىسمىنى چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن يادئېتىدۇ.

# پىچان ناھىيىسىدە مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە

تېيىپ پولات

پىچان ناھىيىسى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان. ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى بولۇپ، بۇ يەردە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇر بولغان كىشمىش ئۈزۈم، داڭلىق ھوك قوغۇنى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق «لۈكچۈن شەھىرى» ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «تۇرپان جۇنۋاڭى — ئەمىن ۋاڭنىڭ ئوردىسى» نىڭ ئىزلىرى ھەم ئىسلام دىنىدىكى ئۇلۇغ جاي — تۇيۇق مازىرى «ئەسھابۇلكەھب»، پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزا چوۋاڭقىر كەنتىدىكى «يەتتە قىز، يەتتە يىگىت» لەر مازىرى بۇ ناھىيە تەۋەسىدە.

پىچان ناھىيىسى شىمالىي پاراللېل 41° — 12′ دىن 43° — 33′، شەرقىي مېرىدىئان 89° — 30′ دىن 91° — 54′ غىچە بولۇپ، شەرقىي قۇمۇل بىلەن، غەربىي تۇرپان، شىمالى تەڭرى تېغى ئارقىلىق مورى، گۇچۇڭ ناھىيىلىرى بىلەن، جەنۇبى — قۇرۇقتاغ ئارقىلىق تارىم ۋادىسىدىكى چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ.

1913 — 1914 ـ يىللىرى تۇرپان ناھىيىسى ئاستانە يېزىسىدا مۇھەتىلار ئاچقان يېڭى مەكتەپ (پەننىي مەكتەپ)



نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن تاھىربەك (پىچان لۈكچۈن بازىرىدىن)، پىچان ناھىيىسىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىگە «مەھمۇدىيە» مەكتىپىنىڭ يېڭىلىقلىرىدىن تونۇشتۇرۇپ ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرغان. ئالدى بىلەن لۈكچۈن مەدرىسىنىڭ باش مۇددەرىسى ھامۇت مەقسۇم ۋە رەقىپ قازى ئاخۇنۇملارنىڭ قوبۇل قىلىشى بىلەن، بۇ كىشىلەر مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ياتاقلىق ئوقۇغۇچىلاردىن 100 دىن ئارتۇق بالىغا ساۋات چىقىرىش ئېلىپ بارغان. تاھىربەگنىڭ يېتەكلىشى ۋە بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ساۋات چىقىرىۋاتقان يۈزدىن ئوشۇق بالىنى مەدرىسىدىن بۆلۈپ چىقىپ، ئاقارتىشقا ئىنتىلىدىغان ھازىم ھاجىنىڭ قورۇسىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ ئوقۇتقان، كېيىن بالىلار كۆپىيىپ، بۇ ئورۇن كىچىك كەلگەنلىكى ئۈچۈن تاھىربەك ئۆز قورۇسىدا مەخسۇس دەرسخانا سالدۇرۇپ ئوقۇتقان، بۇ مەكتەپ «تاھىرىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان. شۇ چاغدا بۇ مەكتەپتە ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ساۋات چىقىرىشتىن تەرەققىي قىلىپ ئانا تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت، گىمناستىكا (تەنتەربىيە)، ناخشا قاتارلىقلار بولغان. بۇ مەكتەپنىڭ دەرسلىرىنى دەسلەپتە تۇرپان ئاستانىدىن شاھى شەرەپ، كېيىنچە ھەسەن فەھمى، موھىدىن ئەپەندىلەر تەكلىپ قىلىنىپ دەرس ئۆتۈلگەن. بۇ ئوقۇتقۇچىلار تىرىشىپ ئۆگەتكەن. ئوقۇغۇچىلارمۇ زور ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئوقۇش — ئوقۇتۇش مۇشۇنداق قىزغىن داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە يەرلىك مۇستەبىت كۈچلەر، روھانىلار بىرلىشىپ بۇ مەكتەپنى «جەدىد» ئوقۇشنى يولغا قويدى، دەپ قارشى چىققان سەۋەبتىن بۇ مەكتەپ يەنە مەدرىسكە كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان. (1921 — يىللىرى مەدرىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ

1923 ـ يىللىرى مەدرىسىگە كۆچكەن). شۇنداق بولسىمۇ
ھەسەن فەھمىي، مۇھەممەدىن ئەپەندىلەر 1930 ـ يىللارغا قەدەر
مەدرىستە دىنىي دەرس ئوقۇتۇش نامى بىلەن ئوقۇشنى داۋام-
لاشتۇرۇپ كەلگەن.
1931 ـ 1934 ـ يىللىرىدا مۇھتاللار ئاچقان يېڭى مەك-
تەپ ئەسلىگە كېلىشتىن تاشقىرى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ
مائارىپىدا دارىلمۇئەللىمىنلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، بىر
نەچچە قارار ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىپ، مۇئەللىم ۋە
مۇئەللىمىلەر تەييارلاپ بەرگەن. بۇ كۇرسلارغا ئابدۇرۇسول
ئەپەندى، دوگامەت ئەپەندى، ئابباس ئەپەندىلەر يېتەكچى-
لىك قىلىپ دەرس ئۆتكەن ۋە ئوقۇتقان. بۇ كۇرسلارغا
پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونىدىن سىتىنىياز ۋاجىدىن،
مەھمۇت ھەسەن، سىتىنىياز شېرىپ، سەيدۇللا سىراجى؛ لەمجىن
رايونىدىن نەمەتۇللا رىشىدى. ھوشۇر تۆمۈر، ئىمىن قارى،
جالال ھازىم، ھەبىبۇللا ئامىرى، قاسىم سابىت، خوجامنىياز
سىپتى، نەجىبۇللا ئېلى؛ تۇيۇق رايونىدىن ئابلا سېلىم،
پىچان بازىرىدىن ياسىن رېقىپ، ھەمدۇللا سۇلتان، ئەيسا
قارى قاتارلىق كىشىلەر قاتنىشىپ ئوقۇپ كېلىپ، پىچان
ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى رايون ۋە مەركەزلەشكەن يېزا ـ
قىشلاقلاردا مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ باشلانغۇچ
مەكتەپلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن
تاشقىرى چوڭلار ئارىسىدا كەچكۇرسى ئېچىپ ساۋات چىقى-
رىشنى يولغا قويۇپ، سانايى نەفىسگە ئاساس سالغان.
يۇقىرىقىلار ئىچىدە لۈكچۈن رايونىدىن بارغان سىتىنى-
ياز ۋاجىدىن كۇرستىن قايتىپ كېلىپ ئۆز يۇرتى لۈكچۈن
بازىرىدا 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 60 باللىق بىر سىنىپ-
لىق يېڭى مەكتەپ (پەننىي مەكتەپ) ئاچقان. ئوقۇتۇشنىڭ
ھەممىسى ئۇيغۇرچە بولۇپ، دەرسلىرى ئاساسەن ئانا تىل،



ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت، دىن، گىمناستىكا بولغان.
يېزىق جەھەتتە ئەرەپ ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان. بۇ
مەكتەپكە شۇ چاغدىكى ھەر تەبىقە ئاممىسى قوبۇل قىلىنىپ،
قىزغىن قوللاپ ئۆز باللىرىنى ئوقۇتقان. بىر دەل 12 ـ
ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن بولۇپ، شۇ چاغدا لۈكچۈندە تارماق
«ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغان. بۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسەن
ئاقارتىش بولۇپ، باللار مائارىپى، چوڭلار مائارىپى ۋە
سانايى نەفىسەنى پەيدىنپەي يولغا قويۇش بولۇپ، ئىقتى-
سادىي جەھەتتە ئۆشرە زاكاتنى ئاساسىي مەنبە قىلغان.
سىتىنىياز ۋاجىدىن ئاچقان بۇ مەكتەپنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما
ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيۇشما قارمىقىدى-
كى مەكتەپ بارلىققا كەلگەن. 35 ـ 1936 ـ يىللىرىغا
كەلگەندىن كېيىن بۇ مەكتەپنى ئۇيۇشما قارمىقىدىن ناھىيى-
لىك ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت
قارمىقىدىكى مەكتەپ بارلىققا كەلگەن.
سىتىنىياز ۋاجىدىن قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار ھۆكۈمەتكە
ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ تەمىناتلىق بولغان. شۇنىڭ بىلەن سىتىنىياز
ۋاجىدىن مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى
قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ھۆكۈمەت ئۆتكۈ-
زۈۋالغان مەكتەپلەرنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلىپ ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇ-
رۇپ ماڭغان. سىتىنىياز ۋاجىدىن ھۆكۈمەت ۋە ئۇيۇشما
قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە مەخمۇت ھەسەن،
سەيدۇللا سىراجى، نامان داموللا، كېيىنچە سىتىنىياز شې-
رىپ، ئەخمەتنىياز داۋۇت، قادىر زاسىم، ئابلا ئەزىز،
ئابلا قۇربان، ساۋۇت ئىمىن. نوھ ئىبراھىم قاتارلىقلارنى
تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ، بەزىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتقۇچىلىق
خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرغان. يۇقىرىقىلار بولسا ئىككى خىل تەۋە-

لىك مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى بولۇپ، بۇلار-
نى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپ (شەنلى شۆشياۋ) ۋە
ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپ (خويلى شۆشياۋ) دەپ ئا-
تاشقان. بۇ ئىككى خىل تەۋەلىك مەكتەپلەرنى شۇ چاغدىكى
ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، ھەرتەبىقە ئاممىسى ئېتىراپ
قىلىپ باللىرىنى ئوقۇتقان. خىراجىتىنى بولسا ئىككى ساھە
ئۈستىگە ئېلىپ باشقۇرغان.

پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونىدا ئېچىلغان
پەننىي مەكتەپلەرنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسىدە ناھىيىنىڭ
بارلىق يېزا - قىشلاق، بازارلىرىدا بىر سىنىپلىق، ئىككى
سىنىپلىق شەكىل بىلەن مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر بار-
لىققا كېلىشكە باشلىغان. جۈملىدىن پىچان ناھىيىسىنىڭ
لەمجىن رايونىنىڭ ئۆزىدىن 1935 - يىل 17 - ئاپرېلدا
35 باللىق بىرسىنىپلىق يېڭى مەكتەپ تەسىس قىلىنغان.
بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا 1936 - يىلىنىڭ بېشىدا لەمجىن رايونى-
نىڭ چوۋاڭقىر يېزىسىدا 50 باللىق بىر سىنىپلىق يېڭى
مەكتەپ ئېچىلغان. لەمجىن رايونىدىكى مەكتەپلەرنىڭ
بارلىققا كېلىشىدە شۇ چاغدىكى تەرەققىيپەرۋەر مەرىپەتچى،
يۇرت سەركەردىسى (شۇ چاغدا رايون باشلىقى ئىدى)
يۈسۈپ ھوشۇر يېتەكچىلىك قىلغان، يېڭى مەكتەپلەرنىڭ
بارلىققا كېلىشىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆتۈۋېلىش ئۈ-
چۈن ئۇ ئۆزىنىڭ بىرمو يېرىنى مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن
تەقدىم قىلغان. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن دېھقانلار ۋە ھەر
ساھە خەلقى نېمىگە كۈچى يەتسە شۇنى تەقدىم قىلغان.
مەسىلەن: بەزىلەر مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كىسەك قويۇپ
بەرگەن. لىم، چەگىزە، بورا، پۇل، مال - چارۋا قاتارلىق-
لارنى ئىئانە قىلىپ تەقدىم قىلىش بىلەن (بەش سىنىپ، بىر
ئىشخانا بىر ئىسكىلات) يېڭى مەكتەپ سالغان. (ھازىر-



مۇ بۇ مەكتەپ بار بولۇپ، 80 - يىللىرى ئەتراپىدا
قايتا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى).

يۈسۈپ ھوشۇر كېيىن ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا
رەئىس بولغاندىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ كۆپى-
يىپ تەرەققىي قىلىشىغا زور مەدەت بېرىپ، ئۇيۇشما قارمى-
قىدىكى مەكتەپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرغان. دەسلەپ قۇ-
رۇلغانلىرىنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى
تولدۇرغان. شۇ چاغدىكى مەكتەپلەرگە — نەمتۇللا راشىدىن
لەمجىن مەركىزىي مەكتىپىگە، ھوشۇر تۆمۈر چوۋاڭقىر مەك-
تەپكە، ئىمىن قارى خاندۇشا مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى
بولغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئوقۇتقۇچى-
لارغا بولغان ئېھتىياج كۈچەيگەن. بۇنى ھەل قىلىش
ئۈچۈن ھېبىبۇللا ئامىرى، قاسىم ساۋۇت، جالال ھېزىم، خو-
جامنىياز سىتى، نىجىبۇللا ئىلى، مەستۈرخانلارنى تەربىي-
لەپ، ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. 1938 - يىل يازدا
لەمجىن يېزىسىدا 30 باللىق بىر سىنىپلىق قىزلار مەكتى-
پى تەسىس قىلىنغاندا، بۇنىڭغا مەستۈرخان مۇئەللىم، سىنىپ
مەسئۇلى ھەم دەرس ئوقۇتقۇچى بولغان، قىزلار مەكتىپى
ئوغۇللار مەكتىپىدىن ئايرىم ئىدى. قىزلار مەكتىپىنىڭ
بارلىققا كېلىشى شۇ چاغدىكى شارائىت، ئۆرپە - ئادەت،
دىنىي ئېتىقاد جەھەتلىرىدىن قارىغاندا يېڭى شەيئى بولۇپ،
ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان قىزلار مەكتىپى بو-
لۇپ قالغان. بۇ مەكتەپنىڭ تەسىرى بىلەن ناھىيىنىڭ
باشقا جايلىرىدىمۇ قىزلارنىڭ پەننىي مەكتەپلەرگە كىرىش
نىسبىتى ئاستا - ئاستا كۆپەيگەن. مەستۈرخان مۇئەللىمى-
نىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇپ تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىشى كەڭ

جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان ھەم قىزغىن قارشى ئېلىنغان.

1940 ـ 1944 ـ يىللىرىغا كەلگەندە پىچان ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى رايون، يېزىلىرىدىن بولۇپمۇ لەمجىن رايونىدىن ئىمىن قاسىم، ئابلا پولات، مۇھەممەت قاسىم، ياقۇپ يۈسۈپ، روزى ئىسمائىل ۋە مەن قاتارلىقلار شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرۈپ ۋە يەرلىكتىن ھەمدۇللا يۈسۈپ، مەھمۇت ئابىت، شانىياز توختى، ئوبۇل لىتىپ، ئابدۇللا، ئوبۇل تالىپ ھەمدى سەلىمە رەشىدىۋا قاتارلىقلار يېتىشىپ چىقىپ لەمجىن رايونىغا قاراشلىق يېزا كەنتلەردىكى باشلانغۇچ مىللىي مەكتەپلەردىكى بىر قىسىم بوشلۇقنى تولدۇرغان بولارنىڭ ئىچىدىكى سەلىمە رەشىدىۋا بولسا يۇقىرىقىدا تونۇشتۇرۇلغان مەستۇرخان مۇئەللىمنىڭ تۇنجى ئىز باسارى بولۇپ، 1939 ـ يىلىدىن باشلاپلا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىن تارتىپ مەستۇرخان مۇئەللىمنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولغان. 1940 ـ يىلى لەمجىن رايونلۇق مەركىزىي مەكتەپنىڭ چوۋاكچىر شۆبە مەكتىپىدە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان قىزلار سىنىپىغا ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ، 1942 ـ 1944 ـ يىللىرىغىچە سابىق شىنجاڭ قىزلار گىمنازىيىسى (ئۆزى شۆيۈەن دەپمۇ ئاتايتتى) پۈتتۈرۈپ، ئۆز يۇرتى لەمجىن رايونلۇق مەركىزىي مەكتەپنىڭ روشتى سىنىپلىرىغا (4 ـ 6 يىللىق) ئوقۇتقۇچى بولغان. يولداش سەلىمە 1940 ـ 1949 ـ يىلىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئەدەبىي ـ سەنئەت ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، «غېرىپ ـ سەنەم»، ل ـ مۇتەللىپنىڭ «بوراندىن كېيىن



كى ئاپتاپ»، ياپونغا قارشى كۆرەشنى مەدھىيىلەيدىغان «شاڭخەي كېچىسى» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى شۇ چاغدىكى ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ سەھنىلەشتۈرۈپ، ئۆزى باش روللارنى ئېلىپ چىقىشتىن تاشقىرى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇسۇل ئويناش، ناخشا ئېيتىش قاتارلىق مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىغا ئاساس سالغان.

ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن ـــ 1949 ـ 1978 ـ يىللىرىغىچە پىچان ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ھەم ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلاردا ئوقۇتقۇچى ۋە ئىش باشقۇرغۇچى بولغان. ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

يولداش سەلىمە پىچان مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىدا، بولۇپمۇ ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىغا مەلۇم تۆھپە قوشقان. گەرچە بۇ يولداشنىڭ چېچى ئاقىرىپ قالغان بولسىمۇ، پارتىيە 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى جاراھەتلىرىدىن ساقىيىپ، تېخىمۇ روھلىنىپ ئوقۇتقۇچىلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرماقتا.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى قانخور شېڭ شىسەي دەۋرىدە، يەنە بەزىلىرى گومىنداڭنىڭ ئاق تېرورلۇق دەۋرىدە (1946 ـ 1947) تۇتقۇن قىلىنىپ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. بەزىلىرىنى ئىز دېرەكسىز يوقىتىپ تاشلىدى. مەسىلەن: پېشقەدەم مائارىپچى پىچان ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۈسۈپ تالىپ (سابىق شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىنى تۈگەتكەن) نىڭ بېشىنى كېسىپ (1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا)

يۇرتى لەنجىن رايونىدا ئۈچ كۈن، پىچان ناھىيە بازىرىدا بىر ھەپتە ئېتىشىپ خەلقنىڭ ئىنتايىن قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغانىدى. سابىق پىچان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ھېبىبۇللا ئامىرى (سابىق شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى بولغان) مائارىپپەرۋەر مۇئاۋىن ھاكىم خېلىل ئىبرايىم باشلىق 18 كىشىنى پىچاندا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ناھىيە بويىچە بىركۈن ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، ئاممىنى قاتتىق تېنتىپ، مەھبۇسلارنى شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ ئېتىپ تاشلىغان (1947 - يىل يازدا). مەرھۇم ياش ئوقۇتقۇچى شانىياز توختى، ئابدۇرازاق نىيازلار 1947 - يىلدىكى ئۈچ ناھىيە خەلقىنىڭ (تۇرپان، پىچان، توقسۇن) گومىنداڭغا قارشى كۆتۈرۈلگەن جەڭدە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ مەرتلەرچە قۇربان بولغان. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئەسكەرلىرى مەرھۇملارنى ئاھايىتى دەھشەتلىك ھالدا قىلىچ بىلەن چېپىشىپ تاشلىغان.

ياسىن رەقىپ، ھەمدۇللا سۇلتان، ياش دوختۇر ئابدۇخالىق ھەمدۇل قاتارلىق يولداشلارنى تۇتقۇن قىلىپ دېرەكسىز يوقىتىپ تاشلىغان.

پىچان ناھىيىسىدىكى ھەر ساھە خەلقى يۇقىرىدا قۇربان بولغان، ئىز - دېرەكسىز يوقىتىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

1949 - يىلى شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، پىچان ناھىيىسىنىڭمۇ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى ئۇچقان-



دەك تېز تەرەققىي قىلدى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپىيىشى بىلەن بىرگە مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، ئوقۇش - ئوقۇتۇش سۈپىتى جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن زور تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى.

مەسىلەن: 1949 - يىلى شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا پىچان ناھىيىسى بويىچە مەكتەپ سانى 16، سىنىپ سانى 76، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 278 نەپەر، پۈتتۈرگىنى 42 نەپەر. ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 2402 نەپەر. ئوقۇتقۇچى 105 نەپەر، مەمۇرىي خادىمى، ئىشچى 19 نەپەر بولغان بولسا، 1985 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە مەكتەپ سانى 60 قا (تولۇقسىز تولۇق ئوتتۇرا 10)، سىنىپ سانى 618 گە، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 4698 نەپەرگە، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 2701 نەپەرگە، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 19043 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچىلەر 1205 نەپەر (ئوقۇتقۇچى 1050 نەپەر، مەمۇرىي خادىم 99، ئىشچى 56 نەپەر) گە كۆپەيگەن. خىزمەت قىلغىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار دەم ئېلىشقا چىقتى. ھۆكۈمەت ئۇلارغا ھەرجەھەتتىن غەمخورلۇق قىلماقتا.

# شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخىغا دائىر بىر پارچە ماتېرىيال

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 1-ئايدا شاڭخەي «سودا باسمىخانىسى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان لىيۇ مەنچىڭ ئەپەندىنىڭ «چېگرا رايونلار مائارىپى» دېگەن كىتابى چېگرا رايونلاردىكى ئۆلكىلەرنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان. بۇ كىتابتىكى شىنجاڭنىڭ باشلانغۇچ مائارىپ ۋە ئوتتۇرا مائارىپ ھەممىدە ئىجتىمائىي ئاقارتىش ئىشلىرى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلار رايونىمىزنىڭ مائارىپ تەرەققىيات ھالىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بىزنى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا مەن مۇشۇ كىتابتا بايان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خادىملىرى شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا، مۇۋاپىق دەپ تونۇغان تەرەپلىرىدىن پايدىلىنار.

## 1 - باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى) دىكى مەملىكەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپى ستاتىستىكىسى مەلۇماتىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدا 59 ناھىيە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە ناھىيىدە مائارىپ ئىدارىسى ياكى مائارىپنى



باشقۇرۇش ئورگىنى تەسىس قىلىنغان. ئوقۇش يېشىدىن ئىلگىرىكى مەزگىلدە تەربىيىلىنىش يولغا قويۇلمىغاچقا، بىرەر ناھىيىدىمۇ باللار باغچىسى قۇرۇلمىغان. ئۆلكە بويىچە 95 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈرۈمچىدە تەسىس قىلىنغان. ناھىيىلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر 93 بولغاچقا، ئوتتۇرىچە ھېسابتا ھەر بىر ناھىيىگە توغرا كېلىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئىككىگىمۇ يەتمىگەن. يۇقىرىقى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە جەمئىي 128 سىنىپ بولۇپ، ئۈرۈمچىدىكى ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپتە 18 سىنىپ تەسىس قىلىنغان. ناھىيىلەردىكى 93 باشلانغۇچ مەكتەپتە 110 سىنىپ بولغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 17 - يىلى (1927 - يىلى) دىكى ستاتىستىكىسىدا ئۆلكە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەر 83925 نەپەر. مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇۋاتقانلار 4132 نەپەر. بۇ سان ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ 2.25% نى ئىگىلەيدۇ. 4132 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدە قىزلار 259 نەپەر بولۇپ، 6.2% نى ئىگىلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا ھېساب بويىچە ھەر بىر مەكتەپكە 43 نەپەردىن، ھەر بىر سىنىپقا 32 نەپەردىن توغرا كەلگەن. 1927 - يىلى مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر 571 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ 542 نەپىرى مەملىكەت بويىچە ستاتىستىكىدا قىلىنغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر نامى، ئورنى، ئۆزگىرىش تارىخى قاتارلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە ئۈچ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈچ ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ نامى، ئۆزگىرىش تارىخى مۇنداق بايان قىلىنغان.

بىرىنچى: ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ. ئورنى

ئۈرۈمچىدە. تۆت يىللىق ئۇيغۇر، قازاق ئالاھىدە سىنىپى تەشكىل تاپقان. بۇ مەكتەپ مىنگونىڭ ئالتىنچى يىلى (1917 - يىلى) ئۈرۈمچىدىكى بوغدا كىتابخانىسىنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىپ ياساش ئارقىلىق قۇرۇلغان. مەكتەپنىڭ دەسلەپكى نامى ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، دېيىلگەن. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) 1 - ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1935 - يىلى 7 - ئايدا گومىن ھۆكۈمىتى پىلان باشقارمىسىنىڭ ستاتىستىكا مەلۇماتىدىن قارىغاندا، بۇ مەكتەپتە جەمئىي 18 نەپەر ئوقۇتقۇچى، 10 نەپەر خىزمەتچى، 139 نەپەر ئوقۇغۇچى بولغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر بولۇپ، بىرمۇ قىز ئوقۇغۇچى بولمىغان.

ئىككىنچى: ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) غۇلجىدا قۇرۇلغان. كېيىنكى ۋاقىتتا مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى غۇلجا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

ئۈچىنچى: ئۆلكىلىك ئۈچىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ. بۇ، (1934 - يىلى) ئۈرۈمچىدە قۇرۇلۇپ، پەقەت بىرلا رۇس تىلى ئالاھىدە سىنىپىدىن تەشكىللەنگەن.

تۆتىنچى: ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن: بۇ مەكتەپ مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان. ئۈچ يىللىق دارىل كەسپىي سىنىپ ۋە بىر يىللىق ئۇيغۇر، قازاق ئالاھىدە كەسپىي سىنىپىدىن تەشكىللەنگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا گومىن ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن



دىخۇا دارىلمۇئەللىمىن، دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) 7 - ئايدا پىلان باشقارمىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن مەلۇماتتا بۇ مەكتەپتە 16 ئوقۇتقۇچى، 7 خىزمەتچى، 79 نەپەر ئەر ئوقۇغۇچى بارلىقى، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ يوقلۇقى ئېيتىلغان.

بەشىنچى: ئۆلكىلىك قىزلار مەكتىپى ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىل سىنىپى. خاراكتېرى ئۈچ يىللىق دارىل تولۇقسىز ئوتتۇرا خاراكتېرىدە بولۇپ، مىنگونىڭ 23 - يىلى مەخسۇس كەسپىي بولۇپ، مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 يىلى) 8 - ئايدا دىخۇادا قۇرۇلغان.

ئالتىنچى: بىرىنچى تېز پۈتتۈرۈش دارىل كۇرسى، خاراكتېرى بىر يىللىق دارىل مەخسۇس كەسپىي بولۇپ، مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) 5 - ئايدا ئاقسۇدا قۇرۇلغان. گومىن ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىكىگە مەلۇم قىلىنغاندا، مىنىستىرلىك تەرىپىدىن مەكتەپ نامىنى «ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى ئاقسۇ تېز پۈتتۈرۈش دارىلمۇئەللىمىن» دەپ ئاتاشنى بېكىتكەن.

«چېگرا رايونلار مائارىپى» دېگەن كىتابتا يۇقىرىقى ئالتە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردىن پەقەت ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىلا بېرىلگەن. بۇ ئىككى مەكتەپتە 34 ئوقۇتقۇچى، 17 خىزمەتچى، 218 ئوقۇغۇچى بولغان. بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن 255206 دوللار ئاجرىتىلغان. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 2551721 دەپ ستاتىستىكا قىلىنغان.

بۇ سان ئەينى يىللاردا تەربىيىلىنىۋاتقان 218 ئوقۇغۇچىغا نىسبەتلەشتۈرۈلگەندە، ئۇ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.9% نى ئىگىلەيدۇ.

## 2 - ئىجتىمائىي ئاقارتىش ئىشلىرى

مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى) مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي ئاقارتىش ئىشلىرى ئەھۋالىدىن كۆرسىتىلگەن ستاتىستىكىدا، شىنجاڭ بويىچە جەمئىي توققۇز ئىجتىمائىي ئاقارتىش ئورنى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە باشقۇرۇشىدا پەقەت بىرلا كىتابخانا بولغان، 8 ساۋات چىقىرىش مەكتىپى قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپلەردىن 4 ى ناھىيىلەردە، قالغىنى ئورۇمچىدە تەسىس قىلىنغان. بۇ مەكتەپلەردە 10 ئوقۇتقۇچى، 260 ئوقۇغۇچى بولۇپ، شۇ يىلى 10267. دوللار خىراجەت ئاجراتقان.

«چېگرا رايونلار مائارىپى» ناملىق كىتابتا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، شىنجاڭ بويىچە خۇسۇسلار باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ يوقلۇقى ئىزاھلانغان.

مەتنىياز قۇربان تەرجىمە قىلىپ رەتلىگەن



# جىن شۇرېن دىلوسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى

پۇ چىڭچۈەن

1933 - يىلى 10 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئەنجىڭ شەھىرى جياڭنىڭ يەرلىك سود مەھكىمىسىنىڭ تۈرمىسىدە، قاماقتىكى مەھبۇسلار شامالغا سېلىنىۋاتاتتى، بۇ چاغدا تۈرمە باشلىقى ئۇشتۇمتۇت تۈرمە ئىچىگە كىرىپ: «جىنايەتچىلەر دەرھال ئۆز كامېرىغا قايتسۇن!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گۇندىپاي: «كامېرغا قايتىش! تېز بولۇش! تېز!» دەپ ھۆركىرىگىلى تۇردى. مەھبۇسلار كامېرغا قايتىشتا ئاستىراق مېڭىپ قالغان ئادەمنىڭ دەرە يەيدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا، ئۈن - تىنسىز ئۆزىنىڭ كامېرىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. بۇ چاغدا ئەتراپنى شۇنداق جىمجىتلىق باستىكى، شاراقلىتىپ قۇلۇپ سېلىنغان ئاۋازدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

كونا مەھبۇسلارنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇنداق ئەھۋال ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنغانلارغا قارىتا جازا ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ئالامىتى ئىدى. مەھبۇسلار ئىچىگە تىنىپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى، ئۇلار ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ قايسىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، بولاڭچىلىق قىلغانلىقى، قاتىللىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بىر قانچە جىنايەتچىگە قارىتا جازا ئىجرا قىلىنسا كېرەك دېگەن پەرەزنى

قىلىشتى. خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تۈرمە ئىشىكىنى ئېچىپ ئادەم چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلانمىدى. جىنايەتچىلەر بۇنىڭدىن ھەيران بولدى. بىز ھەر خىل قىياسلاردا بولۇۋېپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ، تۈرمە باشلىقى، گۇندىپاي باشلىقى، مۇدىر گۇندىپاي ۋە ئادەتتىكى بىر گۇندىپاينىڭ بىر كىشىنى باشلاپ تۈرمە ئىچىگە ئېلىپ كىرگەنلىكىنى، بىر بوش ئۆي ئالدىغا كەلگەندە قايسى بىرىنىڭ: «بۇ سېنىڭ ياتىدىغان ئۆيۈڭ، سەن رىيازەت چېكىدىغان بولدۇڭ، كىرىپ دەم ئال» دېگىنىنى كۆردۇق. ھېلىقى ئادەم زوۋان سۈرمەي كامېرغا كىرىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇنداق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردىكى گويا ھاياتلىقتىن ھېچقانداق ئەسەر يوقتەك ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن شامالداش ۋاقتىدا، يېڭىدىن كەلگەن ھېلىقى ئادەم سولانغان ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلمىدى. بىز شۇ كىشى بار كامېرغا ئوغرىلىقچە قاراپ ئېگىز بويلۇق، ئۇزۇن تاۋار چاپان كىيگەن، بېشىدا قىزىل ياقۇت ئۆتكۈزۈپ تىكىلگەن شاپاقىسمان دوپپا بار، قىزىل بۇرۇن بىر ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق، بىز قاراپلا بۇ ئادەمنىڭ چوڭ ئەمەل تۇتقان ئامبالغا ئوخشاش بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. بىز ئۇنىڭدىن: سىز كىم؟ دەپ سورىساق، ئۇ جاۋاب بەرگىلى ئۇنىمىدى. چۈشتىن كېيىنكى «شامالغا سېلىش» ۋاقتىدا، گۇندىپايلارنىڭ قىلىشقان گەپلىرىدىن ئۇ كىشىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە دۇبەنى جىن شۇرېن ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. مەھبۇسلار ئۇ كىشىنى شىنجاڭنىڭ «پادىشاھى» ئىكەن دېيىشتى، بەزىلەر: جياڭ جيېشىنىڭ ھە-



قىقتەن ئامالى جىق ئىكەن، «پادىشاھ» نىمۇ تۇتۇپ كېلىپتۇ» دېيىشتى. يەنە: «بۇ بىر سېمىز چوشقا ئىكەن، ئۇلار توپىغىچە يەيدىغان بولدىدە!» دېيىشكەنلەرمۇ بولدى.

كونا جەمئىيەتتىكى تۈرمىلەردە بىر يوروش بەلگىلىمە بولۇپ، خۇددى جەمئىيەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدار، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمەلدار، ئادەتتىكى ئەمەلدار، سودا - سانائەتچى، ئىشچى - دېھقان پۇقرالار بولغاندەك، تۈرمىدىكىلەرمۇ بىر قانچە تەبىقىگە بۆلۈنەتتى، يۇقىرىسى تۈرمە باشلىقى، گۇندىپاي باشلىقى، مۇدىر گۇندىپاي، گۇندىپاي بولسا، تۆۋىنى كونا جىنايەتچى، يېڭى جىنايەتچى، ئۇششاق جىنايەتچى دەپ ناھايىتى ئېنىق ئايرىلاتتى. كونا جىنايەتچى دېيىلگەنلىرى ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ھەم ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلىنغان، لېكىن جازا تېخى ئىجرا قىلىنمىغان ئادەملەر ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنغان، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان ياكى قاراقچىلىق دېلوسى تۇغدۇرۇپ ئون بەش يىللىقتىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى، ئادەم ساتقان جىنايەتچى ياكى قاتىللاردىن بولۇپ، ئۇلار تۈرمىدە «قېرى چوشقا» دەپ ئاتىلاتتى. يېڭى جىنايەتچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىنى كىشىگە زىيانكەشلىك قىلىش جىنايىتى، باشقۇنچىلىق جىنايىتى ياكى ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن ئەمما جازا ھۆكۈم قىلىنمىغان جىنايەتچىلەردىن بولۇپ، «يېڭى چوشقا» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇششاق جىنايەتچىلەر ئوغرىلىق جىنايىتى، كىشىنىڭ ئائىلىسىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈش جىنايىتى، كىشىنى يېنىك زىيانلاندۇرۇش جىنايىتى قاتارلىق

جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلار بولۇپ، «ئۇششاق چوشقا» دەپ
ئاتىلاتتى. كونا جىنايەتچىلەر تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەر
ئىچىدە «ئەجدىھا بېشى» ھېسابلىناتتى، ئۇلار ئېغىر جىنا-
يەت ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۈرمە-
دە يېتىش ياكى دارغا ئېسىلىش ئوخشاشلا ئۆلگەنلىك
بىلەن باراۋەر ئىدى. ئۇلار: «بەربىر بىر قېتىم ئۆلىمىز،
ئىككى قېتىم ئۆلۈم جازاسى بېرىشى مۇمكىن ئەمەس»
دەيتتى. شۇڭا ئۇلار ناھايىتى ۋەھشى ئىدى، ئۇلار يېڭى
جىنايەتچى ۋە ئۇششاق جىنايەتچىلەرنى خالىسا ئۇرۇپ، خا-
لىسا تىللايتتى. ئۇلارغا تېگىشلىك ھالدا «سوۋغا تەقدىم
قىلغانلار» ئۇلارنىڭ جەۋرى - جاپاسىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى.
«سوۋغات» ئۈچۈن، نېمە تەقدىم قىلىنسا بولۇۋېرەتتى، ئا-
لايلۇق، پۇل بولسىمۇ مەيلى، كىيىم - كېچەك بولسىمۇ
مەيلى، ياكى جىنايەتچىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ئۆز ئۆيلىرىدىن
ئېلىپ كەلگەن ئاش - تاماق بولسىمۇ مەيلى ئىدى. لې-
كىن سوۋغات بەلگىلەنگەن كۈندە بېرىلىشى كېرەك ئىدى.
نېسى قىلىپ قالسا بولمايتتى. سوۋغاتنى دېگەن مۇددەتتە
بېرەلمىگەنلەر ئوسال ئەھۋالغا قالاتتى، ئۇلار بىر ئاش
پىشىم تاماق يېگەندىن باشقا، يەنە تەرەت قاچىسىنىڭ يېنىدا
ياتاتتى. كېچىسى بولسا ئۇلارنىڭ يۈز - كۆزىگە سۈيدۈك
چاچراپ كېتەتتى، ئەتىسى تەرەت قاچىسىنى يەنە شۇلار
تۆكەتتى، بۇنداق ئەھۋال تا ئۇلار سوۋغات تەقدىم قىلالىغان-
غا قەدەر داۋاملىشاتتى. جىن شۇرىن بۇ «قائىدە» دىن
خەۋەرسىز ئىدى. خەۋىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇ
تۈرمە دائىرىلىرى بىلەن كېلىشىۋالسىلا، بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ
قورقىچىلىق نېرى بار؟ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. ۋە-



ھالەندىكى تۈرمە دائىرىلىرىمۇ ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە تولۇق
ئاماللار بىلەن كاپالەتلىك قىلدى، يەنى «شامالغا سېلىش»
ۋاقتىدا، ئۇنىڭ كامىرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچمىدى، جىنايەت-
چىلەرنى ئۇنىڭغا يېقىن يولاتقۇزمىدى، جىنايەتچىلەر ئۆز
كامىرىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى يالغۇز
«شامالغا سالدى»، ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەر
بۇ سېمىز چوشقىنى كۆرۈپ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتكەن
بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئىلاج قىلالمىدى. بولاڭچىلىق
قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىل-
گەن، ئەمما جازا تېخى ئىجرا قىلىنمىغان چېن ××
دەيدىغان بىر جىنايەتچى بولۇپ، ئۇ مۇنداق بىر چارىنى
تاپقان، يەنى «شامالغا سېلىش» ۋاقتىدا، ئۇ ئېغىر جىنا-
يىتى بار جىنايەتچىلەرگە بىر پارچىدىن ئەسكى لاتىغا چې-
چىپ ئۇ لاتىنى جىڭ شۇرىن ياتقان ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىكى تۆ-
شۈكتىن ئۆيىنىڭ ئىچىگە تاشلاڭلار دەپ ئۆگەتكەن. ئۇلار
مۇشۇنداق قىلغاندىن كېيىن ئۆي ئىچى، كارىۋات ۋە جىڭ
شۇرىننىڭ ئۈستى - بېشى پوق بولۇپ كەتكەن. جىڭ شۇ-
رىن «مېنى قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ
ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۈرمە باشلىقى گۇندىپاي باشلىقى ۋە
گۇندىپاي يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئىگىلىدى، ئەھۋال ھەم
كىشىنى غەزەپلەندۈرەتتى ھەم كۈلكىلىك ئىدى. كىشىنى
غەزەپلەندۈرىدىغىنى شۇ ئىدىكى، ئېغىر جىنايىتى بار جىنا-
يەتچىلەر جازالىنىشتىن قورقماي ئەنە شۇ دەرىجىدە ھەد-
دىدىن ئېشىپ كېتىشكەن ئىدى؛ كۈلكىلىك بولغىنى جىڭ شۇ-
رىن ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ خۇددى
كىچىك بالىغا ئوخشاش يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئەپتىدىن

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە دۇبەنگە مۇناسىپ ئەلپازنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇلار جىڭ شۇرېندىن: «كىملەر سىزگە پوق چاچتى؟» دەپ سورىدى. جىڭ شۇرېن: «ئۇلار پوق ئورالغان لاتىنى ئىشكىنىڭ تۆشۈكىدىن ئاتتى، ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەي؟» دەپ جاۋاب بەردى. تۈرمە باشلىقى قاتارلىقلار گەرچە پوق چاچقۇچىلارنىڭ ئەشۇ ئېغىر جىنايىتى بار جىنايەتچىلەر ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن جىڭ شۇرېن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جىنايەتچىلەر ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان بولۇپ، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇئىش تەرگۈچىلەرنىڭ چىشىغا تېگىشكە پېتىنالمىدى، پەقەتلا جىنايەتچىلەرنى تازا بىر تىللاپ قويۇپ، ئاخىرىدا: «كىم يەنە مۇشۇنداق چاتاق تېرىيدىكەن، دەرھال ئېتىپ تاشلايمىز» دەپ ئۆز ئۆزىگە مەدەت بېرىشىپ قويۇشتى. پوق چاچقان ھېلىقى ئېغىر جىنايىتى بار جىنايەتچىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ ۋە كامېر ئىچىدە تۇرۇپ: «قېنى كۆرۈپ باقايلى» دېيىشتى.

تۈرمە باشلىقى قاتارلىقلار بۇ گەپنى ئاڭلىماسلىققا سېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى، ئېغىر جىنايىتى بار جىنايەتچىلەر بىر خەت يېزىپ جىڭ شۇرېن ياتقان كامېرنىڭ ئىشىكىدىن جىڭ شۇرېنغا تاشلاپ بەردى. ئۇ خەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: «ھوشۇڭنى تېپىپ، بىزگە تېزرەك پۇل كىرگۈزۈپ ئاكاڭ پېقىرلارغا ھۆرمىتىڭنى ئايان قىل، ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپال-



مايسەن»، «چارىسىز تولا، سېنى ئۆلتۈرىۋەتسەك، تاينىلىق بىزگە پەقەت يەنە بىر قېتىم ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنىدۇ-خالاس، بۇ بىز ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس. بۇ ئىشنى تۈرمە دائىرىلىرىگە دوكلات قىلىشىڭغا رۇخسەت يوق! ئۇلار سېنىڭ جېنىڭنى ساقلاپ قالالمايدۇ. جېنىڭنى ساقلاپ قالاي دېسەڭ، بىزدىن كېپىللىك خېتى يېزىپ بېرىشىنى سورا. بۇ گەپلەرنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى، جىڭ شۇرېن بۇ خەتنى ئېلىپ پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ، قىزىل بۇرنى تامدەك ئاقىرىپ كەتتى، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، يەنىلا تۈرمە دائىرىلىرىگە دوكلات قىلمىغىنىم تۈزۈك دېگەن قارارغا كېلىپ، بىر گۈندىپاي ئارقىلىق ھېلىقى ئېغىر جىنايىتى بار جىنايەتچىلەرگە تەسلىم بولدى. كېيىن بىز ئۇنىڭ ئەشۇ ئېغىر جىنايىتى بار جىنايەتچىلەرگە 200 سوم پۇل بېرىپ «ھۆرمەت ئايان قىلغانلىقىنى» ئاڭلىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، تۈرمىدە «تىنچ» ئۆتتى.

يۇقىرىدا «تۈرمە دائىرىلىرى بىلەن كېلىشىۋېلىش» تىلغا ئېلىنغان ئىدى، بۇ ئىش سىرتتا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، تەپسىلىي ئەھۋالنى تۈرمىدىكىلەر بىلمەيتتى. لېكىن بۇ ئىشنىڭ چوقۇم بولغانلىقىنى ئۇلار قىياس قىلىشقان. يەنى جىڭ شۇرېن تۈرمە باشلىقى، گۈندىپاي باشلىقى، مۇدىر گۈندىپاي ۋە گۈندىپايلارغا 5:3:1:05 دېگەن نىسبەت بويىچە 1000 يۈەندەك پۇل بەرگەنلىكىنى كېيىنكى چاغلاردا ئاشكارا قىلدى. بۇ جىڭ شۇرېن ئۈچۈن ئېيتقاندا بىرتال موينى يۇلىۋالغانچىلىكلا ئىش بولسىمۇ، لېكىن تۈرمىدىكىلەرنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ جىڭ شۇرېن تۈنجى ئۆتكەلدىن ئۆتتى. ئۇ، بۇ

ئۆتكەلدىن ئۆتتۆپلا جىنايەتچىلەر بىلەن بىللە «شامالداش»
قا چىقىدىغان بولدى. شامالداشقا بىللە چىققىنى بىلەن،
ئۇ باشقا جىنايەتچىلەر بىلەن گەپلەشمىشكە ئۇنىمايتتى،
تولا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلاپ ئىش قىلاتتى، «ئەدەپسىز-
لىك قىلغانلار»غا گەپ قىلمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ زادى
نىمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

مەلۇم بىر كۈنى شامالداشقا چىققاندا، ئۇ تولا ئەس-
نەپ كەتتى، كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپ، بۇرنىدىن سۇ ئېقىپ
تۇراتتى. باشقىلار ئۇنى ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ
قاراپ، كىرىپ كېتىپ دەم ئېلىشقا ئۈندىدى. ئۇ زۇۋان
سۈرۈپ: «ئاغرىپ قالغاندىمۇ بەكرەك بىئارام بولۇپ
كېتىۋاتىمەن، قېرى جىنىم چىقىپ كېتەي دەپ قالدى»
دېدى. ئەھۋالنى بىلمىگەنلەر ئۇ ئاغزىغا كەلگەننى دەۋاتى-
دۇ دېيىشتى. ئەمما «ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر»
ئۇنىڭ دەردىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا
ئۇلار ئۇنىڭدىن: «مەندە سىنىڭ كېسىلىڭگە شىپا بولىدى-
غان دورا بار، بىر تېلى بىر يەۋەن، ئالامسەن؟» دەپ سو-
رىدى. «ئالىمەن! ئالىمەن!» دېدى ئۇ ئارقا - ئارقىدىن.
ئەسلىدە بۇ كاتتا رەئىس پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىدىغان
ئەپيۇنكەش ئىكەن. شۇنىدىن كېيىن ئۇ جىنايەتچىلەرنىڭ
ئائىلە تەۋەلىرىگە ھاۋالە قىلىپ ئەپيۇن ئەكىرگۈزۈپ
چەكتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ بۇنداق قىلىپ خۇماردىن چىق-
قىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك، دىژۇر-
نىلىك قىلىدىغان بىر قانچە گوندىپايغا مۇراجىئەت قىلىپ
تۈرمە ئىچىگە بىر ئەپيۇن چىلىمى ئەكىرگۈزدى. ئۇ بىر
مەزگىل ئوغرىلىقچە ئەپيۇن چېكىپمۇ يەنە دىگەندەك خۇ-



ماردىن چىقماي، يەنە ئارىغا ئادەم قويۇپ تۈرمە دائىرى-
لىرىگە دېگۈزۈپ، تۈرمىگە كىرگەن چاغدا سوۋغا قىلغان
پۇلنىڭ يېرىمىغا تەڭ كەلگۈدەك پۇل بېرىپ، ئەتىگەن
ۋە ئاخشامدا ئېچىلىپ - يېپىلىپ قانغۇدەك ئەپيۇن چې-
كىۋېلىشقا رۇخسەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پۇل
دىگەن ھەممىگە قادىر تۇرغان يەردە، ئۇ سولتەكلەر قانچى-
لىك نېمىتتى دەيسىز، ئۇلار ناھايىتى تېزلا كېلىشتى. شۇ-
نىڭدىن كېيىن جىلىڭ شۇرىن بۇ تۈرمە ئىچىدە ھېچنىمى-
دىن ئەيمەنمەيدىغان بولدى. بۇ «ئالتە قانۇن قامۇسى»
دا يېزىلمىغان بىر ۋاقىتلىق چارە ئىدى. ئۇ كېيىنكى
چاغلاردا جىنايەتچىلەرگە: «تۈرمىدە چەككەن بۇ ئاز - تولا
ئەپيۇن مېنى قاتتىق ھەسرەتتە قويدى، ئۆتكەنكى ئىشلارنى
ئەسلىسەم ۋۇجۇدۇم جۇغۇلدايدۇ»، «شىنجاڭدا رەئىس قو-
شۇمچە دۇبەن بولغان ۋاقتىمدا، چىلىمىنىڭ تەخسىسى كۈ-
مۈش ئىدى، چىلىمىنىڭ ئۆزى ۋە سەيخانىسى كۈمۈش ئىدى،
شورايدىغان يېرى پىل چىشىدىن ئىدى، سۆسۈن رالبېر-
گىيە ياغىچىدىن ياسالغان كارىۋاتتا بىر قانچە قەۋەت دۇردۇن
كۆرپە سېلىپ، ئۈستۈمگە تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان ئەديال
يېپىنىپ ياتاتتىم، ئاماكا تۇتاشتۇرۇپ بېرىدىغان مەخسۇس
ئادەم بار ئىدى. پۇراقلىق چاي، ھاراق - شاراپ، نازۇ-
نېمەتلەر ئاياغ تەرىپىمدە قويۇقلۇق ئىدى، قول ئاستىم-
دىكىلەر كىرسە، ئىشنى پۇتۇمنى مىدىرلىتىپ قويۇپلا تا-
پىلايتتىم، ئورنۇمدىن تۇرمايتتىم، بېشى ئاسمانغا تاقىشى-
دىغان ئادەم قېشىمغا كىرسىمۇ شۇنداق قىلاتتىم. بۈگۈنكى
كۈندە بەئەينى بىر گادايغا ئوخشاش ناھايىتى ئېچىنىش-
لىق ھالغا چۈشۈپ قالدىم» دەپ بەرگەن. دېمەك بۇ جىلىڭ

شۇرىنىڭ ئىككىنچى ئۆتكەلدىن ئۆتۈشى ئىدى.

ئاسانراق ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئوڭاي بولغىنى بىلەن، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتمەك تەس ئىدى. جاڭ شۇرىن تۈرمىگە يېڭى كەلگەن چاغلاردا ئۆزىنىڭ زادى قانداق دىلو تۇغدۇرغانلىقى ھەققىدە پەقەت ئېغىز ئاچماي، قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ يۈردى. قانچە كوچىلاپ سورىغان بىلەنمۇ، ئۇ ئۇھ تارتىش بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۇزۇرىشى، تۆمۈر رېشاتكا ئىچىدىكى جىمجىتلىقنىڭ قاتتىق زېرىكتۈرۈشى نەتىجىسىدە، بەزىدە تەسادىپىي ھالدا ئانچە - مۇنچە گەپ ئېچىپ قالاتتى. ئۇ ياتىدىغان كامىر مەن ياتىدىغان كامىرنىڭ يېنىدا بولغاچقا ۋە ئۇنىڭ كامىرىغا قولۇپ سېلىنمايدىغان بولغاچقا (بۇنداق بولۇشىنى ئۇ پۇل خەجلەپ قولغا كەلتۈرگەن ئىدى، سىياسىي مەھبۇسلار بولسا كۈرەش ئېلىپ بېرىپ قولغا كەلتۈرىدۇ)، ئۇ تازا خۇماردىن چىققان چاغلىرىدا مەن ياتىدىغان كامىرغا مەن بىلەن پاراڭلاشقىلى كىرەتتى. كۆپرەك خەۋەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، مەنمۇ ئۇ ياتىدىغان كامىرغا كىرەتتىم. تۇنجى قېتىملىق پاراڭىمىزدا، ئۇ ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن ماڭا: «بۇرادەر، مېنىڭچە سىز جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسىگە ئوخشىمايسىز» دېدى. مەن: «سىز قانداق بىلدىڭىز؟» دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن. ئۇ: «سىز ناھايىتى مۇلايىم، سۆلكەتلىك كۆرۈنىسىز، سىزنىڭ نەرىڭىز جىنايەتچىگە ئوخشايدۇ؟» دېدى. مەن: «يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس. تۈرمىدە يۈزى پۇسمىلاق كەلگەن تالىپلار دېگەن تولا گەپ» دېدىم. ئۇ: «ئېھتىمال سىز سىياسىي جەھەتتە قىزىللىق گۇمانى بار جىنايەتچى دەپ قارالغانسىز؟» دەپ سورىدى. مەن: «شۇنداق بولسا



كېرەك، مېنىڭ يۈزۈم قىزىلمىكەن؟» دەپ سورىدۇم ئۇنىڭدىن. ئۇ: «نەرىڭىز قىزىل بولسۇن؟ روھىي ھالىتىڭىزنى كۆزەتكەندە، شۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭدىن: «ئەپەندى، سىز قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كىرىپ قالدىڭىز، شىنجاڭدا تەختتىن چۈشۈپ كەتكەن بولسىڭىز، كونسىيە ئىچىگە كىرىپ كېتىپ راغەت - فاراغەتتىن بەھرىمان بولسىڭىز نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى؟» دەپ سورىدۇم. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ: «مۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىش كىمنىڭ خىيالىغا كىرسۇن دەيسىز؟» دېدى.

مەن: «جياڭ جيېشى نېمە ئۈچۈن سىزنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى؟» دەپ سورىدۇم.

ئۇ: «مېنى جياڭ جيېشى قولغا ئالمىدى، بەلكى ۋاڭ جىڭۋېي قولغا ئالدى» دەپ جاۋاب بەردى (شۇ چاغدا ۋاڭ جىڭۋېي مەمۇرىي پالاتانىڭ مۇدىرى ئىدى).

مەن: «بۇ ئاجايىپ ئىشكەن، باشقىلار جياڭ جيېشى قولغا ئالغان دەپ قىياس قىلىشىۋاتسا، سىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ۋاڭ جىڭۋېي قولغا ئالدى دەيسىز؟» دەپ سورىدۇم.

ئۇ: «سىز ئىچكى ئەھۋالنى ئۇقمايسىز. مەن نەنجىڭدا جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ يېقىندا قايتىپ كەلدىم، جياڭ جيېشى مېنى ئوبدان چۈشىنىدۇ، ئۇ تېخى مېنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋەدە قىلدى. لېكىن ئەھۋال ئويلىمىغان يەردىن چىقتى، نەنجىڭگە كېلىپ ۋاڭ جىڭۋېينىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم» دېدى.

مەن: «ۋاڭ جىڭۋېي جياڭ جيېشىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ سىزنى قولغا ئالالامدۇ؟» دېدىم.

ئۇ: «بۇرادەر، سىز بىلمەيسىز، ئەسلىدە مەن ھەربىي

ھوقۇق بىلەن مەمۇرىي ھوقۇقنى جىياڭ جېيشى ئىگىلىگەن، ۋاڭ جىڭۋېي مەمۇرىي پالاتانىلا باشقۇرىدۇ دەپ ئويلاپ، جىياڭ جېيشىغىلا سەجدە قىلغان ئىكەنمەن، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ھەربىي جەھەتتە جىياڭ جېيشى بىلەن تەڭ كېلەلمىگىنى بىلەن، ھۆكۈمەت جەھەتتە بىر پالاتا بىلەن ئىككى مىنىستىرلىكنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغانلىقىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز (ۋاڭ جىڭۋېي مەمۇرىي پالاتانىڭ مۇدىرى، گومېڭيۇ تۆمۈر يول مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، چېن گۇڭبو سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ئىدى). ئۇ مەمۇرىي جەھەتتە جىياڭ جېيشى بىلەن پۇت تېپىشەلەيدىكەن، ئۇ مېنىڭ جىياڭ جېيشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىگە سەجدە قىلمىغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئوغىسى قايناپ غەزەپلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ گەپ قىلالماي يۈرگەن ئىكەن. ئۇ يەنە مېنىڭ شىنجاڭدا جىق بايلىق توپلىغانلىقىمنى ئاڭلىغان ئىكەن، شۇڭا بۇ قېتىم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەندىن نەپ ئېلىۋېلىپ ئۆزىنىڭ چۆنتىكىنى توشقۇزماقچى بولدى، مانا بۇ مېنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىمنىڭ سەۋەبى» دېدى.

مەن: «ئېھتىمال دېگىنىڭىز توغرىدۇ، ئېھتىمال بۇ جىياڭ جېيشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بىرلىشىپ ئويناۋاتقان ئويۇنىدۇر» دېدىم.

ئۇ: «مەن ئۇنداق ئەمەسمىكىن دەپ ئويلايمەن، ئەگەر جىياڭ جېيشىنىڭ مېنى قولغا ئالغۇسى بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇ مېنى نەنجىڭدىكى چېغىمدا قولغا ئالمايدۇ؟» دېدى.

مەن: «بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس» دېدىم.

ئۇ: «سىزنىڭچە قانداق؟» دەپ سوئال قويدى.

مەن: «كەمىنىڭىزچە بولغاندا، سىز نەنجىڭگە كەلمەسلىكىڭىز كېرەك ئىدى. سىز تەختتىن چۈشكەن ئادەم، قايتا تەختكە چىقىشتىن ئۈمىد بولمىغان يەردە، سىزنىڭ نەنجىڭگە كېلىشىڭىز خۇددى زىياپەتنى مېھمانىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرگەنگە ئوخشاش بىر ئىش» دېدىم.

ئۇ: «قانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئىش ئۆز ئورنىغا كەلمەيدۇ! ئادەم ھوقۇقنى دەپ ئۆلىدۇ، قۇش يەمنى دەپ (ئۆلىدۇ) دېگەندەك ئىش بولدى» دېدى.

مەن: «سىز ھوقۇق دېگەن سۆزنى جايىدا ئىشلەتمىدىڭىز، تېگى، — تەكتىدىن ئالغاندا مال - دۇنيانى دەپ ئۆلىدۇ» دېدىم.

ئۇ: «مېنىڭ نەنجىڭگە كېلىشتىكى مۇددىئايىم بىرەر نامغا ئېرىشىۋېلىش ئىدى، مال - دۇنيا تېپىش خىيالىمدا يوق» دېدى.

مەن: «بۇ گېپىڭىز راست. لېكىن، بىرەر ئابروي نامغا ئېرىشىۋېلىشمۇ مال - مۈلۈكنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنغۇ؟» دېدىم.

ئۇ بىر ھازا خىيال سۈرگەندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇت: «سىزنىڭچە ئۇلار مېنى قانداق جازالىشى مۇمكىن؟» دەپ سوئال قويدى.

مەن: «ئەپەندىم، سىز ئۇزۇن يىل ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن بولغان، ئەمەلدارلار دۇنياسىدىكى ئەھۋاللارنى ئوبدان بىلىسىز. مەن بىر نامرات تالىپ، ئەمەل تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى بىلمەيمەن. مېنىڭچە، تۈرمىگە كىرگەن ئىكەنسىز، خاتىرجەم يېتىۋېرىڭ، دەۋا دېگەنگە بىر قانچە يىل كەتسىمۇ كېرەك يوق، قەدىمقىلارنىڭ ئالدىرىغاننىڭ پايدىسى يوق، ئەكسىچە ئۆزۈڭگە زىيان» دېگەن تەمسىل

سۆزلىرى بار. سىزنىڭ بۇ گەپلەرنى ئوبدان ئويلاپ كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدىم.

ئۇ: «دۇرۇست، دۇرۇست، سىلەر تۈرمىدە خۇددى ئۆز ئۆيۈڭلەردە يۈرگەندەك يۈرىدىكەنسىلەر، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن» دېدى.

مەن: «سىز بۇ يەردە ئۆزىڭىزنى ئۆز ئۆيىڭىزدە تۇرغاندەك ھېس قىلمىسىڭىز، تۈگىمەس ئازاپقا قالىسىز. ئەپەندىم سىز ھازىر ئامال قىلىپ ئۈستىڭىزدىن شىكايەت قىلدۇرماسلىقنىڭ كويىغا چۈشۈشىڭىز كېرەك» دېدىم.

ئۇ: «شىكايەت قىلدۇرماسلىق دېگىنىڭىزنىڭ مەنىسى نېمە؟» دېدى.

مەن: «شىكايەت قىلماسلىق تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ سىزنى جازا قانۇنىغا خىلاپلىق قىلمىغان دەپ قارىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداقتا سىز سودقا تاپشۇرۇلماي قالىسىز. بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالسىڭىز، قالغان ئىشلار ئوڭغا تارتىدۇ» دېدىم.

ئۇ بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بىر ئاز ھاياجانلىنىپ: «بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولامدىكىن تاڭ» دېدى.

مەن: «بولسا ـ بولمىسا، سىناپ كۆرگۈلۈك» دېدىم. ئەمەلىيەتتە مەن كۆڭلۈمدە بۇ تەس ئىش، چۈنكى جىڭ شۇرېن بەك نامى چىقىپ كەتكەن ئادەم، ھەم نۇرغۇن بايلىق توپلىغان، ئۇ بىر توپ ئاچ بۆرە قولىدىن ئاسان قۇتۇلالمايدۇ دەپ ئويلىدۇم.

شۇندىن ئېتىبارەن، بەزى چاغدا ئۇ مەن ياتقان ئۆيگە كىرىدىغان بولدى، بەزى چاغدا مەن ئۇ ياتقان ئۆيگە كىرىدىغان بولدۇم، پاراڭلىشىش ئىككىمىزنىڭ داۋاملىق



ئىشىمىزغا ئايلىنىپ قالدى. ئالاھەزەل بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەتنى تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ ئاچچىقلىنىپ، ئۆز ئۆيىدە ئىستاكاننى يەرگە ئېتىپ: «بۇ ئادالەتسىزلىك!»، «ئاناڭنى!» دەپ تىللاپ كەتتى. كونا جەمئىيەتتىكى مىلىتارىستلار، بيوروكرات ئەمەلدارلار بىرەر ئىش كۆڭلىگە ياقماي قالسا، گويا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان ئىشلارنى ئىستاكانلار پەيدا قىلغاندەك، ئىستاكاننى يەرگە ئېتىپ ئاچچىقىنى ئىستاكاندىن ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئىستاكاننىڭ جېنى بولمىغان ئىكەن، ئەگەر ئۇنىڭ جېنى بولىدىغان بولسا، يەرگە تېگىپ كۇكۇن ـ تالقان بولۇپ كەتكەن چېغىدا ئەرز قىلىدىغانغا جاي تاپالماي قالار ئىدى.

مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇ تۇرغان ئۆيگە كىرىپ: «نېمە ئىش بولدى؟ نېمىشكە شۇنچىۋالا ئاچچىقلىنىپ كەتتىڭىز؟» دەپ سورىدۇم.

ئۇ: «ئۇلار مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلىپتۇ» دېدى.

مەن: «بۇ پەرەزدىكى ئىش تۇرسا، يەنە نېمە دەپ شۇنچە ئاچچىقلايسىز؟» دېدىم.

ئۇ: «ئەسلىدە مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلمايدىغانغا كېلىشكەن ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەدىسىدىن يېنىۋالىدىغانلىقىنى بىلمەپتىمەن. ئۇلار ھەقىقەتەن يۈزسىزلىك قىلدى!» دېدى.

مەن: «بۇ يۈزسىزلىك قىلغانلىق ئەمەس، بۇ ناھايىتى ئادەتتىكى ئىش» دېدىم.

ئۇ: «قانداقسىگە شۇنداق دەيسىز؟» دەپ سورىدى.

مەن: «سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك، تەقدىم قىلغان سوۋغىتىڭىز سىزنىڭ مەرتىۋىڭىزگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. سىز ئۇلارنى تۇرمە ئەمەلدارلىرى بىلەن بىر قاتاردا قويىسىڭىز بولمايدۇ» دېدىم.

ئۇ: «مېنىڭ بەرگىنىم ئۇلارنىڭ دېگىنىدىن كۆپ» دېدى.

مەن: «ھەممىنى بېرىپ بولغانمۇ» دەپ سورىدۇم.

ئۇ: «بىر قىسمىنى بېرىپ بولغان، بىر قىسمىنى مەن تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن بەرمەكچى بولغان» دېدى.

مەن: «ئەپەندىم سىز ئىشنى چاتاق قىلىپسىز، مۇنداق سودىدا ئىشنى چالا قىلغان بىلەن، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ» دېدىم.

ئۇ: «ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟» دېدى.

مەن: «دەردىنى ئىچىڭىزگە يۇتىسىز - دە» دېدىم.

ئۇ: «مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلسام بولماسمۇ؟» دېدى.

مەن: «ئاساسىڭىز بارمۇ؟ ئۇلار ھۆججەت يېزىپ بەرگەنمۇ؟» دەپ سورىدۇم.

ئۇ: «يېزىپ بەرمىگەن» دېدى.

مەن: «ئاساس بولمىسا، سىز تۆھمەت قىلغۇچى جاۋابكارغا ئايلىنىپ قالىسىز، جىنايىتىڭىزگە جىنايەت قوشۇلىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىشىلەرنىڭ چاڭگىلىدا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئازراق تەخىرسىزلىك قىلىش چوڭ ئىشنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ» دېدىم.

ئۇ خېلى ۋاقىت سۈكۈت قىلىپ ئاندىن: «مەنمۇ



شىنجاڭدىكى ۋاقتىمدا مۇنداق ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا پېتىنالمايتتىم» دېدى.

مەن: «مەيلى ئۇ چاغدا بولسۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن، مەيلى ئۇ يەردە بولسۇن، مەيلى بۇ يەردە بولسۇن، ھەممە ئىشنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى تەلەپ قىلغىلى بولامدۇ؟» دېدىم. ئىچىمدە «سەنمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايسەن» دەپ كۈلدۈم. جىڭ شۈرېننىڭ بۇ قىلىقلىرى بۇ تىپتىكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمەن ئۆزىنى ئوبدان بىلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇ شىكايەتنامىسىنى ماڭا كۆرسەتتى، ھەمدە: «ئۇلار مېنى مىنگوغا زىيان يەتكۈزگەن، خائىنلىق، ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىلغان دەپتۇ، بۇ قانداق قانۇن؟» دېدى.

مەن: «بۇ جياڭ جېيشى خاندانلىقىنىڭ قانۇنى، سىز «مىنگوغا زىيان يەتكۈزگۈچىلەرنى جىددىي جازالاش قانۇنى» دېگەن بىر ئالاھىدە قانۇننىڭ بارلىقىنى بىلمەمسىز؟» دېدىم.

ئۇ: «بىلىشىمغۇ بىلىمەن، ئۇ قانۇن مەخسۇس كومپارتىيىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئىكەنغۇ، ئەجەبا مەنمۇ كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟» دېدى.

مەن: «ئۇلار سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن مۇشۇنداق ئالاھىدە قانۇن ئارقىلىق شىكايەت قىلمىسا، سىز قانداقمۇ سېخىلىق بىلەن يانچۇقىڭىزنى كولايسىز؟» دېدىم.

ئۇ: «مەن سېخىلىق قىلدىم.» دېدى.

مەن: «سىز ئۆزىڭىز ناھايىتى سېخىلىق قىلدىم دېگىنىڭىز بىلەن، ئۇلار سىزنى ناھايىتى پىخسىقلىق قىلدى، ناھايىتى ئاز بەردى دەپ قارايدۇ» دېدىم.

«ئۇلار مېنى ھەممىنى تۆكسۇن دەيدىكەندە، ئۇنت ئۇلار ئۈچۈن يېرىم ئۆمرۈمنى بىكار سەرپ قىلـمان بولىمەنمۇ؟» دېدى.

مەن: «سىز ھەممىنى تۆكۈپ بەرسىڭىزمۇ، ئۇلار يەنە رازى بولماسلىقى مۇمكىن» دېدىم.

ئۇ «بۇ ئاچ بۆرىلەر باشقىلارنىڭ دەردىگە يەتمەيدىكەن، بېلىقنى مەن دەريادىن تۇتسام، ئۇلار بېلىقنى سېۋەتتىن ئېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئاسان ئىش بولامدۇ» دېدى.

مەن: «ئەپەندىم سىز بېلىق بار سېۋەتنى مۈشۈك ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپ، مۈشۈك بېلىقنى يېمىسۇن دېسىڭىز، ئۇنداق بولمىقى تەس» دېدىم.

ئۇ: گەپنى باشقا ياققا بۇراپ: «مىنگوغا زىيان كەلتۈرگۈچىلەرنى جىددىي جازالاش قانۇنىنى» نى سىز كۆرگەنمۇ؟» دېدى.

مەن: «مەن كۆرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە قاتتىق ئۇچرىغان، سوت مەھكىمىسى مۇشۇ قانۇنغا ئاساسەن ماڭا بەش يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى» دېدىم.

ئۇ: «سىزنىڭچە تەپتىش ئەمەلدارى شىكايەتنامىگە يازغان بىر قانچە جىنايەتكە ئاساسەن، ماڭا قانچە يىللىق قاماق ھۆكۈم قىلار؟» دەپ سورىدى.

مەن ئويلاپ كۆرۈپ مۇنداق دېدىم: «بۇ شىكايەتنامىدا مىنگوغا زىيان يەتكۈزۈش مۇددىئاسىدا بولغان دەپ يېزىلغاندەك تۇرىدۇ، خائىنلىق قىلغان، ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىلغانلارغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنىدۇ، مۇددەتسىز قاماق جازا-



سى بېرىلىدۇ ياكى يەتتە يىللىقتىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ». بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىڭ شۇرېننىڭ رەڭگى ئۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ: «ئەي تەڭرى! ئۇلار مېنى ئۆلۈم گىرداۋىغا ئىتتىرىۋاتىدۇ! بۇ نېمە دېگەن رەھىمسىزلىك!» دەپ كەتتى.

مەن: «سىز مۇنچىۋالا ئالاقزادە بولۇپ كەتمەڭ، مېنىڭچە بۇنىڭدا چوڭ ئويۇن باردەك تۇرىدۇ» دېدىم.

ئۇ: «قانداق ئويۇن؟» دەپ سورىدى.

مەن: «بۇ ئويۇن كىچىك ئىشنى چوڭايتىش ياكى يىراقنى كۆزلەپ كىچىك يەردىن قول سېلىش دەپ ئاتىلىدۇ» دېدىم.

ئۇ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ: «سىز ناھايىتى پەملىك ئىكەنسىز. ئۇنىڭ مېنى تۈرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن يول ماڭغانلارغا شىكايەت قىلماي بولمايدۇ، شىكايەت قىلىنغاندىن كېيىن سوت مەھكىمىسى يېنىك جازا بېرىدۇ، ئەگەر شىكايەت قىلمىسا، سوت مەھكىمىسى ئېغىر جازا بەرمە يېنىك جازا بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئەرز قىلىشقا بولىدۇ دېگىنى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكەندە» دېدى.

مەن: «ئۇلار جىق پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ، شۇنچىلىكلا گەپ، ئۇلار شىكايەت قىلماسلىقنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، بۇ بىر خام خىيال» دېدىم.

جىڭ شۇرېن مېنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلمايدىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، ئەرز نامىنى قانداق يېزىشنى مۇزاكىرە قىلىش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا دەپ بەردى، ئۇ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ دېلويىم ئاددىي دېسىڭىز ئاددىي دېلو ئەمەس، مۇرەككەپ دېلو دېسىڭىز

ئۇ: «ئۇلار مېنى ھەممىنى تۆكسۇن دەيدىكەندە، ئۇنداقتا مەن ئۇلار ئۈچۈن يېرىم ئۆمرۈمنى بىكار سەرپ قىلغان بولمەنمۇ؟» دېدى.

مەن: «سىز ھەممىنى تۆكۈپ بەرسىڭىزمۇ، ئۇلار يەنە رازى بولماسلىقى مۇمكىن» دېدىم.

ئۇ «بۇ ئاچ بۆرىلەر باشقىلارنىڭ دەردىگە يەتمەيدىكەن، بېلىقنى مەن دەريادىن تۇتسام، ئۇلار بېلىقنى سېۋەتتىن ئېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئاسان ئىش بولامدۇ» دېدى.

مەن: «ئەپەندىم سىز بېلىق بار سېۋەتنى مۈشۈك ئالدىغا ئەكىلىپ قويۇپ، مۈشۈك بېلىقنى يېمىسۇن دېسىڭىز، ئۇنداق بولمىقى تەس» دېدىم.

ئۇ: گەپنى باشقا ياققا بۇراپ: «مىنگوغا زىيان كەلتۈرگۈچىلەرنى جەددىي جازالاش قانۇنىنى» نى سىز كۆرگەنمۇ؟» دېدى.

مەن: «مەن كۆرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە قاتتىق ئۇچرىغان، سوت مەھكىمىسى مۇشۇ قانۇنغا ئاساسەن ماڭا بەش يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى» دېدىم.

ئۇ: «سىزنىڭچە تەپتىش ئەمەلدارى شىكايەتنامىگە يازغان بىر قانچە جىنايەتكە ئاساسەن، ماڭا قانچە يىللىق قاماق ھۆكۈم قىلار؟» دەپ سورىدى.

مەن ئويلاپ كۆرۈپ مۇنداق دېدىم: «بۇ شىكايەتنامىدا مىنگوغا زىيان يەتكۈزۈش مۇددىئاسىدا بولغان دەپ يېزىلغاندەك تۇرىدۇ، خائىنلىق قىلغان، ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىلغانلارغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنىدۇ، مۇددەتسىز قاماق جازا-



سى بېرىلىدۇ ياكى يەتتە يىللىقتىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ». بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىڭ شۈرېننىڭ رەڭگى ئۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ: «ئەي تەڭرى! ئۇلار مېنى ئۆلۈم گىرداۋىغا ئىتتىرىۋاتىدۇ! بۇ نېمە دېگەن رەھىمسىزلىك!» دەپ كەتتى.

مەن: «سىز مۇنچىۋالا ئالاقزادە بولۇپ كەتمەڭ، مېنىڭچە بۇنىڭدا چوڭ ئويۇن باردەك تۇرىدۇ» دېدىم.

ئۇ: «قانداق ئويۇن؟» دەپ سورىدى.

مەن: «بۇ ئويۇن كىچىك ئىشنى چوڭايتىش ياكى يىراقنى كۆزلەپ كىچىك يەردىن قول سېلىش دەپ ئاتىلىدۇ» دېدىم.

ئۇ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ: «سىز ناھايىتى پەملىك ئىكەنسىز. ئۇنىڭ مېنى تۈرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن يول ماڭغانلارغا شىكايەت قىلماي بولمايدۇ، شىكايەت قىلىنغاندىن كېيىن سوت مەھكىمىسى يېنىك جازا بېرىدۇ، ئەگەر شىكايەت قىلمىسا، سوت مەھكىمىسى ئېغىر جازا بەرمە يېنىك جازا بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ ئەرز قىلمىشقا بولىدۇ دېگىنى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكەندە» دېدى.

مەن: «ئۇلار جىق پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ، شۇنچىلىككىلا گەپ، ئۇلار شىكايەت قىلماسلىقنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، بۇ بىر خام خىيال» دېدىم.

جىڭ شۈرېن مېنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلمايدىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، ئەرز نامىنى قانداق يېزىشنى مۇزاكىرە قىلىش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا دەپ بەردى، ئۇ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ دىلويىم ئاددىي دېسىڭىز ئاددىي دىلو ئەمەس، مۇرەككەپ دىلو دېسىڭىز

ئانچە مۇرەككەپ دېلومۇ ئەمەس. ئۇلار شىنجاڭلىق ئەيسا بەگ دېگەن بىر ئادەمنى كۈشكۈرتۈپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلدۇرۇپ، ماڭا مۇنداق تۆت چوڭ جىنايەتنى ئارتتى: بىرىنچى، مېنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئالماي ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالىدى دېدى؛ ئىككىنچى، مېنى قۇمۇلدىكى يەرلىك خەلقنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، قۇمۇل پۇقرالىرىنىڭ قوزغىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى دېدى، يەنە مېنى ئەسكەر چىقىرىپ خەلقنى پاجىئەلىك قىرغىن قىلدى دېدى؛ ئۈچىنچى، مېنى ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئۆز چۆنتىكىگە سېلىۋالدى، ھۆكۈمەتنىڭ ئالتۇنىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ تيەنجىنگە يۆتكىدى، خىيانەت قىلىپ ئۆز يانچۇقىغا سالدى، دېدى؛ تۆتىنچى، مېنى دىخۇا شەھىرىنىڭ چوڭ كۆۋرۈك دېگەن يېرىگە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئوت قويۇش ۋە يەرلىك پۇقرالارنى قىرىش بىلەن شۇغۇللاندى دېدى. بىرىنچى ماددىدا مېنى ۋەتەن ساتقۇچىلۇق قىلدى دېيىلگەن، قالغان ئۈچ ماددىدا مېنى ئەمىر-پەرمانىنى دەپسەندە قىلىپ خىيانەتچىلىك قىلدى، كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە مەندە بۇ جىنايەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق، ھەممىسى غەرەزلىك ھالدا تېڭىلغان جىنايەت. «سودا كېلىشىمى» ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى ئاساسىدا ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىگىلىك ھوقۇقتىن ۋاز كېچىلگەن ئەمەس، دۆلەتكە ئاھانەتلىك ئىش قىلىنمىغانمۇ ئەمەس. كېيىنكى ئۈچ ماددىدا دېيىلگەنلىرى قۇرۇق تامدىن پاختەك ئۇچۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن توقۇلغان نەرسىلەر. ئۇلار بۇنىڭغا پاكىت



كۆرسىتەلمەيدۇ...

ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ ۋە چۈشەندۈرۈپ ئېيتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ، كۈلگۈم كەلدى، مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى قىلچە ئاساسسىز، ئەرزدە ئېيتىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى پاكىت دەپ قارىغان بولساممۇ، لېكىن ئىچىمدىن چىقارماي، ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ: «شۇنداق ئىكەن، قورقماسلىق كېرەك، سوت ۋاقتىدا پاكىت ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى ئاقلىسىڭىز، گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلىنىشتىن زور ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ»، دېدىم.

ئۇ: «مۇنداق قىلىش ئاسان دەمسىز! ئۇلار مېنى يېپىشنى قەستلىگەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلماق تەس، بۇ، مېنىڭ بۇ دېلو ئاددىي ئەمەس دېيىشىمنىڭ ئاساسى»

مەن: «سىز ئېيتقان ئاددىي دېگەن سۆزنى پۇل ھەممىگە قادىر دەپ چۈشەندۈرۈشكە، مۇرەككەپ دېگەن سۆزنى ئادەم كۆپ يەردە گەپمۇ تولا بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. سىزنىڭچە شۇنداقمۇ - قانداق؟» دېدىم.

ئۇ مۇنداق دېدى: «دۇرۇس، دۇرۇس. بىراق سىز بىلمەيسىزكى، مەن قاخشال بولۇپ قالغان بىر ئادەم، سىرتىمدىن سالاپەتلىكتەك كۆرۈنگىنىم بىلەن، ئىچىمدىن قۇرۇپ قالغان، مەن ئۇلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا قانداقمۇ چىداشلىق بېرەلەيمەن؟» دېدى.

مەن: «بۇ يەردە دەرد تۆككىنىڭىزنىڭ پايدىسى يوق. ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈڭ» دېدىم.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جىڭ شۇرېن ماڭا ئۇنى ئاقلايمىز دەپ بىرمۇنچىلىغان ئادۋوكاتلارنىڭ شاڭخەيدىن نەنجىڭگە كەلگەنلىكىنى، ئالدى بىلەن ئوتتۇرادەرىجىلىك

ئادۋوكاتلارنىڭ تۈرمىگە كېلىپ ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «يول كىراسى بىلەن سۆزلىشىش پۇلىنى مەن بەرسەم مەيلى، بۇ كىچىك ئىش، لېكىن ئۇلار ئاقلاش راسخودى ئۈچۈن نەچچە تۈمەن يۈەندىن نەچچە ئون تۈمەن يۈەنگىچە پۇل ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ گېپى ناھايىتى چىرايلىق، «دەۋادا چوقۇم ئۇتۇپ چىقىمىز» دېيىشتى، مەن ئۇلارنىڭ لاپ سۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ئۇلارنىڭ گېپىنى رەت قىلدىم. كېيىن شاڭخەينىڭ ناھايىتى ئاتاقلىق ئادۋوكاتلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ سۆزلەشتى. مەن ئۇلارنىڭ تېخى نەچچە مىليون يۈەندىن ئون نەچچە مىليون يۈەنگىچە ئالىدىغانلىقىنى بىلمەپتىمەن. ئۇلار سىزنىڭ دېلو مەسىلىڭىز يالغۇز قانۇن مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى سىياسىغا چېتىلىدىغان مەسىلە دېيىشتى. سىياسىي مەسىلىنى ھۆكۈمەت تەرەپ ھەل قىلىشى كېرەك ئىكەن. ئادۋوكاتلار قانۇنغا ئۇيغۇن تاپاۋەتكىلا ئىگە بولالايدىكەن، قانۇن سىرتىدىكى چىقىمنى مەن تۆلىشىم كېرەك ئىكەن. ئۇلار ماڭا ئىشەنچلىك كاپالەت بېرەلمىگەچكە مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئۇلار بىلەن توختام تۈزمىدىم. ئۇلار بۇ دېلو ناھايىتى مۇرەككەپ، پارتىيە، ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتكە مۇناسىۋەتلىك دېلو، ھەممىسى سىزگە تىكىلىۋالدى، دۇنيا يېڭىدىن كەچ، بالادىن قۇتۇل دېگەن بىر تەمسىل بار، سىز ئوبدان ئويلاپ كۆرۈڭ دېدى».

ئۇ مەن تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ: «بۇرادەر، سىزنىڭ ماڭا كۆرسىتىدىغان قانداق ئەقلىڭىز بار؟ مەن ۋەيرانە بولۇپ كېتىدىغان بولدۇم، ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىدا ئەجىر سىڭدۈرۈپ تاپقانلىرىم قولۇمدىن چىقىپ كېتىدىغان بولدى» دېدى،



مەن: «كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى، ئۆزىگە يەم قىلىشى جاڭگاللىقلار دۇنياسىنىڭ قانۇنىيىتى. پۇقرالارنىڭ چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى يەيدۇ، كىچىك بېلىق راكنى يەيدۇ، راك لايىنى يەيدۇ دەيدىغان گېپى بار. سىز ھازىر كىچىك بېلىققا ئوخشاپ قالدىڭىز، ئەمدى لېۋىڭىزنى چىشلەپ كىشىلەرنىڭ ئۆزىڭىزنى غاجىلىشىغا چىداپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ» دېدىم.

ئۇ تازا بىر ئۇھ تارتىپ: «ئىلاھىم! ئاھ ئىلاھىم! تۈگەشكەن بولدۇم!» دەپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ دائىم ئۆز كامېرىدا يەرگە ئىستاكان ئېتىپ سۇندۇرىدىغان بولۇپ قالدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ناھايىتى بىئارام ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. مەن ئۆز كۆڭلۈمدە مەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كامېرىغا كىرمەي دەپ ئويلىغان ئىدىم. مەلۇم بىر كۈنى ئۇ مەن ياتقان ئۆيگە كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن: «خۇشخەۋەر بارمۇ - نېمە؟» دەپ سورىدۇم.

ئۇ: «ئىككىمىز خۇشلىشىدىغاندەك تۇرىمىز» دېدى.

مەن: «بۇ خەۋەر قەيەردىن كەلدى؟» دەپ سورىدۇم.

ئۇ: «ئېھتىمال ھەربىي ھۆكۈمەت شتابىدىن كەلگەن بولسا كېرەك» دېدى.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى تازا چۈشىنەلمەي، ئۇنىڭدىن: «تەپسىلىي ئەھۋالنى بىلىشكە بولامدۇ؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «بىللە ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمىزغا يېرىم يىل بولدى، مەن سىلىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىرىنى بىلدىم. مەن ئىچىمدىكى سۆزلىرىمنىڭ بەرىنى سىزگە دەپ بېرىشنى خالايمەن» دېدى.

مەن: تەپسىلىي قىلىپ سۆزلەپ بەرسىلە» دېدىم.

ئۇ: «دوستلىرىم مەن ئۈچۈن يول ماڭغان ئىدى. ئۇلار ئۇبدان بىر چارە ئويلاپ تېپىپ، ماڭا ئەمەلدارلارغا سوۋغا - سالام كىرگۈز، لېكىن بۇ نەرسىلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالمىسۇن، ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا رىيازەت تارتىسىز دەپ ئېيتىشتى، ئەمەلدارلارغا سوۋغا - سالام كىرگۈزسىڭىز، ئۇدۇل ئاپىرىپ بەرسە بىخەتەر بولىسىز دېدى» دېدى.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى يېرىم چۈشىنىپ، يېرىم چۈشەنمەي: «بىرەر ئەمەلدارنى تاپتىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «شۇنداق، ئەمەلدارنى تاپتىم» دېدى.

مەن: «ناھايىتى ياخشى بوپتۇ! بۇ قېتىم يولنى توغرا مېڭىپسىز، سىز ئۇنىڭغا سوۋغات ئۈچۈن نىمە بېرىدىغان بولدىڭىز؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «بىر ساندۇق خوتەن قاشتېشى بېرىدىغان بولدۇم» دېدى.

مەن: «بەرگىنىڭىز ناھايىتى كۆپ پۇلغا يارىسا كېرەك» دېدىم.

ئۇ: «ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ باھاسى بولغان بىلەن ياقۇتنىڭ باھاسى بولمايدۇ دېگەن گەپ بار، بۇ بىر ساندۇق قاشتېشىنى ئامېرىكىغا ئاپىرىپ ساتسا، تۆۋەن باھادا ساتقاندىمۇ 5 مىليون دوللارغا ساتقىلى بولىدۇ، ئەگەر يۇقىرى باھادا ساتقاندا 10 مىليون دوللارغا ساتقىلى بولىدۇ، ئەسلىدە بۇنى مەن ئاخىرقى ئۆمرۈمدە تەسەررۇپ قىلارمەن دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمدىلىكتە بالايى - ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دەردىمگە چىداپ ئۇنى خەققە بېرىدىغان بولدۇم» دېدى.

مەن: «ئۇلار سىزگە ياردەم قىلىشقا ئۇنىدىمۇ» دەپ



سورىدىم.

ئۇ: «بۇ قەتئىي ئىشەنچلىك» دېدى.

مەن: «قاچان قويۇپ بېرىدىغان بولىدى؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «يەنە بەزى رەسمىيەتلەرنى ئۆتەش كېرەك ئىكەن» دېدى.

مەن: «قانداق رەسمىيەت ئىكەن ئۇ؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «ئۇلار مېنى ھەربىي شتابقا ئېلىپ كېتىپ سوراق قىلىدىغان بولدى. ئۇلار مېنى ھەربىي بولغاندىن كېيىن ھەربىي سوت سوراق قىلىشى كېرەك» دېدى.

مەن: «باشقىلار ھەربىي سوتتىن قورقىۋاتسا، سىزلا ھەربىي سوتقا خۇشتار بولۇپ قاپسىز، بۇ ئەجەب بىلىنەرلىك ئىشقۇ؟» دېدىم.

ئۇ: «مېنى ھەربىي سوتتىن قورقمايدۇ دەمسىز؟ بىراق بىز كېلىشىپ قويدۇق، ھەربىي سوتنىڭ سودلىشى قارىماققا ناھايىتى ھەيۋەتلىك سوراق ئىكەن، مەيلى ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلسۇن ياكى يېنىك جازا ھۆكۈم قىلسۇن باشقىلار ئارىلىشالمايدىكەن.

مەن گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ: «ئەپەندىم سىز ناھايىتى ئەقىللىق ئادەم ئىكەنسىز، قالتىس پەمىڭىز بار ئىكەن، تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان كىشى ئىكەنسىز» دېدىم.

ئۇ: «تېخى ئىش مۇقىملاشمىدى، بەك بالدۇر خۇشال بولۇپ كەتكىلى بولمايدۇ» دېدى.

مەن: «ئەپەندىم سىز مۈشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئالدىدا تۇرىسىز. ئىستىقبالىڭىز قۇتلۇق بولىدۇ» دېدىم.

ئۇ ماڭا تەسەللىي بېرىپ: «بۇرادەر سىزنىڭ قۇتۇلۇ-

شىڭىزدىنمۇ ئۇمىد بار، بەش يىل دېگەن ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن تيەنجىنگە كېلىپ تاماشا قىلىپ، ئويناپ كېتىمىز، كەمىنىڭىز سىزنى تۆۋەنچىلىك بىلەن قارشى ئېلىپ كۈتىدۇ» دېدى.

مەن: «ھىممىتىڭىز مېنى بەك تەسىرلەندۈردى. پۇرسەت بولۇپ قالسا كۆرۈشۈپ تۇرارمىز» دېدىم.

شۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىزدىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپتە داۋامىدا، جېنى شۇرىن كۆڭلى - كۆكسى توق ھالدا خۇشال - خورام يۈردى، گەرچە گايىدا تىت - تىت بولۇپ ئاچچىقلىنىپ قالسىمۇ، لېكىن ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىش ئىچىدە ئىسەنكىرەپ يۈردى. مەن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش نەتىجىسى»دىن كۆپرەك خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن، مەن ئۇ تېخى تۈرمىدىن چىقىپ كەتمىگەن ۋە ئۆزىنى خۇشال تۇتۇپ يۈرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشتىم.

مەن: «شىنجاڭ بىزدەك ئەھۋال ئۇقمايدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى سىرلىق تۇيۇلىدىغان جاي، ئۇنىڭ يەر مەيدانى قانچىلىك؟ ھاۋا رايى (ئېقلىمى) قانداق؟ چىقىدىغان نەرسىلەر كۆپمۇ - ئاز؟ خەلقنى ئىدارە قىلماق ئاسانمۇ - تەس؟ بەزىلەر سىزنى «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە كۆپ نەتىجە قازانغان، تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدۇ» دېيىشىدۇ، ماڭا بىر - بىرلەپ دەپ بەرسىڭىز قانداق؟» دېدىم.

ئۇ، «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە نەتىجىسى كۆپ، تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى



ئاڭلاپ ناھايىتى خوش بولۇپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا پو ئېتىشقا باشلىدى.

ئۇ: «شىنجاڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى مەنمۇ ئېنىق ئۇقمايمەن، تەخمىنەن 18 جىبجاڭچىلىك كېلىشى مۇمكىن، ئۇ يەرنى باشقا بىر كىچىك دۇنيا دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەندىن قىزغىنىدىغانلار شىنجاڭنى بىر دۆلەت، مېنى بولسا شۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى دېيىشىدۇ، ھەقىقەتەن شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ھېلىقىدەك دېيىلسە ئاشۇرۇۋېتىلگەن بولىدۇ. ئۇ يەر چوڭلۇقى چوڭ، لېكىن يەرلىرىنىڭ تولىسى قۇملۇق، تېرىلغۇ يەر ئاز، ئۇ يەردە تاغلار ناھايىتى ئېگىز، سۈيى سوغۇق، ئادەم شالاڭ، مۇنداق جايغا ئۇزاق مۇددەت پادىشاھ بولۇشنى مەنمۇ راۋا كۆرۈپ كەتمەيتتىم» دېدى.

مەن: «سىز راۋا كۆرمىگەن بىلەن ئىشقىلىپ بىر قانچە يىل پادىشاھ بولدىڭىز، پادىشاھ بولۇشنىڭ تەمى قانداقراقكەن؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «بەزىدە ئۇنىڭ تەمى شامنىڭ تەمىگە ئوخشىسا، بەزىدە ئۇنىڭ تەمى ناھايىتى لەززەتلىك بولىدۇ» دېدى.

مەن: بۇنى قانداق چۈشەنسەم بولىدىكىن» دېدىم.

ئۇ: «ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇنىڭ تەمى لەززەتلىك بولغىنى بىلەن، مالىمانچىلىق بولغاندا، گويا تىكەن ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بولىدۇ» دېدى.

مەن: «دائىم خاتىرجەملىك بولسا، مالىمانچىلىقتىن ساقلىنىلسا ناھايىتى ياخشى ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «بۇنداق بولۇش ئاسان دەمسىز، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ، ئۇلارنى ئىدارە قىلماق تەس» دېدى.

پىكرىمىزدە ئىختىلاپ كۆرۈلدى. جىن شۇرېن گەپنى باشقا تەرەپكە بۇراپ: «بۇ ھەقتە سۆزلەشمەيلى، باشقىلارنى سۆزلىشەيلى» دېدى.

مەن ئۇنىڭدىن: «باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە سىز شىنجاڭدا خۇددى قەدىمكى چاغلاردىكى پادىشاھلارغا ئوخشاش ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپسىز، بۇ جەھەتتە بىر ئىككى ئىشنى سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «گەپ دېگەن راست بولۇۋەرمەيدۇ. بىراق خېلى يامان ئەمەس ئۆتكەن» دېدى.

مەن: «مەسىلەن، قانداقسىگە يامان ئەمەس ئۆتكەن؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «ئائىلىلىق، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، يۈرۈش - تۇرۇش، يېتىش - قوپۇش جەھەتتە، نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلالايتتىم» دېدى.

مەن: «ئۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدىغان ئىش. بۇنىڭ تىلغا ئالغىچىلىك نېمىسى بار: مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم ئىچكى جايلارنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان بەزى ئەھۋاللار» دېدىم.

ئۇ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ: «ئۇ يەردىن چىقىدىغان بىرمۇنچىلىغان نەرسىلەر ئىچكىرىدىن چىقمايدۇ، مەسىلەن: تۆگە لوكىسى، ئېيىق تاپىنى، قوغۇن، كىشمىش ئۈزۈمى قاتارلىقلارنى سىز يەپ باققانمۇ؟ ئالىي دەرىجىلىك تۆگە تىۋىتى ئەدىيالى گىلەمنى سىز ئىشلىتىپ باققانمۇ؟ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغان چاغدىكى قەددى - قامىتىنى سىز كۆرگەنمۇ؟ خوتەننىڭ قىممەت باھالىق قاشتېشى دۇنياغا مەشھۇر، سىزنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟» دېدى.



مەن: «گېپىڭىزچە شىنجاڭنىڭ مالىمان بولۇشىدىكى جىنايەت سىزدە ئەمەس، خەلقتە ئىكەندە؟» دېدىم.

ئۇ: «ھەقىقەتەن شۇنداق، مەن ئەزەلدىن پېشقەدەم گېنېرال ياڭ زېڭشىننىڭ تۇتقان يولىنى تۇتۇپ، ئىشنى كۆپ تېرىغاندىن كۆرە، ئاز تېرىغان ياخشى، ئىش تېرىغاندىن كۆرە ئىش تېرىمىغان ياخشى دېگەن نىيەتتە بولۇپ، چېگرىنى قوغداپ، پۇقرانىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزماقچى بولدۇم. لېكىن ئۇلار مېنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇردى، ئامالسىزلىقتىن ئۇلارنى باستۇرۇشقا ئەسكەر ئەۋەتتىم» دېدى.

مەن: «قەدىمقىلارنىڭ ئەمەلدار مەجبۇر قىلسا، پۇقرا قوزغىلىپ قارشى چىقىدۇ دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار، پۇقرا دېگەن قانداقمۇ قىلىپ سىز بىلەن قارشىلىشىشقا جۈرئەت قىلسۇن، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ» دېدىم.

ئۇ: «مېنىڭچە، ئەمەلدارلارنى كۆپرەك ئەيىپلەپ پۇقرانىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. ياڭ زېڭشىن ماڭا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە كەڭ بولۇش بىلەن قاتتىق بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك، باستۇرۇش بىلەن خەيرىخاھلىق قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا جاھان تېنچ بولىدۇ دەپ ئۆگەتكەن» دېدى.

مەن: «نەتىجىدە جاھان ئانچە تىنچ بولماي قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھاندىن قۇرۇق قاپسىز، قەدىمدىن تا ھازىرغىچە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. جانابلىرى سىزنىڭچە شۇنداقمۇ قانداق؟» دەپ سورىدىم.

مەن: «ئاڭلىغان بولساممۇ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن، جانابلىرى سىز شۇنداق ئېسىل نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولغان ئىكەنسىز، بۇ سىزدە قانداق ئالاھىدە تەسىرات قالدۇردى؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «سىزدىن گەپ يوشۇرمايمەن، مەن ئاشۇ تۈگىمەس ئېسىل نەرسىلەر ئارىسىدا ھېچقانچە ھەيران بولۇپمۇ كەتمىگەن ئىدىم. بىراق ئاشۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ناخشىلىرىنى، ئۇسسۇللىرىنى قانچە كۆرۈپ ئاڭلىسىمۇ ئادەم زېرىكمەيدۇ» دېدى.

مەن: تەپسىلىيراق قىلىپ سۆزلەپ بەرمەمسىز» دېدىم.

ئۇ: «شىنجاڭدا كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى يوق، قىش ناھايىتى سوغۇق كېلىدۇ، ئىچ پۇشقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن دائىم ئۇيغۇر قىزلىرىنى مەھكىمىگە چاقىرتىپ ئۇسسۇل ئويناتقۇزاتتىم، ئۇلار پەرىلەردەك گۈزەل ئىدى» دېدى.

مەن: «ئەپەندىم سىزدە يامان خىياللار بولغانمۇ؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «بۇرادەر سىز كوچىلاپ سوراپ نېمە قىلاي دەيسىز» دېدى.

ئۇ يەنە گەپنى قىشنىڭ ئەھۋالى تەرەپكە بۇراپ: «شىنجاڭ — قىشتا بەك سوغۇق بولىدىغان جاي، بىراق مەن سوغۇقتىن قورقمايتتىم» دېدى.

مەن ئۇنىڭدىن: «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «يەرگە قېلىن گىلەم سېلىپ، ئۆينىڭ تۆت تېمىغا تۆگە تىۋىتىدىن توقۇلغان ئەديال ئارتىپ، ئۆي ئىچىگە مەش قويۇپ ئوتنى راسا قالاپ، ئازراق كاۋاپ يەۋالسام، بەزىدە تېخى ئىسسىقلاپ كېتەتتىم، ئىسسىقلاپ كەتسەم



قوغۇن يەپ سالقىنلايتتىم» دېدى.

مەن: «قىشتىمۇ قوغۇن بولامدۇ» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «تولا گەپ، بىر قانچە ئون جىڭ كېلىدىغان قوغۇنلارنى گەمىگە سېلىپ ساقلاپ قىشتا مەززە قىلىپ يېگىلى بولىدۇ. ئۆتكەنكى بىر قانچە يىلدا تازا ئوخشاپ كەتكەن قوغۇنلارنى ئادەم كۆتۈرەلمەي خېچىر بىلەن توشىغان ئىشلارمۇ بولدى. سىزنىڭچە ئەجەبلىنەرلىكمىكەن؟» دېدى.

شۇ چاغدا مەن خۇددى «مىڭبىركېچە» ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغاندەك ھەيرانلىقتا قالغان ئىدىم.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، جىن شۇرېننىڭ كۆڭلى يەنىلا خۇشال ئىدى، مەن ئۇ كېتىپ قالسا ئاجايىپ ئىشلاردىن خەۋەردار بولالماي قېلىشتىن ئەنسىرەپ، يەنە ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشتىم.

مەن ئۇنىڭدىن: «ئاڭلىشىمچە جانابلىرى سىز شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا بىر يۈرۈش ئىنتايىن دانا تەدبىرلەرنى قوللانغان ئىكەنسىز، تاشقى ۋە ئىچكى ئىشلاردا ئۆزگىچە چارىلەرنى ئىشلەتكەن ئىكەنسىز، بېخىللىق قىلماي ماڭا ئۆگىتىپ قويۇشىڭىزنى سورايمەن!» دېدىم.

ئۇ خۇشال ھالدا: «تاشقى ئىشلار جەھەتتە يېقىنلىشىپمۇ كەتمەسلىك، يىراقلىشىپمۇ كەتمەسلىك ئۇسۇلىنى، ئىچكى ئىشلار جەھەتتە ياتلارنى ياتلار ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندىم» دېدى.

مەن: «بۇ دېگىنىڭىزنىڭ مەنىسى نېمە؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «شىنجاڭدا تاشقى ئىشلار جەھەتتە ئاساسەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇلىدۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى

بىلەن تاشقى ئالاقە قىلىشتا يېقىنلىشىپمۇ كەتمەسلىك، يىراقلىشىپمۇ كەتمەسلىك ئۇسۇلىنىلا قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. «يېقىنلىشىپ كەتمەسلىك» دېگەنلىك ئۇنىڭغا بەك قىزغىن بولۇپ كەتمەسلىك دېگەنلىك، مۇنداقتا بىرىنچىدىن ئۇنىڭ قول تىققىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ئىككىنچىدىن كىشىلەرنىڭ مېنى قىزىللىشىپ كەتتى دېيىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. «يىراقلىشىپ كەتمەسلىك» دېگەنلىك ئۇنىڭ بىلەن بولغان سودىنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەنلىك، بۇنداق بولغاندا، ھەم تاموژنا بېجى كىرىمىنى ئاشۇرغىلى، ھەم بازارنى ئاۋاتلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر سىز شىنجاڭدا تۇرۇپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق ئۆتمىسىڭىز، ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ھالا تېپىۋالىسىز، سودا - تىجارەت ئىشلىرىنى يولغا قويمىسىڭىز پۇقرانى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرالمايسىز، ئىچكى ئىشلار جەھەتتە مەن ياتلار ئارقىلىق ياتلارنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندىم، بۇ ئۇسۇل باستۇرۇش ۋە قولغا كىرگۈزۈپ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت ئىككى ۋاستىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار ھەييار كېلىدۇ، باستۇرمىسىڭىز ئۇلار مالىمانچىلىق تۇغدۇرىدۇ؛ قولغا كىرگۈزمىسىڭىز نۇختىلاپ چىڭ تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان ماجرالىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بوي ئەگدۈردۈم» دېدى.

مەن: «سىزنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھۈنىرىڭىزنى ئالغاندا، ئادەمگە ۋە شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش ھۈنىرىنى مۇۋاپىق ھۈنەر دېيىشكە بولىدىكەندە؟» دېدىم.

ئۇ: توغرا، «ھەربىي جەھەتتە يەنە مۇنداق بىر ھۈنەر-



نىمۇ، يەنى ئۆزۈمنىڭ گەنسۇلۇق يۇرتداشلىرىمنى ئۆزۈمگە مۇھاپىزەتچى قىلىپ، ياقا يۇرتلۇق خەنزۇلارنى تىزگىنلەش ھۈنىرىنىمۇ ئىشلەتكەن ئىدىم» دېدى.

مەن: «مۇنداق قارىغاندا، سىز شىنجاڭدا» پولات قورغان قۇرغان ئىكەنسىز، ئۇنداقتا بىز ئۈچۈن سىز... دەۋاتاتتىم، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى تۈگىمەيلا: «مەن سىزنىڭ مەندىن ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن تەختتىن غۇلاپ چۈشتىڭىز دەپ سورىماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدىم، شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى جاھاندا، كىمنىڭ قەھرىمان ئىكەنلىكىگە باھا بېرىشتە يالغۇز ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياكى مەغلۇبىيەتلىك بولغانلىقىغىلا قاراش كۇپايە قىلمايدۇ. مەندىن بۇرۇن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان پېشقەدەم گېنېرال ياڭ زېڭشىن نەقەدەر قابىلىيەتلىك، نەقەدەر قەھرىمان كىشى ئىدى، لېكىن ئۇمۇ مەغلۇب بولدى. يۇقىرىدىكىلەردىن يەنە شىكەيىنى ئالساق، ئۇمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى چوڭ بىر سەردار ئىدى، نېمىشكە ئۇمۇ غۇلاپ چۈشتى؟ بۇنى تەقدىر دەيمىز! ئادەم قانچە قۇدرەتلىك بولغىنى بىلەنمۇ مۇنداق تەقدىردىن قۇتۇلالمايدۇ» دېدى.

مەن: «مۇنداق گەپ دەڭ! مەن ئۆزۈمنىڭ ھاماقەتلىكىمدىن بۇنىڭدا مۇنداق قىسمەت بارلىقىنى بىلمەي قاپتىمەن» دېدىم ۋە گەپنى بۇراپ: «سىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئىمزالىغان سودا كېلىشىمنامىسىدا ئىگىلىك ھوقۇقتىن ۋاز كېچىش، دۆلەتكە ئاھانەت كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ماددىلار بارمىدى؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا: «بۇ تامامەن ھېلىقى ئانىسى

پالان گۆيلارنىڭ ئاغزىغا كەلگىنىچە جۆيلۈپ قىلغان گەپ-
لىرى! سودا كېلىشىمدە ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش
پرىنسىپ قىلىنىدىغانلىقى تەبىئىي ئىش، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى-
غا شىنجاڭنىڭ يەرلىك ۋە ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى، بولۇپمۇ
تېرە - يۇڭ مەھسۇلاتلىرى كېرەك؛ شىنجاڭغا سوۋېتلەر ئىتتى-
پاقىنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ماشىنىلىرى كېرەك. ئۇلار-
نىڭ مېنى شۇلارغىلا پايدىلىق بولغان، بىزگە پايدىلىق
بولمىغان ماددىلارنى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىغىنى يوق؛ مەنمۇ
ئۇلاردىن بىزگىلا پايدىلىق بولغان، ئۇلارغا پايدىلىق بولمىغان
ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغىنىم يوق (كىتاب-
خان دىققەت قىلىشىڭكى، بۇ 30 - يىللاردىكى ئىش). مەسىلەن:
قورال - ياراق، ئوق - دورا مەسىلىسىنى ئالساق، مەن
ئادەم ئەۋەتىپ غەربىي گېرمانىيەدىن سېتىۋالسام سېتىۋال-
دىمكى، ھەرگىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىپ بې-
رىشنى تەلەپ قىلمىدىم. بۇنى، قانداقمۇ ئىگىلىك ھوقۇقىدىن
ۋاز كېچىپ دۆلەتكە ئاھانەت كەلتۈرگەنلىك دېگىلى بولىدۇ؟
بۇنى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغانلىق، ساتقىنلىق قىلغانلىق
دېگىلى، تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر مېنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى
بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالىغانلىقىمنى ۋەتەنگە ئاسىيلىق
قىلغانلىق دېيىلسە، ئۇنداقتا جياڭ جيېشى، ۋاڭ جىڭۋېيلار-
نىڭ ياپونىيە، ئامېرىكا بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغانلىقىنى
نېمە دېيىش كېرەك؟ سوت مەھكىمىسىدىكى تاشپاقىلار ھەققەتەن
تۆھمەتخور ئىپلاسلار ئىكەن، ئۇلار مەخسۇس تەختتىن
چۈشكەن كىشىلەر بىلەن ئېتىشىدىكەن، بۇ ھەققەتەن كىشىنى
غەزەپلەندۈرىدۇ! بۇ ئەبلەخلەر مۇبادا مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ
قالىدىغان بولسا، بىرىنىمۇ قويماي قىرىۋېتەتتىم!» دېدى.



مەن: «ئەپسۇسكى، ھازىر سىز ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغى-
نىڭىز يوق، بولمىسا ئۇلار كاللىسىنى ساقلاپ قالالماس
ئىكەن» دېدىم.

مەن يەنە ئۇنىڭدىن «شىكايەتنامىدە سىزنى قومۇل
يۇقرالىرىنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، دېھقانلار قوزغىلى-
ڭىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. خەلقنى پاجىئە-
لىك تۈردە قىردى، ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە خىيانەت قىلىپ
خۇپىيانە ھالدا ئالتۇن يۆتكىدى دېيىلگەن. يەنە دىخۇا
شەھىرىنىڭ چوڭ كۆۋرۈك دېگەن يېرىگە ئەسكەر چىقىرىپ
ئوت قويدى ۋە خەلقنى قىردى، — دېيىلگەن، زادى مۇ-
شۇنداق ئىشلار بولغانمۇ - يوق» دەپ سورىدىم.

«تۆھمەت چاپلايمەن دېسە، سۆز تېپىلماي قالىدۇ،
دەمسىز؟ ئۇلار قۇرۇق تامدىن پاختەك ئۇچۇرۇپ، يوق يەر-
دىن تۈك ئۈندۈرگەن. مەن گەنسۇلۇق، مەن ئۆلۈگۈمنىڭ
شىنجاڭدا تاشلىنىپ قېلىشىنى خالىمايمەن. بۇنداق تۇرۇق-
لۇق يۇقرالارنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋېلىپ نېمە قىلىمەن؟ گەن-
سۇلۇقلار كۆپ چىقتى، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئامال بول-
ماي، مەن ئۇلارنى قومۇل ناھىيىسىگە بېرىپ بوز يەر ئۆز-
لەشتۈرۈۋېلىشقا دېدىم. يۇرتداشلىرىمغا سەل - پەل ئېتىبار
بەردىم. مەسىلەن: يەر، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇق-
لۇق قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەشتە ئاز - تولا غەمخورلۇق
قىلدىم. بۇ ئەسلىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش ئىدى. لېكىن
مۇتەھەم خەلق بۇنى باھانە قىلىپ ئىش تېرىدى. مەن
ئەسكەر چىقىرىپ ئۇلارنى باستۇرمىسام، شىنجاڭنىڭ تىنچ-
لىقىنى قانداق ساقلايمەن؟ مېنى خەلقنى پاجىئەلىك ھالدا
قىردى دېدى، بۇ ماڭا ئۆۋال قىلىنغانلىق ئەمەسمۇ؟ مەن

شىنجاڭدا 20 يىل تۇردۇم، جازاغا تارتىلغان مۇتەھەملەر تېخى بىرنەچچە مىڭغا يەتمەيدۇ. ئىچكىرىدىكى مىلىتارىستلارغا قاراپ باقايلى، ئۇلار قىرغىن قىلغان ئادەم مەندىن ئون ھەسسە ئارتۇق. ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرسە گۇناھ يۈكلەنمەي بەلكى ئەمەلى كۆتۈرۈلىدىكەن. مەن بولسام مۇتەھەملەردىن بىرنەچچىنى جازالاپ قويغىنىم ئۈچۈن قارىلىنىپ قالدىم. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئادالەتسىزلىك بولامدۇ؟» دېدى.

مەن: «پېشكىنى قۇربان قىلىپ، شاھنى ساقلاپ قېلىش بۇ ھوقۇق سەھنىسىدىكى قانۇنىيەت. بۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ نېمە قىلىسىز؟» دېدىم.

ئۇ: «نېمىشكە ئاچچىقلانمايمەن؟ ئۇلار يەنە مېنى ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى چۆنتىكىگە سېلىۋالدى، ئالتۇننى قاقتى - سوقتى قىلدى، ھارامدىن باي بولدى دېيىشىپتۇ. بۇ قارا - قويۇقلا جۆيلىگەنلىك. مەن شىنجاڭدا 30 يىل تۇردۇم. شەخسى مال - مۈلكىم ئاران ئۈچ تىزىق پۇلغا يارايدۇ. ئىچكىرىدىكى ھەربىي ئامباللارنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. جياڭ جيېشى، سۇڭ زىۋېن، كۇڭ شياڭشى، چېن لىفۇلارنىڭ مال - مۈلكىنىڭ يۈزدىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. سودىيەلەر نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى پاش قىلمايدۇ، ئۇلارنى سوتلىمايدۇ؟ بۇ ئىشلار مەندىن يۇلۇۋېلىش كويىدىلا يۈرىدۇ، بۇ نېمىدېگەن رەزىللىك!» دېدى.

مەن ئۇنىڭدىن: «ئۈچ تىزىق دېگىنىڭىز قانچە بولىدۇ؟ ئەجەبا سىزنىڭ 3000 يۈەنلىكلا مال - مۈلكىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىدىم.



ئۇ: «سىز ھەقىقەتەن كىتابقىلا بېرىلىپ كەتكەن ئادەم ئىكەنسىز، ئەمەلدارلار مال - مۈلۈك ئۈستىدە گەپ ئاچسا، ئەزەلدىنلا بىر تۈمەننى بىر بىرلىك قىلىپ ئىشلىتىپ كەلگەن. قانداقمۇ بىر يۈەننى بىر بىرلىك قىلغىلى بولسۇن!» دېدى.

مەن: «پۇقرالار ئادەتتە موچەن، پۇڭچەننى بىرلىك قىلىدۇ. يۈەننى بىرلىك قىلىشقا يېتىشەلمەيدۇ، دېھقانلار ئۆز ئۆمرىدە بىر تۈمەن ئۇياقتا تۇرسۇن 10، 100 دېگەن سانلارنى خىيال قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. سانىيالمايدۇ» دېدىم.

ئۇ: «شىنجاڭنىڭ يەر مەيدانى كەڭ، مەن ئۇ يەردە ئۇزاق تۇردۇم، ئۇنچىلىك پۇلنى ھېچقانچە پۇل دېگىلى بولمايدۇ» دېدى.

مەن: «ئېھتىمال شۇنداقتۇ، بىراق گەپنى تۈزلا قىلىپ ئېيتسام، ئۇ پۇلنى ئاز پۇل دېگىلى بولمايدۇ» دېدىم.

ئۇ: «جاي ۋە ۋاقىتتىن ئېيتقاندا، جىق پۇل ئەمەس» دېدى.

مەن: «ئادەم بېشىغا چاچقاندا ئۇ جىق پۇل» دېدىم.

ئۇ: «بۇ، تالىپلارچە پىكىر! سىز بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇلار شەرقىي - جەنۇبىي جۇڭگودىكى شېكەر قومۇچزارلىقلىرىنى ئىگىلىۋالغان، تاموژنا بېجى، تۇز بېجى، ئادەتتىكى باج قاتارلىقلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان، چەتئەل ۋە ئىچكى قىسىمدىن ئېلىنىدىغان قەرز پۇللارمۇ ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدا، تۆت چوڭ بانكا بارلىق ئىگىلىكنى خۇددى تور-دەك چىرماپ كەتكەن. ئۆزۈمنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرسام گويا پايانسىز دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىدىنلا ئىبارەتمەن

خالاس» دېدى.

مەن: «ئۇلار سىزگە ئاز - تولا مەدەت بەرگەندۇ، ئالايلۇق، چېگرا رايوندىكىلەرگە تەمىنات بەرگەن ياكى مەمۇرىي راسخوت جەھەتتە ھەمكارلاشقانغۇ؟» دېدىم.

ئۇ: «ئۇلار ئۇسسۇرۇقچىلىك بىر نەرسىمۇ بەرگىنى يوق، بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ دائىم مەندىن ئېلىش كويىدا بولۇپ كەلدى. لېكىن مەنمۇ ھاماقەت ئەمەس، ئۇلار مەندىن بىر ئۇلۇش نەرسە تاما قىلسا، مەن ئۇن ئۇلۇش تەلەپ قويۇپ جاۋاب قايتۇراتتىم» دېدى.

مەن: «ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنى باقالامتىڭىز؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «ئۆزىمىزنى ئاران باقالايتتۇق، تازا قىيىنچىلىق بولغان چاغلاردا مەنمۇ ئۇلارنى دوراپ پۇل بېسىپ چىقىراتتىم» دېدى.

مەن: «بۇ ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغانلىق ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئۇ: «ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغان، لېكىن ئۇلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، مېنىڭ باسقان پۇلۇم ھېچقانچىلىك ئەمەس» دېدى.

مەن: «پۇل پاخاللىشىپ كەتسە، پۇقرالار دەردكە قالىدۇ، ھەم ئۆزىڭىزگىمۇ زىيان، ئەپەندىم بۇ ئىشنى ئوبدان پىلانلاپ قىلمىغان ئىكەنسىز» دېدىم.

ئۇ: «بۇ ئىشلارنى ئويلىماي قىلغان ئەمەس، مېنىڭ شىنجاڭدا ئۆمۈرۋايەت تۇرۇش ئويۇم بولمىغاچقا، باشقا ئىشلار بىلەن كارىم بولمىغان ئىدى» دېدى.



مەن: «سىز ناھايىتى پىكىرلىك ئىكەنسىز، پېقىر كالتە پەم، ئەپەندىم سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ، بۇلارنى بىراقلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىم!» دېدىم.

ئۇ: «يوقسۇ، يوقسۇ، ھەممىمىز شور پېشانە مەھبۇسلاردىن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، گەپنى يوشۇرمايلا دەۋەردىم، باشقىلارغا دەپ يۈرمىسىڭىزلا بولدى» دېدى.

مەن: «ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، مەن دېگەنلىرىڭىزنى مەخپىي تۇتىمەن» دېدىم.

بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جىن شۇرېننىڭ دېگەنلىرى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ تۇيۇقسىز كەلگەندى، يەنە تۇيۇقسىزلا كەتتى. قاماقتىكىلەر ئەمدىلا «شامالداپ» بولۇشىغا، گۇندىپاي باشلىقىنىڭ: «جىن شۇرېن! يوتقان - تاقىرىڭنى يىغىشتۇر، باشقا جايغا ئاپىرىمىز» دېگەن گېپى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن جىنايەتچىلەر يەنە ھەر خىل قىياسلارنى قىلىشقا باشلىدى، بەزىلەر: «ئېتىشى مۇمكىن» دېسە، بەزىلىرى: «ھۆكۈم ئېلان قىلماي تۇرۇپ ئاتامدۇ؟» دېيىشتى. بەزىلىرى: «ئۇنداق قىلىپ ئېتىشى ناتايىن، جياڭ جېيشى بۇيرۇق چۈشۈرسىلا، ھۆكۈم ئېلان قىلىش دېگەننىڭ نەدە قالىدۇ؟» دېيىشتى. بەزىلەر: «پۇلنى يېتەرلىك خەجلىمەسلىك ياخشى ئىش ئەمەس» دېدى. يەنە بەزىلەر: «قويۇپ بېرىشى مۇمكىن» دېدى. كۆپ ساندىكىلەر: «ياخشىلىقتىن يامانلىق كۆپ» دېگەن پەرەزدە بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىچكى ئەھۋالنى بىلمەيتتى. ئىككىنچى قېتىم شامالداشقا چىققاندا، ئاندىن گۇندىپايدىن جىن شۇرېننىڭ ھەربىي شتابقا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئۇقتۇق، ھەم يەنە بىر ھازا غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتۇق.

ئالاھەزەل 3 — 4 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، جىڭشۇربىن يەنە جىياڭنىڭ يەرلىك سود مەھكىمىسىنىڭ تۈرمىسىگە ئېلىپ كېلىندى. بۇ ھال كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى، مەنمۇ بۇنىڭ ئويلىمىغان يەردىن چىققانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ روھىي جەھەتتىن ناھايىتى چۈشكۈن بولۇپ، زۇۋان سۈرمەيتتى، كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ ئاھ ئۇراتتى. تۈرمە دائىرىلىرى ئۇنى يەنە بۇرۇنقى كامېرغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. مەن ئىككىنچى كۈنى ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەلىدىم.

مەن: «ئەپەندىم، نېمە ئۈچۈن «سارايغا ئىككىنچى قېتىم كىرىش» دېگەن تىياتىرنى ئوينايسىز» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «دەپ كەلسەم گەپ تولا».

مەن: «سىزنى بۇرۇنلا ئەركىنلىككە ئېرىشكەندۇ دەپ پەرەز قىلغان ئىدىم، نېمە ئۈچۈن يەنە قايتىپ كەلدىڭىز؟ ئۇلار كېيىن يېنىۋالدىمۇ؟ سەۋەبى نېمە ئىكەن؟» دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ باشقا گەپنى قىلمايلا: «ئەبلەخلەر، تاشپاقىلار» دەپ تىللاپ كەتتى.

مەن: «زادى نېمە ئىش بولدى؟ ئەگەر ئەپسىز بولسا، مەن ئۆز ئۆيۈمگە چىقىپ كېتەي» دېدىم.

ئۇ: «ئولتۇرۇڭ، مەن سىزگە ئالدىرىماي دەپ بېرەي» دېدى. ئارقىدىن يەنە بىر نەچچە ئېغىز تىللاپ: «ئۇلار مېنى ھەربىي شتابقا ئېلىپ بېرىپ، ماڭا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىشتى، سىرتقا چىقالمىغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۇرمۇشۇم بىر قەدەر راھەتتە ئۆتتى» دېدى، مەن سۆز قىستۇرۇپ قولۇمدا چىلىمنى ئىما قىلىپ «مۇنداق قىلىشقا



بولامدىكەن؟» دېگەن ئىدىم، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ «بولىدىغانلىقى»نى ئىپادە قىلدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بىر قانچە ئايدىن بۇيان مەندىن ئۈچ قېتىملا گەپ سورىدى، سودىيەمۇ ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن بۇ يەردىكى تەپتىش ئەمەلدارلىرىنىڭكىدەك قانخورلۇق كۆرۈنمەيدۇ. مەن شىكايەتنامىدىكى مەزمۇنلارنىڭ پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ بىر - بىرلەپ رەت قىلدىم ۋە قۇرۇق تامدىن پاختەك ئۇچۇرۇپ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىنغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى، گېپىمنى بۆلۈۋەتمەي ئاڭلىدى ھەم رەددىيە بەرمىدى. مەن ئىلگىرى سوت مەھكىمىسىدە مۇلكى ئەمەلدارلار ئەمەل تۇتىدۇ، ئۇلار ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن مۇلايىم كېلىدۇ دەپ ئويلايتتىم، لېكىن پاكىت بۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەن، ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى مۇلكى سودىيەلىرىدىن كۆپ ياخشى ئىكەن» دېدى.

مەن: «بەلكىم سىزگە شۇنداق تۇيۇلغان بولسا كېرەك، ياكى يۇقىرىدىن شۇنداق يوليورۇق بېرىلگەن بولسا، شۇنداق قىلغاندۇ» دېدىم.

ئۇ: «شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، رىيازەت چەككەن بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇلايىمراق بولۇش، ۋەھشى بولۇشتىن كۆپ ياخشى تۇيۇلىدىكەن» دېدى.

مەن: «جىنايەتچىلەرنىڭ كۆڭلى شۇنداق بولىدۇ، لېكىن بەزىلەرنىڭ كۈلكىسى ئىچىگە پىچاق يوشۇرۇنغان بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ تىلى شېكەر، دىلى زەھەر كېلىدۇ، سىز ئۇنىڭ ھەقىقىي كۆڭلىنى بىلىۋالالمايسىز» دېدىم.

ئۇ: «مەن دېگەن ئۇ ئادەم ھەرگىز ئۇنداق ئادەم ئەمەسكەن» دېدى.

مەن: «ئۇ سىزنى جىنايەتسىز دەپ ئېلان قىلىپ قويۇۋەتكەن بولسا، توغرا قىلغان بولاتتى» دېدىم.

ئۇ: «ئۇ ئۇنداق ھۆكۈم قىلالمىغىنى بىلەن، سوراق داۋامىدا، ماڭا جىنايەت ئارتالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى» دېدى.

مەن: «ئۇ ئېيتمىشكە سىزنى يەنە بۇ يەرگە ئەكىرىپ قويدى؟» دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئۇ: «بۇ ئۇنىڭ ئىشى ئەمەس، ۋاڭ جىڭۋېي دېگەن ھارامىلىقنىڭ قىلغان ئىشى» دېدى.

مەن: «يەنە شۇ ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ئىشىمۇ! ئۇ نېمە سىز بىلەنلا قېرىشىپ قاپتىغۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇ سىزنى بۇ يەرگە قانداق ئەكېلىپ قويالايدۇ؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «ئۇ ھەربىي شتابىنىڭ مېنى جىنايەتسىز دەپ قويۇۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال مەمۇرىي پالاتا نامىدىن ھەربىي شتابقا خەت يوللاپ، مېنى ئۆلكە رەئىسى بولغان، مۆلكى ئەمەلدار، ئۇنىڭ ھەربىي قانۇن جەھەتتىن جىنايەتلىك ياكى جىنايەتسىز ئىكەنلىكى بىلەن كارىمىز يوق، مۆلكى ئەمەلدار جىنايەت ئۆتكۈزسە سوت مەھكىمىسى سوتلاپ بىر ياقلىق قىلىدۇ دەپتۇ. ئۇ مەمۇرىي پالاتانىڭ باشلىقى بولغاچقا، ھەم مېنى تەلەپ قىلىپ خەت يازغاچقا، ھۆكۈمەت ئىشىنى ھۆكۈمەت بەلگىلىمىسى بويىچە بېجىرىشكە توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، ھەم مەمۇرىي پالاتانىڭ باشلىقىنىڭ يۈزىنى قىلىشقا ۋە ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىشقا توغرا كەلگەچكە، مېنى يەنە نەس باستى» دېدى.



مەن: «ھېلىقى كىشىنىڭ كۈچى يەتمەي قالدىمۇ؟» دېدىم.

ئۇ: «مەن ئۇنىڭ قېشىغا باردىم، ئۇ مېنى خاتىرجەم بولۇڭ، ئاخىرىدا مەسىلىنى مەن ھەل قىلىمەن دېدى» دېدى.

مەن: «ئىش شۇنداقلا بولسا جانابلىرى غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدىكەن، ئۆزىڭىزنى روھلۇق تۇتۇپ، ئۇلار بىلەن ھەپىلىشىڭ» دېدىم.

ئۇ: «مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىگىلمەس - پۈكۈلمەس كىشىلەردىن، ئۆلۈمنى يانچۇقىغا ئالمايدىغان كىشىلەردىن ئەمەس - تە» دېدى.

مەن: «مەسىلە سىز دېگەندەك ئۇنچىلا ئېغىر ئەمەس، ئۇ سىزنى خاتىرجەم بولۇڭ دېگەن بولسا، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بىز تۈرمىداش بولغانلىقىمىز ئۈچۈن مەن سىزگە كۆڭۈل - كۆكسىڭىزنى كەڭ تۇتۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن» دېدىم.

ئۇ: «مەن كۆڭۈل - كۆكسۈمنى قانداقمۇ كەڭ تۇتالايمەن؟ ئۇلار قان تېمىپ تۇرغان ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرسا، مەن ئۆيمۇ - ئۆي ئارىلاپ يۈرۈپ شاڭ كۆيدۈرۈپ ئۇلارغا سەجدە قىلامدىم ئەمدى» دېدى.

مەن: «ئۇلار سىزنىڭ ھەربىي تەرەپتە ئۆزىڭىزنى قوللايدىغان ئادەم بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاز - تولا ئىنساپ قىلارمىكىن دەيمەن» دېدىم.

ئۇ: «ئىش تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، ئۇلار تېخىمۇ جىق پۇل تەلەپ قىلىدۇ» دېدى.

مەن: «باشقا نېمە ئامال بار؟ كۆڭۈلنى كەڭرەك تۇتۇڭ، كېيىنچە بىر گەپ بولار» دېدىم.

ئۇ بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ: «ئىسلاھىم! مەن جىن شۇرىنى نېمە بولۇپ مۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدىم!» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن جىن شۇرىن پات - پات سوراقتا تارتىلىپ تۇرىدىغان بولدى، بەزىدە ئۇ خۇشال، كۆڭلۈمسىرىگەن ھالدا قايتىپ كېلەتتى، بۇ ھال ئۇنىڭ خۇشخەۋەرگە ئىگە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. بەزىدە قايتىپ كېلىپ ئالىكىلەرنى تازا تىللاپ، ئىستاكاننى يەرگە ئاتاتتى، بۇ ھال ئۇنىڭ يامان ئەھۋالغا قالغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇ مەلۇم يول تاپقاندا، سوتتا چىرايلىق گەپلەرنى ئاڭلايتتى؛ يول تاپالمىغاندا، ئەكسىچە قاتتىق ئەيىپلەشكە ئۇچرايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كەيپىياتى سوتتىكى ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

مەلۇم بىر كۈنى ئۇ مېنىڭ كامېرىمغا كىرىپ: «مېنىڭ دېلويىم مۇنازىرە قىلىنىپ خۇلاسە چىقىرىلدى. ھازىردىن باشلاپ ھۆكۈمنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولدۇم» دېدى.

مەن ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىن ناھايىتى كەيپى چاغ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: «سىزنىڭ جىنايەتسىز دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ قويۇپ بېرىلىشىڭىزدىن چوڭ ئۈمىد بار. تەبرىكلەيمەن» دېدىم. ئۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك قىلىپ: «مۇشۇنداق ئېھتىمال بار، لېكىن تۈرمىنىڭ بوسۇغىسىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن ھېساب» دېدى.

مەن: «چوقۇم مەسىلە چىقمايدۇ، ھەممە يول راۋان ئېچىلغاندۇ؟» دېدىم.

ئۇ جەزمەنلەشتۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

مەن: «ھەممە تەرەپتە توسالغۇ قالمىغان بولسا، قولىنى ئۆزىتىپلا پۇلنى ئالىدىغان پۇرسەت كەپتۇ» دېدىم.



ئۇ: «قېرىندىشىم بىر سۆزنى خاتا دەپ قويدىڭىز» دېدى.

مەن: «قايسى سۆزنى» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «ئېلىش دېگەن سۆزنى ئۆتتۈرۈش دېگەن سۆزگە ئالماشتۇرۇش كېرەك» دېدى.

مەن: «مەيلى ئېلىش بولسۇن، مەيلى ئۆتتۈرۈش بولسۇن، ئىش قىلىپ ئادەمنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئېلىۋالدۇق، ئازراق ئۆتتۈرۈپ قويسىڭىز، ئۇنىڭ كارايىتى قانچىلىك ئىدى؟ ئادەم ھايات چاغدا ھەممىشە ئامەت كېلىۋەرمەيدۇ، ئۆلۈپ كەتكەندە ئامەتنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتمەيدۇ، ئۇ ئىشلارنى ئارقىڭىزغا تاشلىۋېتىڭ» دېدىم.

ئۇ: «ئەقلىمنى ئېچىپ قويغىنىڭىزغا رەھمەت، مەن بۇرۇنقىدىن پەرۋاسىز بولۇۋالدىم» دېدى.

مەن: «ھەممىسى بولۇپ قانچىلىك چىقىم تارتتىڭىز؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىدا جاپا تارتىپ تاپقان پۇلۇمنىڭ تېخى شۇنىڭغا كەتتى. تۈگىشىپ كەتتىم» دېدى.

مەن: «قانداق تەقسىم قىلىندىكەن» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «بۇنى باشقىلارغا دېگىلى بولمايدۇ» دېدى.

مەن: «ئەلۋەتتە شۇنداق، مەن ئاغزىمنى چىڭ تۇتىمەن، جانابلىرى خاتىرجەم بولۇڭ» دېدىم.

مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، جىن شۇرىنغا ئۈچ يېرىم يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى ئېلان قىلىندى. ئۇ بۇنى ئاڭلاپ ئۆز كامېرىغا قايتىپ كېلىپ ئارقا - ئارقىدىن تۆت ئىستاكاننى چېقىۋەتتى، ئۇ ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يىغلاپ بىر ھازا تىللاپ كەتتى، ئۇنىڭ تەلەتى خۇددى خۇمارداپ كەتكەن بەڭگىنىڭكىدەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۆزى-

ڭىزنى بېسىۋېلىش دەپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردىم.

ئۇ: «بۇ خومپەرلەر، ئەبلەخلەر ئاشۇنداق ئەسكىلىك قىلسا، قانداقمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋالالايمەن، ئۇلار ئاشۇنداق ئالدامچىلىق قىلسا، مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولىمەن؟» دېدى.

مەن: «سىزنىڭ ماڭىدىغان يەنە بىر يولىڭىز بار ئىدىغۇ، سىز ئۇ كىشىنى ناھايىتى لەۋزىدە تۇرىدۇ دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟» دېدىم.

ئۇ بىر ئاز ھاياجانلىنىپ: «ھازىر لەۋزىدە تۇرمايدىغان بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇققىلى بولمايدۇ، مەن ئۇنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

1935 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، يەنى مىنگونىڭ دۆلەت بايرىمى كۈنى، جياڭ جيېشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نامىدىن جىن شۇرېننى «كېچىردىم» قىلىپ، ئۆزىنىڭ «ۋەدىسىدە چىڭ تۇرىدىغان» ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل جاھانغا پۇر كەتكەن جىڭ شۇرېن دېلوسى ئاياغلاشتى. مەن كېيىن جىڭ شۇرېننىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بىر مەزگىل تيەنجىندە تۇرۇپ، ئاخىرىدا گەنسۇنىڭ لەنجۇ شەھىرىگە كەتكەنلىكىنى، 1941 - يىلى ئۆز يۇرتىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

بىر نەچچە ئېغىز ئوشۇقچە خاتىمە سۆزى يېزىپ قوياي:

بۇ ماتېرىيال گەرچە «ئۇن ئالغۇغا ئېلىۋېلىنغان ئەمەلىي ئەھۋال» غا ئاساسەن رەتلەنگەن ماتېرىيال بولمىسىمۇ، لېكىن، قىلىنغان گەپلەرنىڭ مەزمۇنى قەتئىي توغرا. مۇشۇ تارىخىي ماتېرىيالنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن، ئۇنى قوپالراق بولسىمۇ يېزىپ چىقتىم. بۇ ماتېرىيالنىڭ قانداق مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى كىتابخانىنىڭ ئۆزى تەكشۈرۈپ كۆرسە بولىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە مۇنداق: جىڭ شۇرېن بىر كونا مىللىيتارىست، كونا تۆرە، ئۇ ئاچكۆزلۈك ۋە ھىيلىگەرلىك جەھەتتە ئۇچىغا چىققان بولۇپ، مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ تۆرىلىرىدىن ئېشىپ چۈشسە ئېشىپ چۈشىدىكى، كەم قالمايدۇ. لېكىن گومىنداڭچى يېڭى مىللىيتارىستلار بىلەن ئېلىشقاندا، ئۇ ناھايىتى چولتا كېلىپ قالدى. ئۇ ئەسلىدىكى دېيەن دېگەن ئىسمىنى شۇرېن (شاپائەت ئاتا قىلىش) دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، مېنىڭچە، ئۇ شىنجاڭدا كىشىلەرگە ھېچقانداق شاپائەت قىلمىغان، ئەكسىچە مىڭلاپ - تۈمەنلەپ جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن. ئەمدى ئۇنىڭ دېيەن دېگەن ئىسمىغا كەلسەك، ئۇ قوللانغان بۇ ئىككى خەت پەزىلەت دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۇچىغا چىققان پەزىلەتسىز ئادەم!

شۇ چاغلاردا مۇنداق بىر كۇپلېت خەلق قوشىقى تارقالغان:

تېزەكتىن باج ئېلىنىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئاڭلىمىغان،
بۈگۈنكى قالدى بىرلا ئۇسۇرۇق، باج ئېلىنمايدىغان.
خىيانەتچىلەردىن باج ئېلىش ناھايىتى ئاز بۇ جاھاندا،
بار دېمەڭلار قانۇن، بىر تىيىنگە ئەرزىيدىغان.

ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولغانلىقتىن، بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەش ھاجەتسىزدۇر.

(بۇ ماقالە يۇننەن تارىخىي ماتېرىيال ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى).

ماقالىنىڭ ئاپتورى يۇننەن ئۆلكىلىك تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتىنىڭ خادىمى)

قۇربان مەھەممەد تەرجىمىسى

# سۇڭ مېيلىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشى

خۇ يەنيۈن

1943 ـ يىلى كۈزدە مەن لياڭ خەنساۋ(گومىنداڭ مەركىزىي
دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىـ
ياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) بىلەن بىرگە شىنجاڭغا
سەپەر قىلدىم. يول ئۈستىدە گەنسۇ جيۇچۈەنگە چۈشۈپ
سۇڭ مېيلىڭنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانىغا ئالمىشىپ سۇڭ مېيـ
لىڭ بىلەن بىرگە دىخۇا (ئۈرۈمچى) گە يېتىپ كەلدۇق.
سۇڭ مېيلىڭ ئۈرۈمچىدە ئۈچ كۈن تۇردى. لياڭ خەنساۋ
بىلەن مەن بىر ئايىچە ئايلاندۇق. سۇڭ مېيلىڭنىڭ بۇ قېـ
تىمقى شىنجاڭ سەپىرىنىڭ جەريانى توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ
كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن:

لياڭ خەنساۋ ئىككىمىز چۇڭچىڭدىن لەنجۇغا كەلگەنـ
دىن كېيىن لەنجۇدا تۆت كۈن ئايروپىلان ساقلاپ تۇرۇپ
قالدۇق. بىز لەنجۇنىڭ شەھەر سىرتىدىكى ھاۋا ئارمىيە
مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشقانىدۇق. 5 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئايـ
رودورومغا بارساق، كۈتۈلمىگەندە جياڭ جېيشىنى كۆرۈپ قالـ
دۇق. ئۇ، ئۈچۈش ئالدىدا تۇرغان ئامېرىكىدا ياسالغان يوك
ئايروپىلانىنىڭ شوتىسى يېنىدا تۇراتتى. ئايروپىلانغا چىقىش
ئۈچۈن كەلگىنىمىزدە جياڭ جېيشىنىڭ قوشۇمىسىنى سۈرلۈك



تۈرۈپ، بىزگە جىددىيلىك بىلەن باشقىچە سەپ ـ سىلىپ
تۇرۇۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى.

يوك ئايروپىلانىنىڭ ئىچىدە سافا يوق بولۇپ ئىككى
تەرىپى ئۇزۇن كەتكەن قاتتىق ئورۇندۇق ئىدى. كېيىنكىـ
نىڭ يېنىدا ئادەتتىكى يۆلەنچۈك ئورۇندۇق بار ئىدى. بىز
ئورنىمىزدا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سۇڭ مېيلىڭ ئايـ
روپىلانغا چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدە تۆت ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ
ئىككىسى ئايال خىزمەتچى، بىرى كانىۋاي يەنە بىرى مەن
تونۇيدىغان بۇرۇن چۇڭچىڭدا دوختۇرخانا ئاچقان دوختۇر
ئىدى، ئۇ بۇ قېتىم سۇڭ مېيلىڭغا دوختۇر بولۇپ شىنجاڭـ
غا ماڭغانىدى. مۇشۇ چاغدىلا مەن جياڭ جېيشىنىڭ سۇڭ مېيـ
لىڭنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇم.

سۇڭ مېيلىڭ ھېلىقى يۆلەنچۈك ئورۇندۇقتا كۆپچىلىكـ
كە يۈزلىنىپ گەپ ـ سۆز قىلماي ئولتۇراتتى، چىرايى قاـ
رىماققا ناھايىتى جىددىي كۆرۈنەتتى. ئايروپىلاندا يەنە گوـ
مىنداڭ قاتناش ئىشلار بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋـ
قۇلئاددە خادىمى ۋۇ زېشياڭ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلـ
ئاددە خادىم مەھكىمىسىنىڭ ۋاڭ، لياڭ فامىلىلىك ئىككى
كاتىپى ۋە ۋۇ زېشياڭنىڭ لەنجۇدا تاللىۋالغان سوۋېت فاـ
مىلىلىك روسچە تەرجىمانى، گومىنداڭ مەركىزىي ئاخبارات
ئاگېنتلىقىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن خادىمى چېن ۋەنلى قاـ
تارلىق 20 نەچچە ئادەم بار ئىدى.

بۇ ئايروپىلاننىڭ ليۇتچىكى ھاۋا ئارمىيە چوڭ ئەترىـ
تىنىڭ باشلىقى يېخۇ ئىسىن بولۇپ ئۇ بۇرۇندىنلا سۇڭ مېيـ
لىڭنىڭ ئايروپىلانىنى ھەيدەيتتى. 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

چۈشتىن كېيىن سائەت بىرلەر ئەتراپىدا بىز ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. بىزنى ئايرودورومدا چوڭ چەمبىرەك شەكلىدە تىزىلغان مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان كىشىلەر بايراقلارنى يۇلاڭلىتىپ، قىزغىن قارشى ئالدى. ئاڭلىشىمىزچە بۇنداق ئۇلۇغ كۆرۈنۈش شىنجاڭدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىكەن. شىڭ شىسەي بىلەن سۇڭ مېيلىڭ قاتارلىقلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ هال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن بىرلىكتە سۆرەتكە چۈشتى. ئاندىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ھەيۋەت بىلەن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ۋالىي مەھكىمىسىگە يېتىپ كەلدى.

سۇڭ مېيلىڭ ۋالىي مەھكىمىسىدىكى غەربىي بىناغا شىڭ شىسەينىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. لياڭ خەنساۋ قاتارلىقلار شىڭ شىسەينىڭ 2 - ئىنىسى شىڭ شىيىڭ (قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) نىڭ ھەمراھلىقىدا ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ شەرقىدىكى گۈللۈك باغقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شەرقىي گۈللۈك باغدا دەل - دەرەخلەر بۈك - باراقسان بولۇپ گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپى چوڭ مېھمانخانا، كەينى تەرىپى ئىچكىرى - تاشقىرى كەلگەن ياتاق ئۆي بولۇپ كۆركەم سەلتەنەتلىك ئىدى. ياتاق ئۆيلەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەمپۈتلىرى، تاماكىلىرى (فاپىروس) يەنە شىنجاڭنىڭ يېمىشلىرى، ئالما، ئەنجۈرلىرى ۋە باشقىلار قويۇلغانىدى. شەرقىي گۈللۈك باغ شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئېزىز مېھمانلىرىنى كۈتىدىغان جايى ئىكەن شۇنداقلا ئۇ ئۆزىگە گۇمانلىق دەپ تونۇلغان كىشىلەرنىمۇ قەتىل قىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ يەردىكى ئاق خىزمەت كىيىمى كىيىۋالغان كۈتكۈچىلەر يان قورالى ئېلىپ يۈرىدىكەن. ئۇلار ھوشيار، چاققان ھەم مۇڭداشقاق ئىدى. ئۇلار مېھمانلار-



نىڭ ھەر بىر جۈملە سۆزىنى قالدۇرماي شىڭ شىسەينىڭ قۇلىقىغا قۇيۇپ تۇرىدىكەن. ھەتتا بىز سىرتقا چىقىپ كەتكەن چېغىمىزدا ئۇلار بىزنىڭ شىڭلىلىرىمىزنى خاتىرىلىرىمىزنى ئاختۇرۇپ كۆرگەنىدى.

شۇ كۈنى كەچتە شىڭ شىسەي غەربىي زالدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ سۇڭ مېيلىڭغا ھاردۇق چىقىپ بەردى. ئالتە شىرە تاماق تەييارلانغانىدى. لياڭ خەنساۋ، ۋۇ زېشياڭ ۋە باشقىلار زىياپەتتە بىللە بولدى. سۇڭ مېيلىڭنىڭ ئۈرۈمچى سەپىرى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا كەلگەن ماۋ باڭچۇ ۋە كۈتۈۋېلىش ئىشخانىسى 1 - باشقارما باش خوجۇلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى چىن شىزېڭ قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. شىنجاڭ تەرەپتىن شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى چيۇ ليۇفاڭدىن سىرت يەنە شىڭ شىسەي چيۇ شۇشيۇڭ (شىڭ شىسەينىڭ خوتۇنىنىڭ ئىنىسى) ھەمدە شىڭ شىسەينىڭ باشقا يېقىنلىرى بار ئىدى. ئۇندىن باشقا يەنە ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇ - فۇگۇەنلىرى سەككىز چوڭ باشقارما (ھەربىي قانۇن، ھەربىي قورال - ياراق جىڭلى، كاتىبات، كانىۋايلىق، داۋالىنىش) نىڭ كاتىباشلىرى ۋە شىنجاڭدىكى ئىشپىيونلارنىڭ كاتىبېشى لى يىڭچى قاتارلىق نەچچە ئون كىشى بار ئىدى.

زىياپەتتە سۇڭ مېيلىڭ بىر نەچچە مىنۇت سۆز قىلدى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: «مەن بۇ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ ناھايىتى خۇشاللىق ھېس قىلدىم. بىزنى كاتتا كۈتۈۋالغانلىقىڭلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. شىنجاڭ شىڭ دوبەننىڭ باشقۇرۇشىدا ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، مەن بۇنىڭغا ئىنتايىن قايىلمەن. بۇندىن

كېيىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ سەنمىنجۇيىنى ئاساس قىلىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكىلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

سۇڭ مېيلىڭنىڭ سۆزى گەرچە قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش تارىخىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشنىڭ ئالامىتى، يەنى ئۇنىڭ ماركسىزمغا چوقۇنۇش نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ياپ - يالىڭاچ ھالدا جاڭ جېيشىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا بېقىنىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. سۇڭ مېيلىڭدىن بۇرۇن ھېچقانداق كىشى شېڭ شىسەينىڭ ئالدىدا سەنمىنجۇيى ئۈستىدە سۆز ئاچقان ئەمەس ئىدى. سۇڭ مېيلىڭنىڭ سۆزى ماڭا ناھايىتى تاسادىپى تۇيۇلدى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭ بۇ تەشۋىقاتلىرىنى قوبۇل قىلالارمۇ؟ بىز ئايروپىلاندىن چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شېڭ شىسەي ئۆزىچە ماركسىزم، لېنىنىزم كۆز قارىشى بويىچە خەلققارا ۋەزىيەت ۋە جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەسىلىسى تەھلىل قىلىنغان ئەسىرىنى بىزگە سوۋغا قىلغان ئەمەسمىدى؟

ئەمەلىيەتتە 1943 - يىلىدىكى شېڭ شىسەي ئەمدىلا دوبەنلىك تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقىتتىكى شېڭ شىسەي ئەمەس ئىدى. ئۇ خەلققارادا، گېرمانىيە ناتسىستلىرىنىڭ ھەممىلا يەردە زوراۋانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالغانلىقىنى، مەملىكەت ئىچىدە بولسا جاڭ جېيشى ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ ئازاد رايونلارغا قارىتا كەڭ كۆلەمدە قورشاپ يوقىتىشنى باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ نىقابىنى يىرتىپ تاشلايدىغان ۋاقىت بولۇپ



قالدى دەپ تونىغانىدى. سۇڭ مېيلىڭنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى، شېڭ شىسەينىڭ كومپارتىيىگە قارشى مەيدانىنى تېخىمۇ قەتئىيلەشتۈردى. سۇڭ مېيلىڭ شىنجاڭدىن قايتىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يەنى 1943 - يىلى كۈزدىن باشلاپ، شېڭ شىسەي سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا مايىل بارلىق شوئار، لوزۇنكىلارنى يىرتىپ تاشلىدى ۋە ئۆچۈرۈۋەتتى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا مايىل ئاكتىپلار ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنى تۇتۇپ نەزەربەنت ئاستىغا ئالدى. شىنجاڭ شېڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدىكى دوزاخقا ئايلاندى.

سۇڭ مېيلىڭدىن كېيىن جۇ شاۋلياڭ شىنجاڭدا شېڭ شىسەي بىلەن تۆۋەندىكى كېلىشىملەرنى ھاسىل قىلدى.

① شىنجاڭنى گومىنداڭلاشتۇرۇش، شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنى قۇرۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە گومىنداڭ تەشكىلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

② كادىرلارنى تاللاپ گومىنداڭ مەركىزىي تەربىيىلەش ئۆمىكىگە ئەۋەتىپ نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش.

③ شىنجاڭدا سەنمىنجۇيىنى تارقىتىش (گومىنداڭنىڭ مەدەنىيەت تەشۋىقات ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

④ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش مەسىلىسى:

⑤ تاشقى سىياسەت جەھەتتە شىنجاڭ گومىنداڭ مەركىزىي بىلەن قەدەممدە بىردەك بولۇش؛

⑥ شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تازىلاش مەسىلىسى قاتارلىقلار؛

سۇڭ مېيلىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئىككىنچى كۈنى مەن شەرق گۈللۈك باغدا سۇڭ مېيلىڭنى كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىنى

ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدىن كەلگەنلەردىن ماۋ باڭچۇ، چىن شىزىڭدىن سىرت يەنە كوتلۇۋېلىش ئىشخانىسىدىكى گۇڭ سەنمۇ ۋە بەزى كولرەك كاجىدىن تىكىلگەن خىزمەت كىيىمىنى كىيگەنلەرنىمۇ كۆردۈم. مەن ئايروپىلاندا سۇڭ مىيلىڭ قاتارلىق تۆت كىشىنى كۆرۈپلا، ئۇلار ئاز ئادەم كەپتۇ دەپ قارىغانىدىم. شۇ كۈنى بىر تۇركۇم كىشىلەر ئۈرۈمچىدىكى بارى يوق بىرقانچە دۇكاندا ھەدەپ مال سېتىۋېلىشقا كىرىشىپ كەتتى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى كىرگۈزۈلگەن ئىلۇڭ، كاجى رەخت، گۈللۈك رەخت، يىپەك - ئىچمەك گىرىم بۇيۇملىرى، كەمپۈت، بەيلەندى ھارىقى، ئويۇنچۇق، رەسىم ئاپپاراتى، قول سائەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار قىزىقىدىغان نەرسىلەر ئىدى. ئۇلۇغ ئوكيان ئۇرۇشىدىن كېيىن چۇڭچىڭدە چەتنىڭ ماللىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى. بار دېگەندىمۇ ناھايىتى قىممەت ئىدى. دېخۇادا مۇنداق ماللارنى كۆرگەندە ئۇلار ئەلۋەتتە قولدىن بېرىپ قويمايتتى. ئەتىگەندىن تا كەچكىچە سودا بىلەن بولۇپ ماشىنا - ماشىنىدا توشۇپ كەلدى. شەھەر خەلقى بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولغانىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدىكى كۈندىلىك بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قۇرۇتۇۋەتكەنىدى.

مەتىمىن سادىق تەرجىمىسى.



## تولۇقلىما ۋە تۈزىتىش

1. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» ناملىق كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخا مۇقاۋىسىغا ۋە تىتۇلىغا «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 21 - سان، دەپ يېزىلىدۇ. كىتابنىڭ ئاخىرقى بېتىدىكى خەنزۇچە نەشر ھوقۇقى ئىچىگە «ئاپتورى: جاڭ جى جۇڭ» دەپ قىستۇرۇلىدۇ.

2. «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» ناملىق كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى تارىخي ماتېرىياللار نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىسى» نىڭ 5 - بابى (شىنجاڭ مەسىلىسى) گە ئاساسەن تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنىدى.

**补充.更正**

1.由新疆人民出版社出版的《从迪化会谈到新疆和平解放》维文版封面和扉页应加"新疆文史资料选辑"第21辑；封底汉文版权栏内应加"张治中著"。

2.《从迪化会谈到新疆和平解放》维文版系从文史资料出版社1985年出版的《张治中回忆录》中第五章"新疆问题"全文翻成维文的。

责任编辑：哈力克·沙克
阿布利孜·穆罕默德·沙依拉米

**新疆文史资料选辑（23）**（维吾尔文）
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料研究委员会编

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷三厂印刷
787×1092毫米　32开本　16.125印张　2插页
1987年9月第1版　1988年1月第1次印刷
印数：1——9000

---

ISBN7-228-00353-5/K·30　定价：1.80元
（内部发行）